
ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟
ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد
شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى
2019

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟

ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد

# ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟

شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟


ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

(Abdurehim Abdurishit)



كوررېكتور ۋە مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:

كۈرەش ئابدۇرەھىم

(Küresh Abdurehim)

شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى نەشر قىلدى

2019 - يىلى 1 - يانۋار مىيونخىن 1 - نەشرى

2019 - يىلى 5 - فېۋرال ئىستانبۇل 1 - بېسىلىشى

بېسىپ تارقاتقۇچى ئورۇن:

ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى تەشۋىقات بۆلمى

ئالاقە: 00491798200182

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 5

بىرىنچى باب

دەۋا سىپىدىكى زىددىيەتلەر توغرىسىدا پىكىر .................. 15

ئىككىنچى باب

تارىخ ئۈستىدە مۇلاھىزە .................................... 39

1. تارىخى ئۈلگە يارىتىدىغانلار ............................ 43

2. تارىخ بىلەن بىرگە ياشايدىغانلار .......................... 48

3. تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلار ........................ 50

ئۈچىنچى باب

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئېڭى توغرىسىدا قىسقىچە پىكىر ........................................ 59

تۆتىنچى باب

ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟ .................................. 89

ئۇيغۇر مىللىتى نېمە ئۈچۈن يوقىلىدۇ؟ .......................... 90

بەشىنچى باپ

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىدىكى يوقسۇللۇقلار ........... 108

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1. ئىقتىسادى يوقسۇللۇق ............................................ 111
2. رەھبەر يوقسۇللۇقى ............................................ 121
3. ساپا يوقسۇللۇقى ............................................ 124
4. تەشكىلى ئاڭ، تەجرىبە يوقسۇللۇقى ............................................ 127
5 . كەسپى خادىملار يوقسۇللۇقى ............................................ 131
6 . مىللي ئىرادە يوقسۇللۇقى ............................................ 138

**ئالتىنچى باب**

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ئۇچۇن ئۆرنەك تېپىلامدۇ؟ ............................................ 149

**يەتتىنچى باپ**

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇتۇلۇش ھەركەتلىرىدە دىنىنىڭ رولى ............................................ 171

**سەككىزىنچى باب**

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىدە، يېتەكچى ئىدىيە مۇھىممۇ ياكى تەشكىلى پىرىنسىپ مۇھىممۇ؟ ............................................ 195

**توققۇزىنچى باب**

ئۇيغۇرىستانىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىدە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ............................................ 216

**ئونىنچى باب**

ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىل دۆلەت كېرەكمۇ؟ ياكى مىللى ئەركىنلىك ۋە مۇسۇلماندارچىلىقمۇ؟ ............................................ 246

ئون بىرىنچى باب

ئۇيغۇرلار قۇرىدىغان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى، دۇنيا ئەللىرىگە ئالدىن بىلدۈرۈش زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ........................ 275

ئون ئىككىنچى باب

ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، قوشنا ئەللەرگە تەھدىت بولامدۇ؟ ........................ 293
1. ئۇيغۇرلاردىن خەۋپسىرەيدىغان دۆلەتلەر........................ 303
2. ئۇيغۇرلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، قايتا تىكلىنىشىنى خالىمايدىغان دۆلەتلەر........................ 312

ئون ئۈچىنچى باب

چەتئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك سىياسى ئۇقۇملار........................ 323
1. مۇستەقىللىق........................ 327
2. ئاپتونومىيە........................ 328
3. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى........................ 334
4 . ئىنسان ھەقلىرى........................ 337
5. كىشىلىك هوقۇق........................ 338
6. ئەركىنلىك........................ 340

ئون تۆتىنچى باب

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىكى ساپا مەسىلىسى........................ 346

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1. ئابروي پەرەسلىك ........................................ 348
2. مەنسەپ پەرەسلىك ........................................ 352
3. ھەسەتخورلۇق ........................................ 374

**ئون بەشىنچى باب**

بىز كېلىشەلەيدىغان يول بارمۇ؟ ........................................ 377

**ئون ئالتىنچى باب**

چەتئەلدىكى رېئاللىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرى .... 434
ئاخىرقى سۆز ........................................ 486

# كىرىش سۆز

(يازغۇچىدىن)

ئۆسمۈرلۈك، بالىلىق چاغلىرىمدا چوڭلاردىن، ياشانغانلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلەتتىم. سان - ساناقسىز تۇراقلىق سۆزلەر ئارىسىدا: «ياخشى ئادەم يۇرتىدىن كەتمەيدۇ؛ يۇرت ئاتلىغان كىشىدىن ھەزەر ئەيلە!» - دېگەندەك سۆزلەرمۇ بولىدىغان. چوڭ بولغانچە، نەزەرىيىلەر بىلەن ئۇچراشقانچە، مەسىلىلەرگە بولغان كۆز - قاراش چوڭقۇرلىشىپ، مەنتىقلىق تەپەككۇرنى ئۆلچەم قىلىۋالىدىغان بولدۇم. ھېلىقىدەك تۇراقلىق سۆز - جۈملە تۇركۈملىرىگە قارىتا: «خاتا - توغرا» - دەپ، باھا بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىتاپتىن چىقمايدىغان، دانىشمەنلەرنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ ئىمزاسى قويۇلمىغان، دېھقانچە گەپلەرنى چۆرۈپ تاشلىدىم. يۇرت ئارىلاپ، نۇرغۇن پەرقلىق ئادەتلەرنى بايقىدىم. تەقدىر - قىسمەتنىڭ شاملى چەت ياقىلارغا ئۇچۇرتۇپ كەتتى. «ياخشى ئادەم يۇرتىدىن كەتمەيدۇ؛ يۇرت ئاتلىغان كىشىدىن ھەزەر ئەيلە!» - دېگەندەك، يۇرتىمىز چوڭلىرىدىن قالغان سۆزنىڭ - قالاق، قىتىغۇر، ئىچى تارلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىغا ئىشەندىم. مەن ئۆزۈم «يۇرت ئاتلاشقا،

www.uyghurkitap.com

ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ كېتىشكە، ئىسمىنى، جەمەت كىملىكىنى ئۆزگەرتىپ، يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغان» بىر جەمەتنىڭ، شۇنداق بىر ئائىلىنىڭ بالىسى بولغاچقا، مېنىڭ نەزىرىمدە يۇرتلۇق قارىشى شەكىللەنمىگەن ئىكەن.

ئائىلىمىزگە، جەمەتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق يامان كۈنلەرنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ شۇملۇقىدىن كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكىم «مىللەتچىلىك» دەپ، ئاتىلىدىكەن. مەن مىللەتچى بولغاچقا، بۇ مىللەتكە ئائىت ھەر بىر كىشىگە، مىللەتچىلىك ئۆلچىمى بىلەن قارايتتىم. بىرسىنى ئەسكى ئادەم، ياكى ياخشى ئادەم دېيىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى كۆرۈنۈشى، مەنسەپ - ئاتاقلىرى، بىلىم ۋە كەسپى ئۇنۋانلىرى، ئەل ئىچىدىكى ئابروي ۋە شۆھرىتى قاتارلىق تەرەپلىرىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن زىيانلىق ياكى زىيانسىزلىقىنى ئۆلچەم قىلاتتىم. بىرەرسىنىڭ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى، ياكى يامان مۇئامىلە قىلىشىنى، پەقەت ئادىمىگەرچىلىك ھالقىسى ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بولغان - دەپ، قاراپ كەلگەن ئىدىم. مېنى بىرسى تىللىسا، ياكى ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسا، ئۆزىنى «سىياسى ھايۋان» دەرىجىسىگە قويۇۋالىدىغانلاردەك، قارشى تەرەپتىكىگە بەتنام قىلىشنى، تۆھمەت ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشنى ھېچقاچان نىيەت قىلىپ باقمىدىم. مېنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەڭ قەبىھ پەللىگە چىققان بەزىلەر توغرىسىدىمۇ، سىياسى سالاھىيىتىگە گۇماندا بولغانلارغا «ھەئە شۇنداق ئادەم» دېمەستىن، ھەقنى سۆزلىدىم. شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە

ھېچقانداق يېرىكلىشىپ قالمىغان، بەزى كىشىلەرنىڭ سىياسى سالاھىيىتىگە قارىتا: «ساغلام ئەمەس، گۇمانلىق، خىتاينىڭ ئادىمى، مەنسەپ پەرەس» دېگەندەك باھالارنى بېرىشتىن چېكىنمىدىم. ھەتتا ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان بايراقنىڭ «قوش رەڭلىك» ئىكەنلىكىنى سۆزلەشتىن يالتايمىدىم. ھەر يوغان نام - ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن، بەزى بىرلىرىگە قارىتا سەلبى ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويسام: «قولىڭىزدا پاكىت بارمۇ؟» - دەپ، كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە ھەيران قالىمەن. شۇنچىلىك دۆتمىكىن دېسەم، تۇرمۇشلىرىنى ئاجايىپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان؛ قىلنى قىرىق يېرىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ساۋاتسىزمىكىن دېسەم، دۇنياۋى سىياسى ۋەزىيەتلەرنى تەھلىل قىلىپ، غېزىنى غاز، ئۆردەكنى ئۆردەك - تىتىپ تاشلايدۇ. دېمەك جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان گەپ. ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەپ تۇرايلى. كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ، خىتاينى تىللاپ يۈرگەن بايراقدار ئادەمنى پالانچى دېسە، كىشىلەر توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقى بىر ئۆزرە. ئەمما ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمەت كابىنېتىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە سىياسى كومىسسار بولغان ۋە ئىلقا ئورۇشىنى تەشكىللەپ، مۇستەقىللىق جېڭىنى قوزغىغانلارنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسنىڭ، قىپ - قىزىل خائىن، ھەتتا خىتايغا ئىشلىگەن جاسۇس ئىكەنلىكىنى كۆزىگە تىقىپ قويسىمۇ: «خائىن بولسا ئازاتلىق ئورۇشىنى قوزغامتى؟ خائىن بولسا نېمىشقا دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن؟» - دەپ قويۇپ، قەھرىمانلار قاتارىغا تىزىۋېلىشلىرى قالتىسى. زادى بوپتۇ، ئۇنىمۇ توغرا چۈشىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتەيلى. ئەمما قارمۇ - قارشى زىددىيەتلىك ئىككى ئېقىمنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى مەدھىيىلەپ، ئەسلەپ يۈرۈشلىرىنى چۈشىنىشكە بولمايۋاتىدۇ. يەنى 44. يىلىدىكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن گومىنداڭ پەرەس چىن تۈركىستانچى گۇرۇھلار. كىشىلەر ئەينى چاغدىكى مۇستەقىللىق كۈنىنىمۇ «دۆلەت بايرىمىمىز» دەپ، خاتىرلىشىدۇ. ئوخشاشلا مۇستەقىللىققا ئوچۇق ئاشكارا قارشى تۇرغان، شۇ بىر ئوچۇم چىن تۈركىستانچىلارنىمۇ داھىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىز - دەپ، كۆتۈرۈۋالىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆلۈمگە ھازاتۇتۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغىمۇ تەزىيە بىلدۈرگەندەك. چۈشىنىش ھەققەتەن قىيىن.

تۇرغۇنلىغان سىياسى شەكىلدىكى پائالىيەت، مۇراسىملار ئەسلىدە سىياسى مەنادا ئەمەس، بەلكى بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش رەسمىيىتى، سەھنە كۆرۈنۈشلىرى ۋ قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى «ئۈچ ئەپەندىملەر ۋە جۇمھۇرىيەت كۈنى» نامىدا بىر پائالىيەت ئويۇشتۇرۇلغان ئىدى. شۇ چاغدا بىر قېتىم ھەيران قالغان ۋە يېڭى ئېچىلغان ئۇيغۇر ئامېرىكان تورىدا، پىكىر تاشلاپ باقسام، چۈشىنىدىغان ئادەمدىن، ھاقارەت قىلىدىغانلار نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ۋەتەندىكى چاغلاردىغۇ بىلمەيتتۇق - تارىخى ھەقىقەتلەرنى. خىتاي قانداق يېزىپ قويسا شۇنداق قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا. چەتئەلگە چىقىپ، تارىخى ھەقىقەتلەرنىڭ ئەسلى يۈزىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، توغرىنى سۆزلەشتىن قېچىپ، پادىغا مەجبۇرى قېتىپ قويۇلغان غونىجۇندەك، يالغاندىن

ئىچىگە، تىنىدىغانلارغا تېخىمۇ ھەيرانچىلىقىم بار.

چەتئەلدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى، 37. يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ چەتئەلگە چىققان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلايمەن ـ ئۆزۈمچە. 81 يىللىق ھەرىكەتنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا قاراپ، بۇ پالاكەتچىلىكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان دۈشمەن ئىستىخباراتىنىڭ ھىلە، تاكتىكا، پىلان ستراتېگىيىسىنى چۈشىنەلمەيدىغانلار، مېنىڭ يازغانلىرىمنى ئوقۇمىسۇن! ئۇلارنىڭ «ئىسراپ بولغىدەك ۋاقتى ئۈچۈن» ئەمەس، ئەكسىچە يازمىلىرىمنىڭ سەھىپىسىنى كىرلەتمەسلىكى ئۈچۈن. 81 يىللىق كۈرەش تارىخنى ئارقىدا قالدۇرغان، بۈگۈنكى ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ بوينىغا سېلىنغان، ئۈمۈتسىزلىك سىرتمقى بولۇپ تۇرماقتا. ھەر نەسىلگە، ھەر ئېقىمغا كىرگۈزۈلگەن شەيتانلار 81 يىللىق ھەرىكەتنى زادىلا ئالغا ماڭدۇرمىغان. دىنى چۈشەنچە بىلەن ئېيتقاندا، ئىبلىس ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، ئازدۇرۇش ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدىكەن. بىراق بىزنى ئازدۇرىدىغان شەيتانلار، ئۆزىنىڭ ھىلە، نەيرەڭلىك ئويۇنلىرىنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئويناپ كەلدى. ئىبلىس شەيتانلارغا، ئىمانى ئاجىز ئادەملەر ئەگىشىدىكەن. ئەمما بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنى ئازدۇرىدىغان شەيتانلارغا، ئارىمىزدىكى قانداق كىشىلەر ئەگىشىدۇ؟ ـ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇشۇ كىتاپتىن چىقىشىغا ئىشىنىمەن.

خىتاي ھاكىمىيتى، ياكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى چەتئەل كۈچلىرىدىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ. خىتاينىڭ نەزىرىدىكى چەتئەل كۈچلىرى ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرى

خىتاي دۆلىتىنىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرمەيدىغان دۆلەتلەر. يەنە بىرى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن مۇھاجىرلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاينىڭ قايمۇقتۇرۇش، ئۈجۇقتۇرۇش ۋە روناق تاپقۇزماي، ئالداپ، ئازدۇرۇش ئوبيېكتى چەتئەلدە تەشكىللىنىپ، خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلغۇسى كۈچلەردۇر. بۇ كۈچلەرنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى خالىمىغىنىدەك، خىتايغا قارشى ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان، توغرا بىر ھەرىكەت يولىنى تېپىۋېلىشىغا ھەم پۇرسەت بەرمەيدۇ. شۇڭا ھەر دەۋردە، ھەر تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ئىچىگە بىر قانچە ئازدۇرغۇچى ئىبلىسلارنى كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ئىبلىسلىرىغا خىزمەت قىلدىغان سان - ساناقسىز شەيتانلارنى شايىكا قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار رەڭگا - رەڭ كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق، ئاۋام خەلقنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس، ئەقلىنى لال، تىلىنى سۆزلىمەس قىلىۋېتىدۇ. خىتاينىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىبلىسلىرى، كونا بايراقلارنى نىقاب قىلىپ، ئەسلى يۈزىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ. ئۇلار ئاشۇ نىقاپنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، خىتاينى تىللايدۇ؛ قاغايدۇ؛ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ تاشلايدۇ. خىتايغا قارشى بارلىق چەتئەل كۈچلىرىنىڭ دىققىتىنى، ئۇلار ئۆزلىرىگە رام قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ - خالاس! ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق، ئۈنۈملىك ئىش قىلىشنى ئويلايدىغانلارمۇ، ئاشۇ بايراقدارلارنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. خىتاي دۆلىتىگە قارشى، ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغۇسى بار دۆلەت ۋە چەتئەل كۈچلىرىمۇ، ئاشۇ بايراقدارلارنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان ئۇيغۇرلارنى «ئاز قالدى، چوڭ يەر بىلەن گەپلىشىۋاتىمىز»

- دەپ، كولدۇرلىتىدۇ. «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىز نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز؟» دەيدىغان، چەتئەل كۈچلىرىنى بولسا، كۆنتەرتىپكە قويۇلمايدىغان، تايىنى يوق پاخال تەلەپلەر بىلەن بىزار قىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل ئاشۇلارنىڭ پروگراممىلىق ۋەزىپىسىدۇر.

گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەم «ياخشى ئادەم يۇرتىدىن كەتمەيدۇ» دېگىنى توغرىمىدۇ؟ ياكى يۇرتىدىن كەتكەندىن كېيىن، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار «ياخشى ئەمەس» قىلىپ قويامدۇ؟ ئىشقىلىپ چەتئەللەردە، تاش دەسسەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك، مەنپەئەتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن. بۇرۇن «ئىككى يۈزلەمچى» دېيىلەتتى. ھازىرقى يۇرت ئاتالپ، تاغ ئاتالپ، قىتئە ئاتالپ، يىراقلارغىچە كەتكەنلەرگە «ئىككىلىك» سۈپەت بەكلا ئاز كېلىپ قالغۇدەك. مەنپەئەت چۈشەنچىسىگە ئىزاھات بېرىلمىسە، مەنىسى چولتا بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئاۋۋالقى چاغلاردا ماددى نەرسىلەر مەنپەئەت دېيىلەتتىكەن. كېيىنچە كىشىلەرنىڭ كۆزى - قارنى تويغان بولسا كېرەك. ماددى نەرسىلەردىن ھالقىپ، مەنىۋى قىممەتلەرنىمۇ مەنپەئەت قاتارىغا تىزىپتۇ. ئەمدى قارىساق، ھېچقانداق مەنىۋىلىكى بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ، مەنپەئەت چەمبىرىكىگە كىرگۈزۈۋالغان ئوخشايدۇ. ياكى ئادەملەرنىڭ مەنىۋىياتلىرى بەك پۇچەكلىشىپ كەتتىمىكىن. «شىرنە بار يەرگە چۈشۈن ئولىشىپتۇ» - دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى. كېيىنچە چۈشنىلەرنىڭ نازاكىتى يوقالدىمۇ، ئىشقىلىپ يۇندا، شاپاق - شالتاقلارغىمۇ ئولىشىدىغان بولۇپ قاپتىكەن. شۇڭا چۈشۈن قونىدىغان نەرسىگە ئىزاھات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرلىپ «سىسىمچىلىق بار يەرگە چىۋىن قونىدۇ» دېيىشكە ئادەتلىنىپتىكەن. بىراق ھازىرقى چىۋىنلار داد بېسىپ كەتكەن تۆمۈر ـ تەسەكلەرگىمۇ ئۆلىشىدىغان بولۇۋاپتۇ. چىۋىنىنىڭ سېزىمى يوقالغان بولسا كېرەك. دېمەك يۇرت ئاتلاپ، تاش دەسسەپ يىراقلارغا كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ، مەنپەئەت تۇيغۇسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن چېغى. شۇڭغا قارىغاندا بۇرۇنقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۆلچىمىگە، پەلسەپىۋى پىكىر ئەندىزىسىگە سېلىپ، خاتا ـ توغرا دەپ يۇرمەي، ئەستە چىڭ ساقلاپ قويۇش لازىمدەك تۇرىدۇ. يەنى رەڭلىك ئىنقىلابلارنىڭ بوران، چاپقۇنلىرىدا دۆلەتتىن ـ دۆلەتكە، قىتئەدىن ـ قىتئەگە ئۇچۇپ يۈرگەن كىشىلەر قېتىلىپ، سەھنىمۇ ـ سەھنە قاتار چاي قوغلاشقان «مېھمانە» لەردەك، ھەممە يەردە ئالدىدا كۆرۈنۈشكە ئادەتلىنىپ كەتلەردىن تارتىپ، ھەممىسى يۇرتتىن چىقىپ كەتكە كىشىلەر بولغاچقا، ھەممە نەرسىدىن مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا شىرنە قوغلىشىۋرىپ، ئاخىرى سېزىمنى يوقىتىپ، داتلاشقان تۆمۈرگىمۇ ئولۇشۇپ قالغان، چىۋىنىنىڭ نەرقىگە چۈشۈپ قالىدىغان بولسا كېرەك.

چەتئەلدە باشلانغان «ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» كېيىنچە «ۋەتەن دەۋاسى پائالىيتى» گە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى بىر نەرسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كېرەكلىك ھەرىكەت قىلىش لازىم. قىلىۋاتقان ئىشتا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى ھەرىكەت بولماي، پائالىيەت بولۇپ قالىدۇ. ھەرىكەتنىڭ شەكلى پائالىيەتكە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى قۇتقۇزۇش بولماي، دەۋا بولۇشى كېرەك. دادىسىنى ئۆلتۈرگەن

قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا چامى يەتمىسە، دەۋا قىلىدىغان گەپ شۇ. شۇنىڭدەك 37. يىلى چەتئەلدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشلىغان «ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» 49. يىلىدىن ئېتىبارەن، يەنە شۇ كىشىنىڭ قولى بىلەن «ۋەتەن دەۋاسى»غا ئايلانغان ئىدى. ھەتتا مىللىي خاراكتېرىمۇ يوقالغان، ئۈستى ئوچۇق بىر دەۋاغا ئايلانغان ئىدى. شۇڭا 81 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ دەۋانى بۈگۈنكى كۈندە، بېجىندىن بىر خىتاي ئۇدۇل كېلىپ يېتەكلىسىمۇ بولىۋېرىدىغان يېرىگە كەلگىلى نەۋاق. ئەمما خىتايلار بەك ئېھتىياتچان، ھىلىگەر خەق بولغاچقا، تېرىسى، تاشقى كۆرۈنۈشى بىزدىن بولغانلارنى بۇ دەۋاغا مەسئۇل قىلىپ كەلمەكتە. ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» نىڭ شىتاتلىق مەسئۇللىرى، ئۇنى يوقىتىپ قويماي، تارتقۇزۇپ قويماي بىر قوللۇق داۋاملاشتۇرۇپ، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىر قېلىپتا بۈگۈنگىچە ئېلىپ كەلدى. مەن بەزى سىرلارنى يېشىشكە تىرىشتىم. قولۇم قىسقا، ئىمكانىيىتىم چەكلىك بولغاچقا، بەزى نەرسىلەر توغرىسىدا، بەزى كىشىلەردىن ئېنىقلىما ئارىيەت ئالدىم. بىلگەنلىرىمنى مەنتىقلىق سەۋەب - نەتىجىگە باغلاشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىشنى ئۆلچەم قىلدىم. بۇ كىتابقا 2018. يىلى ئاپرېلدىن - دېكابىرغىچە يازغان پىكىرلىرىمنىڭ، ئۆز - ئارا مەزمۇنداش بولغانلىرىدىن 16 بابنى تاللاپ كىرگۈزدۈم.

كىتابتىكى ھەر بىر ماقالا ماۋزۇ جەھەتتىن مۇستەقىل كۆرۈنسىمۇ، مەزمۇنلىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، ماقالىلار توپلىمى تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى بىر ماۋزۇ ئاستىدىكى كىتاب شەكلىدە تەقدىم قىلىشنى ئۇيغۇن

كۆردۈم. كىتابنىڭ ئىسمى ئىچىدىكى بىر بابنىڭ ماۋزۇسى ئىدى. ئۇنى كىتابقا ئىسىم قىلىپ ئىلىشىمدىكى مەقسەتكە، مۇشۇ يەردە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي. كىتابتىكى بارلىق مەزمۇن: ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبىسى، مەغلۇبىيىتى، ئوگۇشسىزلىقى، يوقۇلۇپ كېتىشى ۋە مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، «ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟» دېگەن نامنى مۇناسىپ كۆردۈم. ئاخىرقى بابىدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، بېشىمدىن ئۆتكەن، ئۆزۈم كۆرگەن ۋە كۆرۈۋاتقان بىر قىسىم ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشتىم.

2019 .01 .05

## بىرىنچى باب

# دەۋا سىيپىدىكى زىددىيەتلەر توغرىسىدا پىكىر

ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ يىقىلىشىدا، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىنمۇ بەكراق، ئىچكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ يىراق ۋە يېقىنقى دۆلەت تارىخىمىزدىن قارىغاندىمۇ، قۇدرەتلىك ھۇن دۆلىتى، كۆك تۈرك دۆلىتى، ئۇيغۇر دۆلىتى قاتارلىق چوڭ دۆلەتلىرىمىزنىڭ ۋەيران بولىشىدا، سىرتتىن كەلگەن ھۇجۇم يوق دېيەرلىك ئىدى ھەم سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ، ئۇ دۆلەتلەرنى يىقىتقۇدەك كۈچىمۇ يوق ئىدى. پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر، قېرىنداش قەبىلىلەر ئۆز- ئارا دۈشمەنلىشىپ، ھاكىمىيەت تالىشىپ بېشىنى يېگەن. ئۇلارنىڭ دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغىدەك ماغدۇرى قالمىغاندىلا، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ يوقىتىشىغا دۇچ كەلگەن ئىدى.

سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھالاكىتىدىمۇ، تەخت ۋارىسلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى دۆلەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلگەن. 33. يىلدىكى جۇمھۇرىيىتىمىزدە بولسا، ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدا باش- باشتاقلىق، تەپرىقىچىلىك ئېغىر بولۇپ، ھۆكۈمەت تەشكىللىنىشتىن ـ مۇنقەرز بولۇشقىچە، مۇستەقىل ھۆكۈمەت بىكارغا سېتىۋېتىلگىچە، ئىچكى زىددىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هەل قىلىنالماي زاۋاللىققا مەھكۇم بولغان ئىدى.

بىز كۆرۈپ تۇرىۋاتقان ئافغانىستان، ئىراق ۋە سۇرىيە دۆلەتلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىقىدا، ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى مىللەت، قەبىلە ۋە مەزھەپلەر بىلەن، باشقا مىللەت، قەبىلە، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى، ھوقۇق تەڭسىزلىكى تۇپەيلى كۆتۈرۈلگەن ئىچكى زىددىيەت راۋاجلىنىپ، ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىگە كىرگەندىلا، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ، ئىشغال قىلىنىشقا ۋە تولۇق باستۇرۇپ، كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىشكە مەھكۇم بولۇشتى.

ئەسىرلەپ قەد كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا كېڭىيىپ، ھەتتا دۇنيا تەرتىۋىنى بەلگۈلەشكىچە قۇدرەتكە ئىگە بولغان دۆلەتلەر ۋە بەزى قىتئەلەرمۇ، ئىچكى زىددىيەتلەرنى (مەيلى كۈچ بىلەن بولسۇن، مەيلى سىياسى تۈزۈم ۋە ھوقۇق تەڭشەش چارىلىرى بىلەن بولسۇن) تولۇق ھەل قىلغان بولغاچقا، بۈگۈنكىدەك شۇنداق ۋەزىيەتكە يېتىپ كېلەلىگەن. شۇنىڭدەك، كۆپ پارتىيەلىك تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردىمۇ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پارتىيىلەر ھەل قىلىدۇ. پارتىيىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى دىئالوگ ئارقىلىق ھەل قىلىپ، پرىنسىپ ۋە پروگراممىلىرى خىلە ئېغىر زىددىيەتلىك پارتىيىلەرمۇ، مەلۇم مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىپ، ئۆز- ئارا كېلىشىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلالايدۇ. ھەرقانداق بىر روناق تاپقان ئەللەرنىڭ تارىخىغا ۋە كۈنىمىزدىكى تۈزۈملىرىگە قارايدىغان بولساق، ئىچكى زىددىيەتلەرنى ئەسىرلەر ئاۋۋال ھەل قىلىپ بولغانلىقىنى، يېڭىدىن شەكىللىنىدىغان زىددىيەتلەرنىمۇ ھەل قىلىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئىچكى

ئۇرۇش پاتقاققا پېتىپ قالغان دۆلەتلەر بولسا، ھالاكەتنىڭ سەۋەبىنى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن، تىنچ يول بىلەن، سىياسىي شەكىلدە ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىدىن كۆرىدۇ. ئويلىمايدۇكى، قەلئە ئىچىدە ئىس چىقىرىپ، سىگنال بېرىدىغان ئىچكى دۈشمەن، ئىچكى زىددىيەت بولمىسا، تاشقى دۈشمەن قانداق پەيتتە قەلئە ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنى نەدىن بىلسۇن؟ دېمەك ھەل قىلىنمىغان ئىچكى زىددىيەت، ئىچكى دۈشمەنلىك مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ يىقىلىشىدا ئەجەللىك رول ئوينىشى مۇقەررەردۇر. قايسى ئەلدە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ھۆكۈم سۈرسە، قايسى ئەلنى، قايسى بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىنى تاشقى دۈشمەنلەر ئىشغال قىلسا، جەزمەنكى شۇ ئەل خەلقىدە ئىچكى زىددىيەت، ئىچكى دۈشمەنلىك ۋايىغا يەتكەنلىكى بىرىنچى ئامىل بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇنقەرز بولغان، يىقىلغان دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ، قايتا دۆلەت قۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىمۇ، تاشقى ئىتتىپاقداش كۈچلەرنىڭ ھەر قانداق ياردەملىرىدىن ئاۋۋال، شۇ ئەل خەلقىنىڭ كۈرەشچى ئېقىملىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، بىرلىك سەپ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار پرىنسىپلىق مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ۋەتىنىدىن، خەلقىدىن ھەتتا دۈشمىنىدىنمۇ يىراق ئەللەردە تۇرۇپ، ۋەتىنىنى، مىللىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، دۈشمىنىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارغا مەنسۇپ بولغان كۈرەشچى ئېقىملار ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشى، پەرقلىق گۇرۇپپىلار ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشى

نەتىجە قازىنىشتا بىرىنچى شەرت ۋە بىرىنچى ئامىل ـ دەپ، ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز.

بىز چەتئەلدىكى ئۆز ئەھۋالىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، (1937. يىلىدىن باشلاپ) سەكسەن يىللىق «ۋەتەن دەۋاسى» نەتىجىسىدىن ئۆكۈنمەي تۇرالمايمىز. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تارقالغاندىن كېيىن، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز- ئارا جەم بولۇش پۇرسىتى كەلگەن، خىتاينىڭ چېگرا ئېغىزلىرىنى بىر ئاز بوشىتىشى بىلەن ۋەتەندىن تۇرلۇك چارە، تۇرلۇك يول بىلەن چەتكە ئېقىش پۇرسىتى كەلگەن چاغلاردىن كېيىنكى، چارەك ئەسىرلىك دەۋا نەتىجىسىدىن ھەقىقەتەن ئۆكۈنۈشكە مەجبۇرمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىش بىلەن تەڭ قەد كۆتۈرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى، ئىستانبۇلدا قەد كۆتۈرگەن شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى، شۇ چاغلاردا ۋەتەن ئىچى- سىرتىدا ئۇيغۇرلارغا زور ئۈمىت، ئىشەنچ بېغىشلىغان ئىدى. بىراق، ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلى، ئالدى بىلەن ئىستانبۇل مەركەزلىك شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەشكىللەش، يېتەكلەش رولىنى يوقاتتى. قۇرۇلتاي ئىچىدە ۋەزىپە ئالغانلار بىلەن، قۇرۇلتايدىن چوڭ مەنسەپ ئالالمىغانلار ئارىسىدا قېيداش، يولىنى توسۇش، يولىغا ئورا كولاش، ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرۇش، شۇنىڭدەك قۇرۇلتايدا ۋەزىپە ئالغانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە سەلبى ھادىسىلەر، قۇرۇلتاينىڭ يېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتا قۇرۇلتاي تەشكىللىنىپ ئارىدىن بىر يىل كېيىن ۋەتەندىن چىقىپ، تېنەپ يۈرگەن بىر گورۇپ «داشۆسىڭ» لارنىمۇ سەپكە قېتىپ، ئىدارىسى ئاستىغا ئالالماي، ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق

بىلەن ئايرىم تەشكىللىنىشىگە، ئۇمۇمى دەۋا ئېقىمىغا كىرەلمىگەن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن تەشكىللىنىشىگە، ئۇمۇمى دەۋا ئېقىمىغا كىرەلمىگەن بولغان ياش ئەۋلادلارنى ئايرىپ تاشلىشىغا پۇرسەت بېرىلدى. نەتىجىدە 92. يىلى دېكابىردا قۇرۇلغان قۇرۇلتاي تەشكىلاتى، 95. يىلى ئاپرېلغىچە قويرىقىنى قوم باستى. ئۇمۇ يەتمىگەندەك، قۇرۇلتاينىڭ بېقىنىدا يېڭى بىر دۇكان ئاچقان ياش قوشۇنلار: «ئارىمىزدا خىتايغا مەخپىيەتلىك يەتكۈزىدىغان جاسۇس باركەن، ئۇنى تېپىپ چىقايلى» - دېگەن ۋەسۋەسىلىك بىر غەيرى تاكتىكىنى ئىشقا سېلىپ: «بىز ۋەتەندىكى ۋاقىتتا خىتايغا ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن؛ نۆۋەتتىكى پىلاندا خىتاينىڭ مۇنداق ئورنىغا ھۇجۇم قىلىمىز» - دېگەندەك ئۇچۇرنى، ئۆزلىرى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىپ، خىتاي ئەلچىخانىسىغا يەتكۈزۈش يوچۇقى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «جاسۇسنى تېپىش» تاكتىكىسى خىتاي ئۈچۈن (ئاتالمىش «ئىنتېرپول تۇتۇش بۇيرۇقى» ئېلان قىلىشقا، شۇنىڭدەك) تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى «شەرقى تۈركىستانچى تېررورچىلاردىن پەخەس بولۇش» قا چاقىرىشىغا نەق پاكىت تەييارلاپ بەرگەن ئىدى. بۇلار شۇ چاغدا تەجرىبىسىز ياشلارمىتى؟ ياكى شۇنداق تەجرىبىلەنگەن كىشىلەرمىتى؟ قانداقلا بولمىسۇن قۇرۇلتاي ۋەتۈركىيەدىكى ۋەتەن دەۋاسى، ئىچكى زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان كەڭ يوچۇقلاردىن ۋە ئاجايىپ سىرلىق ئويۇنلاردىن كېيىن، شۇنچىلىك تېز تۈنتۈجتۇرۇلغان ئىدى. ئاردىن بىر يىل ئۆتمەي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتلىرى، خىتاينىڭ شانخەي ئىتتىپاقى قورشاۋىدا ئۈجۈقتۇرۇلدى. مەيلى تۈركىيەدە بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنى ئىدارە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلغىنىدەك، ئۈممەت بىرلىكىدە بىر سىياسىي تەشكىلات، سىياسىي ئېقىم پەيدا بولغان. (1997. يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدىن باشلاپ) ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئازاتچى، غازاتچى» قوراللىق ئېقىمى پەيدا بولدى. قۇرۇلتايدىن ئىبارەت قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىدىغان يۇمشاق كۈچنى يېتەكلىيەلمىگەن بەزى بىر قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى (مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىق)، تەلۋە- تەرسا، قېنى قىزىق ياشلارنىڭ قولىغا، «ك گ ب» نىڭ قورال ئىسكىلاتىدا دات بېسىپ كەتكەن كونا مىلتىقنى تۇتقۇزۇپ، ۋەتەننى ئازات قىلماقچى بولغىنى بىر سىرلىق مەسىلە ئىدى. شۇنىڭدەك ئۆمۈر بويى مەسچىت بىلەن مەدرىسىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، كىتاب بىلەن جامائەتنىڭ ئارىسىدا يۇمشاق مۇناسىۋەتلەر بىجىرىپ كەلگەن، قورالنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك نەرسە ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئەھلى ئىلمى، تالىپلارنىڭ غازات ئۇرۇشى تەشكىللەشكە قىزىقىپ قېلىشى بىر غەيرى نورمال ئىش ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولمىغان ئىشقا (قىزىقىشمۇ، ياكى تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن بېسىم ئاستىدا قالغانمۇ) ئارىلىشىپ، ئاخىرقى ھېساپتا ئىچكى زىددىيەتنى قوراللىق توقۇنۇش باسقۇچىغا يەتكۈزۈشتى. (بۇ شۇملۇقنىڭ داۋامى ھازىرغىچە بېسىققىنى يوق.) ئازاتچىلار يېڭىلىپ تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، غازاتچىلار قوشۇنى خەلقئارا ئەرەب جىھاتچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەرەب ئەمىرلەر قايەرگە بېرىپ جىھات قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرسە، بىجانىدىل ئادا قىلىدىغان، ئىستەك- سورىقى يوق ئەزان قۇربانلىققا ئايلاندى.

مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى

تەشكىللەپ، بىر ياقتىن ۋەتەن- مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى دۇنيا ئەللىرىگە ئاڭلىتىدىغان، يەنە بىر ياقتىن ۋەتەن سىرتىدىكى تارقاق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر غايىگە يېتەكلەيدىغان، دۇنيا ئەللىرى قوبۇل قىلىدىغان، خەلقىمىز ھەم ئېتىراپ قىلىدىغان بىر چوڭ سىياسى تەشكىلاتقا ئېھتىياجىمىز بار ئىدى.

بىراق 95. يىلى ئىستانبۇلدا، مىللى قۇرۇلتاينىڭ تېمىغا يۈلەپ «ياشلار تەشكىلاتى» نامىدا ئېچىلغان مەركىزى كىچىك دۇكان 96. يىلى گېرمانىيىدە «ياشلار قۇرۇلتىيى» نامىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، پۈتۈن مۇھاجىرەتتىكى ۋەتەن دەۋاسى، مۇشۇ كىچىك دۇكانغا تەلمۈرۈپ تۇرىشى كېرەك بولغاندەك ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتاتتى. ياكى بولمىسا ئەرەب ئەمىرلىرىنىڭ بۇيرۇقىدا، تاغنىڭ ئارقىسىدا چېپىپ يۈرگەن مەخسۇملارغا ئىقتىدا قىلىپ، سۈكۈتتە ئۆتىشى لازىم ئىدى. ئەمما يوشۇرۇن پىلانلارنىڭ تەقەززاسىغا قارشى ھالدا، شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تىرىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى 1999. يىلى ئەتىياز ئايلىرىدىن باشلاپ، ميونخىن شەھىرىدە مۇزاكىرە باشلاندى. قولىمىزدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىپ، توسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمەي، شۇ يىلى 10. ئۆكتەبىر خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرۇش يىغنى ميونخىندا چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا ئىستانبۇلدا بەربات بولۇپ، ئۇجۇقتۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچى رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئەللەردىكى ۋەكىللىرى، كۆپلىگەن پېشقەدەم مۇستەقىلچى زاتلار قاتناشتى. ۋەكىللەرنىڭ تەلەپ- تەكلىپلىرى بىلەن، بۇ قېتىمقى مەركىزى تەشكىلات، قانداقتۇر يېڭى بىر ئورگان بولماستىن، بەلكى 92. يىلى

www.uyghurkitap.com

چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ 2. نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى ھەم «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» بولۇپ ماقۇللاندى. نىزامنامە ۋە خىتاپنامىلىرىدىمۇ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېگەن ماددىلار بەلگىلەندى. بىراق بۇ مەركىزى تەشكىلاتقا ھېچقىلى كىچىك دۇكان قوشۇلمىدى. ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل پائالىيەت قىلىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇشتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نىزام ۋە پروگراممىلىرىدا «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوغدايمىز، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېگەن شوئارلار ئوچۇق بېكىتىلگىنى ئۈچۈن، مەيلىتىغۇ ئۇلار قېتىلماي ئايرىم پائالىيەت قىلىۋەرسە. بىراق ئىشنىڭ چاتاق يېرى شۇ بولدىكى، مىللىي قۇرۇلتاي ئۆزىنى كېڭەيتىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلارنى، ئۇيغۇر جامائەتلىرىنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئالغان ھامان، كىچىك دۇكانچىلار دەرھال ئۇنىڭ بېقىنىدىن چىقىپ، ياشلار گۇرۇپپىدىن بىرنى تەشكىللەپ قويىدۇ- دە، شۇنىڭ بىلەن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەسىرى بارغانلا يەردە، ياشلار دۇكىنى پەيدا بولۇپ، زىددىيەت باشلىنىدۇ. «زىددىيەتسىز جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايدۇ. بىز دەۋانى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن زىددىيەت قىلىۋاتىمىز» -دەپ، چۈشەندۈرىدىكەن، ياشلار قۇرۇلتىيىدىكى خادىملار. مىللىي قۇرۇلتايمۇ بىر ئاز راۋاجلىنىپ، بەلگىلەنگەن قەرەلى بويىچە 2001. يىلى نويابىر برۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنت يىغىن زالىدا، 3. نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي يىغىنى چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى زىددىيەت ئۇلغىيىپ، رەسمىي توسقۇنلۇق باسقۇچىغا

كۆتۈرۈلدى. بارغانچە ئاينىپ، چوڭ قۇرۇلتاي بىلەن كىچىك قۇرۇلتاي ئۆز- ئارا تىللىشىدىغان يەرگە بېرىپ يەتتى. كۆچنى توپلاپ، ماغدۇرلىنىشقا ئېھتىياجلىق پەيتتە، بۇنداق پىسخىكىلىق ئۇرۇشلار ئەقلىنىمۇ خورىتىدىغان، زىيانلىق ھادىسە بولغاچقا، ھەر قانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئىككى يىلدىن ھالقىغان مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، ياشلار نىمنى شەرت قىلسا، شۇنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە، 2004. يىلى 12. ئاپرېل ميونخىندا قۇرۇلتاي يىغىنى چاقىرىلىپ، «ختاي بىلىپ قالسا، بىرلىكىمىزنى بۇزۇپ قويىدۇ، مەخپى تۇتايلى» دېگەندەك، سىرلىق تۇزاقلار بىلەن، پەقەت 5 ئادەم بىلىدىغان بىر شەكىلدە چاقىرىلغان قۇرۇلتاينىڭ نامى «دۇنيا ئۇيغۇرقۇرۇلتىيى» بولۇپ، 92. يىلدىن شۇ كۈنگىچە جان ساقلاپ كەلگەن مىللى قۇرۇلتاي تارىخقا ئايلاندى. يەنە بۇ قېتىمقى يىغىنغا مىللى قۇرۇلتاينىڭ جايلاردىكى ۋەكىللىرى، رەھبەرلىرى، مۇستەقىلچى زاتلار چاقىرىلماي سىرتتا قالدۇرۇلغان بولغاچقا، ئاۋۋالقى قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامە ۋە ختاپنامىلىرىدىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز- دېگەن ماددىلار ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنى قوللايمىز...» دېگەن ماددىلار كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، چەتئەلدىكى دەۋا سېپىدە چوڭ بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. يەنى سابىق مىللى قۇرۇلتايغا ئائىت نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم مۇستەقىلچىلەر توپلىشىپ، 2004. يىلى سېنتەبىر ۋاشىنگتوندا، مۇستەقىللىق ختابنامىسىگە ئىگە «شەرقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ بۆلۈنۈش، بۇ ئىچكى زىددىيەت، شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئىستانبۇلدا، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان كىچىك دۇكاننىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ قالغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى نامىدا ئون يىلدىن ئارتۇق يىغىلىپ، قوپۇپ باسقان تەشكىلىي قەدەملەرنى، شۇنىڭدەك كېيىنكى دەۋرلەردە قولغا كەلتۈرۈۋاتقان سىياسىي نەتىجىلەرنى بەربات قىلىپ، چەتئەللەردىكى دەۋا ئەھلىنى بىر يەرگە توپلاۋاتقان مەركەزنى تارىختىن ئۆچۈرۈپ، بىر قانچە كىشىنىڭ پىلانى بىلەن قۇرۇپ چىققان يېڭى قۇرۇلتاي، ئىشخانا ئىجارىسىنى، توك، سۇ، تېلېفون ھەققىنى تۆلىيەلمەي، خۇددى تارقىلىپ كېتىدىغاندەك بىر باسقۇچقا كەلگەندە، «مانا ئۇيغۇر خەق دېگەن مۇشۇنچىلىك خەق، ئۆز لىدەرىگە، ئۆز تەشكىلاتىغا ئىگە چىقمايدىغان ۋاپاسىز خەق. دادام رەھمەتلىكمۇ شۇنداق قاخشاپ ئالەمدىن كەتكەن...» دېگەندەك شىكايەتلەر يېغىپ تۇرغان چاغدا، رابىيە قادىر خانىم (2005. يىلى 17. مارت) خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىپ، تۆت ئاي ئۆتكەندە گېرمانىيىگە كەلدى. ياۋروپادىكى بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مىيونخىندا كۆرۈشتى. جامائەت بىلەن ئۇچراشتى. ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى سۆزدە بولسىمۇ كۆرسەتتى. ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ، بىرلىك ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق خەلقئارادىن ياردەم ۋە قوللاشلارغا ئېرىشىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق شۇ يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، تورلاردا رابىيە قادىر خانىمغا قارشى

سىياسى ھۇجۇم قوزغالدى. ئۇنىڭ قۇرۇلتايغا باش بولىشى، دەۋاغا رەھبەر بولىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا ئىدى. بىر يىللىق قەلەم كۈرىشىدىن كېيىن، بىز يېڭىپ چىقتۇق. 2006. يىلى نويابىردا چاقىرىلغان 2. نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئومۇمى يىغىنىدا، رابىيە خانىم قۇرۇلتايغا رەئىس بولدى. ئۇنىڭ قۇرۇلتاي بىلەن سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنى بىرلەشتۈرۈش پىلانى ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، ئىلگىرى قۇرۇلتايدىن شاللىنىۋېتىلگەن، تارقاپ كەتكەن كۈچلەرنى توپلىدى. بىراق، رابىيە خانىم قۇرۇلتايغا رەئىس بولۇپ، چېكىنگىچە ئارىلىقتا 11 يىل قۇرۇلتاي ئىچىدە توسقۇنلۇققا، چەتكە قېقىشقا ئۇچرىدى. قۇرۇلتاي ئىچى ۋە سىرتىدا رابىيە خانىمنى قوللىغان كىشىلەر تۈرلۈك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، 2017. يىلى نويابىر، (ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى ئىستانبۇلدا مىللى قۇرۇلتاينىڭ تېمىغا يۆلەپ كىچىك دۇكان ئېچىۋالغانلارنىڭ بېسىمى بىلەن) رابىيە خانىم قۇرۇلتايدىن چىقىرىلدى. ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، رابىيە خانىمنىڭ دەۋرىدە قۇرۇلتايىنى ئاۋات قىلغان نۇرغۇن تەشكىلات رەھبەرلىرى، ۋەكىللەر سايلام يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلمىدى. بۇنىڭدىن 13 يىل ئاۋۋال بىر قېتىم تاسقىغاندا، سىرتتا قالغانلار توپلىشىپ، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنى قۇرغان بولسا، بۇ قېتىم سىرتتا قالغان تەشكىلات ۋە نۇرغۇن شەخسلەر 17. مارت ئامستېردام شەھىرىگە توپلىشىپ «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» نامىدا، خەلقئارالاشقان بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. بىراق ئىشنىڭ تېگى- تەكتىدىن ۋە بۇنداق

www.uyghurkitap.com

بۆلۈنۈشلەرنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز تېگىرقىماقتا. ھەتتا نارازى بولىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. كۈچلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان ئامىل مەۋجۇت بولغاندا، مەجبۇرلىمىسىمۇ بىرلىشىدۇ. شۇنىڭدەك بىرلىكنى پارچىلايدىغان ئامىل شەكىللەنگەندە، بىرلىكنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇرلىسىمۇ، تەدبىرلەر كارغا كەلمەي، بۆلۈنۈش يۈز بېرىدۇ. ئويلاپ بېقىش كېرەك، 2004. يىلى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا، ئومۇمى بىرلىكنىڭ پارچىلىنىشىغا كىم سەۋەبچى؟ بۇ پارچىلىنىشنىڭ مەسئۇلىيىتى كىمدىن سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەك؟ ھەرگىزمۇ ئۇنى قۇرۇپ چىققان ئەخمەت ئىگەمبەردى، سابىت ئۇيغۇرى، ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندىلەر بۆلۈنۈشنىڭ جاۋابكارلىرى ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات - مىللى قۇرۇلتاي باشقىلار تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. ئۇلار كۆتىرىپ ماڭغان مۇستەقىللىق مەسىلى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ئۇلار تۇۋلىغان مۇستەقىللىق شوئارى باشقىلار تەرىپىدىن توختىتىلدى. ۋەزىيەت شۇنداق تۇرسا، ئۇلار تەقدىرگە تەن بېرىپ، دەۋادىن يىراق تۇرىشى كېرەكمىدى؟ - ئۇلار ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي، دەرھال يىغىلىپ، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ چىقتى. مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىرەر ھەرىكەت قىلالمىسىمۇ، باشقا تەشكىلاتلارغا ئوخشاشلا تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ھەمدە مۇستەقىللىق تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلىشىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە 14 يىلدىن بېرى، غەرب ئەللىرىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشۋىقات ۋە پائالىيەتلىرىدە، تەلەپ، شىكايەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك

ھەق- ھوقۇقلىرى توغرىسىدا سۆز قىلىپ كەلدى. گەرچە رابىيە خانىم غەرب مەتبۇئاتلىرىدا، غەرپلىكنىڭ نەزىرىدە شەرقى تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ يېتەكچىسى - دەپ، ئېتىراپ قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نۇتۇقلىرىدا، غەرب ئەللىرىنىڭ مۇنبەرلىرىدە كىشىلىك ھوقۇق، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشتىن زادىلا چېكىنمىدى. بولۇپمۇ 2008. يىلىدىن باشلاپ، تولۇقى بىلەن، سېپى ئۆزىدىن ئاپتونومىيە تەرغىباتچىسى بولۇپ كەتتى. قۇرۇلتاينىڭ ئاخبارات، باياناتلىرىدا بولسۇن، ياكى غەربلىكلەر بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تۈرلۈك سۆھبەتلەردە بولسۇن «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەتەن ئىچى- سىرتىدىكى بىردىن بىر، قانۇنلۇق، ۋەكىللىك ئالى ئورگىنى» - دەپ، سالاھىيەت ئېلان قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمىغان قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئىرادىسىگە، مۇستەقىللىق ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، پۈتۈن بىر مىللەتكە ئاپتونومىيە تونىنى كىيدۈرۈشى، 33. ۋە 44. يىللىرىدىكى چىن تۈركىستانچىلارنىڭ داۋامىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. بىراق «NED» ۋەقپى قۇرۇلتايغا بېرىدىغان ياردەمنىڭ مىقتارىنى ئاشۇرغانسىرى، رەھبەرلەر ھېچقانداق تەكلىپ ۋە تەنقىدلەرنى ئاڭلىمايدىغان، باشقىلارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان بولۇپ كەتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە يۈزىگە پايپاق كىيىپ، مۇرىسىگە مىلتىق ئېسىۋالغان، ناتونۇش كىشىلەر مۇجاھىت نامىدىن باياناتلار ئېلان قىلىپ، ۋەتەن- مىللەت دەۋاسى قىلغانلار تاغۇت، كاپىر، مۇرتەدۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ- دەپ، تەھدىت سالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق نامەلۇم كىشىلەرنىڭ تەھدىتلىرى دەرھال قاراشتا ئەھمىيەتسىز، كىچىك باللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئويۇنچۇقىدەك ھېس قىلدۇرسىمۇ، ئىزچىل تەكرارلىنىشىنى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنى نەزەرگە ئالغاندا، 98. يىللىرىدىكىگە ئوخشاش بىر زىددىيەتنىڭ ئوچۇقىغا ئوت قالاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. يەنى ۋەتەننى مۇستەقىل، مىللەتنى ئازات قىلىمىز دەيدىغان سىياسى ئېقىملار بىلەن، قوراللىق مۇجاھىت قوشۇنلىرى ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بىر شۇملۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مىللى ھەرىكىتىمىزگە پايدىسىز، يۇقىرقىدەك بىر قاتار سەلبى ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندىن كېيىن، ئومۇمى ھەرىكەت ۋە پائالىيەت ئېقىملىرىمىزنى، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈر بويىچە يەكۈنلىدۇق:

1) كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاپتونومىيە نورمىلىرى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغانلار.

2) ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تىنچلىق، سىياسى يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلار.

3) ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلار.

بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئېقىملار ھېچقايسىسى يەنە بىرىنى چەتكە قاقماسلىقى، يولىنى توسماسلىقى كېرەك. ھەر قايسى ئېقىمنىڭ قىلىدىغان، قىلالايدىغان ئىش - پائالىيەتلىرى بولۇپ، بىرسىنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى يەنە بىرسى قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېقىملار ئارىسىدا نىسبى ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە نىسبى زىددىيەتنى دىئالوگ ئارقىلىق ھەل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلدۇق. بارلىق ئېقىملار ئارىسىدا

كۆرۈكلۈك رولىنى ئۈستىمىزگە ئېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزدۇق. بىراق، بەزى نوپۇزلۇق رەھبەرلەرنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىۋىگە مېڭىپ كېتىپ، خەلقئارالىق مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنى بىردىنلا ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت بىلەن قۇرۇلتاي ئارىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك رولىمىز ئاخىرلاشتى. كېيىن بىلسەك، بۇ ئىككى تەشكىلات ئارىسىدىكى پرىنسىپلىق زىددىيەتتىنمۇ بەكراق، رەھبەرلەر ئارىسىدىكى شەخسى ئۆچمەنلىك بىرىنچى ئورۇندا بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ قۇربانى بولۇپ قاپتىمىز.

چەتئەلدىكى مىللى ھەرىكەتلىرىمىزنى، سىياسى ئۆلچەم بىلەن كۆزەتكىنىمىزدە، پرىنسىپقا كۆتۈرگۈدەك شەكىلدە ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىزنىڭ: تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ۋە ئېقىملار ئارىسىدىكى زىددىيەت - دېگىنىمىز، چىڭ مەناسىدىن ئېيتقاندا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك، رەھبەرلەر ئارىسىدىكى چوگلۇق تالىشىش، ئورۇن تالىشىش ماجىراسى دېسەك، ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پرىنسىپلىرى، ياكى زىددىيەتلەشكەن نەزەرىيىلىرى يوق. تەشكىلات رەھبەرلىرى ئۆز- ئارا چېقىشىپ، ئۆز- ئارا ماسلىشالىسا، دۈشمەنلىشىشكە ھېچقانداق سەۋەپمۇ يوق. شۇ ئاساستا 2010. يىلدىن ئېتىبارەن، قۇرۇلتاينى رېمونت قىلىشنى ھەممىدىن مۇھىم ھەم زۆرۈر- دەپ قاردۇق. چۈنكى قۇرۇلتاي، ھازىرقى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان مەركىزى تەشكىلاتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتۇرۇلسا، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ

قىلدىغانلىقىنى دۇنيا ئەھلىگە ئاڭلىتىش ئالاھىدە ئارتۇق كۈچ، ۋاقىت تەلەپ قىلمايتتى. شۇ ئارزۇ- ئۈمىت بىلەن ھەرخىل ئۇسۇل، ئوخشاشمىغان تاكتىكا قوللاندۇق. قۇرۇلتاينى «NED» ۋەقپىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئاجرىتىپ چىقىش كېرەك ئىدى . «NED» بەش تەڭگە چاي پۇلى بىلەن، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئاۋازىنى، ئىرادىسىنى كونترول ئاستىغا ئېلىۋالسا بولمايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا «NED» نىڭ پروگراممىسىنى تارقىتىپ، دېموكراتىيەنى ئومۇملاشتۇرىدىغان خادىملار، قۇرۇلتايدىن ئايرىم ھالدا، «دېموكراتىيەنى ئالغا سۈرۈش ۋەقپى» دېگەندەك بىر ۋەقپ قۇرۇپ، دېموكراتىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق نورمىسى بويىچە ئۆز خىزمەتلىرىنى ئادا قىلسىمۇ بولىۋېرەتتى. بىراق بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىمىز، 2015. يىلى ئىيۇندا بەربات بولدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «NED» خادىملىرى قۇرۇلتاينى ئۇيغۇرلارغا بەرمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىللىق تالاش- تارتىشلارنىڭ ھەممىسى، ئىشنى تېگى- تەكتىدىن بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن كۆرسىتىلىۋاتقان، رەڭلىك كىنو فىلىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى- بەشىرىسى، 17. ئىيۇل ئالىكېڭەش يىغىنىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن، تولۇق ئاشكارىلاندى. ئالىكېڭەش يىغىنى توغرىسىدا لاي غەزەللىك قىلىنغان بولسا، ئۇلار مىللەتنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، يەنە قۇرۇلتاي ئەتراپىغا مىللەتنى توپلاپ: «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان، ۋەكىللىك، قانۇنلۇق، بىردىن بىر ئال ئورگانى» - دەپ، ھۆنىرىنى داۋام قىلاتتى. گەرچە ئېغىر دەرىجىدە كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن

ئۇزۇن يىللىق تۇمان تارقىلىپ، سىھرلىك ئويۇننىڭ پەردىسى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئالىكېكەش يىغىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك چاقىرىلغان تەقدىردىمۇ، قۇرۇلتاي رېمونت قىلىنىپ، «NED» خادىملىرى ئايرىم يول تۇتۇشقا مەجبۇرلىناتتى. «NED» ۋەقپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ياردەم ئېلىشى ئەسلىدە خاتا ئىش ئەمەس. خاتا بولغان تەرىپى سىياسى تەشكىلات سۈپىتىدە «NED» نىڭ ئىقتىسادى ياردىمگە باغلىنىپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلمايمىز- دەپ، ئىمزا قويۇشتۇر. خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە: قۇرۇلتاي ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، خەلقئارادا ۋاكالەتچىلىك قىلىدىغان ئالى ئورگاندۇر. بىراق خەلقئارادا ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە، ئۇ بىر كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىدىغان تەشكىلاتتۇر. ئۇيغۇرلارنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن سىرلار ئاخىرى يېشىلدى. بىز بۇ ھەقتە رابىيە خانىمغا ئۇزۇن يىللاپ تەۋسىيە، تەكلىپتە بولغان ئىدۇق. «NED» نىڭ پروگراممىسى بىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دېموكراتىيەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان گۇرۇپپىنى، قۇرۇلتايدىن ئايرىۋېتىش توغرىسىدا، يىللاپ تەكلىپ بەردۇق. بىراق رابىيە خانىم: ئەگەر بىز «NED» گە ئىشلەيدىغان گۇرۇپپىنى قۇرۇلتايدىن ئايرىۋەتسەك، ئىشخانىنىڭ ئىجارىسىنى قانداق تۆلەيمىز؟- دېگەنچىلىك بىر بانانى كۆرسىتىپ رەت قىلدى. ھەتتا ئىشخانا ئىجارىسىنى ھۆددىگە ئالىدىغان 30 نەپەر پىداكارلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ساناپ بەردۇق. خانىم باش سىلكىپ رەت قىلدى. ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» مۇشۇنداق بىر خالتا كوچىغا قاپسىلىپ قالغان، ئالدىغا ماڭىدىغان يولى توسۇق، ئارقىسىغا ھەم يانالمايدىغان

بىر ھالەتتە، ئۇزۇن يىل قايمۇقتۇرۇلغان ئىدى. ھەر ئىشنىڭ بىر ۋاقتى سائىتى كېلىدۇ- دېگەندەك، 2017. يىلى ئىيۇل چاقىرىلىدىغان ئالكېگەش يىغىنىدا، بۇ مەسىلە يوللۇق ھەل قىلىناتتى. بىراق ھېلىقى(95. يىللىرى مىللى قۇرۇلتاينىڭ تېمىغا يۆلەپ كىچىك دۇكان ئېچىۋالغان) دۇكانچى باللار توسقۇنلۇق قىلدى. قۇرۇلتاينى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسەتتى ھەم «NED» نىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ ساقلاپ قېلىشتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچى- سىرتىدا بېشىغا كېلىۋاتقان كۆلپەتلەرگە تاقابىل تۇرغىدەك، خىتاينىڭ زوراۋانلىق تۇزۇمىگە كۈچ بىلەن جاۋاپ بەرگۇدەك بىر سىياسى تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇنداق ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك، ئون نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر 17. مارتتىن 19. مارتقىچە، گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام شەھرىدە، ئۈچ كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا، شەرقى تۈركىستان خەلقى كۈتىۋاتقان بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىش مۇزاكىرە قىلىندى. قۇرۇلماقچى بولغان بۇ تەشكىلات خاراكتېر جەھەتتىن بولسۇن، نىزامنامە، پروگرام جەھەتتىن بولسۇن، چەتئەلدىكى ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا رىقابەت قىلىدىغان، ياكى ئۇمۇمى بىر پۈتۈن دەۋا ئېقىمىنى پارچىلايدىغان ماھىيەتكە ئىگە ئەمەس، پەقەت يوقالغان ئەمما بار بولۇشقا تېگىشلىك بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى چۈشىنەلمەيدىغانلارنىڭ بولىشى تەبىئى ئەھۋال. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىق. ئەمما قەستەن زىددىيەتلىشىش بولسا مەسىلىنىڭ خەتەرلىك تەرىپىدۇر.

تەشكىلاتلار ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ بولۇشىنى، تۆۋەندىكى-دەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1) تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئىدىيە جەھەتتىكى زىددىيەت.

مەلۇم بىر تەشكىلات كوممۇنىستىك ئىدىيىنى ئۆزىگە خىتاپنامە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەشكىلات ئۇنىڭ قارشىسىدا دېموكراتىيەنى خىتاپنامە قىلسا، شۇنىڭدەك بىر تەشكىلات سوتسىئالىستىك تۈزۈمنى، يەنە بىرى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى تەرغىپ قىلسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلىش، ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى بۇنداق ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەتلەر، دۆلەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىدىغان پارتىيىۋى گۇرۇھلار ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. بىزدەك مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتكە مەنسۇپ تەشكىلاتلار ئارىسىدا، ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەت تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇپ، ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىش ھەربىكىتىدە كاپىتالىستمۇ، سوتسىئالىستمۇ، دىندار، دىنسىز، باي، گاداي، پۇلدار، قولدار ھەممىسى، شۇ ۋەتەنگە مەنسۇپ ھەرقانداق ئېقىم، ھەرقانداق گۇرۇھ، ھەرقانداق گۇرۇپ چەكلەنمەستىن، يەكلەشمەستىن، مۈرىنى مۈرىگە تېرەپ، يانمۇ- يان ھەمكارلىشىش شەرتتۇر. ئەگەر ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۈرىشى قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلار، گۇرۇھلار ئارىسىدا ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەت كېلىپ چىقىپ، كۆز-قاراش ئوخشاشماسلىقى، پىكىر پەرقلىقلىقى دەرىجىسىدىن ھالقىپ، دۈشمەنلىشىش باسقۇچىغا يەتكەن بولسا، ئۇھالدا مەسىلە باشقا يەردە- دېمەك لازىم. يەنى زىددىيەتلىشىۋاتقان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەنلىشىۋاتقان گۇرۇپپىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەسلىدىنلا ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى بولماستىن بەلكى، ئۇلارنى يېتەكلەۋاتقان پەردە ئارقىسىدىكى خوجايىنلارنىڭ، پىلان پروگراممىسى تۈزۈپ بېرىۋاتقان رېجىسسورلارنىڭ ئويۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن: 44. يىللىرىدىكى ئۈرۈمچى مەركەزلىك گومىنداڭ پەرەس ئاپتونومىيەچى، چىن تۈركىستانچىلار بىلەن، غۇلجا مەركەزلىك رۇسپەرەس مۇستەقىلچى، شەرقى تۈركىستانچىلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر، ھەرگىزمۇ ۋەتەن قۇتقۇزۇش گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەتلەر بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى باشقۇرىۋاتقان خوجايىنلىرىغا قۇللۇق بىلدۈرۈشتىن كېلىپ چىققان، سۈنئى زىددىيەتلەر ئىدى. ئۇلارغا خوجايىنلىرى: سۆھبەتلىشىڭلار! دەپ، بۇيرۇق چۈشۈرگەن چاغدا، ئۇلار دەرھال بىر ئۈستەلگە كېلىپ سۆھبەتلەشتى. ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش ئۈچۈن توختام تۈزۈڭلار- دېگەندە، خوجايىنلىرىنىڭ ئەمرىنى ھېچ كېچىكتۈرمەستىن سۆز، جۈملىلەرنىڭ، ئىملالارنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى بىلەنمۇ ھېساپلىشىپ ئولتۇرماستىن، شۇنچىلىك تېز «11 بىتىم سېتىق نامىسى» نى يېزىپ چىقىشتى. خوجايىنلىرى: ئەمدى زىددىيەتلىشىپ ئايرىلىپ كېتىڭلار- دەپ، بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، دەرھال ئىتتىپاقنى، سېتىق توختامنامىسىنى بۇزۇپ، ئايرىلىشتى. خوجايىنلىرى ئەمدى ئۇرۇشۇڭلار- دەپ، بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئۇلار تىغ كۆتۈرۈپ، قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىشتى. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ سىرىنى ئۇ چاغلاردىكى ئەسكەرلەر، مىڭلىغان، مىليونلىغان پۇقرالار بىلمەيتتى. ھەتتا بۇگۈنكى

كۆندىمۇ بىلىشكە، قىزىقماقلىق. قىسقىسى، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان تەشكىلاتلار، ئېقىملار، گۇرۇپپىلار ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ۋە پىكىر، كۆز- قاراش جەھەتتىن دۇشمەنلىشىش دەرىجىسىدە زىددىيەت كېلىپ چىقمايدۇ.

2) رەھبەرلەر ئارىسىدىكى كىشىلىك زىددىيەت.

مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن، يەنە بىر تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان چوڭلۇق تالىشىش كۈرىشىمۇ، تەشكىلاتلار ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئاۋۋال قۇرۇلغان تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن كېيىن قۇرۇلغان تەشكىلات رەھبەرلىرى ئارىسىدا، ياكى مەلۇم بىر خىتاپنامىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان تەشكىلات بىلەن، باشقا بىر غايە ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلات ئارىسىدىكى زىددىيەت بولسۇن، ئاساسەن رەھبەرلەرنىڭ كىچىك كۆزلۈكى، مەن- مەنچىلىكى، ئۆزىنى ھەممىدىن مۇھىم چاغلىۋېلىشى، قىتىغۇر، ئىچى قوتۇر، ھەسەتخورلۇقى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەخلاقىغا، كىشىلىك مىجەز- خاراكتېرىگە پۈتۈن بىر تەشكىلاتنى بويسۇندۇرۇش خاھىشى زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە يوقىلاڭ بانالار تەپرىقىچىلىكنىڭ، كۈچنى خورىتىشنىڭ، ئاخىرىدا ۋەتەن- مىللەتكە زىيانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى ھازىرلاپ قويىدۇ. بۇنداق شەكىللەنگەن زىددىيەتنى ھەل قىلىش، ياكى ئۇنداق بىر زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولسا كەسپىي ئىقتىدار، تەشكىلىي چۈشەنچە، تەجرىبە تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، چەتئەلدىكى 25 يىللىق تەشكىللىنىش جەريانىدا، تەشكىلاتلارنىڭ روناق تاپالماسلىقى، دەۋرىمىزنىڭ قىردىن ئاشالماسلىقى، مىللىتىمىزنىڭ كۆندىن كۆنگە خورلىنىشى، دەۋا ئېقىمىدا كەسپى خادىملارنىڭ يېتىشتۈرۈلمىگەنلىكى، مەيلى سىياسى شەكىلدىكى تەشكىلاتلار بولسۇن، مەيلى قاتتىق كۈچ قوللىنىدىغان گۇرۇپپىلار بولسۇن، يېتەكچىلەردىكى ساپاسىزلىق قاتارلىق سەلبى ۋەزىيەتلەرنىڭ داۋام ئېتىشىدە، سىرتتىن كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز. زىددىيەتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا، يۇقىرىدىكى بىرىنچى نۇقتىدىكى تارىخىمىزدا ئۆتكەن بەزى مىساللارنىڭ، ھازىرمۇ تەكرارلىنىۋاتقانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭغا ياندىش ھالدا ئىككىنچى نوقتىدا ئېيتىلغىنىدەك، ساپاسىز رەھبەرلەرنىڭ كىشىلىك خاھىشىمۇ، ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىپلا، تەشكىللىنىشكە باشلىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، 25 يىللىق زامان مۇساپىسىنى ئارقىدا قالدۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، قايسى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى تولۇق كۆزىتىپ، قولغا كەلگەن نەتىجىلەر بىلەن، تېخىچە يېتەلمەيۋاتقان ئارزۇ- ئارمانلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، «ئۇيغۇرنى دۇنياغا مۇنداق تونۇتتۇق» - دەپ، كۆرەڭلىگىنىمىز بىلەن، ئەمما ھازىر ئۇيغۇرنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىل يېتىشمەيدۇ. ئالغان نەتىجىمىز تارتىۋاتقان زۇلۇمغا ياماق بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى چەتئەلدىكى ئۆزىمىزنىڭ بىجىرەكسىزلىكىمىزدۇر. يەنە بىر قېتىم

ئويلاپ باقايلى: 98. يىللىرىدىكى «قوراللىق ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلار» نىڭ قىلمىشلىرىدىن قانچىلىك زىيانلارنى تارتتۇق؟ 2004. يىللىرى ئىككى قورۇلتاينى بىرلەشتۈرىمىز- دەپ، قىلغان ئىشىمىز سۇيىقەستچىلەرنىڭ پىلانىغا مىڭىپ كېتىپ، چەتئەلدىكى بىر پۈتۈن دەۋا ئېقىمىنىڭ ئۆلدىن پارچىلىنىپ كېتىشىگە قانداق سەۋەبچى بولدۇق؟ ئۇنىڭدىن كېيىن بىكارغا بېرىدىغان، تەييار پۇلنى ئېلىپ، ۋەتەن دەۋاسىنى تەرەققى تاپقۇزىمىز- دەپ، چوتنى خام سوقۇپ، «NED» ۋەقپىگە ئۆز قولىمىز بىلەن باغلىنىشىدۇق، ئۇلار ئاغزىمىزدىكى، يازمىمىزدىكى مۇستەقىللىقنىمۇ ۋاز كېچىشىمىزگە قانداق قىستىدى؟ يەنى ئەركىن دۇنيادا ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىزلەر، بىرقانچە كىشىنىڭ ئايلىق مائاشى بەدىلىگە، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ مىللى ئىرادىسىنى ئەسىر قىلىپ بەردۇق.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ بىلىمسىزلىكىمىزدىن، ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن بولغان ئىدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، دەۋا سېپىدىكى رەھبەرلەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشلىرى كېرەك. شۇنىڭدەك، يېتەكچى رەھبەرلىك قوشۇنىنى كەسپىيلەشتۈرۈشى، ئاك جەھەتتىن ساغلاملاشتۇرۇشى، ئۆزلىرى بىلەن دەۋانى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشلىرى، ۋەتەن - مىللەتنىڭ كۈرىشىنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى لازىم. بۇ، مىللى قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنى ئۆزىدىن ئايرىلمايدىغان، كىشىلىك ھاياتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدىغان، پەسكەش خاراكتېردىن يىراق تۇرىشى كېرەك- دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنى لاياقەتلەشتۈرەلىسە، ۋەتەن - مىللەتكە ساداقەتمەنلىك بىلدۈرەلىسە، جەزمەنكى ھەر قانداق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى تېپىلىدۇ. ئىچكى زىددىيەت ھەل بولمىغىچە، ۋەتەن- مىللەت ئۈچۈن تۆكۈلگەن تەر، ئېقىتىلغان قانلار بىكارغا كېتىدۇ. رەھبەرلەر سەگەك، تەرەپدارلار، قوللىغۇچىلار، ئەگەشكۈچىلەر سەمىمى، ئەقىللىق بولسىلا، سۈنئىي زىددىيەت پەيدا قىلىشتىن ساقلانسىلا، ئەلۋەتتە تەشكىلاتلار ئارا ئىتتىپاقلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

05. 04. 2018

### ئىككىنچى باب

## تارىخ ئۈستىدە مۇلاھىزە

تارىخ توغرىسىدا پەيلاسوپلارنىڭ ھۆكۈم تۈسىدە ئېيتقانلىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك تارىخ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بايانلىرى، تارىخچى ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ خۇلاسىلىك پىكىرلىرى بولىدۇ. مەيلى پەيلاسوپلارنىڭ ھۆكۈملىرى بولسۇن، تەتقىقاتچى، ئالىم-مۇتەپەككۇرلارنىڭ خۇلاسە ۋە بايانلىرى بولسۇن، ئۇ ھەرگىزمۇ تارىخقا نىسبەتەن چىقارغان ئاخىرقى ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ. تارىخ ھەققىدە ئېيتىلغان ھۆكۈم ۋە بايانلاردا ئوبيېكتىپلىق بىلەن، شۇ كىشىنىڭ سوبيېكتىپ ھېسسىياتى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن. شۇنىڭدەك بەزى يەكۈنلەر زامان خاسلىقىغا، بەزى ھۆكۈملەر ماكان خاسلىقىغا، بەزى قاراشلار ھەرىكەت، ھادىسە خاسلىقىغا، مىللى ئالاھىدىلىك خاسلىقىغا تولۇق باغلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا مۇئەييەن بىر تارىخى جەرياندىكى ۋەقە، ھادىسىلەر كەسپى خاسلىق بىلەن كۆزىتىلگەنلىكى، خاسلىقتىن چىقىرىلغان يەكۈن بىلەن مۇتلەق ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن. يەنى بەزى تارىخ مۇتەپەككۇرلىرى مەدەنىيەت- سەنئەت، ھۈنەر- كەسىپ، دىن، مائارىپ تەرىپىدىن قارىغان بولسا، يەنە بىر باشقىسى سىياسى نۇقتىدىن ۋە ھۆكۈمرانلىق، ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، غەلىبە- مەغلۇبىيەت تەرىپىدىن قارىشى، بەزىلەر ئىقتىسادى

ئەھۋالدىن، ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈملىرى، ئۆرپ- ئادەت مۇناسىۋەتلىرى تەرىپىدىن كۆزىتىپ يەكۈن چىقارغان بولىشى ھەم مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن «تارىخ» - دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساھەگە قارىتا خىلمۇ- خىل تەبىر بېرىلىپ كەلگەن. ھەتتا بەزىدە زىددىيەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا تارىخ پارچىلانماس بىر پۈتۈن نەرسە ئەمەس. ئۇ مەيلى تەبىئىي ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك يۈز بەرگەن بولسۇن، ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار ۋەقەلىك بولسۇن، ئىقلىم خاراكتېرلىق ۋە ئىنسانلار خاراكتېرلىق ئوخشاشمىغان شەكىلدە خاسلىقلار بىلەن چېتىلغان بولىدۇ. بەزى مۇتەپەككۇرلارنىڭ: «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ»- دېگەن ھۆكمىنى كۆرسەك، باشقا بىرىنىڭ: «تارىخ ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈندۇر» - دېگەن ھۆكمىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك: «تارىخ- كومپاستۇر؛ تارىخ- قاراڭغۇ كېچىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭغان مەشئەلدۇر؛ تارىخ- تۈن قاراڭغۇلۇقىدا، قۇتۇپلارنى كۆرسىتىپ، چاقنايدىغان كۆكتىكى قۇتۇپ يۇلتۇزىدۇر؛ تارىخنى بىلمىگەن خەلق يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر؛ تارىخنى ئۇنۇتقان مىللەت ئۇنتۇلغان مىللەتتۇر...» دېگەندەك، تارىخ ھەققىدە سان- ساناقسىز، قىممەتلىك ھۆكۈملەر، پەلسەپىۋى يىغىندىلار خاتىرىلەنگەن.

تارىخنىڭ ئۆزى بىر ئىزىدا توختاپ قالماي، ئىنسانىيەت ھاياتى بىلەن، بەلكى تەبىئەت مەۋجۇتلىقى بىلەن بىرگە داۋاملىشىپ تۇرغىنىدەك، تارىخ ئۇستىدىكى پىكىر، ھۆكۈم، خۇلاسىلەرمۇ داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇنلار قېتىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تارىخ قارىشى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ۋە تەتقى-
قاتچىلارنىڭ تارىخ ئۈستىدىكى يەكۈنلىرى بىيىپ، جۇلالىنىپ
ماڭىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بىرقانچە ئۆزۈندىلەردىن شۇنى
كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ بىرلا زاماندا، بىرلا ماكاندا، ياكى
بىر مىللەت كىشىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر
ۋە خۇلاسىلەر ئەمەس. بەلكى بىر قانچە ئەسىرلەپ، ھەتتا
مىڭ يىللاپ زامان پەرقى بولىشىدا شۈبھە يوق. ئوخشاشمىغان
مىللەت، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ۋە ئوخشاشمىغان جايلارغا
مەنسۇپ كىشىلەردىن خۇلاسىلەنگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ھەم
مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى تارىخ ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا
پەيلاسوپلارنىڭ، داڭلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھۆكمىنى ئەندىزە
قىلىۋېلىپ، شۇ ئەندىزە ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشنىڭ ھېچبىر
زۆرۈرىيىتى يوق. تارىخ ئۈستىدە ئەركىن سۆزلەشتىن، ئەركىن
پىكىر بايان قىلىشتىن ھېچكىم چەكلەنمەيدۇ.

تارىخ ئۇقۇم جەھەتتىن ئالدى بىلەن - «ۋەقە ۋە
ئەسلەتمە» دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ.
ۋەقە مەيلى تەبىئەت ھادىسىسىگە ئالاقىدار يۈز بەرگەن
بولسۇن، مەيلى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ئېلىپ
بارغان ئىش- ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يۈز بەرگەن
بولسۇن، ئۇ ئوبيېكتىپ چىنلىقتۇر. ئەسلەتمە بولسا، باشقىلار
ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ، يەنە باشقىلارغا يەتكۈزۈلىدىغان
كۆچمە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، خاتىرىلىگۈچىنىڭ ۋە
يەتكۈزگۈچىنىڭ سوبيېكتىپ خاھىشى بىلەن ئەبجەشلەنگەن،
چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ بىرىكىپ كېتىشىدىن خالى

www.uyghurkitap.com

بولالمىغان، شۇبھىلىك ئوبيېكتىپتۇر. چۈنكى ۋەقەنىڭ چىنلىقىغا ئىگە ئوبيېكتىپ بولىشى، ئۇنىڭ يۈز بېرىپ بولغانلىقىدۇر. يۈز بېرىپ بولغان ئوبيېكتىپنى ئۆزگەرتىپ قايتىلاش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ۋەقە توغرىسىدىكى ئەسلەتمە جەزمەن ۋەقەدىن كېيىن خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھامان بىرەر مۇددىئا، مەقسەتنى قوشۇپ قويۇش ئېھتىماللىقى يوق ئەمەس. شۇڭا تارىخ ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئالىملار ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلارنى ئەڭ ئىشەنچلىك ماددى ئىسپات ئورنىدا قوبۇل قىلىدۇ. تۈرلۈك مەڭگۈ تاشلىرىغا ئوخشاش تاش، مېتال، ياغاچ، ساپال قاتارلىق ئۆزگەرتىۋېتىش ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك خاتىرىلەر، يېزىلغاندىن كېيىنكى زامانلاردا ئىسپات تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىنىسىمۇ، لېكىن يېزىلىشتىن ئاۋۋالقى ۋەقە ياكى ھەرىكەت ئۈستىدە، يازدۇرغانلارنىڭ ئىرادىسى، سوبيېكتىپ خاھىشى سىڭدۈرۈلگەن بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ تەتقىقاتىدا قوللىنىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ماددى ئىسپات، ئەڭ ئىشەنچلىك ئوبيېكتىپ پاكىت - سۆزسىز، تاۋۇشسىز، خەتسىز قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلاردۇر. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ۋەيران قىلىدىغانلار، شۇ مىللەتكە تەۋە بولغان ئاسارە- ئەتىقە، مەدەنى يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلاپ كېتىدۇ، ياكى بۇزۇپ يوق قىلىۋېتىدۇ. ئوبيېكتىپ ئىسپاتنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساختا، توقۇلما خاتىرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرىدۇ. بۇ دەل: «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» - دېگەن ھۆكۈمدە ئىپادىسىنى تېپىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى مەزمۇننى شەرھىلىگەن ئاساستا، ئىنسانلار گۇرۇپپىنى ۋە مىللەت، دۆلەت ئاھالىسىنى تارىخقا زىچ باغلىق شەكىلدە: «تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغانلار، تارىخ بىلەن بىرگە ياشايدىغانلار ۋە تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلار» - دېگەندەك، ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىپ، ئۆز پىكرىمنى بايان قىلماقچىمەن.

## 1. تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغانلار

«تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ». تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايانلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان: «ئىنسانىيەت تارىخ باسقۇچىغا كىرگەندىن بۇيان» - دېگەندەك بىر جۈملە بار. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانىيەت يارىتىلىپ، تارىخ باسقۇچىغا كەلگىچە ئارىلىقتا بىر بوشلۇق بولغان. چۈنكى تارىخ دېمەك- ئالدىنقىلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىز قالدۇرماق دېمەكتۇر. ئۇ ئىز ساغلام قۇرۇلغان شەھەر قەلئەسى بولۇشى مۇمكىن. ساغلام ياسالغان كۆۋرۈك، يول بولۇشى مۇمكىن. گۈزەل يادىكارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك كېيىنكىلەرنىڭ خاتىرجەم، ئىناق ياشىشى ئۈچۈن تۈزۈپ قالدۇرغان ئەخلاق مىزانى، جەمئىيەت تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن. قايسى شەكىلدە بولسا بولسۇنكى، كېيىن كېلىدىغانلار ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق مىراس قالدۇرۇش مەقسىتىدە بەرپا قىلىنغان نەرسىلەر، ئەلۋەتتە تارىخ- دەپ ئاتالغاچقا، ئۇنىڭدەك بىر مەقسەتتە ياشىغىدەك دەۋرىگىچە ئۆتكەن ئىنسانىيەت ھاياتى «تارىخ باسقۇچىغا كىرىشتىن بۇرۇن» - دەپ، قوبۇل قىلىنغان.

ئەمدى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ باسقۇچىغا كىرىشى، نوقۇل

هالدا يازما تارىخى خاتىرە قالدۇرۇش دەۋرىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. يەنى يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن ئاۋۋالقى قانچە ئون مىڭ يىللىق ئىزلارمۇ، ئەلۋەتتە تارىخنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئىنسانىيەت هايات دەۋرىنى «تارىخقا كىرىشتىن ئاۋۋالقى ئىپتىدائى دەۋرى، يازما تارىخقا كىرىشتىن بۇرۇنقى (يىرىك يادىكارلىق) تارىخى دەۋرى ۋە يازما تارىخقا كىرگەن دەۋرى» - دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسان شۇناسلىق كۆزىنىكدىن قارىغاندىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى دەۋرگە كىرىشتىن بۇرۇنقى باسقۇچى، كۆندىلىك هايات كەچۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ كۆندىلىك هاياتىنى قانداق ساقلاپ قېلىش دەۋرى بولۇپ، ئاساسەن تەبىئەت بىلەن قويۇق هەپىلىشىدىغان، ئۆزىدىن كۈچلۈك ياۋايى هايۋانلارنىڭ هۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلۈك خېيىم- خەتەرلەردىن ئامان - ئېسەن كۈننى تۈنگە، تۈننى كۈنگە ئۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىنتايىن ئاددى، تارقاق هەم يەككە ياشاش دەۋرىنى ئۇزۇن مۇددەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى بايقىلىدۇ. ئاڭ، چۈشەنچىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇقداشلىق توپلىشىپ ياشايدىغان، يېقىن تۇققانلار ئۆم بولۇپ، يات ئۇرۇقلارغا قارىتا يەكلەش، ئۇرۇقداشلار ئىچىدىكى كۈچلۈكلىرى ئاجىزلارنى قوغدايدىغان، كۈچلۈكلەر تاپقانلىرىدىن ئاجىزلارنىمۇ تەڭ بەهرىمان قىلىدىغان هېسداشلىق شەكىللەندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، تەبىئى هالدا ئاجىز، كۈچسىزلار كۈچلۈكلەرگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىدىغان قائىدە بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار

توپلىمى ئىپتىدائىي يەككە ھەرىكەت قىلىش ۋە يەككە ياشاش دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، مەھەللە شەكىللەندۈرۈشكە، يۇرت شەكىللەندۈرۈشكە، قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇشقا تەرەققىي قىلدى. قەبىلىلەر بىرىكىپ مىللەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىنسانلار ئۇرۇقداشلىققا توپلىنىشتىن باشلاپ، مىللەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچە بولغان قانچە ئون مىڭلىغان يىللارنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا، تۈرلۈك مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي سىستېمىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەقىل يەتمىگۈدەك چوڭ ئۆزگىرىشلەرگە شاھىت بولغانلىقى بىر تەرەپتە قېلىپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمىگەن بىرلا نەرسە باركى، ئۇ بولسىمۇ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئىدارە قىلىش، ياكى يوقىتىش ۋە ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت تەبىئىيلىشىپ كەتكەن بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئىنسانلار يەككىلىشىپ، ياتلىشىپ ياشايدىغان ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي باسقۇچلاردا، جىسمانىي جەھەتتىن قابىل، كۈچلۈكلىرى ھاياتتىن نەسۋىسى بولاتتى ۋە ئۇزۇن ياشاشقا پۇرسەتلىك ئىدى. ئاجىز، كۈچسىزلىرى بولسا ياشاشتىن نەسۋىسى يوق ئىدى. كېيىنچە ئۇرۇقداشلىق، تۇغقانچىلىق تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىز تۇققانلىرىنى قوغداپ، ھىمايە قىلىپ، ئورتاق ھاياتتىن تەڭ بەھرىمان قىلىش باسقۇچىغا كىرگەندىن باشلاپ، ئاجىزلارمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىراق ئۆزىنى قوغداۋاتقان، تەمىنات بېرىۋاتقان، ياشىتىۋاتقان كۈچلۈكلەرگە ئىتائەت قىلىشى شەرت ئىدى. دېمەك، مۇشۇنداق بىر قائىدە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى تېخىمۇ كەسكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كۈچلۈكلەر - دېگەندە، ئەلۋەتتە ئەقىللىقلار- دېگەن سۈپەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى زامانلاردىكى كلاسسىك ئۇقۇم بويىچە: كۈچلۈكلەر - بەستلىك، چەبدەس، قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر، جىسمانى جەھەتتىكى كۈچلۈك - ئوبراز تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئەقىللىقلار- دېگەندە، تەرەققىيات دەۋرىدىكى، دۇنيانى پىرقىرىتىپ ئوينىتىۋاتقان كۈچلۈكلەر تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. يەنى ماددى ۋە ئەقلى جەھەتتىن كۈچلۈك بولغانلار شەرتسىز ئۇنداق ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم بولغانلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز ئىرادىسى بويىچە باشقۇرىدۇ. نەتىجىدە كۈچلۈكلەر (- ئەقىللىق كىشىلەر،) ئاجىزلارنى (- ئەقلى چولتا كىشىلەرنى) ھىمايە قىلىدۇ ھەم ئۇلاردىن قىممەت يارىتىدۇ. ياكى ئۇلارنى يىمىرىپ، يوقىتىپ، ئۆزلىرى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ.

كۈنىمىزدىكى ئىلىم- پەن، تەتقىقات، كەشپىياتلار ئەڭ ۋايىغا يېتىپ، سىرلار يېشىلىۋاتقان دەۋرىدىمۇ، يەنىلا سىرى ئېچىلماي كېلىۋاتقان، مىسىردىكى پىرامىدا قۇرۇلۇشى دەل «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» - دېگەن ھۆكۈمنى دەلىل، پاكىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. پىرامىدا قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن تاشلارنى يۆتكىگەن قاتناش ۋاستىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارخىتېك پىلانى قانداقتۇر تاشقى پلانېتلاردىن كەلگەنلەرنىڭ ئىزى بولماستىن، بەلكى شۇ زاماندا ياشىغان بىزدەكلا جىسمانى قۇرۇلمىغا ئىگە ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئەمما ھەر بىرى ئوتتۇز تونىنا ئېغىرلىقتىكى، مىليون دانە كۆمەل تاشلارنى، مىسىرنىڭ شىمالىدىكى تاغلاردىن قومۇرۇپ، 8 يۈز كىلومېتىردىن ئۇزۇن يولنى بېسىپ، قاھىرە

شەھىرىگە ئېلىپ كېلىشى، ھەم شۇ قەدەر ئېگىز پىرامىدا بىناسىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا، ئۇ تاشلارنى قايسى كۈچ بىلەن ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىپ چىققانلىقى، ئەقلىنى مەست قىلىدىغان سىرلىق ھادىسىدۇر. ئۇنىڭدا قايسى شەكىلدىكى قاتناش ۋاستىسىنى قوللانمىسۇن، قانداق شەكىلدىكى پىشاڭ ۋاستىسىنى ئىشلەتمىسۇن، بەرى بىر ئۇ قۇرۇلۇش ئىنسانلار ئىشلەپ چىقارغان تارىخى مەھسۇلاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئارقىسىدا كۈچلۈكلەرنىڭ، ئەقىللىقلارنىڭ پەرمانى، كاللا كېسەر قىلىچى ياتماقتا.

ئىنسانلار ئۆز- ئارا توپلىشىپ، ئۆز- ئارا پەرقلىنىپ ياشىغان تۇنجا ئىپتىدائى دەۋرىدىن ھالقىپ، ئۇرۇقداشلىقتىن قەبىلىگە، يۇرت قۇرۇشتىن دۆلەت شەكىللەندۇرۇشكە قەدەم باسقان، تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا، ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەقىللىق ۋە كۈچلۈكلەر، مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەقلى چولتا ۋە ئاجىزلارنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇپ كەلگەن. كۈنىمىزدىمۇ ئۇنىڭ شەكلى ئوخشىمىغان بىلەن، ماھىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

ئەينى ۋاقىتتا ئاز ساندىكى كۈچلۈكلەر ھەتتا ئۆزلىرىنى خۇدا- دەپ تىكلەپ بەرسىمۇ، كۆپ سانى تەشكىل قىلىدىغان ئەقىلسىز ۋە ئاجىزلار ئىنكار قىلماستىن قوبۇل قىلاتتى. ھازىرقى ھەر تۈرلۈك سىستېمىدىكى دۆلەت ئىدارىچىلىرى، ھۆكۈمرانلار، مۈلۈك ئىگىلىرى ھەممىسىلا ئەقىللىق ھەم كۈچلۈك ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن يۈز مىڭ ھەسسە كۆپ ئىنسانلارنى مالايىنىڭ ئورنىدا باشقۇرىدۇ، ئىشلىتىپ

پايدىلىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا كۆچلۈكلەر تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغان كىشىلەردۇر. كۆچلۈكلەر ئۈچۈن تارىخ- ئۆتكەن زامان ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زاماندۇر. چۈنكى تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغانلار ھەر ۋاقىت باشقىلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈستىدە پىلان تەييارلايدۇ. ئۇلار ئون يىللىق، ئەللىك يىللىق، يۈز يىللىق كەلگۈسىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ، شۇنىڭغا كۆرە ھازىرلىق قىلىدۇ. كۆچلۈكلەر ئون يىللىق پىلان تۈزۈپ ئىجرائاتقا قويسا، ئون يىللىق تارىخنى ئالدىن ئالا يېزىپ بولغان بولىدۇ. ئەقىلسىزلار، ئاجىزلار ۋە شۇنداقلا كۆپ سانلىق ئاۋاملار ئون يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەندە، ئارقىدا قالغان ئۆتمۈشتىكى كالىندارنىڭ ۋاراقلىرىنى ئېچىپ، ئۇنى تارىخنىڭ بېتى- دەپ، ئاتايدۇ. بۇ چاغدا كۆچلۈكلەر يەنە باشقا بىر ئون يىللىق كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخنى ئىشلەپ تەييارلاپ قويغان بولىدۇ.

دېمەك، تارىخ كۆچلۈكلەر ئۈچۈن كەلگۈسى، ئاجىزلار ئۈچۈن ئۆتمۈشتۇر. كۆچلۈكلەر تارىخنى پىلانلىغۇچىلاردۇر. ئاجىزلار تارىخ پاراۋوزىغا چېتىپ قويۇلغان سۆرەتمە ۋاگونلاردۇر. بۇ ئىنسانىيەت ئوبيېكتىپ تارىخقا كىرىشتىن خېلە زامانلار ئىلگىرىدىن باشلاپ تەبىئىيلىشىپ كەتكەن قانۇنىيەتتۇر.

## 2. تارىخ بىلەن بىرگە ياشايدىغانلار

«تارىخ- ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈنىدۇر»

ئىنسانلار ياشاپ ئۆتكەن ۋە ياشاۋاتقان ھەربىر دەۋر تارىخنىڭ

ئۆزى دېمەكتۇر. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» - دېگەندەك، ئىنسانلار توپلىمى، مىللەت ۋە دۆلەت ئاھالىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتسا، تارىخى شۇنداق يېزىلىدۇ. دۇنيادا باشقىلارغا تارىخى ئۈلگە يارىتىپ بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ تارىخنى بەلگىلەيدىغان نۇرغۇنلىغان كۈچلۈكلەرنىڭ بولغىنىدەك، ئۆز تارىخنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان، ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن مادارا قىلىپ، ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر، خەلقلەرمۇ بار. ئۆز تارىخنى ئۆزلىرى بەلگىلىيەلەيدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسى ئارىسىدا، بەك چوڭ پەرق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر پەرق، ئۆزگىرىش، بۇرۇلۇش بولغاندىمۇ يۈكسىلىش، تېخىمۇ راۋاجلىنىش تەرىپىدە پەرق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەرگىزمۇ چېكىنىپ، يىمىرىلىپ ۋەيران بولۇپ كەتمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ غېمىدە دەرتلىنىپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرمەيدۇ. كۈنىمىزدە «تەرەققى تاپقان سەككىز دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن بىر كۈچلۈكلەر گۇرۇھى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا باشقىلارغا تارىخى ئۈلگە يارىتىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ، بىر ئۈلۈش نېسىۋىسىنى ئېلىشتا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ئۆز تارىخى بىلەن ياشايدىغان مىللەت ۋە دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنى ۋە بۈگۈنى بىلەن كەلگۈسى بىر سىزىق ئۈستىدە تۇتۇشۇپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆچۈن ئۆتمۈش يۈز يىل، بەش يۈز يىل - دەپ ھاڭۇقىپ قالغىدەك يىراق نەرسە ئەمەس. ئۇلار بۈگۈنمۇ ئۆتمۈشتە ياشاۋاتقاندەك، بۈگۈندە تۇرۇپ كەلگۈسىدە ياشاۋاتقاندەك، پەرق شۇنچىلىك كىچىك. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇلار تارىخى ئۆز قولىدا بولغانلار، تارىخى دۈمبىسىگە يېزىلىدىغانلاردىن چوڭ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشىنى «ئەسلەش ئۈچۈن» ئەسلىمەي، ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسىنى ئۇلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەسلەيدىغانلاردۇر.

## 3. تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلار

«تارىخنى بىلمىگەن خەلق - يوقلىشقا مەھكۇمدۇر؛
تارىخنى ئۇنۇتقان مىللەت- ئۇنتۇلغان مىللەتتۇر»

تارىخ پەقەتلا ئۆتمۈش- دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى يەنە بىر مەنادىن: تارىخ- ئۆز دەۋرىدىن كېيىن كېلىدىغانلار ئۈچۈن ئاسايىشلىق، بەخت تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر. كەلگۈسىگە پايدىلىق بولمىغان، ياكى كەلگۈسىگە زىيانلىق بولىدىغان ئىش- ھەرىكەت، ۋەقە- ھادىسىلەرنىڭ تارىخ دېگۈدەك نېمە ئېتىبارى بولسۇن. شۇڭدەك ئۆتمۈشتىن ئۆزلىرىگە مىراس قالغان تارىخ يالدامىلىرىدىن ھېچقانداق ئۈنۈم قازىنالمىغان كىشىلەرنىڭ تارىخنى ئەسلىشى، تارىخنى بىلىپ قويغانلىقى، چىن ئوبيېكتىپ تارىخ قاراش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تارىخنى بىلگەنلىك، تارىخنى ئۇنتۇمىغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

ھازىرقى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە نەزەر سالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان شانلىق تارىخلار، بۈگۈنكى يىمىرىلىۋاتقان، تولۇق زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيىتىدىن

قارىساق، ئۇ ئەللەرنىڭ تارىخنى يادلىۋېلىشى، ھېچنەرسىگە ئەرزىمىگەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارىخنى بىلىش، تارىخنى ئۇنتۇماسلىق دېگەن گەپ، تارىخى سەھىپىلەرنى تەكرارلاپ، يىلنامىلەرنى، تارىختىكى ئەجدادلارنى، ئۇلارنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى بىلىۋېلىش- دېگەنلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئاۋۋالقىلاردىن مىراس قالغان ياخشى- يامان نەتىجىلەردىن ئۆلگە، ياكى ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋردە نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەك؛ كېيىنكىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نېمىلەرنى قالدۇرۇش، ئۇلارغا قانداق تەۋسىيەلەرنى قالدۇرۇش ۋە نېمىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش لازىم- دېگەندەك، قىممەتلەرگە ئىگە بولۇش- دېمەكتۇر. تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلار گەرچە ئۆتمۈشلىرى ئۈستىدە، ئەجدادلىرى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن نە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋرى ئۈچۈن، نە كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتدار بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىلگەن تارىخى بىلىملىرى قۇرۇق ئەسلىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار تارىخ بىلەن بىرگە ياشايدىغانلار قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. تارىخ بىلەن بىرگە ياشىيالمايدىغانلارنى، تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغان كۈچلۈكلەر، ئۆزلىرى خالىغانچە ئىدارە قىلىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا ئەقىللىقلار ۋە كۈچلۈكلەر ئەقلى چولتا ۋە ئاجىزلارنى ئاممىۋى تۈردە قۇل قىلىپ ئىشلىتەتتى. خالىسا ساتاتتى. خالىسا ئازات قىلاتتى. خالىسا ئىگىدارچىلىقى تەۋەسىدە ئەمەل تۇتقۇزۇپ، تېخىمۇ زور مەنپەئەتلىنەتتى. كۈنىمىزدە بولسا شەكىل جەھەتتە گەرچە قۇل مۇئامىلىسى قىلمىسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماھىيەتتە ئەينەن قۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنى خىتاي ۋە ئەنگلىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى رۇس ۋە خىتاي، شەرقىي ياۋروپا ۋە بالقان دۆلەتلىرىنى رۇسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرى خالىغان بويىچە ئىدارە قىلماقتا.

يۇقىرىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى، مەزكۇر ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسى، كەلگۈسى يېرىم ئەسىر ئىچىدە تولۇق زاۋاللىققا مەھكۇم بولۇش خەۋپىدە تۇرماقتا. ھەتتا ئۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىسى يېقىن كەلگۈسىدە ئاچارچىلىقتا، كۈندىلىك ھايات ئۈچۈن كۈچلۈكلەرنىڭ نان بېرىشىگە بېقىنىدۇ.

ئۈچيۈز مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە ئەرەبلەشكەن مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئىچىنىشلىق ۋەزىيىتىمۇ، تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغان خەلقنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. 2010. يىلى 17. دېكابىر تۇنىستا، بازار باشقۇرۇش خادىمىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزىگە ئوت قويغان بىر ياش باققال بالىدىن تۇتاشقان ئوت دېڭىزى لىۋىيە، مىسىر، يەمەن، ئالجىرىيە، ماراكەش قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ كېلىپ، سۈرىيىنى جەھەننەمگە ئايلاندۇردى. بۈگۈنكى دۇنيادا نامايىش، ئۇرۇپ-چېقىش، ئوت قويۇش قاتارلىق ئاممىۋى قىلمىشلار ئادەتتىكى نارازىلىق بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭلىق بىلەن بىرەر دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى، بىرەر دىكتاتورلۇق تۈزۈمنىڭ گۇمران بولۇشى سىياسى تەسەۋۋۇردىن يىراق

ئىدى. لېكىن ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالى ئافرىقا رايونلىرىدىكى رېئاللىق، سىياسى تەسەۋۋۇردىن باشقىچە بولۇپ چىقتى. بۇ يەردە تەكشلىمەكچى بولغىنىم شۇكى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئەرەبلەشكەن بەزى بەربەر دۆلەتلىرىنىڭ، نامايىش چاغلىق بىر ئاممىۋى خەلق ھەرىكىتىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا يىقىلىپ چۈششى، شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تارىخنى كۈچلۈكلەر ئۇلارنىڭ دۇمبىسىگە يازدى. چۈنكى ئۇلار تارىخى بىلەن ياشىيالمىغاچقا، كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخ يارىتىشنى بىلمىدى. ئەجدادلىرى ياراتقان تارىخ بىلەن بۈگۈنكى ئەرەب خەلقىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر بوشلۇق شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئاشۇ بوشلۇقتا كۈچلۈكلەر ئەرەبلەرنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا پىلان تۈزۈپ، كەلگۈسى ئەرەب ئەللىرىنىڭ تارىخنى بۈگۈنكى ئىجراچىلارنىڭ دۇمبىسىگە يازدى.

مەن بۇ يەردە ئەرەب ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى تەنقىد قىلىۋاتقىنىم يوق. پەقەت تارىخ بىلەن ياشىمايدىغانلار توغرىسىدا جانلىق مىسال كەلتۈردۈم. يەنى تارىخى خاتىرىلەرنى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىلا تارىخ بىلەن ياشىغانلىق بولمايدۇ؛ تارىخى خاتىرىلەرنى يادىلاپ، ئەسلەپ تۇرغانلىق تارىخنى ئۇنتۇمىغانلىق ھېسابلانمايدۇ. دېگەن پىكرىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۈگۈنكى ئەرەب، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالى ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئەمەلى ۋەزىيەتلىرىدىن مىسال كەلتۈردۈم. چۈنكى تارىخنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىش بارىسىدا، دۇنيا بويىچە ئەرەب قەبىلىلىرىگە يېتىدىغان باشقا بىر خەلق بولمىسا كېرەك. ئەرەبلەر ئىسلامغا كىرىشتىن ئاۋۋالقى يېزىقى يوق، ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلمەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

ساۋاتسىز دەۋرلىرىدىمۇ، ئوتتۇز بەشىنچى ئەجدادلىرىغىچە نەسەبلىرىنى، نام- ئاتاقلىرىنى ياد بىلىدىغان، قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان زېرەك قوۋم ئىدى. ئۇلار ئىسلامغا كىرىش بىلەن دۇنيادا، ئىنسانىيەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخنى بەربا قىلدى. ئۇلارنىڭ تارىخى ئىسلام تارىخى بىلەن، ھۆكۈمرانلىق تارىخ بىلەن، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن- تەتقىقات، تىبابەت، مىمارچىلىق تارىخلىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، ئىچ - ئىچىگە سىڭىشىپ كەتتى. ئەرەب خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلىپ تۇرۇشىغا، ئىسلام بىلىملىرى بىپايان زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ مىللى تارىخىنى، ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىلا مۇكەممەل بىلىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مىللى تارىخىدىن بەكراق، ئەرەبلەرنىڭ تارىخىنى پۇختا بىلىش زۆرۈرىيىتىدە ئىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەرەبلەر ئۆز تارىخ سەھىپىلىرىنى پۈتۈن دۇنيادا مىسلى يوق دەرىجىدە، ئاممىۋى تۈردە ئۆگىنىدىغان، يادلايدىغان، بىلىدىغان بىر خەلق. لېكىن ئۇلار بۈگۈنكى تارىخ ئەمەلىيەتلىرىدىن يىراق، بۈگۈنكى تارىختىن ئايرىلىپ، تارىخسىز ياشاۋاتقان، تارىخسىز كۈرەش قىلىۋاتقان، شۇنداقلا تارىخسىز ئۆلۈۋاتقان بىر ئىنسانلار توپى ھالىغا كەلدى. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ سەلتەنەت تارىخىنى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوتقان بىباھا تۆھپىلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلسىمۇ، ئۇ بىلىشلىرى ھازىرقى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۈچۈن مەنپەئەتسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۆزلىرىنى بىخۇتلاشتۇرۇشتىن باشقا نەتىجىگە

ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. ئەرەب، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالى ئافرىقا خەلقىنىڭ قاچاندىن باشلاپ تارىختىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقانلىقى ئايرىم بىر خۇسۇس. لېكىن ھازىرقى ئەمەلىيەتلىرى كەلگۈسى ئۈچۈن زاۋاللىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

بىز ئۆز ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ «تارىخى ئۆلگە يارىتىدىغانلار» - دېگەن كاتېگورىيىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتى، ئاساسەن 17. ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇناپىق، دۆيۈز، مەنسەپ ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى بىكارغا ساتىدىغان، مەلئۇن ئاپپاق غوجىنىڭ، سەئىدىيە دۆلىتىنى ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا سۆرەپ كىرگەن ۋاقتى شانلىق، غالىب، ئۆلگە ياراتقۇچى بىر مىللەتنىڭ زاۋاللىقا يۈزلەنگەن ۋاقتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئەڭ قىسقارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۆلگە يارىتىش قەدەملىرى، مىلادىدىن ئاۋۋالقى 15. ئەسىردىن باشلىنىدۇ. تارىخنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ ھەر تۈرلۈك سىناقلىرىدىن غالىب قەدەم بىلەن ئۆتۈپ، ئۈچ مىڭ يىلدىن ئۇزۇن شانلىق ئۆلگە تىكلەپ، ئىنسانىيەتكە ۋە ئۆز قوۋمىگە بەخت يولى ئېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار، بارا - بارا ئەجدادلىرى ياراتقان تارىخى ئۆلگىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشتىن چېكىنىشكە يۈزلەندى. كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخى ئۆلگە يارىتىش رولىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇرلۇق ماھىيىتى خىرەلەشتى. ھەتتا ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، قوشنىلاردىن ئۆرنەك ئىزدەيدىغان پاسسىپ دەۋرگە كىردى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئىرانچە سىياسى تۈزۈمدىن ئۆلگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتى، ئاتالمىش «ئاياتۇللاھ» روھانى يېتەكچىگە بويسۇنىدىغان يېگى

قائىدە يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئۆلىدىن تەۋرىنىپ، يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن ئىدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنسەپدارلىرىدىن - يەرلىك ئەمەلدارلارغىچە، قوماندانلاردىن - ئەسكەرلەرگىچە، مائارىپتىن - ھۈنەر سەنئەت، دېھقان، سودىگەرلەرگىچە، پۈتۈن بىر دۆلەت خەلقى ئەھلى تەرىقەت يولىغا كىرىپ كەتتى. ھۆكۈمرانلىق تەختىدە پادىشاھ بىلەن «ئاياتۇللاھ» - ئىشان پىرى تەڭ دەرىجىدە ئولتۇرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ھاكىمىيەت سوپى- ئىشانلارنىڭ تەڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشانلار سۈنئى بۆلۈنۈپ: «ئاق تەقىيەلىكلەر، قارا تەقىيەلىكلەر» (ئاق دوپپىلىقلار، قارا دوپپىلىقلار) دەپ، ئىككى چوڭ پىرقىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت، سىياسەت، مەدەنىيەت ئۆلگىسى يارىتىپ كەلگەن بىر ئۇلۇغ مىللەت، تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ شانلىق سەلتەنىتى، ئاپپاق غوجىنىڭ قولى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى سەكسەن يىللىق ئىچكى ئۇرۇش، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ، بەلكى بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ماھىيىتىنى، سۈپىتىنى تولۇق ئۆزگەرتىۋەتتى. مەۋجۇتلۇق تارىخىدا قۇللۇق، قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ باقمىغان ئېسىل، ئاق سۆڭەك بىر مىللەت، ئاممىۋى تۈردە قۇللۇق تۈزۈمگە كىردى. نەۋەر قىز- يىگىتلەر قۇل بازىرىدا سېتىلىپ، قوشنا ئەللەردىن ھالقىپ، يىراق ياۋروپاغىچە ئېلىپ كېتىلدى. مىللەت ئۆزىدىن زېرىكتى؛ ئۆزىدىن چاندى؛ نە مىللەت سۆيگۈسى، نە ۋەتەن، دۆلەت سۆيگۈسى قالمىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۇنۇتتى. ھەتتا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان موغۇللار- دەپ قوبۇل قىلىشتى.

تۇپراقلىرىنىڭ نامىنى موغۇلىستان ـ دەپ ئاتاشقا كۆندى. ئەنە شۇنداق بىر ئېغىر كۈنلەردە، يەنى 1759. يىلىغا كەلگەندە، يات ئەل ـ دەپ ئاتىلىدىغان مانجۇرلار قارا قولىنى سوزۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇلىدىن يىقىلغان بىر دۆلەتنى ئاغدۇرۇش، ئەقلىدىن ئايرىلغان، ئۆز كىملىكىدىن تانغان بىر قوۋمنى ئىدارە قىلىش ئارتۇق كۈچ تەلەپ قىلمايتتى. ئۇلىدىن چۆككەن بۇ مىللەت ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپىغا ئايلىنىپ، بىچارە، تەييار تاپ، قالاق ـ قاششاق، قىتىغۇر، پەسكەش، يۈندىخور، نومۇسسىز هالغا چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ مىللەتنىڭ جەۋھىرىدە ساقلىنىدىغان باش ئەگمەس روھ، دەۋرىمۇ دەۋرى قەھرىمانلار ئوبرازىدا مەيدانغا كېلىپ تۇردى. ئىسمى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ساناقسىز قەھرىمانلار مىللەتنى، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنى دەۋرىمۇ دەۋر قوزغاپ تۇردى. بەزىدە غەلىبە قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەلۇم پارچىسىدا هاكىمىيەت قۇردى. بەزىدە مەغلۇب بولۇپ، قەھرىمانلىق خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەگەر سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ يىقىلىشىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۈلگە يارىتىش كۈچىدىن ئايرىلغان ۋاقتى» ـ دەپ قارىساق، دەل بۇ ۋاقىت ئۇيغۇرلارنىڭ «تارىختىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلار» كاتېگورىيىسىگە قېتىلغان ۋاقتىدۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلار تۆت ئەسىردىن بۇيان ئىچكى، ياكى تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىپ كەلمەكتە. كەلگۈسى ئۈچۈن بىرەر تارىخى ئۈلگە يارىتىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋرى بىلەنمۇ تۈزۈك تونۇشۇپ بولالماي، كۈچلۈكلەر نېمىنى پىلان قىلسا، شۇنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: تارىخنى كۈچلۈكلەر، ئەقىللىقلار

يازىدۇ. ئاجىزلار، نادانلار ئوقۇيدۇ. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا «تارىخ ـ كۈچلۈك ۋە ئەقىللىقلار تەرىپىدىن كەلگۈسىگە قارىتا تۈزۈلۈپ، ئاجىزلار، ئەقلى چولتىلار ئىجرا قىلىدىغان پىلاندىن ئىبارەتتۇر». تارىخ كۈچلۈكلەر، ئەقىللىقلار ئۈچۈن كەلگۈسىدۇر. پۇرسەتنى تونۇپ، تەدبىر قوللىنالايدىغانلار ئۈچۈن ياشاۋاتقان زامانىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما ھەممىدىن مەھرۇم قالغان، ئەقىلسىز، ئاجىزلار ئۈچۈن يىراق ئۆتمۈشتۇر.

11.05.2018



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## ئۈچىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئېڭى توغرىسىدا قىسقىچە پىكىر

تېمىغا كىرىشتىن ئاۋۋال «ئاڭ» توغرىسىدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇم. ئاڭ - ئوبيېكتىپ شەيئى، ئوبيېكتىپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئۇقۇم ئاساسىدا، ئادەم مېڭىسىدە شەكىللەنگەن ئىنكاسىدىن ئىبارەت سوبيېكتىپ چۈشەنچىدۇر. ئادەم مېڭىسىدە چۈشەنچە ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شەيئى، ۋەقە، ھادىسە بولۇشى ئالدىنقى شەرت. ئوبيېكتىپ شەيئى، ئوبيېكتىپ ۋەقە بولمىسا ئادەم مېڭىسىدە ئىنكاس شەكىللەنمەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاڭنىڭ قانداق شەكىللىنىشىدە، ئاكتىپ ياكى پاسسىپ بولىشىدا، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئوبيېكتىپ ۋەقەلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىم مۇتلەق ئاڭ توغرىسىدىكى چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئوبيېكتىپ ۋەقەلەر بىلەن ئاۋام پۇقرالارنىڭ چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينايدىغان يەنە بىر «ئىككىلەمچى ئوبيېكتىپ» تىن ئىبارەت يېتەكلىگۈچى، ئەگەشتۈرگۈچى ئاڭدۇر. يېتەكلىگۈچى ئاڭ ھەم ساختىلىقنى ھەم چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ،

ئۇ بىرەر جەمئىيەتتە، بىرەر دۆلەتتە ئومۇمى خەلقنىڭ چۈشەنچىسىنى يېتەكلەيدىغان يوشۇرۇن قورال رولىنى ئوينايدۇ. يېتەكلىگۈچى ئاڭنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇ پەلسەپۋى شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، ياكى دىنى نەسىھەت شەكلىدە رول ئويىنىشى، قانۇن، تۈزۈم تەرىقىسىدە، ئەخلاق مىزانى ئۆلچىمىدە نامايەندە بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قايسى شەكىلدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئىنسانلارنى قايىل قىلىش، ياكى مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەگەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش كۈچى ئارقىلىق «ئىككىلەمچى ئوبيېكتىپ» دەرىجىسىدە قىممەت ياراتقان ئاڭ تۈرىدۇر.

ئاڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باغلىنىشلارنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى، شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، ئىنسانلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئەقىللىق- ئەقىلسىز، كۈچلۈك ۋە ئاجىز قاتارلىق ئىنچام دائىرىدە تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئەقىللىقلار ھەر دائىم كۈچلۈكلەر بىلەن يانمۇ- يان ھەمكارلىق ئورنىتىپ ماڭىدۇ. ئەقىلسىزلەر بىلەن كۈچسىزلەر جەمئىيەتتە ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ بولىدۇ. مەلۇم بىر جەمئىيەتتە، مەلۇم بىر دۆلەت تەۋەلىكىدە ياشايدىغان ئومۇمى پۇقرالار قاتلامغا ئايرىلغان شەكىلدە، شۇ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىدارىچىلىرى تەرىپىدىن پادىلار توپى نەرقىدە يېتەكلىنىدۇ. پۇقرالارنى بىمالال يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان يېتەكلىگۈچى ئاڭ ۋاستىچىلىك قىلمىغان تەقدىردە، جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى، قەدىمكى جەمئىيەتلەردىن كۈنىمىزگىچە تەكرار ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە.

بىرەر جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزام بىلەن مۇقىم تۇرۇشىدا

قاتتىق كۈچىنىڭ ۋاستىسىدىنمۇ بەكراق، يېتەكلىگۈچى ئاڭنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. يېتەكلىگۈچى ئاڭ مەيلى پەلسەپىۋى بىلىم، ئىنسانى ئەخلاق قائىدىلىرى شەكلىدە بولسۇن، ياكى دىنى ئەخلاق، ئەن- ئەنىۋى ئادەت تەرىقىسىدە رول ئوينىسۇن، ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ، ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇن تىزگىنلىشىدىن ۋە ئىدارە قىلىشىدىن خالى، ئۆز ئالدىغا ماغدۇرلىنالمايدۇ ۋە رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا يېتەكلىگۈچى ئاڭ بىلەن ئىدارىچىلارنىڭ تەقدىرى چەمبەر چاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

«ئاڭ» نى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشىنىش مۇمكىن.

1) ھېسسىيات باسقۇچىدىكى سېزىمچانلىق. ئاڭنىڭ ھېسسىيات باسقۇچى تۇغۇلما تەبىئى خۇسۇسىيەت بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئوبيېكتىپ ۋەقەلەردىن دەسلەپتە قوبۇل قىلغان ساددا ئۇقۇمنىڭ ئۆز ئورنىدا ئايلىنىش جەريانىدۇر. بۇنداق ساددا ئۇقۇم ھالىتىدە ساقلىنىدىغان ئاڭ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ماكاننىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىسىمۇ، بۇرۇنقى ساقلانمىلاردىن پەرقلىق يېڭى ئىنكاس ئىپادىلەپ كەتمەيدۇ. ھەم سىېلىشتۇرۇپ، يېڭى بىر مەزمۇننى يەكۈنلەپ چىقالمايدۇ. بۇنداق ئاڭنىڭ سىرتقا كۆرسىتىدىغان ئەكسى تەسىرىمۇ كۆرۈنەرلىك قىممەت يارىتالمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئاڭغا- بىردەملىك ھورى بېسىقىدىغان ھاياجان، تەلۋە ھېسسىيات - دەپ، باھا بېرىلىدۇ ھەم كۆزگە ئىلغۇدەك، ئاقىۋىتىدىن بىرەر نەتىجە كۈتكۈدەك، ياكى ئەندىشە پەيدا قىلغۇدەك سەۋىيىگە يەتمەيدۇ. چۈنكى

ھېسسىيات باسقۇچىدىكى ئاڭ باللارچە ئەگەشمە، كۆنۈكمە، ئالدىنىش، پۇشمان قىلىش، ئۆكۈنۈش، زارلىنىش، دەرھال بىزار بولۇش، ھاياجانلىنىش، ۋاز كېچىش قاتارلىق تېز ئۆزگۈرىشچان كەيپىياتلارنىڭ ھەممىسىگە ھامىلە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر نەتىجە ياكى خەۋپ خەتەر كېلىپ چىقمايدۇ.

2) تەپەككۇر باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن ئاڭ. ئوبيېكتىپ شەيئى، ئوبيېكتىپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تونۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشلىرىدىكى، جەريانىدىكى ۋە سۇپەتلىرىدىكى پەرقلىق ھەم پەرقسىز قىممەتلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك بىردەكلىكىنى ۋە شۇنىڭدەك ئىچكى زىددىيەتلىك تۈگۈنلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئىسپاتلاپ چىقىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئاڭ - تەپەككۇر باسقۇچىغا يەتكەن ئاڭ بولىدۇ. ئاڭنىڭ تەپەككۇر باسقۇچى تولۇق ئەقلىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ھېس- تۇيغۇ، سېزىم يوللىغان پارچە ئۇقۇملارنىڭ ماھىيەتلىرىنى يېشىش، تۈرگە ئايرىش، بىرىكتۈرۈش، يەكۈنلەش ۋە ھۆكۈملەش قاتارلىق مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى بېجىرىدۇ. ئاڭنىڭ تەپەككۇر باسقۇچىغا يەتكەنلىكى ئىنساننىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3) يېتەكلىگۈچى ئاڭ. (ئەگەشتۈرگۈچى ئاڭ) ئاڭ قۇ- رۇلمىسىنىڭ بۇ باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكى، پەۋقۇلئاددە ئەقىل بىلەن بىرگە ئۇزۇن يىللىق ئەقلىي ئەمگەكنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يېتەكلەش ئېڭىغا ئىگە كىشىلەر ئاساسەن پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار، دىنى يېتەكچىلەر قاتارلىق ئاۋامنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا

ماڭىدىغان، جەمئىيەتنى، ئاۋامنى يېتەكلەيدىغان كىشىلەردۇر.

4) بېقىندىلىق باسقۇچىدىكى ئاڭ. مەلۇم جەمئىيەتتە، ياكى مەلۇم دۆلەتتە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈردىكى ئۇرۇنغا مەنسۇپ خەلق توپىدىكى، شۇنىڭدەك دىكتاتورلۇق، ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرىدىغان جەمئىيەتتىكى ئاڭ يېتىلىشتىن، شەكىللىنىشتىن باشلاپلا پائالىيەت جەريانىغىچە مەلۇم تۈزۈمنىڭ ئاستىدا، چەكلىك مۇھىتتا قىسىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھامان باشقىلار كۆرسىتىپ، تەييارلاپ بەرگەن، باشقىلار تۈزۈپ بەرگەن ۋە رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىنى نامايەندە قىلىدۇ. بۇنداق سىنىپ، تەبىقىگە مەنسۇپ ئاڭلىق ئادەملەر، گەرچە ئاۋام يۇقىرىلارغا نىسبەتەن مۇتەپەككۇر، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر ـ دەپ سانالسىمۇ، لېكىن يۇقىرىنىڭ، كۈچلۈكلەرنىڭ ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىنىڭ يول - يورۇقىسىز ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشتىن، پىكىر تەقدىم قىلىشتىن مەھرۇم بولىدۇ.

5.) قايمۇقتۇرۇلغان ئاڭ. (ماناپۇل قىلىنغان ئاڭ) ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك، چىقىمسىز، خەتەرسىز ئۇسۇلى ئاڭنى قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق باشقۇرۇشتۇر. ئېڭى قايمۇقتۇرۇلغان كىشىلەر، كۆزىنى تېڭىپ جۇۋازغا قېتىپ قويغان ئۆكۈزنىڭ ئورنىغا چۈشىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىنسانلاردا ئاڭ شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلانغان بولۇپ، زامان ئاخىرغىچە داۋاملىشىدۇ. يەنى ئىنسانلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئاڭنى قايمۇقتۇرۇپ، ئاڭنى ماناپۇل قىلىپ جەمئىيەتنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھېلىسى بىر نەپەسمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

ئاڭنىڭ قايمۇقتۇرۇلۇشى پەرقلىق جەمئىيەت ۋە ئوخشاشمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەردە ئىھتىياجغا قاراپ ھەرخىل ئۇسۇل، ھەرخىل شەكىللەردە ئەمەلىيلەشتى. ئوتتۇرا شەرق، ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇستەبىت، دىكتاتور ھاكىمىيەت مەنپەئەتدارلىرى تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا، دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇرۇپ، خەلقنى دېموكراتىك سىستېمىدىن يىرگەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك غەرب ئەللىرىدىمۇ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، مۇسۇلمان ۋە ئەرەب، ئافرىقا ئەللىرىدىكى قالاقلىق ۋە قاششاقلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىسلام دىنىغا يۈكلەش بىلەن توختاپ قالماي، ھەر تۈرلۈك تېررورچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىسلامغا باغلاپ، مۇسۇلمانلارنى يىرگىنىشلىك كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى سۇمۇرۇلۇۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ھېسسىداشلىق بىلدۈرۈش تۇيغۇلىرىنى تىزگىنلەيدۇ.

مەيلى تەرەققىي تاپقان، زامانىۋى مەدەنىيەتلىك ئەللەردە بولسۇن، مەيلى نامرات، قالاق ئەللەردە بولسۇن ئاۋام پۇقرالار ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە قايمۇقتۇرۇلىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئېڭىنى قايمۇقتۇرۇپ ئىدارە قىلىش بولسا، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش چارىسىدۇر.

قوشۇمچە سۆزلەرنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئەسلىدىكى تېمىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشتىن ۋە ئوبيېكتىپ ماھىيەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن دەۋر 17. ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. يەنى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ شاھزادىلىرى تەخت

تالىشىش ماجىراسىنى ئۇلغايتىپ، دۆلەتنى ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىشى ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىنى رەتكە سېلىش، پۇقرالارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان سۈپى، ئىشانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان تەپرىقىچىلىكلەر پۈتۈن بىر دۆلەت پۇقرالىرىنى تەركى دۇنيا، سۈپى، ئىشان، خۇدادىن باشقىنى ئۇنۇتقان، خار، زەبۇن بىر ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۇلىدىن تەۋرىنىپ قالغان، پۇقرالار ئىگىسىز، قالاق، قاششاق، ھورۇنلاشقان، ھەممە تەرەپتە تەركى دۇنيالىق، مازار پەرەسلىك باش كۆتۈرۈپ، زاۋاللىققا تولۇق يۈزلەنگەن پەيتتە، ئاپپاق غوجىنىڭ خائىنلىق ئىسيانى غەلىبە قىلغان ئىدى. سەئىدىيە تۇپرىقىدا ياشاپ تۇرۇپ، پادىشاھلىققا بەيئەت قىلماي، يايلاق شاھى بولۇۋالغان ئىسيانكار قالماقلارنىڭ، خائىن ئاپپاق غوجىغا ماسلىششى بىلەن، شانلىق سەئىدىيە دۆلتى يىقىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قالماق ھەربى تۈزىمى ئاستىدىكى، ئاپپاق غوجىنىڭ قورچاق پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر خەلقىگە قۇللۇق تۈزىمى يۈرگۈزۈلدى. ھەر بىر پۇقرا پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، بىر كۈننى بالا - قازاغا ئۇچرىماي، ئامان- ئېسەن بالاچاقىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈۋالسا، خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرى ئېيتىدىغان ھالغا چۈشتى. بويىغا يەتكەن قىزلىرىنى قالماقلارغا خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇشى ۋاجىپ بولدى. قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇللار قالماقلارغا قۇل قىلىپ تاپشۇرۇلاتتى. ئۇلارنى قالماق خوجايىنلار خالىسا ئىشلىتەتتى. خالىسا قۇل بازىرىدا ساتاتتى. پۇقرالار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇش ۋە خۇدانى ياد ئېتىشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى

ئۈيلىمايتتى. زۇلۇمنى ھېس قىلغانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ بېشىنى يەيتتى. ئۇيغۇرلار قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە توختاۋسىز ئىسيان ئاستىدا ئۆزلىكىدىن ئايرىلدى. بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان خورلۇق، زۇلۇمغا قارشى ئىسيان پۈتۈن بىر مىللەتنى چۆكتۈرگەن پەيتتە، مانجۇرلارنىڭ ئىستىلاسىغا مەھكۇم بولدى.

تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان بىر ھەقىقەت باركى، ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كەتمىدى. ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ كەلگەن، زۇلۇم ئىجرا قىلغان قالماقلار ۋە مانجۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېرىپ يوقالدى، ياكى مۇنقەرزلىكتە تولۇق ۋەيران بولدى. بىراق مۇشۇنداق ئەسىرلەپ داۋام قىلغان زۇلۇم ئۇيغۇرلارنى ئاڭسىزلاشتۇردى. ئۇيغۇرلاردىكى ئاڭ پەقەت ھېسسىيات باسقۇچىدىن ھالقىمىدى. ھەر قېتىمقى ئىسيانلارنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە: ئۇيغۇرلارنىڭ ئايالىغا، قىزلىرىغا «كاپىرلار» نىڭ قول سېلىشى، ياكى ئۇيغۇرلار سۇ ئىچىدىغان كۆلگە كاپىرلارنىڭ توڭگۇزى كېچىپ قويۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر سەۋەبچى بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەرھال قوزغىلىدىغان ھېسسىياتىغا چېقىلمىسىلا، كاپىر بولامدۇ، يانا بىرسى بولامدۇ خالىغىنىنى قىلىۋېرەتتى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندىمۇ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى، ھەتتا جەنۇبى ئافرىقىلىقچە ۋەتەن، دۆلەت، مىللەت چۈشەنچىسىنى تەرغىب قىلىپ، مىللى ھوقۇق، ئىگىلىك ھوقۇق كۈرىشىگە ئېقىنلاپ كىرىپ كېتىۋاتسا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان، ئۆزىدىن يۈز ھەسسە ئاجىز، قالدۇق مانجۇر ھۆكۈمرانلىرىغا، قورچاق شاھلارغا بويسۇنۇپ ئۆتۈشكە رازى ئىدى. چۈنكى ئۇ قالدۇق، يات تائىپىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىمىغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە بىر سىپلىشتۇرمىنى قوشۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. 1932. يىللىرى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىنقىلاب، ئىسيان قايناپ تاشتى. قومۇلدا خوجا نىياز پالۋان، تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، كۇچاردا غازى تۆمۈر ئەلى، خوتەندە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قاتارلىق رەھبەرلەر ئىسيان، ئىنقىلابلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. يۇقىرىدىكى تۆت رەھبەرلەردىن ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرنىڭ چاقىرىقى، خەلق ئىچىدە لايىقىدا قوللاشقا ئېرىشىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇھىتى ئائىلىسىدەك ھاللىق ھەم چەتئەل كۆرگەن ئاڭلىق كىشىلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغاندىن باشقا، ئاۋام پۇقرالار تازا دېگەندەك قوللاپ كەتمىدى. چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ زاماندىكى يېتىشكەن زىيالىي، دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بىلەن، ۋەتەن- مىللەتنى قۇتقۇزۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش، خەلقنى نادانلىقتىن، قالاق، قاششاق، خورلۇقتىن قۇتقۇزۇپ ئاڭلىق، مەدەنىي، باياشات، بەختلىك مىللەت سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاقىرىق قىلدى. بىراق ئۇنىڭ تەشۋىقات ۋە چاقىرىق ۋاستىلىرى شېئىر، دراما، كومېدىيە، سەھنە ئەسىرى، ئادەتتىكى نوتۇقلار بولۇپ، ئۇ ھېچكىمگە ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كىرىدىغانلىقنى ۋەدە قىلمايتتى. ئەكسىچە تىرىك تۇرۇپ خۇددى گۇناھكار مۇردىغا ئوخشاش، دوزاخ ئازابىدا جازالىنىۋاتقان بىر مىللەتنى قۇتقۇزۇشقا، ئۆز مۈلكى بولغان ۋەتەننى دۇنيادا جەننەتكە ئايلاندۇرۇپ، جەننەتنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە چاقىرغان ئىدى. ئاڭسىز خەلق ئۇنى مۇرتەت، بەت مەزھەپ، جەدىت دېگەندەك، ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان

سۆزلەرنى قالپاق ياساپ، كىيدۇرۇشكەن ۋە ئۇنىڭدىن قاچقان ئىدى. ئەمما كۇچاردىكى غازى تۆمۈر ئەلى، خوتەندىكى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، (كېيىنچە) غازى خوجا نىياز ھاجىلارنىڭ ئۇرۇش چاقىرىقلىرى جىھاد قىلىپ، غازات قىلىپ ئۆلسە شەھىت، قالسا غازى بولۇش، جەننەتكە كىرىش، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشنى ۋەدە قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ جىھادلىرى غەلىبە قىلىپ، كېيىن ھۆكۈمەتنى خىتايغا بىكارغا سېتىۋەتكەنگە قەدەر بىر مەزگىل شەھەر سورىغان ئىدى. شۇ زاماندىكى جەڭگە قاتنىشىدىغان پىداكارلاردا ۋەتەن، مىللەت، دۆلەت، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق دېگەندەك سىياسى ئاڭ يوق ئىدى. ئۇلار ئىمان ئۈلچىمى بىلەن جىھاد قىلىدىغان بولغاچقا، كېيىنكى نۇرغۇن جەڭلەردە، ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە ئاز، ئاجىز، خەلق ئاساسى يوق، كۆچمەن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا يېڭىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، تۇڭگانلاردىكى ئۇرۇش تاكتىكىسىدا قوللانغان دىنى تەبلىغلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر غازاتچىلىرى تۇڭگان جەڭچىلىرىنى ئۆزلىرىدىن ئىمانى كامىل - دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگانلارغا قارشى تىغ كۆتۈرمەي، ئالدىنقى سەپ جەڭلىرىدە مەغلۇب بولاتتى. كېيىنكى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشىدىمۇ دىنى ئۆلىما ئەلىخان تۆرىنىڭ ۋەز- تەبلىغى خەلقنى ئۇرۇشقا، غازات قىلىشقا قوزغاپ چىققان بولغاچقا، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ لېكىن جەڭ مېۋىسىنى مەغلۇب بولغان دۈشمەنلەر يېگەن ئىدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ۋە دۆلەتچىلىك ئېڭىنىڭ يوقسۇللۇقنى، «كاپىرغا قارشى جىھاد، غازات ئۇرىشى» قىلىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساۋاپقا ئېگە بولۇش ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كىرىپ كېتىشتىن ئىبارەت، شەخسى ئارزۇلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە تولۇق چۈشكەندىن كېيىن، نۇرغۇن قىممەتلىرىمىزنى يوقاتقان بولساقمۇ، ئىمان، ئېتىقادىمىز ساقلىنىپ كەلدى. يېقىنقى زاماندىكى قارشىلىقلار ئاساسەن يەنىلا ئىمان، ئېتىقاد دائىرىسىگە چېتىشلىق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يەنى قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ تامامى دېگۈدەك ئەقلى تەپەككۇرنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا دۈشمەن كۈچلىرى ھەر قەدەمدە قايمۇقتۇرۇپ، ساددا، باللارچە ھېسسىياتىمىز ئارقىلىق بىزنى خاتا ۋە خالتا كوچىغا باشلاپ قويۇپ، ياكى ئالدىغا ماڭغىلى بولمايدىغان، ياكى ئارقىغا چېكىنگىلى بولمايدىغان پىستىرمىدا يوقىتىپ كېلىۋاتىدۇ. 97. يىلدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ، دەسلۆپدە ياشلار مەشرەپى نامىدا غۇلجا ياشلىرى توپلىشىپ، مەدەنى پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان. كېيىنچە ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرىمىز- دەپ، تەبلىغ، ۋەز- نەسىھەت قىلىندى. تەبلىغچىلەر ئارىسىغا ناتونۇش، كەلگەن - كەتكەن يېرى ئېنىقسىز ئادەملەرمۇ قېتىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزلىرى تونۇيدىغان تەبلىغچىلەرگە قارىغاندا، سىرتتىن كەلگەن ناتونۇش تەبلىغچىلەر بەك سۆزلەيدىغان موللا بولغاچقا، ياشلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ھاياجانلاندۇردى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە سورۇن شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىمان، ئىسلام، ھالال، ھارام، دوزاخ، جەننەت ھەممىنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى تولۇق رام قىلىپ بولغاندا: كاپىر ھۆكۈمەتكە بويسۇنسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىماندىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ھەقىقى تەۋھىتلىك مۆمىن بولۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە ئىنكار قىلىش كېرەك- دەپ، ھەر قانداق توختام، ئۆي كىنىشكىسى، يەر خېتى، توي خېتى، سودا- توختام، بانكا ھېساۋات، كىملىك، پاسپورت، مەكتەپ دىپلومى قاتارلىق بارلىق ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. ھېسسىياتىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىلغان مۆمىنلەر، تەبلىغچىلەر نېمىگە بۇيرىسا، پەقەت ئويلانماستىن تولۇق بېجىردى. بۇ ئەھۋال خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىش بانىسىدا، ياشلارنىڭ پۇت بول ئوينايدىغان مەيدانلىرىنى بۇزىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئانچە بەك نارازىلىق بىلدۈرۈلمەي، بىر ئاز غۇل- غۇلا قوزغىلىپ، بېسىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياشلار مەشرەپىنى چەكلىدى. سەركىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى سەبرە قاچىسىنى تولدۇرغاندىن كېيىن، ياشلار كوچىغا چىقىپ نارازىلىق نامايىشى قىلىشنى پىلانلاشتى. بۇ ئىشمۇ: ئىماننى ئاشكارا جاكارلايمىز، ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەر مۇشرىكلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندا، توپلىشىپ كوچىغا چىقىپ، تەۋھىت شوئارىنى ئاشكارا جاكارلىغان. ھازىر بىز شۇنداق قىلىش باسقۇچىغا كەلدۇق. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق ئىمانىمىز چىقىپ كېتىدۇ- دەپ، ئېغىر دەرىجىدە قايمۇقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان غۇلجا ياشلىرى تەۋھىت يېزىلغان پلاكات، لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتىپ، كوچىغا چىقتى. سەپ كېڭىيىپ، مىڭلىغان خەلق ئاممىسى نامايىشقا قېتىلغاندىن كېيىن، خىتاي جاللاتلىرى قانلىق باستۇردى. 4 يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى ئوققا تۇتۇلدى. ئوقتا ئۆلمەي، ھايات قالغانلارنى

ئىسكىلاتلارغا سولاپ، سۇ چېچىپ، مۇزلىتىپ ئۆلتۈردى. ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى تۈرمە جازاسى، قاماق جازاسى ۋە ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولۇپ، ئېغىر جازالاندى. خىتاينىڭ ئويۇنى ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمەي. مىڭلىغان ياشلار ئۈركۈتۈلۈپ، چەتئەلگە قاچۇرۇلدى. ئۇلار ئۆلۈم جاپاسىنى يېگىپ، تۈرلۈك تۈمەن چارىلەر بىلەن چەتكە چىقىۋىدى، ئۇلارنى چەتئەلدىمۇ ئامان ياشىغىلى، ئاق- قارىنى بىلگىلى قويماي، يەنە ھاياجانغا سېلىپ، مەتتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا «ئازاتچىلار قوشۇنى»، ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدا «غازاتچىلار قوشۇنى» تەشكىللەپ، چەتئەل دېگەنىنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە نېمە قىلىشقا بولىدۇ، نېمە قىلسا بولمايدۇ- دېگەنلەرنى ئويلاشقىمۇ ۋاقىت بېرىلمىگەن ۋە چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغاندەك، شۇنچىلىك ساددا ئادەملەرنى جەننەت، دوزاخ بىلەن سېھرلەپ، ئىككى ئېقىمغا بۆلۈپ، زۇلۇم سالغان خىتاينى ئۇنتۇلدۇرۇپ: ئالدى بىلەن ئۆز ئىچىمىزدىكى خائىننى، ئىمانى يوق مۇرتەتنى، گۇمانلىق مۇناپىقلارنى، پاسىقلارنى تازىلاپ يوقاتمىغۇچە، ئىشىمىز غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ يولىمىز توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالىمىز- دېگەندەك، ئەپسۇنلارنى ئىزىپ- ئىچكۈزگەن بولغاچقا، قايمۇقۇپ قالغان ئادەملەر ئۆز- ئارا تولۇق ئايرىلىشىپ، بىر يۇرتتىن، بىر مەھەللىدىن چىققان ۋە كىچىكىدىن ياخشى تونۇشىدىغان تۇرۇپمۇ، ئەپسۇنلارنىڭ سېھرىدە ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشتى. ھەتتا يېقىن دوستلار، يېقىن تۇققانلار، بىر قوساق قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ دۈشمەنلىك شەكىللەندى. بىرلىرى «ئازاتچىلار قوشۇنى» بىرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«غازاتچىلار قوشىنى» دا سەپ تۇتۇپ، ئادا جۇدا بولۇشتى. خىتايغا قارشى بىر پاي ئوق ئاتمايتۇرۇپ، قارشى سەپتىكى جان قېرىنداشلىرىنى «جەھەننەمگە يوللىدى». ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە مۇشۇنداق بىر ۋەقەنى ئىشقا ئاشۇرۇشى خىتاينىڭ تۈپ دۆلەت مەنپەئەتى ئىدى. خىتاينىڭ: «ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن خەتەرلىك ئۇنسۇرلار. بىز بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تۇرمىساق، چېگرا ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلارغا بالا- قازا ياغدۇرىدۇ» - دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا نەق پاكىت ھازىرلاندى. (بۇ ھەقتە «خاتالىق كىمدىن ئۆتتۈۋاتىدۇ»، «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب»، ئۇيغۇرلار سىياسەت بىلەمدۇ؟» ناملىق كىتابلاردا يېتەرلىك بايان قىلغان ئىدىم. شۇڭا بۇ يەردە ئارتۇق توختالمايمەن. شۇنداقتىمۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىزاھات تەرىقىسىدە قىسقىچە قوشۇمچە قىلىشنى زۆرۈر- دەپ قارايمەن.) قازاقىستان ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇيغۇر تازىلاش ھەرىكىتى باشلاندى. مەيلى ئازاتچىسى بولسۇن، مەيلى غازاتچىسى بولسۇن، تىجارەت قىلىۋاتقانلار بولسۇن، ئاشپەز، ناۋاي، كاۋاپچى، سامسىپەز، ئىشقىلىپ ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداقى تازىلاش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ھەتتا يەرلىشىپ كەتكەن، ئۆزلىرىنى يەرلىك ئۇيغۇرلار- دەپ، ئاتايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ تازىلاش جازاسىدىن ئامان قالمىدى.

ئۇيغۇرلار 97. يىللىرى غۇلجىدىن ئۈركۈتۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىرىلغان بولسا، 98. يىلدىن 2000. يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەلىكىدىن ئۈركۈتۈلۈپ، ئازاتچىسى بولامدۇ، غازاتچىسى بولامدۇ، ئۆز جېنىنى بېقىپ يۈرگەن يېتىمچىلىرى بولامدۇ قارا- قويۇق پاكىستاندىكى تالىبان رايونىغا قاپسالدى. يەنى

ھەسەن مەخسۇم ئالدىن تەييارلاپ تۇرغان جىھاتچىلار لاگېرىغا توپلاندى. ئەرەب، ئافغان جىھاتچى ئەمرلەر بۇ لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنى خالىسا ئافغانىستانغا يۆتكەپ، شىمالدىكى ئۆزبېك رايونىغا قارشى ئۇرۇشقا سالدى. خالىسا پاكىستان ئارمىيىسىگە قارشى تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قاتناشتۇردى. نەتىجىدە 2002. يىلى ئەتىيازغىچە ئافغانىستاندا تالىبان ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ بەرگەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى: «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خەلقئارا تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ تەركىۋي قىسمىدۇر» - دەپ، پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى. ب د ت دىمۇ بۇ قارار ماقۇللاندى. ئۇيغۇرلار قايسى جىنايىتى ئۈچۈن شۇ قەدەر جازاغا لايىق بولۇپ قالدى؟ ئۇيغۇرلار قىلغان قايسى تېررورلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن بۇ قەدەر يوغان قالپاقنى كىيىشكە لايىق بولدى؟ جاۋاب تولىمۇ ئاددى: ئەقىل، تەپەككۇر ئىشلىمىگەنلىكى، باللارچە ھېسسىياتتىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى، كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەقلى كور بولغانلىقىنىڭ جازاسىنى ئۆتەش ئۈچۈن شۇ كۈنلەرگە قالدى.

ئاردىن ئون يىللار ئۆتكەندە، خىتاينىڭ شاۋگۇئان شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىغا قارشى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى ۋە قەتلىئامىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە نامايىش بولدى. بۇ نامايىشمۇ، ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتى. مىڭلىغان ئۇيغۇر ئاممىۋى تۈردە ئۆلتۈرۈلدى. قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىز- دېرەكسىز غايىب قىلىۋېتىلدى. پۈتۈن ئۇيغۇرىستان تۈرمە ھالىغا كەلدى. ياشاپ قېلىشقا زادىلا كۆز يەتمەيدىغان، ھەممە تەرەپتىن جانغا قەست قىلىنىۋاتقاندەك ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. بىر يىلغا يېقىن

پۈتۈن ئالاقە ۋاستىلىرى ئۈزۈۋېتىلدى. 2011. يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق ئالاقە ۋاستىلىرىنى تويۇقسىز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى. ھەتتا تۈرلۈك ئالاقە تورلىرى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكراق راۋانلىشىپ كەتتى. ئۇيغۇرىستانغا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن بۇ قەدەر كەڭ يوچۇقلارغا (خۇددى 97. يىلى غۇلجا ياشلىرىنى قايمۇقتۇرغانغا ئوخشاش.) ئوت قويدى چالا موللىلار كىرىپ ئەپسۇن ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. پۈتۈن ئۇيغۇرىستان ۋەتەن ئىچى- سىرتىدىن، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن، غەرب ئەللىرىدىن، ئىسلام ئەللىرىدىن، چەكلەنگەن تېررور ۋە تالىبان رايونلىرىدىن تولۇق تورلاشقان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋەت ھۇجۇمى ئاستىدا قالدى. خىتاي ئۆزلىرى ساقالسىز، كوسا خەق بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ساقال، بۇرۇتلىرىنىمۇ دۈشمەن كۆرۈپ، تېررورلۇق تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكى ھەممىگە ئايان. لېكىن ئەپسۇنكەش چالا موللىلار: ساقالغا تىغ تەككۈزسە كاپىر بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق جازاغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىماننىڭ بەلگىسى بولغان ساقالنى قوغداشقا چاقىرىق قىلدى. ئاياللارغا قارىتا قارا پۈركەنچۈك، قارا چۈمبەل، قارا نىقاب كىيىشنى پەرز قىلدى. دوزاخنىڭ ئوتى ئاياللارنىڭ ئۇچۇق قالغان بەدىنىدىن ئۆتىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئايەت، ھەدىس، پەتىۋالارنى ھەر تەرەپتىن قارا يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

ئېھتىياتچانلىق- ئەقلىنىڭ پائالىيىتى. ئەمما قورقۇش، ۋەھىمە بولسا ھېسسىياتنىڭ ھەرىكىتى. ئەقلىي ھەرىكەتتىكى تەپەككۇر، ئاڭ باسقۇچىغا تېخىچە يېتەلمىگەن، تېخىچە بالىلىق، ساددا تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئۇيغۇر

جەمئىيىتى، ئەپسۇنكەش چالا موللىلارنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا تاقابىل تۇرالمايتتى. پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەرلىرىنى ساقاللىرى بىلەن، ئاياللىرىنى قارا چۈمبەل بىلەن باغلاپ، خىتاينىڭ خازالاش نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ بەردى. پۈتۈن ئۇيغۇرىستان خەلقى ساقال بىلەن چۈمبەلنىڭ ماجىراسىغا بەنت قىلىندى. چۈنكى ئۇلار: ئىماننى قوغدىشى كېرەك ئىدى. خىتاي باسمىچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا مىس تاۋاقتا ئوت قويدى. بۇ ئوتنى ئەپسۇنكەش چالا موللىلار يالقۇنلىتىپ بەردى. ئۇلار ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچتى. ئۇيغۇرلارنى بۇنچىلىك جازالاپ توختاپ قېلىش خىتايلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى بولمىسا كېرەك. ساقال ۋە چۈمبەل جازاسىنىڭ ئارقىسىدا تېخىمۇ ئېغىر جازالاش پىلانى بولسا كېرەك. ئەمدى ھىجرەت ئايىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىماننى ساقلاشقا قولىدىن بىرەر ئىش كەلمىگەن چاغدا، كۇپرى دىيارىدىن ھىجرەت قىلىپ، ئىسلام دىيارىغا كېتىش پەرز- دەپ، ئۇيغۇرلارغا ھىجرەتنى پەرز قىلىپ بەردى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ چاقىرىقلارغا ماسلاشتى. چۈنكى ئۇلار ساقال بىلەن، قارا چۈمبەلدىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىماننى ساقلاپ قالمىسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەھەننەم ئازابىغا مەھكۇم بولاتتى. «ھىجرەت يولى ئۆزىچىلا داغدام ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئاشۇنداق ياخشى ئىشقا قەدەم قويسا، ئاللاھ ھەر تەرەپتىن ئىشكلەرنى ئېچىۋېتىدىكەن. ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىقسا، ئاللاھ يوللاردىكى بارلىق توساقلارنى ئېلىۋېتىدىكەن». شۇنداق قىلىپ مۇقەددەس ساقال بىلەن، مۇقەددەس چۈمبەلنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھىجرەتكە ئاتلانغان، بۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ساھابىلىرى كەنت، قىشلاق، سەھرالاردىن تراكتور، ئۆكۈز

هارۋۇسى، ئېشەك هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، شەھەرگە كېلىدۇ ـ دە ئەسلى ـ ۋەسلى، تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى، ئۆزلىرى ھەيدەپ كەلگەن قاتناش ۋاستىلىرىنى شەھەردە ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ شەھەردىكى ھەمسەپەرلەر بىلەن، تەقدىرداشلار بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ، ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە قاچاقچىلارغا ئۆزلىرىنى ۋە تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى تاپشۇرۇپ، جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئاقىدۇ. ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدە تارتقان ئازاب، ئوقۇبەت، خورلۇقلىرى توغرىسىدا بايان قىلىش بۇ تېمىدا ئارتۇقچە. ئۇلار 21. ئەسىردە ياشاۋاتقان ئىنسانلار كۆرۈشكە راۋا بولمايدىغان، بىز مۇنداق نىيەتتە يولغا چىقىپ، مۇنداق ئازابلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق ـ دەپ، باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسە، ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان، شۇنداق بىر غەيرى ئىنسانى مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. «تەلىيى بارلىرى ھىجرەتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان شام، ئىراق قۇشخانىلىرىغا يېتىپ كېلىشتى. تەلىيى يوقلىرى (ياكى ئۇلارنىڭ ئېگى بىلەن ئېيتقاندا) ئاللاھ نەسىپ قىلمىغانلىرى مۇقەددەس قۇشخانىغا بارالمىدى.» بۇ تېمىدا ھىجرەت بالاسىنىڭ كەلتۈرگەن پايدا ـ زىيانلىرى، ھىجرەتچى ساھابىلارنىڭ تارتقان ئازاب- ئوقۇبەتلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەتەن- مىللەتكە، ئاتا- ئانىلىرىغا، تۇققانلىرىغا، خوتۇن باللىرىغا، قوۋم- قېرىنداشلىرىغا ئېلىپ كەلگەن زىيان ـ زەخمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىش ھاجەتسىز ھەم تېمىنىڭ مەزمۇنىدىن يىراق ۋەقەلەر. ئەمما بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى شۇكى، ئەقىل- تەپەككۇر، ئاڭ يېتەرلىك بولمىسا، ئادەم دېگەن بۇ مەخلۇقتىن بەتتەر يەنە بىر جانلىق بولمىسا كېرەك ـ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ھايۋاناتلار

دۇنياسىدا ئۈز- ئارا بولۇپ تۇرىدىغان ھۇجۇم ۋە قوغدىنىش، قايتۇرما ھۇجۇم قاتارلىق ھايۋانىي ھەرىكەتلەر پەقەت ئۆزىگە ئالاقىدار دائىرىدە، ئېھتىياج دائىرىسىدە يۈز بېرىدۇ. 21. ئەسىردە ياشاۋاتقان ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ بەتبەخ ئىنسانلارمۇ ئۆز مەنپەئەتىنىڭ سىرتىدا، ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا كىرەكسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ. لېكىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن نە ھايۋاناتلار دۇنياسىدا، نە ئىنسانلار دۇنياسىدا بىرەر پاراللېل تۇرىمىز يوق؟ - ئۇيغۇرلاردا جانلىقلارغا تەۋە سېزىم بار. بۇنىڭغا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما ئادەملەردە بولۇشقا لايىق ئەقىل، تەپەككۇر، ئاڭ يېتىلمىگەن. بار دېيىلسە باللىق ۋاقتىدا توختاپ قالغان، ساددا ھېسسىيات بار. شۇڭا ئۇلارنى گوللاپ نەلەرگە ئېلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئەمدى ئاۋام خەلق توغرىسىدىكى بايانلارنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ «ئەقىللىقلەر» توغرىسىدا، بولۇپمۇ چەتئەلدىكى «ئۇيغۇر زىيالىيلىرى» نىڭ ۋەتەنپەۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭى، چۈشەنچىسى ۋە كۆز- قاراشلىرى توغرىسىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ چىقايلى. مەزمۇنغا كىرىشتىن ئىلگىرى زىيالىي - دېگەن سۆزنى قىسقىچە چۈشىنىۋېلىش ئارتۇقچە ئەمەس. زىيالىي - سۆز مەنىسىدىن ئالغاندا: نۇرلۇق، يورۇقلۇق، ئايدىڭلىق دېگەن بولىدۇ. ئىستىمالدا بېرىدىغان ئۇقۇمى سۆزلەمدىكى مەناسىغا ئاساسەن يېقىن. زىيالىي توغرىسىدا ئېيتىلىدىغان تەبىر، زىيالىيغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم، تەلەپ ھەرگىز مۇتلەق، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەمەس. يەنى زامان، ماكان، ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئامېرىكىدا زىيالىيغا قويۇلغان تەلەپ بىلەن، جەنۇبى ئافرىقىدا قويۇلىدىغان

تەلەپتە ئاسمان، زېمىندەك پەرق بولىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى چاغدىكى دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيسى ئىدى. ئۇنىڭ نامى تىللاردا داستان. خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن تەخەللۇسى «بالدۇر ئويغانغان ئادەم». چۈنكى ئۇ ئەينى چاغدىكى غەپلەتتە قالغان خەلقنى ئەقلى ئويغىنىشقا چاقىرغان. بۈگۈنكى كۈندە يەنە: زىيالىينىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماقتۇر!- دەپ، ئۆلچەم قىلىۋېلىپ: ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان!- دەپ، تۇۋلاپ يۈرسە، ئۇنىڭ نامى زىيالىي بولالمايدۇ. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردىن بىر ئەسىر كېيىن قالغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ياكى ئۇ، بىر ئەسىر ئاۋۋالقى تارىخنى تەكرارلاۋاتقان، خەلقنى تارىخنى تەكرارلاشقا چاقىرىۋاتقان كىشى بولۇپ قالىدۇ.

زىيالىي دېگەن ئۆز دەۋرىنى چۈشەنگەن، ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، كىشىلەرگە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى، نېمىنى قىلماسلىقى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەم- دېمەكتۇر.

قىسقىسى زىيالىي- باشقىلارغا يورۇقلۇق تەقدىم قىلغۇچىدۇر. كىشىلەر جىن چىراغقا ئېھتىياجلىقمۇ، شام چىراغقا ئېھتىياخلىقمۇ، مەشئەلگە ئېھتىياجلىقمۇ، ياكى زامانىۋى نۇر چىراغقا ئېھتىياجلىقمۇ، شۇنى بىلىپ يەتكەن ۋە كىشىلەرنىڭ زۆرۈرى ئېھتىياجلىرىنى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا قارىتا پىكىر جەھەتتىن تەدبىر ئالالايدىغان كىشىدۇر.

شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئېھتىياجى

نېمە؟ بولۇپمۇ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار، ۋەتەن- مىللەتنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرەك باغرى ئوتتا پۇچىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ نېمىلەرنى قىلىشى لازىم؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى چەتئەلدىكى زىيالىيلىرىمىز تېپىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ 2006. يىلىدىن 2012. يىلىغىچە ۋەتەن دەۋاسىدا چوڭ بۆرۈلۈش يۈز بەردى. ئۇيغۇرلار دۇنياغا تونۇلدى. ئەمما تەشكىلات رەھبەرلىرىدە تېگىرقاش تېخىمۇ ئېغىر بولدى. تاشقى مۇناسىۋەتلەردە نېمە دېيىش، قايسى ئورۇن بىلەن قانداق ئالاقە ئورنىتىش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەردە يول كۆرسىتىشكە شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بولدىكى، زىيالىيلاردىن سادا چىقمىدى. خەلقىمىز ساددا ھاياجان ئىلكىدە بەزىدە شاتلانسا، بەزىدە ئۈمىتسىزلىككە پاتتى. شۇ چاغلاردا «خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؟» تېمىسىدا، توردا پىكىر قوزغىدىم. چۈنكى ۋەتەن دەۋاسى دەيدىغان ئېقىمغا رابىيە خانىم لىدەر بولغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بازىرى چىقىشقا باشلىغان شۇنداق مۇھىم چاغلاردا، مىللەتنىڭ «زىيالىيسى» دىن ئىنقىلاپچىلىرىغا قەدەر، ھەتتا تورلاردا خەت يازالىغۇدەك ساۋاتلىق كىشىلەردىن تارتىپ، ئىككىلەنمەستىن رابىيە خانىمنىڭ خاتالىقى، ئەيىب-نۇقسانلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىشقا شۇنچىلىك ھېرىس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالىم، زىيالىيلار ئاساسەن يوق ئىدى. خانىمغا يېقىن تۇرغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پىداكار زىيالىيلارنىڭ نامىنى قوللىنىپ، خانىمنى ئوچۇق تەنقىد قىلىش، ئەيىبلەش ئارقىلىق، ئۇلار بىلەن خانىمنى قەستەن زىددىيەتكە سالىدىغان، خائىنلىق قىلمىشلارمۇ خېلە ئېغىر يۈز بەردى. بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئىشلارغا

قارتا پىكىرىمنى يېزىپ، تورلاردا ئېلان قىلىنۋاتقان كۆنلەردە مەزمۇن زىيالىيلارغا مەركەزلەشتى. قانداق كىشى زىيالىي ـ دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ؟ دېگەن سوئالنى تورغا چىقاردىم. جاۋابلار ھەرخىل بولسىمۇ، ھېچكىم ئىنكار قىلمايدىغىنى «دوكتورلۇق ئىلمى ئۇنۋانىغا ئىگە كىشىلەر زىيالىيدۇر» دېگەن جاۋاب ئىدى. مەن چەتئەلدە قانچىلىك ئۇيغۇر دوكتورلىرى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىزدەندىم. شۇ چاغدا (2010. يىلى) توپلىغان دوكتور ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىرى تىزىملىكىدە 630 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن 35 نەپىرى ۋەتەنگە قايتقان، 22 نەپىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئىكەن. ئەمما ۋەتەن دەۋاسى ئىشلىرىغا قاتنىشىۋاتقان دوكتورلار ئالتە نەپەركەن. بۇ ئەھۋاللارنى بايقىغاندىن كېيىن، دوكتور- دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە، ئۇنىڭدىن تۆۋەن دىپلوملۇق بارلىق «زىيالىيلار» ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئەقەللىسى «ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن دىپلوملۇق زىيالىيلار» مۇ دەۋا سېپىدىن يىراق تۇرىدىكەن. دەسلىۋىدە تەتۈر تەرەپتىن ئويلىنىپ باقتىم. بۇلار چەتكە چىقىش سەپىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتى گۈرۈگە ئېلىۋالغان بولسا كېرەك. چەتئەلدىكى مىللى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلاردىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىپ، يولغا سالغان چېغى- دېگەندەك ئېغىر گۇمانغا پېتىپ قالدىم. ئۇنداق بولسا چەتئەللەردە ئوقۇپ دىپلوم ئېلىپ، چەتئەللەردە يەرلىشىپ كەتكەن دوكتور، زىيالىيلار نېمىشقا ئەسقاتمايدۇ؟ ئۇلارنىمۇ گۈرۈگە ئېلىۋالغانمىدۇ؟- دېگەنلەرنى ھەم ئويلىنىپ چىقتىم. يەنە بىرى دىنى ساھەدە ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر ۋە دىنى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەنلەر ئۈستىدە ئويلاندىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋەتەن- مىللەتنىڭ

ئىشنى قىلىۋېتىپتۇ. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى قەيەردە؟ ئېتىقاد، ئەقىدە بىلەن باغلىقمۇ؟ مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدىغان ھەممە تەرەپكە نەزەر سالدىم. كۆپلىگەن سېلىشتۇرمىلار نەتىجىسىدە بىر يەكۈنگە ئېرىشكەندەك بولدۇم. مەسىلە ئوقۇتۇش سىستېمى، مائارىپ سىستېمى، كەسپى خاسلىقلار بىلەن چەمبەر چاس باغلىنىشلىق ئىكەن. تەتۈرسىگە مۇنداق پەرەز قىلىپ كۆردۈم: دىنى ساھەدىكى دوكتور، ئۆلىمالىرىمىز ۋەتەن - مىللەتنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى ئۆزلىرى ئوقىغان كەسپى خىزمىتىنى قىلىۋاتامدۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان مىللەت بولمىغان تەقدىردە، دوكتور ئۆلىمالىرىمىز نېمە قىلغان بولاتتى؟

- ئۇلار جەزمەنكى مۇسۇلمان قوۋملەرنىڭ دىنى ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار قىلالايدىغان يەنە بىر ئىش بولسا، ۋەز- نەسىھەت، تەبلىغ ئارقىلىق مىللەتنى ھاياجانلاندۇرۇپ، نازۇك ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئادەم قوزغاشتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ كەسپى شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا دىنى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى نېمىدىن ئىبارەت؟- تۈگۈن مۇشۇ يەردە يېشىلدى. دىنى ئۆلىمالىرىمىز مىللەتنىڭ ئومۇمى مۇئەممالىرى ئىچىدىكى بىر تۈردە، ئۆزلىرى بىلگەن كەسىپ بويىچە دىنى خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك خىزمەتتە. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ۋەتەن دەۋاسى، مىللەتنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. بۇ يەكۈننى ھەر قايسى پەننى كەسپتە ئوقۇغان دوكتور، زىيالىيلىرىمىزغا تەدبىقلىساق، ھەممىسلا ئۆزلىرى ئوقۇغان، ئۆزلىرى بىلگەن بويىچە ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ھېچقايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ سىستېمىدا ئوقۇتۇلمىغان ئەكسىچە خىتاي دۆلەت مائارىپى تۈزۈپ چىققان، خىتاي دۆلەت سىياسىتىگە ئۇيغۇن مائارىپتىكى كەسپلەردە ئوقۇغان چەتئەلدە ئوقۇپ يېتىشكەنلەرمۇ، چەتئەل مائارىپى ئەندىزىسى ئىچىدە بىلىم ئالغان. ئۇلارمۇ ئۆزلىرى ئوقۇغاننى، ئۆزلىرى بىلگەننى قىلالايدۇ ھەم شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلاردىن يامان گۇمان قىلىش ئورۇنسىز. رېئال، ئوبيېكتىپ ئەھۋال شۇنداق بولغانكەن، دوكتورلار، زىيالىيلار چەتئەلدىكى ۋەتەن دەۋاسىدىن يىراقلاردا يۇرمەي قانداق قىلاتتى.

زىيالىيلار، دوكتورلار توغرىسىدا شۇنداق خۇلاسىگە ئېرىش-كەندىن كېيىن، بۇ مەزمۇننى ئېقتىماي - تېمىتماي يازدىم. كېيىنراق («خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ» ناملىق بىر) كىتاب قىلىپ تارقاتتىم. بەزى بىر زىيالىيلاردىن، دوكتورلاردىن قاڭقىپ چىققان ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ قالدىم: كىتاب بولامدۇ ئۇ؟ بىر پارچە ئەخلەتقۇ! - دېگۈدەكمىش.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ زىيالىي، دوكتورلىرىمىزدىمۇ ئاۋام پۇقرالارنىڭكىگە ئوخشاش، ساددا ھېسسىيات بار- دېگەن گەپ. يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك بارىسىدا زىيالىيلار ئالاھىدە ئاڭ، ئالاھىدە تەپەككۇرغا ئىگە ئەمەس. ئۇلاردىمۇ ساددا ھېسسىيات مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ يېڭىدىن پارتىلاپ چىققان ۋەتەن- مىللەت سۆيگۈلىرى، قانداقتۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن كەلگەن ئاڭلىق ئىنكاس بولماستىن بەلكى، ئاۋام پۇقرالارغا ئوخشاشلا يۇرتىنى سېغىنىش، تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت كىشىلىك ۋە ساددا ھېسسىياتلىرىنىڭ قايناپ تاشقانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلاردىكى ھەممىگە ئورتاق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك،

مىللەتچىلىك قانداقتۇر تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدا ئورۇنلاشقان ئاڭ بولماستىن، ئەكسىچە دەرھال غىدىقلىنىپ، تېز بېسىقىپ كېتىدىغان ھېس- تۇيغۇنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ خىل كەيپىيات كېيىنكى بىر يىلدىن بۇيان تەكرار سىناقتىن ئۆتتى. بىر ئاز كېڭەيتىپ ئېيتساق، خىتاي دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقانلار، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمىغانلار، خىتايغا باش ئەگمىگەنلەر، خىتايغا قارشى ئىسيان قىلغانلار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن تۇققانلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكىلەر بولاتتى. بۇنداق جازاغا ئۇچرايدىغانلار ئارىسىدا ئەمەلدارلار، خىتاي ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدا ئورنى بارلار يوق بولغاچقا، زىيالىي، دوكتورلارنىڭ ھېسسىياتى بىۋاستە زەخمىگە ئۇچرىمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇچۇن زىيالىي، دوكتورلارنىڭ دەرت- ھەسرەتلىرى ئاڭلىنىپ باقمىغان. بىراق بىر يىلدىن بۇيان قارا - قويۇق ھەرقانداق ئۇيغۇر خىتاينىڭ ئاممىۋى جازاسىغا ئۇچراۋاتقان بولغاچقا، جازالىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كادىرلارمۇ، ھاللىقلارمۇ، مائارىپچىلارمۇ بولغاچقا، چەتئەلدە دەرتسىز، ئازاپسىز بىخىرامان ياشاۋاتقان دوكتور، زىيالىيلارنىڭ تۇققانلىرى، ساۋاقداشلىرى، يېقىنلىرىمۇ جازادىن ئامان قالالمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېسسىيات باسقۇچىدىكى ساددا ئاڭلىرى غىدىقلىنىپ، ئادەتتىكى دەرتمەن ئۇيغۇر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ قالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ «كەڭچىلىك» بولۇپ قېلىشتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ ئاشرادات دېيىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار ساددا ھېسسىياتلىرىنى كونترول قىلىشنىمۇ بىلىدىكەن. ئاۋاملارغا ئوخشاش پىتنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىۋەتمەي، يەنى ۋارقىراپ كوچىنى چىقىۋالماي، نامايىش قىلىسىمۇ خىتايىنى بەك رەنجىتىۋەتمەيراق بەك سەت تىللاپمۇ كەتمەيراق، ئۇ ياق، بۇ ياقلارغا خەت يوللىغاچ، فىسبووكلاردىن يېڭى پوچتا قۇتىسى ئېچىپ راس- يالغان ناتونۇش ئىسىم، تەخەللۇس قوللىنىپ، پەردە ئارقىسىدىراق تۇرۇپ ئىنكاس يېزىپ، بىر ياقتىن زېدىلەنگەن ھېسسىياتلىرىنى بەزلىگەچ، بىر ياقتىن يولنىڭ تېزراق ئېچىلىپ كېتىشىنى كۈتۈشمەكتە. دوكتور، زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭى بىلەن ئاۋام پۇقرالارنىڭ ساددا ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا، چېكىنىش يولىنى ئويلاپ قويۇشتا كۆرۈلىدۇ. ئاۋام پۇقرالار كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا سەكرەپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتىغا بارىدىغان يولى ئېتىلىپ قالىدۇ. (كۆپىنچىلىرى بىر قېتىم قىلغان تەلۋىلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پۇشمان قىلىدۇ) دوكتور، زىيالىيلار بولسا ھەر ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىنىدۇ. يۇرتىنى بەك سېغىنىپ كەتسىمۇ، تۇققانلىرىغا بەك چىدىماي قالسىمۇ، يەنىلا لىۋىنى چىشلەپ، زامانىنىڭ ئۆڭشىلىپ كېتىشىدىن ئۈمىتۋار ياشاپ تۇرىدۇ. شۇڭا قىممەت جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ، يەنى زىيالىيلار بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مىللەتچىلىكى: بېرىشى چەكلىنىپ قېلىۋاتقان يۇرتىنى سېغىنىشتىن ۋە جازاغا ئۇچراپ كېتىۋاتقان ئاتا- ئانىسىغا، تۇققانلىرىغا، يېقىن يورۇقلىرىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشتىن ئارتۇق مەناغا ئىگە ئەمەس. يىللاردىن بېرى دوكتور، زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ۋەتەن-مىللەت ئىشلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان كەيپىياتلىرىدا، جىددى خاراكتېرلىق بۇرۇلۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم يۇقىرىدىكى

قاراشنى تەستىقلاپ تۇرماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭى ھېسسى قىزىقىش ۋە ھېسسى ئىنكاستىن ھالقىغان، تەپەككۇر بىلەن مۇجەسسەملەشكەن ئەقىل پائالىيىتى ھېسابلانمايدۇ. ۋەتەن- مىللەتنى سۆيۈش، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بارلىقنى پىدا قىلىش روھى بىلەن يېتىلگەن، ۋەتەن- مىللەت ئۈچۈن مېھنەت قىلىش تەربىيىسى بىلەن توغرا كۆز- قاراشقا ئىگە بولغان كىشىلەر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇدۇم قالدۇرۇپ ماڭدى. ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن ھەربىر دەۋر، ھەر قايسى جەمئىيەت تۈزۈملىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتنى سۆيۈش ئېڭىنى سىڭدۈرۈپ ماڭدىغان يېتەكچىلەر بۇ خىسلەتنى كۈنىمىزگىچە ئۇلاشتۇرماقتا. لېكىن مىللى مائارىپىمىزنىڭ سىستېمىلىق راۋاجلىنىشىغا قارشى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، مۇستەملىكىچى زوراۋانلار، كېيىنكى خىتاي باسمىچىلىرى تۈرلۈك تۇمەن توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللى ئاڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويمىدى. شۇ سەۋەپتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭىمىز تا بۈگۈنگىچە ئۇدۇم تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ۋەتىنىمىزدە يولغا قويۇلىۋاتقان مائارىپ، پەقەت مۇستەملىكىچى خىتاي دۆلەت مائارىپى بولغاچقا، ئوتتۇقۇش، ئاڭ، پىكىر يېتىلدۈرۈشتە مىللى تەپەككۇر، مىللى غۇرۇر، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە، تەرغىب قىلىشقا ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي دۆلەت مائارىپىدا قايسى كەسىپتە ئوقىغان بولسۇن، قايسى دەرىجىدە دىپلوم ئالغان بولسۇن بەرى بىر مىللى چۈشەنچە، ۋەتەن- مىللەت ئېڭى ئىلمى ۋە مائارىپ دەرىجىسىدە

شەكىللەنمەيدۇ. دۆلەت مائارىپىدا ئوقۇپ يېتىلگەن بىلىملىك زىيالىي، دوكتورلىرىمىزنىڭ خىتاي دۆلەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان كىملىك ھېسسىياتى، خىتاي ئاققۇنلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان ھېس- تۇيغۇلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ يوت دەسسەپ تۇرىشىغا ۋاقىتلىق تۈرتكە بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭدەك ھەر ئادەمدە يوشۇرۇن ساقلانغان ھېسسىيات ۋە دۈشمەنگە بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن، بىر پۈتۈن مىللىي ئاڭ شەكىللەنمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي ساھەدىكى ئوقۇتۇش ۋە تەلىم- تەربىيە خىزمەتلىرىدىمۇ پەقەت دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ھالال- ھارام، پەرز، چەكلىمە تەرەپلىرىنىلا ئوچۇق ئۆگىتىلىپ، ۋەتەن- مىللەت ھەققىدە بىر كەلىمە سۆزلەنمەيدىغان بولغاچقا، دىنىي ساھەدە ئوقۇپ يېتىشكەن ئۆلىمالارنىڭ قەلبىدە خىتايغا (كاپىرغا) سەت قاراش ھېسسىياتىدىن باشقا، دىنىي مائارىپ ئارقىلىق يېتىلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئېڭى تامامەن يوقسۇلدۇر. بەلكى دىنىي مائارىپ دېگەندىن كۆرە، مائارىپلاشمىغان كلاسسىك ئۇسۇلدا دىنىي ئۆگىنىش- دېيىلسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. مەيلى ۋەتەننىڭ ئىچىدە كلاسسىك ئۇسۇلدىكى دىنىي ئۆگىتىشتە بولسۇن، ياكى ئىسلام ئەللىرىدە يېڭىچە دىنىي مائارىپ ئۇسۇلى بىلەن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىشتا بولسۇن، ھېچ بىرىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئۇچۇر چاغلىق مەلۇمات، بىلىم ئۆگىتىلمەيدۇ. ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىسلام تارىخى بىلىملىرى قاتارىدا، شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئىسلامغا قوتقان تۆھپىلىرى دەرسلىك قىلىپ ئۆگىتىلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ مىللىي ئىنقىلاپلىرىمۇ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بىر

قىسمى سۈپىتىدە، مىللىي مائارىپ شەكلىدە سىڭدۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئوقۇپ، دىنىي بىلىم ئالغان ئۆلىمالىرىمىز ئۇيغۇرچىلىقتىن، مىللىي ئاڭ، مىللىي تەپەككۇردىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەرەبچىلىكنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئەمەس، ئەرەبلەرنى سۆيىدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى ئەمەس، قۇددۇسنى سۆيىدىغان، ئۆز خەلقىگە ئەمەس پەلەستىنلىككە كۆيۈنىدىغان، ۋەتەندىن، مىللەتتىن شۇنچىلىك يىراقلاشقان، ئۆزى، تىلى، تۇرقى ئۇيغۇر ئەمما ئاڭ- تەپەككۇرى، چۈشەنچىسى، ھەتتا ھېسسىياتىمۇ ياتلىشىپ كەتكەن «مۇسۇلمان ئۆلىما» بولۇپ قالدى.

مەيلى دىنىي ساھەدىكى بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئۆلىمالىرىمىز بولسۇن، مەيلى پەن- كەسپىي ساھەسىدىكى دوكتور، زىيالىيلىرىمىز بولسۇن، ۋەتىنىنى، مىللەتنى قانداق سۆيۈش، قانداق قوغداش ۋە قانداق قۇتقۇزۇش توغرىسىدا سىستېمىلىق مىللىي ئاڭدىن يوقسۇلدۇر.

ۋەتىنىمىزدە خىتاي فاشىستلىرى ئۇيغۇرلارنى «مىللىتىم» دېيىشتىن تولۇق چەكلەيدۇ. ئەگەر بىر ئۇيغۇر: مىللىتىم دېمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ئۇلاپ: جۇڭخۇا ئېلىم- دېيىشى لازىم. شۇنداق چەكلىمە ۋە بېسىم ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئاڭنى زەھەرلەپ، چۈشەنچە، تەپەككۇر جەھەتتىن تولۇق ئاسسىمىلاتسىيە قىلماقچى. ئەمما شۇنىسى بەك ئېچىنىشلىقكى، چەتئەلدىكى دىنىي تۈس ئالغان، ھەتتا ۋەتەن- مىللەتنىڭ دەردىگە دىنىي شەكىلدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېقىملىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز ۋەتەن- مىللەت دېگەن ئاتالغۇنى راۋان، دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

مىللەت سۆزىنىڭ ئالدى- ئارقىسىغا مۇسۇلمان دېگەن يەنە بىر
ئېنىقلىمىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. ۋەتەن دېمەكچى بولسا، يۇرتىمە
دېگەن سۆزنى قېتىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى ئانام - دېگەن
سۆزگە: «مېنى تۇغقان ئايال» ، ياكى «دادامنىڭ خوتۇنى»
دېگەن يەنە بىر ئېنىقلىمىنى مەنىسىز قوشۇپ قويغاندەك
ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئىككى سەۋەب بار بولۇپ، بىرى
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە مىللى ئاڭ، مىللى چۈشەنچىنىڭ يوقلىقى
يەنە بىرى ئۇيغۇرغا چىش تىرنىقى بىلەن قارشى يېتىلگەن
دىنى تونغا ئورۇنۇپ، مىللەتكە دىن شەكلىدە زىيانكەشلىك
قىلىدىغان ئەپسۇنكەش چالا مولىلارنىڭ: مىللەتچى- دەپ
تىللىشىدىن قورقۇش ۋە مۇجاھىتلارنىڭ تېرىسىنى يۈزگە نىقاب
قىلىپ كىيىۋالغان، ساختىپەزلەرنىڭ ئېغۋاسىدىن قورقۇشتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى چۈشەنچىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
مىللەتچىلىك ئېڭىنى ئەقلى تەپەككۇر باسقۇچىغا يەتكۈزمەي
تۇرۇپ، ھازىرغىچە بولۇپ كېلىۋاتقان پەدىگە قويۇپ بېرىلسە،
مىللەتچىلىك ئېڭى ئومۇملاشمىسا، ھەرقانداق دەۋا- تەلەپلىرىمىز،
ھەرىكەتلىرىمىز تىزدىن ئاشالمايدۇ. ئالدىنقىلاردىن بىزگە
مۇكەممەل بىر ئېقىم مىراس قالمىغاندەك، بىزدىن كېيىنكىلەرمۇ
ئىشنى يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن
كېيىنمۇ، خۇددى كۆنىمىزگىچە ئۇدۇملىشىپ كېلىۋاتقان،
سىستېملاشمىغان، يىرىك كۆز- قاراش ۋە پىشمىغان چۈشەنچە
ئادەتلىرىمىز بىلەن مىللىتىمىزنى يېتەكلەيمىز، ئەسىرلىكتىن،
مۇستەملىكىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايمىز دېيىش- خىيالى گەپ
بولۇپ قالىدۇ.

04. 06. 2018

## تۆتىنچى باب

# ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان... سەندە مال يوق،
ئەمدى كەتسە جان كېتەر، ھالىڭ خەتەر..»

ئىنقىلاۋى شائىر، پىداكار زىيالىي ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەپەندىم ئۆزى ياشىغان دەۋر، ئۇيغۇر مىللىتىنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان شېئىرىدا، يۇقىرىقىدەك مىسرالارنى يازغان. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرەش قىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى ئىشلەتكەن. ھەم: ئەي ئۇيغۇرلار، بۇ قېتىم يەنە غەپلەتتە قالساڭ، خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلمىساڭ، دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى كېسىپ، قېنىنى چېچىپ، ۋەتەننى ئازات قىلمىساڭ، سەن يوقىلىسەن!- دەپ، خەۋپلىك، قورقۇنچلۇق سىگنال بېرىش ئارقىلىق، مىللەتنى ئازاتلىق ئۇرۇشىغا يېتەكلىگەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئاخىرقى چاقىرىق، ئاخىرقى سىگنال ۋە ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت دۈشمەندىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتنى كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان كۈرەش چاقىرىقى ئىدى. مۇشۇ چاقىرىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلار خوتەندە، قەشقەردە ئايرىم، ئايرىم ئىككى مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ چاقىرىقتىن ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە يىل كېيىن يەنە بىر قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇردى. بۇ چاقىرىقتىن كېيىن 86 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار يوقالمىدى.

## ئۇيغۇر مىللىتى نېمە ئۈچۈن يوقىلىدۇ؟

مەلۇم بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇتلۇق جەريانى، مىڭ يىللاپ مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ، بەئەينى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان كارۋان قوشۇنىنى ئەسلىتىدۇ. كارۋاننىڭ دەم ئالىدىغان قونالغۇلىرى، يۈك- تاقلارنى يەتكۈزىدىغان نىشانى بولىدۇ. بىراق ئاخىرقى مەنزىلى بولمايدۇ. «كارۋاننىڭ ئاخىرقى مەنزىلى» - دېگەنلىك، ئەسلى مەنەسىدىن ئېيتقاندا - بىر قېتىم يۈك تاشلايدىغان جايدىن ئىبارەت، نىسبىي مەنزىلدۇر. شۇڭا دېيىلىدۇكى: كارۋاننىڭ يولى توختاۋسىزدۇر. كارۋانلارنىڭ سەپىرىدە، يولدا خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇش، ئاپەتكە ئۇچراش، ئۆلۈم- يېتىم دېگەنلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىخەستەلىك قىلغانلار تاغ يوللىرىدا ھاڭغا چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. ئېتى ئورۇقلىرى يولدا چۈشۈپ قېلىپ، ئادىشىپ يوقىلىدۇ. لېكىن كارۋان يوقالمايدۇ. بەلكى كارۋان قوشۇنى يەنىلا سېپىنى تولۇقلاپ يۈرۈشنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. مىللەتمۇ دەل ئاشۇ كارۋاندەك توختاۋسىز ئىلگىرلەيدىغان بىر قوشۇندۇر. مىللەت تەركىبىدىمۇ ھاڭغا چۈشۈپ ھالاك بولىدىغان، يولدا ئادىشىپ، ئىز- دېرەكسىز غايىب بولىدىغان ئاھالىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن - مىللەت يوقالغان بولمايدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىش ھەرگىزمۇ مىللەتتىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇمنى، كارۋاندىن ئىبارەت كونكرېتنى ئوبيېكتىپق

سېلىشتۇرما قىلىپ، بىمەنە گەپ ئۇيناتقانلىق ئەمەس. بەلكى بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى دەل كارۋان قوشۇنىغا ئوخشاشلا، مىللەت تەركىبىمۇ كونكرېت ئادەملەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

«مىللەت يوقىلىدۇ!» - دېگەندىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمىلىك مۇنازىرە بىزدىلا، ياكى بىزدەك «زوۋۇلىسى كىچىك ئۇزۇلگەن» مىللەتلەردىلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان چۈشكۈنلۈك ئەمەس. بەلكى دۇنيادىكى خېلە كۈچلۈك مىللەتلەردىمۇ ئەندىشە پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان، يوشۇرۇن بىر قورقۇنچتۇر. مۇشۇ يەردە كىچىك بىر مىسال كەلتۈرمەكچىمەن: ياپونىيەدە يېزىلىپ، چوڭ مىللەتلەر ئارىسىدا ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلغان، 1985 - يىلى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «يېڭى پەن تېخنىكا ئىنقىلابىنى كۈتۈۋالايلى!» ماۋزۇلۇق كىتاب، ۋەتىنىمىزدە ھېچقانداق غۇل-غۇلا قوزغىمىغان ئىدى. كىتابتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى سېلىشتۇرما قىلىنغان، نۇرغۇن يېڭىلىقلار بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئالاھىدە تەكىتلىنىپ: « كۈنىمىزدىكى تەرەققىيات - ئېنېرگىيە، ئېلېكتېر، يۇمشاق دېتال قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە بولۇش ۋە كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىش تۈرلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇچۇر دۇنياسىغا ماسلىشىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن بولىدۇ. بۇ بىزنى كۈتۈۋاتقان يېڭى بىر ئىنقىلابتۇر. بۇ ئىنقىلابقا ماسلىشالمىغان ھەر قانداق مىللەت يەر شارىدىن ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كېتىدۇ!» - دېيىلگەن ھۆكۈملەر، ئۆزىچە دەھشەت بىر قورقۇنچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئۇ چاغلاردا «پالانچى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىسىدىن

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك تېلېۋىزور ئەكەلتۈرۈپتۇ» - دەپ، تېلېۋىزورنى رەڭلىك رەڭسىزدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشنى ئاران بىلىۋاتقان بولغاچقا، ئېنېرگىيە - دېسە، بېنزىن، سەنەركە - دەپ بىلەتتۇق. ئېلېكتېر - دېسە، ئاخشاملىرى گۈگۈم چۈشكەندە يېنىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۆچۈپ قالىدىغان لامپۇچكىنىڭ ئىچىدىكى توك ئېقىمى - دەپ، بىلەتتۇق. (بۇمۇ شەھەرلەردىكى گەپ) يۇمشاق دېتال - دېسە، شەكسىزكى ئاليۇمىن، قوغۇشۇن - دەيتتۇق. ئەمما «ئۈچۈر» نىڭ «تېلېگرام ئارقىلىق يوللىنىدىغان جىددى پوچتا ئالاقىسى» ئىكەنلىكىدە گۇمانىمىز يوق ئىدى. يەنى ئۈچۈر - دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھامان، چۈشىنىدىغىنىمىز جىددى يوللىنىدىغان ئالاقىنىڭ نامى ئىدى. شۇڭا بىز «ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كېتىش» تىن قورقمىغان. شۇ كىتابتىكى ھۆكۈمنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگىنىگىمۇ 30 يىلدىن ئاشتى. ئۇ كىتابتا بايان قىلىنغان «يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى» نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ يېقىنلاردىن بىلىشكە باشلاۋاتىمىز. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، دۇنيادا بېنزىن، سەنەركە، ئاليۇمىن، لامپۇچكا - دېگەندەك نەرسىلەردىن ھازىرمۇ خەۋىرى يوق ئەمما يەر شارىدىن ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كەتمەي، ياشاۋاتقان نۇرغۇن مىللەتلەر بار. رېئالستىك تارىخ قارىشى، رېئالستىك مىللەت قارىشى بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا، يوقاپ كېتىدىغان نەرسە مىللەت بولماستىن، بەلكى دۆلەتتۇر. كېيىنكى 25 يىل مابەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، يوگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى قاتارلىق دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر يوقالدى. ۋارشاۋا ئىتتىپاقى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياۋروپا ئىتتىپاقى دەسسەۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە

يوگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر، خۇددى كونا تاغارنىڭ يىرتىقىدىن زەدەك تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ چۈشتى.

بىز ئۇيغۇرلار شائىرچە ھېسسىياتقا بەكراق كۆڭۈل بىرىمىز. بىر داڭلىق كىشىمىزنى ماختىماقچى بولغىنىمىزدا، ئۇنىڭ نۇرغۇن خىسلەتلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا «ئوت يۈرەك شائىر» دېگەن سۆپەتنى تىلغا ئالمىساق، بەلكى شۇ مەشھۇر جاناب خاپا بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ. مىللەت يوقىلىدۇ- دېگەن، بۇ ۋەھىمىنى كۆنىمىزدىكىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابى شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئېيتقانغۇ: سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر!- دەپ. بۇ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى جەڭگە چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلغان شائىرانە چاقىرىق. بۇ ئەقلىي ھۆكۈم ئەمەس. چۈنكى ياپونىيىلىكلەر: «يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئۇچۇرغا ماسلىشالمىغان مىللەت، يەر شارىدىن ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كېتىدۇ!»- دەپ، قورقۇتسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇچۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق نۇرغۇن مىللەتلەر سۈپۈرۈلۈپ كەتمەي ياشاۋاتقىنىدەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر: مال- مۈلكۈڭ يوق، ئەمدى كەمبەغەللىكتە يوقىلىسەن !- دەپ، 86 يىلدىن كېيىنمۇ، بىز شۇنداق نامرات تۇرۇقلۇق يەنە ياشاۋاتىمىز، يوقالمىدۇق.

پالانى مىللەت مۇنداق قىلمىسا يوقىلىدۇ! ياكى پالانى مىللەت مۇنداق قىلسا يوقىلىدۇ!- دېگەن گەپلەر، بىر بولسا تەخمىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەز. يا بولمىسا شائىرانە ھېسسىياتقا ماسلاشقان ھېسسىي خۇلاسىدۇر. شۇنىڭدەك يوقالماسلىق ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈش، (مەسىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

چاقىرىقىدەك) ياكى رەقىبىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋەھىمە پەيدا قىلىش، (مەسىلەن ياپونلۇقلارنىڭ ھېلىقى كىتابىدا بايان قىلىنغىنىدەك) قاتارلىق تاكتىكىلاردىمۇ «يوقىلىدۇ، يوقالمايدۇ» ـ دېگەن شۇئارلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

كۆنىمىزدە قايسى زوروُرىيەت تۈپەيلىدىن: «ئۇيغۇر مىللىتى يوقىلىپ كېتىدۇ!» دەپ، مىللەتنىڭ پىشانىسىگە ئۆلۈم خېتىنى چاپلايدىغان بولۇپ قالدۇق؟ ئۇيغۇر مىللىتى قاچان، قانداق شەكىلدە يوقىلىدۇ؟ ئۇيغۇر مىللىتى كىملەر تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ؟ ناخشا ئۇسسۇلچىلار يوقىتامدۇ؟ رادىكال دىنچىلار يوقىتامدۇ؟ قارا پۈركەنچۈكلۈك رادىكال ئاياللار يوقىتامدۇ؟ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ھۆرۈن مولىلار يوقىتامدۇ؟ مۇناپىقلار سېتىپ يوقىتامدۇ؟ خىتايغا قارشى ئازاتلىق ئورۇشى قوزغاپ، دەرھال مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋالمىسا يوقىلامدۇ؟ خىتاي چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمنى ئىجرا قىلىپ يوقىتامدۇ؟ ئۇيغۇر مىللىتى زادى نېمىشقا يوقىلىدۇ؟

مىللەتنىڭ يوقىلىشىنى ئالغا سۈرىدىغان ئامىل تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك مەنىۋى، ماددىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

1. ئۆز ۋەتىنىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ يات ئەللەرگە تۈركۈملەپ تارقىلىپ كېتىشى، شۇ مىللەتنىڭ بۆلۈم، بۆلۈم بويىچە يوقىلىشىنى ئالغا سۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن ياۋروپا ھۇنلىرىغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى ھازىرقى ھۇنگرىيەدە پۈتۈنلەي يوقىلىش گىرداۋىدا ئىڭراۋاتىدۇ.

2. يات مىللەت ئاھالىسى بىلەن ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن، دىنى ئەقىدىلىرىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىدىن چېكىنىپ، يات مىللەت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە، مەدەنىيەتلىرىگە، دىنىغا كىرىپ كېتىش قاتارلىق مەنىۋى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرمۇ، شۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشىنى تېزلىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ۋەتىنىمىزگە، شۇ جۇملىدىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن چىڭگىزخان قالماقلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېرىتمىسىگە تاقابىل تۇرالماي، دەسلىۋىدە مۇسۇلمانلىشىپ، كېيىنچە پۈتۈنلەي سىڭىپ يوقىلىشى، شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرقى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭمۇ سىڭىپ كېتىشلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

3. مەلۇم بىر دۈشمەننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يەنە بىر كۈچلۈك ئىتتىپاقداش مىللەتنىڭ پاناھلىقىغا كىرىشمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سېتراتېگىيىگە دۇچ كەلسە، مىللەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىن. مەسىلەن: مىسىر قىبتىلىرىنىڭ، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە بەربەرلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش. مىسىردىكى قىبتىلار رۇملۇقلارنىڭ زۇلمىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەرەپلەرنىڭ تولۇق پاناھلىقىغا ئۆتتى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆزلىرىمۇ ئەرەبلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدەك، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە قاتارلىق ئەللەردىكى بەربەرلەر ئىتالىيانلاردىن، فرانسۇزلاردىن، گېرمانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئەرەپلەرنىڭ پاناھلىقىغا كىردى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە تولۇق ئەرەبلىشىپ كەتتى. بۇ

ئەللەرگە كەلگەن ئەرەبلەر پەقەت مەمۇرى ئەمەلدارلار ۋە دى
تەلىم بەرگۈچى ئۆلىمالار، ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرل
ئىدى.

4. زور كۆلەمدە دۈشمەن قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كىلىپ يۇقرالارنى ئاممىۋى قىرغىن قىلىپ، دىنىدىن، مىللىي مەدەنىيەتلىرىدىن، ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن، ئانا تىلىدىن مەجبۇرى چېكىندۇرۇشى، ئەسىر ۋە جازاغا مەھكۇم بولغان مىللەتنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن...

يۇقرىقىدەك ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەقىقەتەن خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەستىن چىقىرىۋەتمەسلىك لازىمكى، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ يوقىلىشى- دىگەنلىك، شۇ مىللەتكە تەۋە بولغان ئادەملەرنىڭ يوقىلىشى دىگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى مىللەتنى ئىسپاتلايدىغان كىملىك، بەلگە، خاسلىق يوقىلىدۇ- دىگەن گەپ. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدا، نوپۇسىنىڭ ئاز كۆپلۈكى بىرىنچى، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. بەلكى نوپۇسىنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىچكى يېقىلغۇ (ئىچكى يادرو، ئېنىرگىيە) ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. مىللەتنىڭ ئىچكى يېقىلغۇسى شۇ مىللەت تولۇق شەكىللىنىپ، تولىمۇ ئۇزۇن دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كىيىن، سان - ساناقسىز مۇشكۈلاتلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىن كىيىن ھاسىل بولىدىغان جەۋھەردۇر. مەسىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنى مىسالغا ئالساق، ھازىرقى ئىسلامى مەۋجۇتلۇقىمىز ئىلگىر- ئاخىر بولۇپ مىڭ يىلدىن ئاشقان بىر تارىخنى ئارقىدا قالدۇرغان ۋەزىيەتتە تۇرماقتىمىز. يەنى

«مۇسۇلمانلىق، ئۆزىمىزگە خاس مەدەنىيەت، ئايرىم مۇكەممەل تىل- يېزىق، خاس ئۆرپ-ئادەت، خاس جۇغراپىيىلىك ئورۇن»، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرگەن قورۇلمىدۇر. بۇ قورۇلمىغا قاتنىشىۋاتقان بۆلەكلەرنىڭ ھېچ بىرى ئايرىم ھالدا مىللىتىمىزنىڭ ئىچكى ئېقىلغۇسى بولالمايدۇ. چۈنكى مىللەت شۇ بۆلەكلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن خاسلىققا ئىگە بولغان. ھەم شۇ خاسلىق بىلەن مىللەت بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمدى بۇ ئىچكى ئېقىلغۇنى بەزىدە مىللى ئىرادە، بەزىدە مىللى روھ، بەزىدە مىللى غۇرۇر- دەپ، بايان قىلىپ كېلىۋاتىمىز. شۇنداق بولىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە ئۇ ئېقىلغۇ، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئاقسۆڭەكلىك ئىكەندۇر. بۇ ئاڭ زورۇر تېپىلغاندا ئاكتىپلىشىپ، باشقىلارنى، يەنى ياتلارنى ئېرىتىپ، ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. بەزىدە- زورۇر تېپىلغاندا پاسسىپلىشىپ، باشقىلاردىن يىراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇ: «بىز ئاقسۆڭەك » دېمەكتۇر.

«مىللەت ئۇرۇشتا ئۆلمەيدۇ، سۈكۈتتە ئۆلىدۇ» - دېگەن سۆز، كىم تەرىپىدىن، قايسى مىللەتتىن ئېيتىلغانلىقى ئېنىقسىز. ئەمما ئېنىق بولغىنى شۇكى، بۇ سۆزنى ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بىرەر خەلقنىڭ رەھبىرى، كۈرەش يولباشچىسى ئېيتقان. ئەگەر مۇشۇ سۆز تارىخى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولسا، ئەقلى تەپەككۇرغا، مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولسا، شۇنىڭدەك سىياسى تەپەككۇرغا ئۇيغۇن بولسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇر مىللىتى نېمىشقا يوقىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلار قاچان سۈكۈت قىلغان؟

سۈكۈت نېمە دېمەك؟ سۈكۈت - بىر ئىشقا ئۇچۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرمەي، ئاۋاز چىقارماي جىم تۇرۇش- دېگەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بولسا ھەق- ناھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىپادە بىلدۈرۈشتىن باش تارتىپ، بىر تەرەپ تۇرۇش - دېگەن بولىدۇ. سىياسىي، تەشكىلىي مەسىلىلەردە پوزىتسىيە بىلدۈرمەي بىر چەتتە تۇرۇش دېگەن بولىدۇ. ئىنقىلاب مەزگىلىدە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىن باش تارتىپ، ئۆز ئىشىنى قىلىش دېگەن بولىدۇ. ئەمما ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان، مىللىتى ئەسىر ئېلىنغان خەلققە نىسبەتەن سۈكۈتنىڭ مەناسى - دۈشمەنگە ئەقلى ۋە ھېسسىياتى بىلەن تەسلىم بولۇش، ماددىي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىر پۈتۈن قۇل بولۇپ كېتىش-دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تولۇق ئەسىرلىككە چۈشكەن 70 يىلدىن بېرى، كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. خىتاينىڭ تۇراقسىز دۆلەت سىياسىتىدە ھەر قېتىم بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالا- قازا يېغىپ تۇردى. ئۇيغۇرلار تارتىۋاتقان نۆۋەتتىكى زۇلۇم، 70 يىلدىن بېرى تارتىۋاتقان زۇلۇمنىڭ بىر تۈرى. ئۇيغۇرلار تولۇق تەسلىم بولۇپ سۈكۈت قىلغان بولسا ئىدى، بەلكى بۈگۈنكىدەك ئازاپقا قالمىغان، بۈگۈنكىدەك جازاغا مەھكۇم بولماس ئىدى. خىتاينىڭ ھازىرغىچە ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك زۇلۇملىرىنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرنى باش ئەگدۈرۈش، ئەقلى، ھېسسى ۋە روھىي جەھەتتىن تولۇق سۈكۈت قىلدۇرۇش بولۇپ، لېكىن ئۇيغۇرلار ھەر قانداق جازانى تارتىشقا تەيياركى، باش ئېگىشنى رەت قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن بۇرۇن باش ئېگىپ، تەسلىم بولۇپ، سۈكۈتكە كۆنگەن

بولسا، بۇ كەمگىچە خىتايلىشىپ بولاتتى. ئۇيغۇرنى زۇلۇم بىلەن، جازالاش بىلەن، ئۆز مەيلىچە خىتاي بولۇشنى قوبۇل قىلدۇرالمىغان خىتاي دۆلىتى، بۈگۈنكىدەك ئاخىرقى جازانى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. ئەگەر تارىخنىڭ بىرگە چىقارغان ھۆكۈمى، ئۇيۇستىمىزدىن ئىلان قىلغان جازانامىسى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتى بۇ تۇپراقتا ياشىمايدۇ- دېگەندىن ئىبارەت بولسا، دەرۋەقە ئۇ تۇپراق ئۇيغۇرسىز قېلىشى مۇمكىن. ئەمما يەنىلا ئۇيغۇرلار يوقالمايدۇ.... چۈنكى ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى. ئاللاھ ئۇيغۇرلارغا ۋەدە قىلغان، ئەجدادلىرىمىز ئات چاپتۇرغان تۇپراقلار بىپايان يېيىلىپ يېتىپتۇ....

ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتىدۇ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى بەك خەتەرلىك؛ پات يېقىندا ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتىدۇ- دېگەندەك، ۋەھىمىلىك سۆز- ئىبارىلەرنى تۇنجا قېتىم چەتئەلدە، ئەركىن دۇنيادا ئاڭلىغان بولدۇم. بولۇپمۇ 70 يىللىق مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە يۈرگۈزگەن سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدىكى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ماقالىلىرىدا كۆرگەن ئىدىم. بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوقىتىش سىياسىتىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل نىشان قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن چېچەنلەر يوقىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇرچە سۆلەپ، ئۇيغۇرچە يېزىپ تۇرۇپ يەنە: ئۇيغۇرلار پات يېقىندا يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ- دېگەن ئىبارىلەردىن ۋاز كەچمىگەن ئىكەن. تۇغۇلۇپ شۇ كۈنلەرگىچە ۋەتەندە ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ يات ئىبارە بىلەن تۇنجا قېتىم ئۇچراشقىنىمدا، شۈنچىلىك شۈركەنگەن ئىدىم. بۇ گەپنى مىللەتنىڭ كونكرېت ئاھالىسىگە قارىتا يەككىلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا: ھەي توختاخۇن

سىنىڭ قوپۇرۇقۇڭنى قوم بېسىپ، ئىزىڭ ئۆچىدۇ؛ كۆلۈڭ كۆككە سورۇلۇپ، جەددى جەمەتىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىدۇ! — دېگەن بولاتتى. مەن، ۋەتەن - مىللەت توغرىسىدا ھېچقانداق نەزەرىيىۋى چۈشەنچىسى بولمىغان تەقدىرداشلىرىمنىڭ، قاندا ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، شۇنداق ماقالىلارنى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدىم. بىرلىرى: خۇد بىلىدۇ - ئۇيغۇرنىڭ يوقىلىش - يوقالماسلىقىنى - دەپ، توگىلۇق قىلىپ، بۇ ھۆكۈمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قۇتۇلدى. بەزىلىرى بولسا، ئېغىر ئۆكۈنۈش ئىچىدە ۋەھىمىلەندى. ئاشۇنىڭدەك مەزمۇنغا ئىگە ماقالا ۋە تۈرلۈك يازمىلار ئۈستىدە ئۇزۇن يىللاپ سىناق قىلىپ كۆردۈم. «ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتىدۇ» دېگەن بۇ ھۆكۈمنامە پەقەت ئالدىن قىلىنغان پەرەزگە ئائىت پىكىرلەر بولۇپ، نە مىللەتشۇناسلىق، نە ئىنسانشۇناسلىق، نە جۇغرا - سىياسى شۇناسلىق كەسپىگە ئائىت ئىلمى تەھلىل، ئىلمى كۆز - قاراش ئەمەس. ھەم تولۇق سىناقتىن ئۆتكەن نەزەرىيى ئاساسىغا ئىگە ئۇقۇم ئەمەس. بەلكى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەن، ئادەتتىكى، كۈندىلىك سىياسى پىكىر بولغاچقا، ئاۋام پۇقرالارغا نىسبەتەن پايدىلىنىش قىممىتى زادىلا يوق نەرسە ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ روھىنى سۇندۇرىدىغان، زېھنىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، ناچار كەيپىيات شەكىللەندۈرىدىغان رولغا ئىگە، ئەپسۇندىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن.

بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ «ئۇيغۇرلار پات يېقىندا يەر يۈزىدىن يوقىلىدۇ!» - دېگەن ھۆكۈمنى فورمۇلا شەكلىگە كىرگۈزەيلى. ئاندىن مىللەت ئاھالىسىنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلۈك گۇرۇپپىغا

يىغىنچاقلاپ، شۇ گۇرۇپپىدا سىناق قىلىپ، قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى- دەپ پەرەز قىلساق، ئوقۇتقۇچى: ساۋاقداشلار، سىلەر ياخشى ئوقۇپ نەتىجە ياراتمىساڭلار، ھەممەڭلار يوقىلىسىلەر! ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتمىسەڭلار، سىلەر جەزمەن يوقىلىشقا مەھكۇم! بىلدىڭلارمۇ؟ - ئوقۇتقۇچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ھايات- ماماتلىقى توغرىسىدا بۇنداق ۋەھىمىلىك ئۇچۇرنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلاردا، قايسى خىلدىكى روھى كەيپىيات شەكىللىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشى، ياخشى ئوقۇشىغا باغلىق بولۇپ قالغاندا، جەزمەنكى ئۈچ تۈرلۈك چوڭ بېسىمنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. بىرىنچىسى يوقۇلۇش خەۋپى، ئىككىنچىسى ياخشى ئوقۇش بېسىمى، ئۈچىنچىسى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش بېسىمى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشى، ناچار بولىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان نەرسە مۇھىتتۇر. ئوقۇغۇچىلارغا قارشى پەقەت ياخشى ئوقۇپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىرلا بېسىم بولىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېسىمنى ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرەلمەيدۇ. نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلار بىلەن نەتىجىسى ناچار ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدىكى بارلىق تەتقىقات ۋە سىناقلار شۇنى ئىسپاتلىغانكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن باشقا ھېچقانداق دەردى بولماسلىقى كېرەك. مەكتەپتە مۇئەللىمدىن تارتىپ ساۋاقداشلارغىچە ھېچكىم دەخلى- تەرۇز قىلماسلىقى، ئائىلىدە ئاتا- ئانىسى، قېرىنداشلىرى بوزەك قىلماسلىقى، ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھېچنەرسىدىن تەڭلىك تارتماسلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لازىملىق خىراجەتتىن قىسىلماسلىقى، ئىشقىلىپ ئوقۇغۇچى ئۆز كۆڭلىدە قولىنى نەگە ئۇزارتسا شۇ يەرگە يەتكەن بولىشى لازىم. ئەكسىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، غورۇرى زېدىلەنسە، ئائىلىدە ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئىززىتى يەرگە ئۇرۇلسا، شۇنىڭدەك ئاتا-ئانا ماجىراسى، ئوقۇش ماتېرىيالىنىڭ غېمى، خەجلىك قىيىنچىلىقى قاتارلىق ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇنداق ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇش نەتىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ناۋادا كۇتۇلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇشتا نەتىجىلىك بولۇپ قالغاندىمۇ، ئادىمىلىكى كەمتۈك بولۇپ چىقىدۇ. كېيىن ئۇ كادىر بولۇپ قالسا، پارىخور، بانكىچى بولۇپ قالسا خىيانەتچى، سودىگەر بولسا ئالدامچى بولۇپ، قىسقىسى بەدبەختىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئوقۇغۇچىغا ئوقۇشتىن باشقا بېسىمنى يۈكلەش نەتىجىسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبنىڭ بىرىدۇر. يەنى يوقىلىشقا مەھكۇم قىلىنغان ۋە ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش بولسا، ياخشى ئوقۇشىغا باغلىق بولۇپ قالغان بۇ ئوقۇغۇچى گۇرۇپپىدىكى ئۇيغۇرلار نەتىجە قازىنالمايدۇ.

يوقىلىشقا مەھكۇم بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنى، بىر گۇرۇپ ئەسكەر-دەپ، پەرەز قىلايلى. ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشتى. بۇيرۇقنىڭ مەزمۇنى: دۈشمەن قوشۇنى بەك كۈچلۈك، ۋەھشى، سانى بەك كۆپ. ئەسكەرلەر ئۆزىدىن چەكسىز ئارتۇق كۈچكە ئىگە دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۆز هاياتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. جەڭدە يېڭىلىپ قالسا، هايات قالمايدۇ. جەڭگە قاتناشماي گازارمىدا ياتسىمۇ هايات قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ هايات قېلىشى جەڭدە غەلىبە قىلىشقا باغلىق. ئەسكەرلەرگە

چۈشكەن مەزكۇر بۇيرۇق ھەربى قائىدىسىگە تامامەن خىلاپ بولغان بۇيرۇقتۇر. چۈنكى ئەسكەرلەرگە ھېچقاچان، ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىش بۇيرۇقى چۈشمەيدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن بۇيرۇقنى ئادا قىلىشتۇر. ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتنىشىدىغان ئەسكەرلەر قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. قوماندان: ئالغا- دەپ بۇيرۇق چۈشۈرسە، ئالغا باسىدۇ. چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرسە چېكىنىدۇ. ئات- دېسە، ئاتىدۇ. يات- دېسە ياتىدۇ. قارشى تەرەپتىكى گازارمىدا خىل قوراللانغان مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى بار. بۇ گازارمىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئون كىشىلىك ئەسكەرگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ھەر بىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتى بار. ئون كىشىلىك ئەسكەر قوشۇنى ئۆزىدىن يۈز ھەسسە كۆپ ھەم كۈچلۈك دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلماقچى. بۇ يەردە ئەسكەرنىڭ بىرلا ۋەزىپىسى بار. ئۇ بولسىمۇ پىلان بويىچە دۈشمەننىڭ گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ ئەسكەرلەرگە: ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى يوقىتىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ ھايات قالىدىغانلىق ۋەزىپىسى يۈكلەنسە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلمايتۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۆلۈپ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر گازارمىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشكەن ئەسكەرلەر ئۆلۈم كوماندىسى- دەپ، ئاتىلىدۇ. ئۇلار ھەربى بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ، ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ بولغان ۋەزىيەتتە. لېكىن دۈشمەننى يوقۇتۇش بەدىلىگە ھايات قېلىشتىن ئىبارەت غەيرى ھەربى بۇيرۇقى ئۇلارنى روھى جەھەتتىن سۇندۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. روھى ئۆلگەن بۇ ئۆلۈم كوماندىلىرى ياكى دۈشمەننى گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىشتىن باش تارتىدۇ، ياكى بولمىسا گازارمىغا ئەجەللىك ھۇجۇم قىلماي، تەسلىم بولىدۇ. دېمەك ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنى يوقىلىشتىن قۇتقۇزالمىدى.

شۇنىڭدەك يوقىلىشقا مەھكۇم بولغان ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپ دىپلوماتىك خادىم- شەكىلدە پەرەز قىلىپ باقايلى. دىپلوماتىك خادىملار دوست- دۈشمەن ۋەزىيەتتىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشتۇر. ناۋادا خاتالىق سادىر قىلمىغان ھالەتتە دىپلوماتىيىدە يېڭىلىپ قالسا، تامامەن نورمال ئەھۋال. لېكىن ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇر دىپلوماتلارنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن قارشى تەرەپنى يېڭىشى لازىم. بىراق قارشى تەرەپتىكى دىپلوماتىك خادىملار كۈچلۈك ھەم مۇتىھەم بولغاچقا، ئۇلارنى يېڭىش ئېھتىماللىقى يوق. ئۇيغۇر دىپلوماتىك خادىملىرى ھەم ۋەزىپە ئۆتەش، ھەم ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك دىپلوماتلارنى يېڭىشلىرى شەرت. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جەزمەنكى ئۇلار ئۇستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلمايتۇرۇپ تارقىلىپ، قېچىپ كېتىشلىرى كېرەك. دېمەك، ئۇلار ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ يوقىلىشقا مەھكۇم. تارقىلىپ كەتسىمۇ يوقىلىشقا مەھكۇم.

ئۇيغۇرلارغا قارىتا يوقىلىدۇ- دەپ، ھۆكۈم قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ يوقالماسلىقىغا ئامالى ھەم يوق. ئۇيغۇرلار كېيىنكى 30 يىلدا يوقىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى بەك خەتەر. كېيىنكى 50

يىلدا يوقىلىپ كېتىدۇ- دەپ، ھۆكۈم قىلىنغانىكەن، ئۇنداقتا يوقالماسلىق ئۈچۈن، كۈرەش قىلىشقا چاقىرىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ياكى يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆلسۇن- دەپ، قوزغاپ چىقىپ، يوقىلىشنى تېزلىتىش مەقسەت قىلىنامدۇ؟

پۇتۇن بەدەن ھۆجەيرىلىرىنى راك كېسىلى قاپلاپ كەتكەن، بىر بىمارغا قارىتا دوختۇر: بۇ ئادەمنىڭ ئالتە ئايلىق ئۆمرى قاپتۇ- دەپ، دىئاگنوز قويسا، يەنە ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق دورىلارنى يېزىپ بەرسە، بۇ يەردە چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق، ياكى ئالدامچىلىقنىڭ شەپىسى بولىدۇ. ياكى دىئاگنوز يالغان، ياكى ئۆلىدىغان كېسەلنى ئالداپ دورا ساتماقچى.

ئۇيغۇرلار پات يېقىندا يوقىلىدۇ- دېگەن ھۆكۈم ئاساسەن ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە ھەم كۆپ تەكىتلىنىدۇ. دەرۋەقە تۇرلۇك سەۋەب بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن يات تۇپراقلاردا، يەردە يىلتىزى، ئاسماندا يۇلتۇزى يوق، چۆللۈكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قامقاقتەك، غېرىب بىر ھالەتكە كىرىپ قالغان مۇھاجىرلارنىڭ، تەپەككۇر چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىشى تەبى ئەھۋال. شۇنىڭدەك بەزى غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇرلارنىمۇ يوقۇلۇش خەۋپىدە قالغان مىللەتلەرنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈۋالغانلىقى ھەم، پات يېقىندا ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتىدۇ! دەپ، قايغۇرىدىغان، ۋەھىمە يەيدىغان، تېخىمۇ ئېغىر پاراكەندە بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بولىشى مۇمكىن.

تارىخ پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور قاخار بارات ئەپەندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2006. يىللىرى «چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى يىل پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ؟» دېگەن تېمىدا ئىلمى، نەزەرىيە ئاساسقا ئىگە بىر ماقالا ئېلان قىلغان ئىدى. دوكتور قاخ بارات ئەپەندى ئۇ ماقالىسىدا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى يوقۇلۇپ كېتىشىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەب، نەتىجىلىك تەسەۋۋۇرنى بايان قىلغان. ھەتتا نېمە ئۈچۈن يوقىلىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوبرازلىق مىسالنىمۇ كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ماكان ۋە شارائىت جەھەتتە پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان چەتئەلدىكى تارقاق، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزنى ئاساس قىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى يوقىلىپ كېتىدۇ- دەپ خەۋپسىرەش، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىدىن قىلچە ئىلمى ئاساسقا ئىگە بولمىغان، ئەجنەبىي تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئۇيغۇرلارنىمۇ، باشقا مەدەنىيەتلەر قايىنىمىدا چۆكۈپ، يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىدە قالغان مىللەتلەرنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويغان تەخمىنلىرى» گە ئاساسلىنىپ: ھە، مانا ئۇيغۇرلار 50 يىلغا قالماي يوقىلىپ كېتىدىكەن- دەپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، خەۋپسىرىتىپ، ئالدىن تەسلىمىيەت بىلدۈرۈش بولسا، كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە مەۋجۇتلۇق تارىخى كۈرەش بىلەن يېزىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىگە باب كەلمەيدىغان قورقۇنچاقلىقتۇر. بىز ھېلىمۇ كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ كۈرىشىمىز پەقەت مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ غېمى بولماستىن بەلكى ئىشغال قىلىنغان ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇلۇغۋار نىشان يولىدىكى ھەرىكەتتۇر. چول نىشاننى كۆزلەپ كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەت ئۈچۈن، يوقۇلۇپ

كېتىشىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا تەسلىمچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«جەڭ مەيدانىدا تەسلىم بولۇش- ئەسكەرى قۇۋۋەتنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدىن، سۆھبەت ئۈستىلىدە يېڭىلىش- ئەقىل ۋە سىياسى قۇۋۋەتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەمما ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تەسلىم بولغانلىق - غۇرۇر، ۋىجدان، ئۈمىت، ئىشەنچ ۋە ئىنسانى روھنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.» ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتىدۇ- دېگەن بۇ ھۆكۈم، ھەرگىزمۇ مىللەت ئەزالىرىنى قۇتۇلۇشقا چاقىرغانلىق بولالمايدۇ. ئەكسىچە تەسلىمىيەتنى ئالدىن قوبۇل قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ زېھنىدە زېمىن تەييارلاپ تۇرغانلىق بولىدۇ، خالاس.

ئەمدى گەپنىڭ بىر ئاز بېشىغا قايتىپ كەلسەك، ئۇيغۇرلار قاچانكى ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك خىسلىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىدىن نومۇس قىلىدىغان بولغاندا، ئۆزىنى قوراشتۇرغان قۇرۇلمىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر يولغا قەدەم باسقاندا ئۆز ئىچىدىن كاۋاك ئېچىلىپ، ئىچكى يېقىلغۇسى ئۆچۈشكە يۈزلىنىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقى يوقىلىشنى كۈتۈۋالغان بولىدۇ. دۈشمەن ھەرقانچە كۈچلۈك، ھەرقانچە ۋەھشى، زۇلۇم ھەرقانچە دەھشەتلىك بولغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئېسىل بىر مىللەت ئىكەنلىكىدىن تانمايدىكەن، ئۆزلىكىدە مۇستەھكەم تۇرىدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈش، چېپىش، ئېتىش ئارقىلىق يوقىتالمايدۇ.

2018.06.26

## بەشىنچى باپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىدىكى يوقسۇللۇقلار

ئىنسانلار كىشىلىك ھاياتتا بىرەر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ياكى بىرەر ئېغىرچىلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ھامان يەنە بىر نەرسىگە ئېرىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۈندىلىك زۆرۈرى تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئارتۇقراق پۇلغا ئېرىشىش لازىم. كۆڭۈلسىزلىكتىن، پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خاتىرجەم مۇھىتقا ئېرىشىش كېرەك. نامراتچىلىقتىن جاق تويغان كىشى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلمىسا، ياكى تاپاۋىتىدە ئۆزگىرىش قىلماي، ياكى خىراجىتىدە ئۆزگىرىش قىلماي، ھەجەپ تويدۇم شۇ كەمبەغەلچىلىكتىن- دەپ، بىر ئۆمۈر داتلىسىمۇ، بىرەر يېڭىلىق يۈز بېرىپ، تۇرمۇشىدا ئىلگىرىلەش بولۇپ قالمايدۇ. تۈنۈگۈن تاپقان بەش تەڭگىسىنى تۈنۈگۈن خەجلىۋېتىپ، بۈگۈن ئۈچۈن يەنە بەش تەڭگىگە مېھنەت قىلسا، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش تۈگۈل، ئەكسىچە كەپىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ.

كۈنىمىزدىكى تېخنىكا تەرەققىياتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسى ئاددى، ئىپتىدائى ھەم يىرىك ئادەتتىكى قول

ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت ئىدى. توقۇمىچىلىقنىڭ باشلىنىشى دەسلىۋىدە بارماقنىڭ ئۇچىغا ۋە بارماقنىڭ چېۋەرلىكىگە تايىنىلاتتى. كېيىنچە چىۋىقنى توقۇش ۋاستىسى قىلدى. كېيىنچە رەخت توقۇيدىغان كىچىك تىپتىكى قول دۇكىنى كەشىپ قىلىندى. ھازىرقى بىر مىنۇتتا بەش يۈز مېتىر رەخت توقۇيدىغان زاۋۇتلار، ئەنەشۇ بىر مېتىر رەختنى 15 كۈندە توقۇيدىغان، قول دۇكىنىغا ئاساسەن ئىختىرا قىلىنىپ بارلىققا كەلگەن. ئىنچىكە ئىگىرىلگەن يىپلاردا چۈۋۇق (زىق) بىلەن نەپىس كىيىم- كېچەك توقۇيدىغان ھۈنەرنىڭ باشلىنىشى 10 مىڭ يىلنىڭ نېرى تەرىپىگە تۇتۇشۇپ كەتسىمۇ، لېكىن كۈنىمىزدە ھەم تاشلىنىپ قالغىنى يوق. نۇرغۇنلىغان نامرات ئەللەردە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن، بەزى مۇھىم كىيىملەرنى ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قول بىلەن توقۇسا، باياشات غەرب ئەللىرىدە ھەۋەس ۋە كۆڭۈل خۇشى ئورنىدا، نەپىس توقۇلمىلارنى ئېرىنمەي توقۇش ئادەتلىرى ھېلىھەم داۋام ئەتمەكتە.

ئېغىرلىق كۆتۈرۈشتە كىشىلەر پىشاڭنى پەيدا قىلغان. بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىشاڭدا ئىككى ئەرنىڭ كۈچىنى تېجىسە، ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىشاڭدا ئون ئەرنىڭ كۈچىنى تېجەيدۇ. كۈنىمىزدە ھەر تۈرلۈك كىران، دامكراتلار كەشىپ قىلىنىپ، قانچە ئون توننا ئېغىرلىقنى خۇددى قۇشقاچنى كۆتۈرگەندەك، ھاۋا پەلەكتە لەيلىتىپ يۈرمەكتە. يۈك توشۇش ۋاستىلىرىمۇ دەسلىۋىدە ئادەم كۈچىگىلا تايىناتتى. بىر ئادەم 30 كىلو يۈكنى كۆتىرىپ، بىر كۈندە 30 چاقىرىم مۇساپىنى ئۆلۈم جاپادا باسقان بولسا، كېيىنچە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، بىر ئېشەك بىلەن ئۈچ ئەرنىڭ كۈچىنى تېجىدى. كېيىنچە

ئىككى چاقلىق سۈرەتمە (ھارۋا) ياساپ، ئىشەككە سۆرىت
ئارقىلىق 10 ئەرنىڭ كۈچىنى تېجەيدىغان بولدى. شۇ ئاسا
موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئىخترا قىلىنىپ، چەك
ھېساپلار سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە، ئادەم كۈچىنى تېجەش
ئېرىشتى. ھەرقايسى ساھەدىكى تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى ئاد
كۈچىنى تېجەش، جاپانى ئاز تارتىپ، كۆپ ئۈنۈم يارىتىش
مەقسىتىدە باشلانغان بولۇپ، كېيىنچە ئېھتىياجدىن ھالقىغا
تاپاۋەت، ئېھتىياجدىن ھالقىغان بايلىق ئۈچۈن ۋاستە ئورنى
قوللىنىدىغان ھالغا يېتىپ كەلدى. يۇقىرىقىدەك ۋاستىلەرنى
قوللىنىشتا، مەيلى قىيىنچىلىقتىن، ئامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى
مەقسەت قىلغان بولسۇن، مەيلى ئېغىرچىلىقنى يەڭگىللىتىش
مەقسەت قىلىنغان بولسۇن، شۇنداق ۋاستىلەرگە ئېرىشمىگۈچە
مەقسەتكە يەتكىلى بولمايتتى. يەنى ئىنسانلار ئۆزلىرى بىزار
بولغان نەرسىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ھامان يەنە
باشقا بىر نەرسىگە ئېرىشىشى، يەنى كۆزلىگەن نىشانغا
ئارزۇ قىلغان مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان ئۆتكۈنچى ۋاستىنى
قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقا بىر يول يوق
يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى تاپاۋەتنى كۆپەيتىش
كېرەك. ياكى خىراجەتنى تېجەش لازىم. جاپا ـ مۇشەققەتتىن
ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەم ـ پاراسەتلىك بولۇش
ياكى ئىختىراچى، كەشپىياتچى، يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىجاتك
بولىشى كېرەك. بۇ ئىسپات، پاكىت، دەلىل ۋە ئىزاھات تەلە
قىلمايدىغان، ئەقەللى ھايات مەنتىقىسىدۇر.

بىر نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يەنە بىر نەرسى
ئېرىشىش توغرىسىدىكى مۇقەددىمىنى چۈرىدىگەن ئاساس

بىزنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزدە نېمىلەرگە ئېرىشىش لازىملىقىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئالدى بىلەن بىزنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزدىكى يوقسۇللۇقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقايلى.

## 1. ئىقتىسادى يوقسۇللۇق

بىزنىڭ چەتئەلدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە، ئىقتىسادى مەسىلە ھەل بولمايدىغان دەرىجىدىكى يوقسۇللۇقىمىزدۇر. ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ۋە ئىقتىساد بولمىسا ھېچ ئىشنى بېجىرگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا، چۈشەنچە بېرىش تامامەن ئارتۇقچە. مۇشۇ بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەممە كىشى ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا پۇل بولمىسا مۇرىدىن تۇتۇن چىقمايدۇ. پۇل بولمىسا قازاندىن ھور چىقمايدۇ. پۇل بولمىسا ئاسقۇغا گۆش قونمايدۇ. پۇل بولمىسا بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ. ئەجەبا ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ، ھۆرلۈككە، ئازاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بولمىسىمۇ بولىۋېرەمدۇ؟

بۇنىڭدىن قاق 24 يىل ئىلگىرى: «ۋەتەن سىرتىدا بىر يېرىم مىليون ئۇيغۇر ياشايدۇ؛ كىشى بېشىغا يىلدا بىر دوللاردىن ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلىنى ۋەتەن فوندىغا تاپشۇرسا، ئاشۇ پۇل بىلەن بەك كۆپ ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى» - دېگەن مەزمۇندىكى تەۋسىيە، چاقىرىقلارنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمچە ئۈمىتلەنگەن ئىدىم. ئادەم بېشىغا يىلدا بىر دوللار ھېچنېمە

ئەمەسقۇ. مۇشۇنچىلىك بەدەل بىلەن شۇ چاغدىكى شارائىت
كۆپ ئىشلارنى بېجىرگىلى بولاتتى. 94. يىلى 9 . ئاينى
21. كۈنى ئالپتېكىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ، ئوتتـ
ئاسىيادا «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» قۇرغىلى كېلىپتىك
ھەم ياركەنت تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلارنى سەپەرۋەرلىك
كەلتۈرۈپ، فوندنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ، قايتىشىدا بىرنى يوقلا
ئۆتنىشى ئىكەن. ئالپتېكىن ئەپەندىمۇ «كىشى بېشىغا يىلـ
بىر دوللار ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى» دېگەن لاھىيەنىڭ گېپىنـ
خېلە ئۇبدانلا شەرھىلىدى: ھازىرقى تارقاق تەشكىلاتلارنىـ
ئۇيغۇرلۇق بەدىلى يىغىش سالاھىيىتى بولمىغاچقا، ۋەتەن
فوندى قۇرۇلىشى زۆرۈركەن. ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلىنى ۋەتەن
قۇتقۇزۇش فوندى بىر تۇتاش يىغىپ، ئاندىن ھەرقايسى
تەشكىلاتلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا قاراپ، ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەش
ۋە ئىقتىسادنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى
ئىزىپ ئىچكۈزگەن بولدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى
سىياسى- ئىقتىساد مۇئەممالىرى سەۋىيىسىدىكى گەپلەر بولۇپ،
ئىقتىسادى ئىلىم- بىرىم، كىرىم- چىقىم ئىشلىرى مالىيە
سىستېمى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.
ئاردىن ھەپتە ئۆتۈپ: ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» قۇرۇلماقچى، ھازىر ئۇل
تېشى قويۇلدى- دېگەندەك مەزمۇندىكى تەپسىلى خەۋەر يېڭى
ھايات گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ
كەتتى. ئەمما «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» نىڭ ئورنىغا باشقا
نەرسە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىلدان ئاۋباسوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە
«تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» ـ نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلدى.

ئۇلارنىڭ «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى»، «كىشى بېشىغا يىلدا بىر دوللار ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى» - دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق بولۇپ، بەلكى بېجىن مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئۇدۇل مەبلەغ قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى مۇئەممالىرىنى ھەل قىلىدىكەن. (بۇھەقتە «خاتالىق كىمدىن ئۆتتۈۋاتىدۇ؟»، «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتابلاردا يېتەرلىك مەلۇماتلار بار) شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى. ھەتتا قىرغىزىستان، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر سىياسى تەشكىلاتلىرى چەتكە قېقىلىشقا، خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇلۇشقا دۇچ كەلدى. 5. فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدە، بىشكەك شەھرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرىنىڭ بىر تۈركۈم يىگىت بېشى ۋە ئاقساقاللىرى: ئالىپتېكىن ئەپەندىنى يەنە «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» نى قۇرۇپ چىقىش يول - يورىقى تاپشۇرىۋالغانلىقلىرى توغرىسىدا مەلۇمات يەتكۈزۈشتى. لېكىن كېيىنچە نە فوندى قۇرۇش، نە كىشى بېشىغا بىر دوللار ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى دېگەن گەپلەردىن خەت- خەۋەر يوق، ھېچكىم ھېچنېمە دېمىگەندەك، ھېچكىم ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك، جىمىقىپ كەتتى. شۇئارىدا ئالمۇتىدىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ فوندى مۇدىرى ئەركىن ئېلىيېۋ ئەپەندى، تەشكىلات فوندىنى كېڭەيتىپ «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» قۇرۇش ۋە فوندىغا يىغىلغان ئىقتىسادنى ئوبوروتلاشتۇرۇپ تاپاۋەت قىلىدىغان، كىچىك تىپتىكى ئىشلەپ چىقىرىش، سېتىش شىركەتلىرى، فىرما قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، ئەمدى بىر ئىشنىڭ پىشىنى تۇتقۇچە، تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازاق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا، چەكلىمىگە ئۇچراپ بارلىق ئۇرۇنۇشلار بىكارغا كەتتى. ئۇ چاغلاردا قازاقىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غوللۇق، كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرى ئالدىنقى سەپ ۋە چوڭ ئارقا تىرەكلىرى ئىدى. شۇڭا ب ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار، خىتاي فاشىستلىرى ئۇچۇن زور تەھدى ھېسابلانغاچقا، خىتاي فاشىستلىرى قازاق، قىرغىز، ئۆزبې ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قولى بىلەن، بۇ تۇپراقلاردىكى ئۇيغۇرلارنى قىسماققا ئېلىشقا باشلىدى. 97. يىللىرى ئالمۇتا ۋە بىشكەك شەھىرىنى ئاساس قىلىپ، مەتىمىن ھەززەتلەر تەشكىللىگەن «ئازاتچىلار» ھەرىكىتى، ھەسەن مەخسۇملار تەشكىللىگەن «غازاتچىلار» ھەرىكىتىدىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلا ئۆز مۇلۇكلىرىنى ئۆزلىرى خالىغانچە ۋە خالىغان جايدا ئىشلىتەلمەيدىغان، كىرىم- چىقىم ئەھۋالىدىن مالىيە ۋە باج ئىدارىسىغىلا ئەمەس، ھەتتا «ك گ ب» ئىدارىسىغا، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تارماقلىرىغا ھېسابات بېرىدىغان مەجبۇرىيەت ئاستىدا قالدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قازاقىستان ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە كېرەكلىك بولىدۇ- دەپ پەرەز قىلىنغان بارلىق ئېھتىماللىقلار تولۇق يوقىتىلدى. بۇنىڭ سەلبىي نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئىمكانىيەت قوغلىشىپ، ۋەتەندىن يەنە بىر قېتىم يىراقلىشىشقا يۈزلەندى. «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» نى 99. يىلى مىيونخىن شەھىرىگە يۆتكەش كەلگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ «مىللىي گۈرۈش تەشكىلاتى» ئېتىراپ قىلىپ، قەرەللىك ئايدا ئۈچ مىڭ مارك ئەتراپىدا

ئىقتىسادى ياردەم بېرىپ، ھېچ بولمىسا ئىشخانا ئىجارىسىنى، ئايدا چىقىدىغان گېزىتىنىڭ باسما خىراجىتىنى قامداپ ماڭغان ئىدى. بىراق مىللى گۇرۇشىنىڭ ئىمام مەزىنلىرى بارلىق مەسچىتلەردە 11. سېنتەبىر تېررور ھەرىكىتىنى تەبرىكلەپ خۇتبە ئوقۇپ، ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى خەلقنى نامايىشقا تەشكىللەپ، بەك ئاكتىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، گېرمانىيە ئىستىخباراتى مىللى گۇرۇش تەشكىلاتىنى تېررورلۇق تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، مال- مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن قورۇلتايمۇ قالپاق كىيىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇلار بىكارغا بېرىدىغان ياردەم پۇلدىن ئۆزىنى تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن 2006. يىلى ئامېرىكىنىڭ «NED» ۋەقپىگە باغلانغىچە ئارىلىقتا، بىرقانچە يىل ئىقتىسادى ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن بولغاچقا، ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىشقا توغرا كەلدى. ئارزۇ قىلغان ئارزاق ئىقتىسادى ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، سۆزدە، قەغەزدە بولسىمۇ «ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، ۋە بۇ يولدا ئېلىپ بارغان بارلىق قانۇنلۇق ھەرىكەتلەرنى قوللايمىز» ـ دېگەنچىلىك گەپنىمۇ ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۈچۈن تىرىشىمىز» دەپ، مۇستەقىللىق تەلىپىدىن ۋاز كەچتى. پەقەت بىر ئاز ئىقتىسادى ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇستەقىللىق تەلىپىدىن ۋاز كەچتى.

ئەسلىدىكى قانۇنىيەت بويىچە، خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن (ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەت) پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئەمدى پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەسلىدە مەقسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالدى. خۇددى نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جازانىخوردىن ق... ئېلىپ، كېيىن جازانىخورنىڭ ئۆسۈمگە بوغۇلۇپ، تېخىـ... ئېغىر ۋەيران بولغاندەك، بىر شورپېشانىلىك بولۇپ قالدى

ئەمدى كېيىنكى 15 يىلدىن بۇيان ياۋروپا، ئامېرىـ... ئاۋستراليە قاتارلىق غەرب ئەللىرىگە يەرلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىـ... ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلار ئىقتىسادى جەھەتتىن ئاساسەن تۆۋە... سەۋىيىدە بولۇپ، ئۇلاردىن يىغىلىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكـ... بەدەل پۇلى بىلەن، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ بوگۈنكـ... ئېھتىياجىنى قامداش مۇمكىن ئەمەس.

بۇيىل كىرگەندىن بېرى، يىنىك تىپتىكى تۇرلۇك ئىجتىمائى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا، ئوخشاشمىغان چاقىرىقلا... ياڭراپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلەرنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، يەنە «ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى» يىغىمىز- دېسە، بەزىلەر خالىسانە پىكىر قىلىپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن 25 مىليون دوللا... يىغىپ ۋەتەننى قۇتقۇزمساق بولمايدۇ- دېگەندەك مەزمۇنلارنى تەقدىم قىلىۋاتىدۇ ھەم تەكىتلەپ، تەكرار، تەكرار قۇلاقنى گاس قىلىۋېتەي دېدى. بەزى ئەمەلدارلار قۇلىقى يۇمشاق، تىلى يىنىك ئۇلىما، قارىملارنى ئېكران ئالدىدا سۆزلىتىپ، چاقىرىق ئېلان قىلدۇرغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار نۇرغۇنلىغان ئىسسىق- سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان بوگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە ئاللاھ تائالا ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلىنى قورۇلتايغا بەرسەڭلار، جەننەتكە كىرگۈزىمەن- دەيدۇ، دېگەندەك چاقچاقلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقىلىۋاتقان بۇنداق چاقىرىق، تەكلىپ، تەشەببۇسلار ئاۋامنىڭ پىكرىنى

چېچىپ، زېھنىنى تۈتۈپ تۇرىدىغان كولدۇرلاتمىدىن باشقا، ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ھەم ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان قۇرۇق پاراڭلاردۇر. 2007. يىلى رابىيە خانىم ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى تاپشۇرۇشقا چاقىرىپتۇ. مۇقىم ھالدا ھەر بىر ئۇيغۇر ئەڭ تۆۋەنى بىر دوللارغىچە ئايلىق بەدەل تاپشۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ كۈرەشتە بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى قوبۇل قىلىشى ۋە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپتۇ. مەن كىچىك بالامنى ھېسابلىماي، ئائىلىدىكى چوڭ تۆت جان ئۈچۈن كىشى بېشىغا ئۈچ ئۇيرودىن، قۇرۇلتاينىڭ بانكا ھېسابىغا بەدەل تاپشۇردۇم. 2007. يىلدىن باشلاپ، 2015. يىلى ئاۋغۇستقىچە ئايدا 12 ئۇيرودىن تاپشۇرغان ئىدىم . بىراق 2015. يىلى ئىيۇنغىچە، قۇرۇلتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەقىقى مەركىزى تەشكىلات بولۇپ قېلىشىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمنى ئۈزگەندىن كېيىنلا، ئاز بولسىمۇ تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلۇق بەدەلنى توختاتقان ئىدىم. چۈنكى رابىيە خانىمدىن كۈتىدىغىنىم، ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزى بىلەن قۇرۇلتايغا بارلىق تەشكىلاتلارنى توپلاپ، پارلامېنت شەكلىگە ئېلىپ كېلىشى ئىدى. شۇنداق بولغاندا «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» قۇرامدۇ، ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى يىغىشنى يولغا قويامدۇ، چىقارغان چاقىرىق ئەمەلگە ئاشاتتى. لېكىن رابىيە خانىم ئۆزى مىللەتنىڭ لىدەرى سۈپىتىدە چاقىرىق چىقارغىنى بىلەن بىرگە، ئوخشاشلا بىر تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولغاچقا، فوند، بېدەل پۇلى شۇ تەشكىلاتنىڭ خاس ھېسابىغا كىرىدىغان بولغاچقا، قۇرۇلتايمۇ باشقا تەشكىلاتلاردەكلا، تەرەپلىك ھالدا تۇرۇۋەرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، پەقەت قۇرۇلتاينى قوللىغۇچى ئۇيغۇرلاردىن سىرتقى ئىدارە كۈچى بولمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلۇغۋار چاقىرىقنى كۈچى بولمىدى. خانىم قۇرۇلتايغا نۇرغۇن ئادەملەرنى توپلىغان ۋە قۇرۇلتاينى دۇنياغا تونۇتقان بولسىمۇ ئەمما قۇرۇلتاينى تاشقى جەھەتتىن ھەممىگە سايىۋەن ھالىغا كەلتۈرەلمىدى ئىچكى جەھەتتىن ئۆز پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان ھەقىقىي تەشكىلات دەرىجىسىگە يەتكۈزەلمىدى. ھەتتا ئۆزى باشچىلىقىدا تەرتىپسىزلىككە يول قويۇلدى. خانىمنىڭ قۇرۇلتايدىكى ئورنى 2015. يىلى 26. ئىيۇن رەسمى تۈگەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنى ئاۋارىچىلىققا سالغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

چەتئەلدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ، ئىقتىسادى يوقسۇللۇقنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

1) چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى بىر تۇتاش سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادى جەھەتتىن «ۋەتەن قۇتقۇزۇش بەدىلى» گە قاتناشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى بىز قۇتقۇزىدىغان نەرسە ئالدى بىلەن ۋەتەندۇر. ۋەتەن قۇتۇلغاندا، ئۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان بارلىق مىللەتلەر، ئىنسانلار ھەتتا جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر، تاغ، دەريالار، تەبىئەت ۋە تەبىئى بايلىقلار، قىسقىسى بىزگە مەنسۇپ بولغان ھەممە نەرسە قۇتۇلغان بولىدۇ. ئۇ ۋەتەندە ئەركىن ئازادە، ھۆر ئىرادىسى بىلەن ياشاشنى خالايدىغان، ھەرقانداق مىللەت ئەزالىرى بەدەل تۆلەشكە سالاھىيەتلىك بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىر چوڭ ھەرىكەتنىڭ نامىنى يىغىنچاقلاپ: «ئۇيغۇرلۇق بەدىلى» ـ دەپ ئاتىماسلىق لازىم.

شۇنىڭدەك، بەدەل پۇلى يىغىدىغان ئورۇننىڭ نامى «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى كېرەك. بۇخىل ۋەتەن قۇتقۇزۇش بەدەل پۇلى تۆلەشنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ باشلاپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەندە ئاندىن باشقا قېرىنداش مىللەتنىمۇ قايىل قىلالىشىمىز مۇمكىن.

2) «ۋەتەن قۇتقۇزۇش فوندى» نى ھېسسىياتقا تايىنىپ، بىرەر كوللېكتىپ، بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپ، مەشرەپچىلەر گۇرۇھى، شۇنىڭدەك بىرەر تەشكىلات سەكرەپ چىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، ئۆز ئالدىغا قۇرۇپ چىقىشقا ۋە باشقا گۇرۇپ، باشقا تەشكىلاتلارنى چەتتە قالدۇرۇشقا ياكى زورلاشقا بولمايدۇ. بەلكى بۇنداق چوڭ ئىشنى ھۆددىگە ئالالىغۇدەك، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاۋابكارلىقىدىن چىقالىغۇدەك، بىرلىككە كەلگەن چوڭ بىر ئېقىم ئۈستىگە ئالغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن ئېيتقاندا، مەۋجۇت ھېچقايسى تەشكىلات بۇنداق بىر چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشمىغان سىياسى ئېقىملارنى، ئۆز- ئارا زىددىيەتلىك تەشكىلاتلارنى، تەشكىلسىز ئاكتىپ شەخسلەرنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي جەمئىيەت، ئېقىملارنى بىر سايىۋەن ئاستىغا توپلىيالايدىغان، ھەربىرى ئۆز ئىرادىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدىغان پارلامېنت تۈسىدىكى بىر مەركىزى تەشكىلاتنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. مەسىلەن پارلامېنت تەشكىللىدۇق دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. پارلامېنتتا ھەممە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك تەشكىلسىز ۋەكىللەرمۇ بولىدۇ. مەيلى ئۆكتىچىسى بولسۇن، مەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

پائالىيەتچىسى بولسۇن بىر كىشىلىك ئاۋاز بېرىش، تەكلىـ
سۇنۇش ۋە رەت قىلىش ھەققى، پۇرسىتى بولىدۇ. «ۋەتـ
قۇتقۇزۇش بەدىلى» نى قانداق بەلگىلەش، قانداق توپلاش
ۋە قايسى ئۇسۇلدا تەقسىملەش قائىدە، پرىنسىپلىرى ئاش
پارلامېنتتا ئاۋازغا قويۇلۇپ قارار قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا
توغرىغا يېقىن نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن. ئەگەر ھازىرغىچە
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پاسسىپ، تەرەپلىك ئۇسۇلنى بازارغا
سېلىۋەرسەك، يۇقىرىدا مىساللار بىلەن (25 يىلدىن بۇيان
دېيىلىپ، ئەمەلگە ئاشماي كېلىۋاتقاندەك،) دەپ ئۆتۈلگەندەك،
سۆزدە بار، ئەمەلدە يوق رىياكارلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.
شۇنىڭدەك (يېقىندىن بۇيان ئىجتىمائىي ئۇچۇرلاردا تەكىتلىنىپ
كېلىۋاتقاندەك) تەشكىللىسىز ھالدا، ئاق كۆڭۈل، پىداكار
كىشىلەر توپلىشىپ «ۋەتەن- مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن»
ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى ئويۇشتۇرسا، جەزمەنكى ئۇنداق بىر
تەشكىللىسىز كوللېكتىپ توپلىغان ئىئانە ئاز توپلانسا ئوغرىغا
يەم بولىدۇ. ئەگەر بەزىلەر تەكىتلىشىۋاتقاندەك مىليونلاپ، ئون
مىليونلاپ توپلانسا، پۇل توپلانغان جاي خىيانەتچى، قاراقچى،
بۇلاڭچى ۋە ئىنساپسىز قاتىللارنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ
ساددا ھېسسىياتنىڭ ئۇچىقىغا ساۋاب قازىنىنى ئىسىپ قويۇپ،
قايناتسا بولۇۋېرىدىغان شورپا ئەمەس.

3) بىز بەدەل توپلاپ، ئىئانە، سادىقە، زاكات يىغىپ،
چەتئەلدىكى يېتىملارنى، پېقىرلارنى باقىمىز دەۋاتمايمىز.
شۇنىڭدەك، چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلات،
جەمئىيەتلەرنىڭ راسخوتلىرىنى ھەل قىلىمىز دەۋاتمايمىز. بەلكى
ۋەتەننى قۇتقۇزۇپ، مىللەتنى، خەلقنى ھۆر، ئازات قىلىمىز-

دىگەن ئۇلۇغ ئارزۇنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادى يوقسۇللۇقنى ھەل قىلىمىز- دەۋاتىمىز. لېكىن بىزنىڭ ھازىرغىچە قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق سىياسى ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىمىز ئۆزىمىزنى، دەردىمىزنى خەققە تونۇشتۇرۇشتىن نېرىغا ئۆتكىنى يوق. بۇنچىلىك يىغلاپ قاقشايدىغان ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» غا بەك چوڭ مەبلەغمۇ تەلەپ قىلىنماسلىقى مۇمكىن. يەنى بىر قانچە ئادەمنىڭ مائاشى، يول كىراسى، قونالغۇ ۋە تاماق پۇلىسى قاتارلىق جىددى خىراجەتكە چۈشلۈق ئىقتىسادنى، ئۆز كۆچىمىزگە تايىنىپمۇ ھەل قىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئەمما سېلىۋاتقان داۋراڭلىرىمىزغا يارىشا راستىنلا «ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» تەشكىللىسەك، بىرەر ھەرىكەتكە ئاتلانساق، ئۇ چاغدا ئۆز كۆچىمىز بىلەن مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. جەزمەنكى بىزگە مەبلەغ سالىدىغان چوڭ كۆچلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، توختام تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقىدەك تارقاق ئەھۋالىمىزدا، چاي پۇلى بېرىدىغان ۋەقپىلەردىن باشقا ھېچقانداق كۆچلەر بىزنى خالىمايدۇ، بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق شوئارنى تۈۋلاپ يۈرمەي، نۆۋەتتىكى باسىدىغان قەدەمنى توغرىلاش كېرەك.

## 2. رەھبەر يوقسۇللۇقى

ھەرقانداق بىر كوللېكتىپنى، بىرەر جامائەتچىلىكنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلارنىڭ چېچىلىپ، تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار، ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قارىتا: يىگىت بېشى، مەھەللە چوڭى، يۇرت ئاقساقىلى، جامائەت ئەربابى- دىگەندەك سۈپەتلەر بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار جامائەتچىلىكنىڭ، يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئالاقىدار تۈرلۈك مۇئەممالىرىنى بىجىرىشتە، كۆپچىلىكك يېتەكچىلىك قىلىدۇ. خۇددى ئۇرۇق- جامائە ئاقساقاللىرى قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئۆز قوۋمىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانغ ئوخشاش.

ئادەملەر كوللېكتىۋىنىڭ، ئۆز ئارىسىدىن چىققان مەلۇم بى كىشىگە ئەگىشىشى ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىكى سىياسىيلاشقا ئالاھىدىلىكى- دەپ چۈشىنىش بولسا، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىئى نەزەرگە ئاساسلىنىدۇ. بىراق بۇ خىل ھادىس ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپلا قالماستىن، ھەتت ھايۋاناتلار دۇنياسىدىمۇ، ھەرە، چۈمۈلىگە ئوخشاش ھاشارەتلەردىمۇ، خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا يېتەكلەش- باشقۇرۇش ھەم بويسۇنۇش پرىنسىپلىرى مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئالاھىدىلىكنى: ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ مەھسۇلى- دەپ، بېكىتىش بىلەن بىرۋاقتتا، ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىز، چوڭ- كىچىك بارلىق جانلىقلاردا ئورتاق تېپىلىدىغان، تەبىئىي قانۇنىيەت دېيىش بەك مۇبالىغە بولۇپ كەتمىسە كېرەك. بويسۇنۇش، ئەگىشىش يېتەكلەش، باشقۇرۇش ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن بىر قانۇنىيە بولغانكەن، ئاڭلىق، تەرەققىي تاپقان بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ ب قانۇنىيەت كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىكەن، ھەتتا كۈچلۈكلەر كۈچلۈك ئەللەر رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشىگە، باشقۇرۇشىغا تېخ زىچ ئويۇشقان، غالىبلار ھەم چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقانل رەھبەرلەرنى تېخىمۇ بەك قەدىرلەۋاتقان ئىكەن، ئەلۋەتتە

بۇ قانۇنىيەتنىڭ كۈچىدىن قالمايدىغانلىقى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر روشەن ھەقىقەتتۇر. بۇ قانۇنىيەتكە تېخىمۇ بەك ئېھتىياجلىق بولىدىغانلار، بىزدەك مۇستەملىكە ئاستىدىكى، ئەسىر ئېلىنغان، قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مىللەتلەردۇر. بىز ئۆزىمىزنى باشقا كۈرەشچان مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەپسۇسلىنىمىز. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان دەردىمىز بارلىقىنى بىلىمىز ھەم زارلىنىمىز. بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى، دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدىكى قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە، ئورنىنى زادىلا تولدۇرغۇسىز بوشلۇق ۋە يوقسۇللۇقلار بارغانچە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان جەسەتتەك، يوشۇرغۇسىز بىر شەكىلدە كۆزگە چېلىقماقتا. بىزدە مىللەتنى يېتەكلەپ ماڭالىغۇدەك رەھبەرلەرنىڭ يوقسۇللۇقى بەك ئېغىر ئىكەن. ئورۇن تالىشىدىغانلار، مەنسەپ تالىشىدىغانلار، جاپالىق بولسىمۇ نام- ئاتاق تالىشىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇنداقلارنى ساناپ چىقىشقا ئۈچ خانىلىق سان يېتىشمەي قالىدۇ. ئەمما قىلىقلىرى كىچىك بالىدىن پەرقسىز. - ئۆزى دۆڭگە چىقىۋېلىپلا، باشقىلارنى پەسكە ئىتتىرىدىغان «بۇ مېنىڭ شەھىرىم» ئويۇنىدىن زادىلا پەرقلىق يېرى يوق دۆڭگە چىققانلىرىمىزنىڭ.

مىللەتتە، ئاۋاملاردا، كوللېكتىپ، جامائەتلىرىمىزدە گۇناھ يوق. ئۇلارنىڭ گۇناھى پەقەت ساپاسىزلىقىدا. ساپاسىز بولغاچقا، دۆڭگە چىقىۋېلىپلا ئۆزى خالىغاننى قىلىمەن دېگەن رەھبەرگە، يەنىلا ئۆكۈزدەك بويسۇنىدۇ ۋە قارشى بېسىم قىلغۇدەك نە ئەقلى، نە ئىلمى جەھەتتىن دەسمى يوق. سىياسى دەۋا- تەلەپلىرىمىز تەشكىللىك ھالدا غەربكە يۈزلەنگەن (مىللى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلتايىنىڭ 99. يىلى ياۋروپاغا يۆتكەلگەن ۋاقتىنى ئاس… قىلغاندا) 19 يىلدىن بۇيان، بىزدىكى رەھبەر يوقسۇللۇقى… نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى تەكرار ئىسپاتلاندى. ئەمما مۇشۇ يىلدەك ئۇزۇن مۇساپىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارالمىدۇق. رەھ… لىك ئورنى «رەھبەر بولۇش ئۈچۈن چىقىرىلغانلار» نى… قولىدا ئويۇنچىلىشۋاتقانلىقىنى، بىزدىكى ساپاسىزلىق تېخىچە ئاڭقىرالمىغان ئىكەن، ۋاقتىمىز، ئىقتىسادىمىز، ئۈمىت ئىشەنچىمىز، ئەقىدە- ئىخلاسىمىز پەقەتلا ئىسراپ بولۇ… كېتىۋاتىدۇ. قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزنىڭ سۈپىتى، ماھىيىتى ساپاسى كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ- ئەمما تەسەۋۋۇر قىلالىسا…

ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى تارقىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنى باشقۇرىۋاتقان ۋە شۇ ۋاستە بىلەن ئۆزىچە «دەۋانىڭ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى» بولۇپ قېلىۋاتقانلار، گوياكى بىرلىرى خىتاينىڭ غالچىلىرىدەك، بىرلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى قاتلام كومىتېتلىرىدا ئىشلەيدىغان، يەرلىك غالچىلاردەك كۆرۈنىدۇ. ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پاكىز، پىداكار سەممىي رەھبەرلەرنى تېپىش، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن يىڭنىنى ئىزدىگەندەك، شۇنچىلىك ئىشەنچسىز بىر ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ....

## 3. ساپا يوقسۇللۇقى

بىز ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنەتتۇق. ئاقسۆڭەك مىللەت، خان ئۆتكەن، جاھان سورىغان، ئىمپېرىيە قۇرغان، دۇنياۋى مەدەنىيەت ياراتقان، تىل ئىجاد قىلغان، ئەخلاق شەكىللەندۇرگەن، دىن ئىختىرا قىلغان، (بىرەر پەيغەمبەر

بىلەن ئۇچراشقانلىقىغا ئىسپات يوق. ئەمما) دۇنيانى ياراتقان، ئەڭ يۇقىرىدا تۇرىدىغان بىر تەڭرىنى تونىغان ۋە بىر تەڭرىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ قۇدرەتلىك بىر تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىجراچىلىرى، بىز: كۆكتىكى بىر غالىب تەڭرىنىڭ مېھرى- شەپقىتىنى يەر يۈزىگە يايىدىغان، ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىدىغان، جانلىقلارغا، تەبىئەتكە تەڭرىنىڭ ئەمىنلىكىنى يەتكۈزىدىغان، ئېسىل، ئاق سۆڭەك مىللەت! - دەپ، ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئىلاھى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە بۇ ئۇلۇغ، تەڭداشسىز گۈزەللىكنى مىڭ يىللاپ ئومۇملاشتۇرغان بىر مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدۇق. بىراق كېيىنكى ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ئىچكى زۇلۇم، تەپرىقىچىلىك، ئىچكى ئۇرۇش، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، يات مىللەت، يات دۈشمەنلەرنىڭ مۇستەملىكە قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، ئاخىرىدا تولۇق مەغلۇب بولۇپ خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە ئايلىنىش قاتارلىق مۇقىمسىزلىق، ئەركسىزلىك تۈپەيلى بىر مىللەت ئاھالىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئەڭ ئاخىرقى 70 يىل پەسەندە، پەسكەش، ئاچكۆز، نامەرد، خۇمسى، ھەسەتخور، يۈندا پورۇچ، قۇل، قالاق خىتايلارنىڭ مۇستەبىت دۆلەت تېررورى ئاستىدا، (ئەسىرلەر ئاۋۋالدىن باشلاپ) تەۋرىنىپ قالغان ئۇلىمىز بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل خىسلەتلەرنى يوقىتىپ، خىتايدىكى بارلىق ئىللەتلەرنى، مەينەتچىلىكنى، ئادىمىسىزلىكنى بىر ئۆلگۈچە يۇقتۇرۇۋالدۇق. ساپاسىزلىقنىڭ، ئادىمىسىزلىكنىڭ ھەرقانداق ئېلمېنتلىرى بىزدە يېتىپ ئاشقىچە تېپىلىدىغان ھالغا كەلدۇق. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر»

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ـ دىگەنىدەك ، چەتئەلدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىرىمىزدىمۇ، ئانا ئانىلىرىدىن يۇقتۇرۇۋالغان ساپاسىزلىق ھەم كېيىنكى چارە ئەسىردىن بېرى، يېڭى ياچە چىقىپ كېلىۋاتقان خىتايپەرەس ساپاسىزلاردىن يۇقۇملىنىپ، يارامسىزلىق، ساپاسىزلىق خۇددى ۋابا كېسىلىدەك ، ھەر يەردە باش كۆتۈرمەكتە. ئادەم بەدىنى ئاجىزلىشىپ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى يوقاتقاندا سىرتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق كېسەللىك مىكروبلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك ئەقلى ئىقتىدارى، تەپەككۇر قابىلىيتى تولۇق يېتىلمىگەن، ياكى زېھنى قۇۋۋىتى ئاجىزراق كىشىلەرگە باشقىلاردىكى ناچار كەيپىيات، ئەخلاقسىزلىق تېز يۇقۇملىنىدىكەن. مىللەتنىڭ گەۋدىسىمۇ يەككە ئادەملەردىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئادەملەردە نېمە بار بولسا، مىللەتتىمۇ شۇ نەرسىنىڭ ئۆزى بولىدىغان گەپكەن.

بىر مىللەتنىڭ ساپالىق- بولىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەت ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ساپالىق بولىشى لازىم. كىشىلەرنىڭ ساپالىق بولىشى ساپالىق ئائىلە تەربىيىسى، ساپالىق مىللى مائارىپ تەربىيىسى، ساپالىق مائارىپتا ئوقۇغان بولىشى، ساپالىق جەمئىيەت- مۇھىت تەربىيىسى ۋە ئۆزىنى ساپالىقلاشتۇرۇش ئىزدىنىشى قاتارلىق، كام قالسا بولمايدىغان بىر تۇتاش ئوبيېكتىپ شەرتلەر تولۇقلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ ساپالىق ئائىلە تەربىيىسىدىن (گەرچە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولسىمۇ) باشقا، ھېچ نەرسىمىز يوق. يەنى مىللىتىمىزگە ئائىت، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يېتىلدۈرىدىغان ھېچنەرسىمىز يوق بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزنىڭ ساپاسىزلىقى

ۋە ئۇنى يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ ساپاسىزلىقىغا ئىنكار قىلالمايمىز. ئەمما چەتئەللەردە ئۆزلىكىدىن تولۇقلاش، ئىلغارلاردىن ئۆلگە ئېلىش، باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىقمۇ، ساپاسىنى يېتىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى ئەلۋەتتە بار. بولۇپمۇ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئارزۇسى بار، ۋەتەن- مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت، ئالىي خىسلەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەملەر: ئەمدى بولغاندا قانداق قىلىمەن- دەپ، ئۆزىنى بولغىنىغا تاشلاپ بەرمەي، ناچارلىقى بىلەن، خۇمسىلىقى بىلەن، ساپاسىزلىقى بىلەن مىللەتنىڭ ئالدىدا چېپىپ يۈرۈشكە يۈزى قىزارسا، ئۆز ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، يامان ئىللەتنى بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن تۈزىتىشكە تىرىشسا، دېمەك ساپالىق بولۇشنىڭ يولىنى ئاچقان بولىدۇ.

## 4. تەشكىلى ئاڭ، تەجربە يوقسۇللۇقى

يۇقىرىدا قىسمەن دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، رەھبەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە يېتەكچىگە ئەگىشىش- تەشكىللىنىش دېمەكتۇر. تەشكىللىنىش توغرىسىدا ئىزاھات بېرىپ: ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەھسۇلى- دەپ بايان قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئۇقۇملاشتۇرۇپ ئېيتىلىدىغان تەبىردۇر. لېكىن تەشكىللىك ھەرىكەتلىنىش ۋە تەشكىللىنىش ئۈستىدە چۈشەنچە بەرگەندە، نوقۇل ئىجتىمائىيلىششقا ۋە سىياسى چۈشەنچىنىڭ راۋاجلىنىشىغا باغلاپ ھۆكۈم قىلىۋېتىشكە بولمايدىغان تەرەپلەرمۇ بار. رەت- رېتى بىلەن ئاسماندا ئۇچىدىغان قۇشلارنىڭ، يەردىكى تۈرلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جانلىقلارنىڭ، سۇدىكى ئۆزگۆچى جانلىقلارنىڭ سىياسى ئ
بىلەن، ئىجتىمائىيلىشىش نەزەرىيىسى بىلەن قىلچە باغلىنىش
يوق تۇرۇپمۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى مانچە مىڭ يىللى
ئىجتىمائىيلىشىش باسقۇچىنى، سىياسىلىشىش ئاڭ، تەپەككۇر
بېسىپ ئۆتكەن ئىنسانىيەتنىڭ تەشكىللىك ھەرىكەتلىرىد
ئۆتەر مۇكەممەللىكىگە كۆز يۇمالمايمىز. دېمەك تەشكىللىنىش
ۋە تەشكىللىك پائالىيەت قىلىشمۇ ئىنسانلار بىلەن ئەقىل
جانلىقلارغا ئورتاق بولغان تەبىئى قانۇنىيەتلەرنىڭ بى
قىسمىدۇر.

ئۆزلىرىنى مىللەت باسقۇچىغا يەتكۈزەلىگەن ھەر قانداق بىر
قوۋم، ئۆزلىرى ياشايدىغان تۇپراقلاردا ھاكىمىيەت تەشكىللەپ،
دۆلەت قۇرالىغان ھەرقانداق بىر مىللەت، تەشكىلاتچىلىقتا ئەڭ
يۇكسەك پەللىگە يەتكەن بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارمۇ قانچە مىڭ
يىللاپ دۆلەت باشقۇرغان، دۆلەت ۋە ئىمپېرىيىلەرنى قۇرغان
سالاھىيەتلىرىمىز بىلەن، دۇنيادىكى تەشكىلاتچان مىللەتلەرنىڭ
ئۆلگىسى بولغانلىقىمىز شۈبھىسىزدۇر. بىراق، ئىپلاس خىتايلار
ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىپ توختاپ قالماي، بىزنىڭ مېڭىمىزنىمۇ
ئىشغال قىلىپ، بىزنى ئادىمىيلىكتىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.
ئىككى ئۇيغۇر بىر يەرگە كېلىپ، ئۆز- ئارا يۈرەك سۆزلىرىنى
ئېيتىشالمايدىغان دەرىجىدە ئىشەنچسىزلەشتۈرۈۋەتتى.
تەشكىللىنىش ئېڭىمىزنى ۋەيران قىلىپ، ئۆملىشىشتىن ئىبارەت
تەبىئى قانۇنىيەتتىن يىراقلاشتۇردى. بىزنى ھايۋاندىن بەتتەر
ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خىتاينىڭ مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىگە
ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدىغان شەكىلدىكى، ئىجتىمائىي
تەشكىللىنىشتىنمۇ چەكلىدى. ئېغىر جازالاش، قاتتىق زەربە

بېرىش ئارقىلىق، پۈتۈن بىر مىللەت خەلقىنى تەشكىللىنىشتىن قورقىدىغان، تەشكىلاتتىن ئۈركۈيدىغان، غەيرى تەبىئەتلىك قىلىپ قويدى. چەتئەلدە، ئەركىن دۇنيادا، ئېپلاس خىتاي يوق يەردە نېمىشقا تەشكىللىنەلمىدۇق؟ بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىشى مۇمكىن.

1) بىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار يەنىلا تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىدۇق. ئېپلاس خىتاي دۆلىتى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامان- ئېسەن تەشكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئالدى بىلەن قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قولى بىلەن، ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىرىنى چەكلەتتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىللىنىشىنى چەكلەتتى. شۇنىڭدەك بەزى قېرىنداش ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى راۋاجىنى تىزگىنلىتىپ، ھەرخىل چارىلەر بىلەن ئالغا باستۇرمىدى.

2) دېموكراتىك غەرب دۆلەتلىرىدە بولسا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلىشىدىن باشلاپلا، خىتاي ئۆز غالچىلىرىنى كىرگۈزۈپ، تەشكىلى مەخپىيەتلىكنى، كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتتىكى ئەمەلى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاجىزلىق تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق تەشكىلاتتىن چېكىنىشكە قىستىدى ياكى تەشكىلات ئىچىدە تۇرۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. رەزىل خىتاي، كىشىلەرنىڭ ۋەتەندىكى ئاتا- ئانىسىنى، خوتۇن- بالىلىرىنى، تۇققانلىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، تەشكىلاتتىن يىراق تۇرۇشقا، ياكى تەشكىلات ئىشىغا ئارىلىشىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، مەخپىيەتلىكنى خىتايغا يەتكۈزۈشكە قىستىدى. خىتاي بۇ خىل رەزىللىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللىنىش
يىراقلاشتۇردى.

3) غەرب دۆلەتلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار قۇرۇ
لىشىدىن باشلاپ، بۈگۈنگىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى
يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مونوپوللۇقىدىن قۇتۇلالمىدى
ئاكتىپچانلىقى كۈچلۈك ئەزالار تەشكىلاتتىن كۈتكەنلىرىنى
تاپالمىغاچقا، تەشكىلاتقا بولغان قىزغىنلىق يوقىلىپ
كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتتىن قېچىشى نورمال ئەھۋال بولۇپ
قالدى.

4) تەشكىلاتنى قۇرغان كىشىلەرنىڭ، ياكى تەشكىلاتتىن
مۇھىم ۋەزىپە ئالغان رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەشكىلات بىلەن
ئۆزىنى «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشىپ،
تەشكىلى ئىشلارنى شەخسى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدەك
ھېس قىلىشىۋالىدۇ. باشقىلار تەكلىپ بەرسە، ياكى ۋەزىپە ئېلىش
مەقسىتىنى ئىزھار قىلسا، ماڭا قارشى ھۇجۇم قىلىشىۋاتىدۇ، مېنى
يوقىتىپ تەشكىلاتىمنى ئېلىۋالماقچى. توغرىسى ئايالىمنى،
بالىلىرىمنى ئېلىۋالماقچى، مېنى ئۆيۈمدىن قوغلاپ چىقىرىپ،
ھەممە نەرسەمنى تارتىۋالماقچى- دېگەندەك، ئاجايىپ ئېغىر
ۋەھىمىگە پېتىپ قالىدۇ. ئۇيقۇسى قېچىپ، چۈشى بۇزۇلىدۇ.
ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا،
تەشكىلاتنى قوغداپ قېلىش بولسا ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش،
نومۇسىنى ئاقلاش، غۇرۇرىنى پاكلاش ئۇ رەھبەرنىڭ بىرىنچى
نومۇرلۇق مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قولىدىن
كېلىدىغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە،
قولىدىن قانداق شۇملۇق كەلسىمۇ، ئىككىلەنمەي قىلىدۇ.

بۇ خىل رېئاللىقمۇ كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتتىن بىزار بولىشىغا، تەشكىلاتتىن يىراق تۇرىشىغا سەۋەب بولماقتا.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، تەشكىلىي ئىشلىرىمىزنى روناق تاپقۇزۇشقا بولاتتى. بىراق بىزدە تېخىچە تەشكىلىي تەجرىبە ھاسىل بولمىدى. تەشكىلاتتىكى كىچىك بىر يوچۇقتىن تاغدەك پاسسىپ ئامىللار ئۇسۇپ كىرەلەيدۇ. بەزىدە كۆزگە ئىلمىغۇدەك كىچىككىنە مەرەزلەر تەشكىلاتلىرىمىزنى ئۇلىدىن بۇزۇپ تاشلىيالايدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقى ئەلۋەتتە بىزگىمۇ چۈشىدۇ. ھەممىنى خىتايغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىمىز يېتەرلىك تەدبىر ئالمىساق، ئۇنداق بىر بوشلۇقنى، يوچۇقنى تاپقان خىتاي ئەلۋەتتە بىزنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ تەشكىلىي ئېڭىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، بېشىمىزدىن ئۆتكەن ھەربىر مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

## 5. كەسپىي خادىملار يوقسۇللۇقى

چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىز ئاساسەن بىر توپ ۋەتەن سۆيەر، پىداكار ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى قىزغىنلىقى بىلەن قۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، تەشكىلاتنى قۇرۇشتىكى مەقسەتلەرگە رېئال ۋەزىيەت ماس كەلمەي قالىدۇ. مەقسەت دېگەندە- كۆڭۈلدىكى پىلان كۆزدە تۇتۇلۇپ، تەشكىلاتنى قۇرۇشتا: مانداراق دەپ تۇرۇپ، ئالدىدا تەشكىلاتنى قۇرۇۋالايلى، ئاندىن قىلىدىغان ئىشنى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز- دېگەندەك ئاددى- ساددا «تاكتىكا» بىلەن بىر بەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

يېرىمى تولغۇدەك خەتنى يېزىپ، دادىخاھتىن ئۆتكۈزۈۋالىد
ئەمما تەشكىلات قورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئىش قىلى
نامايىش تەشكىللەش، نورۇز، ھېيت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش
شەھىدلەر كۈننى، جۇمھۇرىيەت كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىت
بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلۈم- يىتىم
پەتىسى، دۇئا تىلاۋەت، مەكتەپ ئېچىپ، دىنى ساۋا
چىقىرىش، باشقا دۆلەتلەردىكى قېرىنداشلارنىڭ پائالىيەتلىرىگ
ۋەكىل قاتناشتۇرۇش قاتارلىق مەڭگۈ ئۈزۈلمەس، ئۆزگەرمەس
ئاخىرى چىقماس ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ
تەشكىلات قورۇشتىن بۇرۇنقى مەقسەت، غايىلىرى ئاللىبۇرۇن
ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. ھەم يۇقىرىقىدەك مەشغۇلاتلار ئۇلارنىڭ
كۈنتەرتىپىدە «ۋەتەن دەۋاسى» بولۇپ قالىدۇ. ۋەتەندىن
كېيىن چىقىپ قېتىلىۋاتقانلار، مەۋجۇت ئەھۋاللاردىن نارازى
بولۇشۇپ، بەزىدە كۈچ توپلاپ بۇرۇنقىلاردىن ئورۇننى
مەنسەپنى تارتىۋالىدۇ. بىراق ئۇلارمۇ چوڭ بىر ئۆزگىرىش
قىلالمايدۇ. ۋەتەن - مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرە
يېڭى نەتىجە يارىتالمايدۇ. بەلكى بۇرۇنقى بىر جەمئىيەتنى
ئىككىگە، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەككە بۆلۈپ قويغان بولىدۇ. ھەتت
ئۆزلىرىگە شايكا توپلاش ئۈچۈن جەمئىيەتنى، جامائەتچىلىكنى
زىتلاشتۇرۇپ، ئېغىر دەرىجىدە سەلبى ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى
بولىشىدۇ. مۇشۇنچىۋالا نۇقسانلارنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاپ
ئېيتقاندا: كەسىپ ئەھلىنىڭ يوقلىقىدۇر.

تەشكىلاتچىلىرىمىز- ئېنىق ئېيتقاندا دەۋاگەرلىرىمىز چەتئەلگ
چىققان چاغلىرىدا، تەشكىلاتلارنى قۇرغان چاغلىرىدا قانداق
ھېسسىياتتا، قايسى سەۋىيىدە بولغان بولسا، تەشكىلاتنى

قۇرۇپ، بايراقدار بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەتتا «ئۇزۇن يىللىق دەۋاگەر» بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرگەن بىر نەرسە كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر ئۆزگۈرۈش قىلدى- دېيىلسە، ئۇ ئون يىللار ئاۋۋالقى رەسىملىرىدە، رەسىمگە چۈشىدىغان سەھنىلەردە، رەسىمدە يانمۇ- يان تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىدە، شۇنىڭدەك مۇستەقىللىق ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، يالغان يېپىنداقچىلارغا ئالدىنىپ، كۆندىلىك ھەق، ھوقۇق پارىڭىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدا يېڭىلىق بولدى- دېسەك، ئۇلارنى دەل توغرا تونىغان بولىمىز.

تەشكىلاتلىرىمىزدا، دەۋاگەرلەر قوشۇنىدا كەسپى خادىملار يوق- دېگەن گەپنىڭ يەشمىسى مۇنداق بولىشى مۇمكىن: مەلۇم بىر دۆلەتتىكى دەۋاگەرلىرىمىز مەسىلەن: شەھەر باشلىقى قوبۇل قىلغاندا دېگەن گەپنىڭ ئۆز ئەينىسىنى مائارىپ مىنىستىرى قوبۇل قىلغاندىمۇ دېسە، ھۆكۈمەت باشلىقى (باش مىنىستىر) قوبۇل قىلغاندىمۇ شۇنى دېسە، مالىيە مىنىستىرىگىمۇ، مۇھاجىرلار مىنىستىرىگىمۇ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىگىمۇ شۇ گەپنى دېسە، دادخاھلار ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خاتا يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنى «كىمگە ۋە قايسى دادخاھقا نېمىنى دەيدىغانلىقى» سىياسى كەسىپكە، دىپلوماتىيە كەسپىگە ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەر كەسپىگە ئائىت ئىلمى سەۋىيە، كەسپى قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىدەك ئەڭ كىچىك، ئادەتتىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىدىن تارتىپ، ئېلىم- سېتىم، باردى- كەلدى ھەممە نەرسە نەزەرىيىۋى ئۇقۇش، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاس قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت بىلە
نەزەرىيەنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋاپىغا يەتكەن، باشقىلاردىن
شۇنداق ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەللەردە
بىزنىڭ «تەبىئەت» كە يېقىن، تەبىئىي شەكىلدە قۇرۇلىدىغان
تەشكىلاتلىرىمىزدا، تەلەپكە لايىق كەسىپ ئەھلىنىڭ بولۇش
مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان
ئەمەلىيەتلىرىمىزدىن ئېيتقاندا، ھەم ھاياتلىق ئۈچۈن مېھنەت
قىلىپ ھەم ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ كەسىپ ئۆگىنىشك
ئۇرۇنۇش خۇددى يىگىنىنىڭ كۆزىدىن ئاغامچىنى ئۆتكۈزىمەن-
دېگەندەك، خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قوشۇمچە
ماتېرىيال كۆرۈپ، ئاز- تولا مەلۇمات ئىگىلەپ، سەۋىيە
ئۆستۈرگىلى، ئاممىباپ چۈشەنچىسىنى بېيىتقىلى، مەدەنى
ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولسىمۇ، لېكىن كەسىپ ئىگىلەش،
كەسپى خاراكتېرلىق بىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىمىزدىن تاشقىرى
ئىشلاردۇر. بۇ توغرۇلۇق غەرب ئەللىرىدە ھېچكىم ھېچكىمنى
ئەيىپلىيەلمەيدۇ.

گەرچە 2006. يىلىدىن ئېتىبارەن «NED» ۋەقپىنىڭ
ئىقتىسادى ۋە ئىلمى خادىملار ياردىمىدە، يىلدا بىر قېتىم، ئۈچ
كۈنلۈك ئاتالمىش «كادىر تەربىيەلەش كۇرسىسى» غا ئەللىك،
ئاتمىش ئۇيغۇرلار قاتنىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاتالمىش
كۇرسىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇيغۇر ۋەزىيىتى، خىتاي ۋەزىيىتى
ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدە دوكلاتلار ئاڭلىتىلىپ، ئىككىنچى
ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرى دوكتور، پروفېسسورلارنىڭ، كەسپى
مۇتەخەسسىلەرنىڭ لېكسىيىلىرى تەقدىم قىلىنىپ، ئۇ تىلدىن
بۇ تىلغا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىككى

كۆن سۆزلىگەن لېكسىيىلىرى، كۇرسانتلارغا نىسبەتەن تۆت يېرىم سائەتلىك ۋەز- نەسىھەتكە يىغىنچاقلىنىدۇ. ھەم لېكسىيە بېرىۋاتقان دوكتور، مۇتەخەسسىلەر بىلەن كۇرسانتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان زېمىندەك چۈشەنچە بوشلۇقى، تەپەككۇر پەرقى بولغاچقا، يىلدا بىر قېتىم توپلۇشۇپ چۈشۈۋالغان رەسىمدىن باشقا ئەسلىمە، خاتىرە قالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىستانبۇلدىكى مائارىپ جەمئىيىتى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، قېرىنداشلىق يىللىق ئۈچرىششتىمۇ، گەرچە كۇرسانتلار بىلىدىغان تۈرك ۋە ئەرەب تىللىرىدا بىر ھەپتە تولۇق سۆزلەنگەن ئالماستەك ئۆتكۈر، ئالتۇندىن قىممەتلىك لېكسىيەلەردىن ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ، بىر ھەپتە توپلىشىپ ئىبادەت قىلىۋالغانلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقان، ھەر يىلدا شۇ كۈنلەرگە مۇيەسسەر بولۇشقا مۇشتاق بولىۋاتقان، تەقۋادارلىرىمىزنىڭ تەسىراتلىرىدىن مەلۇم بولغىنى شۇكى، كەسپى كۇرسلاردا سىستېمىلىق ئوقۇمىغۇچە، يۇقىرىقىدەك جامائەت سورىنى ئويۇشتۇرۇپ، ھەشەمەتلىك سەھنىلەردە بىر قانچە سائەتلىك، ھەپتە- ئون كۈنلۈك سۆزلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن لېكسىيەلەرنىڭ، كىشىلەرنى بىر ئاز «قۇلاق زىيالىيسى» قىلىشتىن باشقا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا.

تەشكىلاتلىرىمىزدىكى كەسپى خادىم يوقسۇللۇقى قىينچى- لىقنى يىللىق، مەۋسۇملۇق پۈتۈن كۈنلۈك كەسپى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش بىلەن ھەل قىلالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئۇسۇل- چارىلەر رىياكارلىق، مىللەتنى قايمۇقتۇرۇش، خەلقنى، ئۆزىنى ئالدىغانلىقتىن باشقا مەناسى يوق ئىشتۇر. كەسپى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خادىملارنى ئوقۇتۇش كۇرسلىرىنى ئېچىشقا غەرب ئەللىرىدە
پەقەتلا ئىمكانىيەت تېپىلمايدۇ. بىز ئۈچۈن بىردىن - بىر
باب كېلىدىغان دۆلەت تۈركىيە بولۇپ، 2000. يىلى نويابىر
ئايلىرىدا شۇ چاغدىكى «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان)
مىللى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان ئەپەندى
كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ پىكرى بويىچە، قۇرۇلتاينىڭ سىياسى
باش مەسلىھەتچىسى (مەرھۇم) ھاجى ياقۇپ ئانات ئەپەندى
بىلەن ئەنقەرەدە مەخسۇس سۆھبەتلەشكەن ئىدى. ھاجى
ياقۇپ ئەپەندى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن، مىللى
قۇتۇلۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن كەسپى خادىم يېتىشتۈرۈش
ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۆزى خىزمەت
قىلىۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە «ئۇيغۇر كەسپى خادىملار
تەربىيەلەش ئىنىستىتوتى» قۇرۇپ چىقىش ئىلتىماسىنى،
تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكىگە، مالىيە مىنىستىرلىكىگە
يوللىدى. مىنىستىرلىكلەردىن كەلگەن جاۋابقا ئاساسەن، ھاجى
ياقۇپ ئەپەندى قۇرۇلغۇسى ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇتۇش كەسپى،
ئوقۇتۇش پىلانى، دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇشقا 12 نەپەر ئۇيغۇر
كۇرسانتلارنى قوبۇل قىلىپ، سىناق ئوقۇتۇش پىلانى قاتارلىق
بىر يۈرۈش پىلانلارنى تاپشۇردى. بۇ يىللاردا تۈركىيە سىياسى
مۇقىمسىزلىق، ھۆكۈمەت مۇقىمسىزلىقى، يىلدا سايلام غەۋغاسى،
ئىقتىسادى كىرىزىس ۋە سان- ساناقسىز كىرىزسلەرگە پېتىپ
كېتىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، دۆلەت ئىچى- سىرتىدىن ئېغىر
بېسىم ئاستىدا تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي «شەرقى تۈركىستان
(ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نامىدىن تاپشۇرۇلغان
تەلەپلەر قوبۇل قىلىنىپ، ئىلتىماسلار تەستىقتىن ئۆتۈۋاتاتتى.

مائارىپ مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاخىرقى تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ھاجى ياقۇپ ئەپەندى يېقىن خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە، بىر ياقتىن دەرسلىك تەييارلاپ، بىر ياقتىن مائارىپ ئىدارىسىغا تاپشۇرىدىغان ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ پۈتتۈردى. بىراق، دېيىشكەن كۈنى يېتىپ كەلگەندە، بارلىق ماتېرىياللارنى پوپكىغا قاچىلاپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، ھاجى ياقۇپ ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرىكى مەنزىلگە يەتكۈزمىدى. ئەگەر ئۇ، يەنە بىر يىل ئارتۇق ياشاپ قالغان بولسا، تۈركىيە دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىگە ئائىت بولغان ئەمما مىللى مائارىپ قورۇلمىمىز قەددىنى تىكلىۋالاتتى. ھەم كۈنىمىزگىچە ئالتە قەرەل كۇرس پۈتتۈرۈپ، يۈزلىگەن كەسپى خادىملىرىمىز يېتىشىپ چىققان بولاتتى. ھاجى ياقۇپ ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتى بىلەن مەزكۇر پىلان كۆمۈكتە قالدى.

2005 . يىلى قاھىرەدە ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، پىلانلارنىمۇ تۈزگەن ئىدۇق. (بۇ توغرىسىدا ئايرىم يازمەن) مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىئاسىمۇ ئەسلىدە، قۇتۇلۇش ھەرىكىتىگە كېرەكلىك بولغان كەسپى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. ئەمما شۇنىڭغىمۇ يەنە ئىلمى، كەسپى سەۋىيە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشكەن....

يىغىپ ئېيتقاندا، چەتئەللەردىكى ئىمكانىيەت، ئىقتىدار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان كەسپلەردە ئادەم يېتىشتۈرۈشكە يار بەرمەي كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6 . مىللىي ئىرادە يوقسۇللۇقى

ئىرادە - تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن ئۆز مەنىسى بىلەن كۆچۈپ كىرگەن سۆز بولۇپ، ئىستەك، تاللاش، خاھىش دېگەندەك مەنالاردا قوللىنىلىدۇ. ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر نەرسىگە ئېرىشىشتىن ۋاز كەچمەيدىغان، نىشانغا يېتىشتىن چېكىنمەيدىغان، مەلۇم كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جان- جەھلى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، «جان كەتسىمۇ كەتسۇنكى، جانان قولدىن كەتمىسۇن!» دېگەندەك قولىدىكى نەرسىنى قولدا چىڭ تۇتۇپ، ياكى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىغىچە بەدەل تۆلەشتىن ئىبارەت كەسكىن قارارغا ئىگە كىشىنى- ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەم -دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ قارشىسىدا، مېڭىۋاتقان يولىدىن تېز يالتىيىدىغان، ئازراق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى ئالغان هامان، دەرهال ئۆزگىرىش ياسايدىغان، كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ- پەدىسىگە، ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا، قاش- قاپىقىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان كىشىلەرنى - ئۇچمە كۆڭۈل، ئالا تاغىل، دىتسىز، يانغاق، ئىرادىسىز ئادەم - دەپ تەرىپلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىزاهاتلار هەربىر ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت، شەخسى ئىشلاردىكى مەۋقەسى، مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. يەنى بەزى كىشىلەر، ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرىدا قەتئى ئىرادىلىك، شەخسى خاهىشى كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلچە كۆيۈنمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز ئىشىغا ئانچە ئىرەن قىلمايدىغان،

ئەمما مىللەتنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىغا بارلىقىنى ئاتاپ قويىدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. «قەھرىمانلار» نىڭ خاراكتېرى ئۆزىنى مىللەت ئىشلىرىغا ۋە كۆپچىلىككە بېغىشلىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

كىشىلىك ئىرادە بىلەن مىللى ئىرادە ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلنى مەنپەئەت، قىزىقىش ۋە خاھىش بەلگىلەيدۇ. قايەردە مىللەتنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى بىرىنچى قاتاردا، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرالىسا، شۇ يەردە مىللى ئىرادە تېلىپغان بولىدۇ. يەنى قايسى ئىرادىنىڭ كاپالەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەم- مەنپەئەتتۇر. كىشىلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا- مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، كىشىلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغان كىشىلەر، بەزىدە ئىرادىسى مۇستەھكەم قىياپەتتە تەسۋىرلىنىپمۇ قالىدۇ. لېكىن ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش - شەخسىيەتچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا- قازا، شۇملۇقلارنىڭ كېلىدىغانلىقى مىسال، ئىسپات، پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان، ئاشكارا ھەقىقەتتۇر.

بىرەر قوشۇننى يېتەكلەيدىغان قوماندان، ياكى بىرەر مىللەتنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك خاھىشى بىلەن ئىش كۆرسە، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق، ياكى پايدىسىز ئىشلار ئۈستىدە ئۆزى خالىغاننى قىلسا، ئۆزىنىڭ ئىستەك، خاھىشىنى، كىشىلىك مەنپەئەتىنى كۆپچىلىكنىڭ، مىللەتنىڭ پايدىسىدىن ئەلا بىلسە، پۈتۈن بىر مىللەت ئاشۇ يېتەكچىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. مەيلى ئۇ يېتەكچى رەھبەرلەرنى مۇتلەق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك قوللىغان بولسۇن، ئۇنىڭغا مىللەتنىڭ پۈتۈ
ئاھالىسى ئەگەشكەن بولسۇن، ئۇ رەھبەر مىللىي ئىرادىگ
ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە مىللىي ئىرادىنىڭ قارشىسىدا ئىـ
قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىگە ھاما
مىللەت قالىدۇ. ئۇۋالىنى مىللەت كۆرىدۇ.

مىللىي ئىرادە- دېگەندە: كۆپچىلىكنىڭ كۆز- قاراش، پىك
ۋە ئاۋاز بىرلىكى- دەپ چۈشىنىۋالىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بۇندا
پىكىر، كۆز- قاراش ئورتاقلىقى مىللىي ئىرادە ھېسابلانمايدۇ
ئەكسىچە ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ قارارىدۇر. كۆپچىلىك ئالغا
قارارلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن
بولۇۋېرىشى ناتايىن. بەزىدە، ياكى بەزى كۆپچىلىك مىللەتنىڭ
مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان، زىيانلىق ئىشلار ئۈستىدىم
پىكىر ئورتاقلىقىغا كېلىپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. شۇڭا
ئىرادە- دېيىلگەندە، يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك- مەنپەئە
ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. مەلۇم رەھبەرلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-
ھەرىكەتلىرى، دەۋا- تەلەپلىرى قايسى خىلدىكى مەنپەئەتنى
كۆزلەيدۇ؟ كىشىلىك مەنپەئەتنى كۆزلەۋاتامدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ
خاھىشى بويىچە قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى
چىقىش قىلامدۇ؟ كۆپچىلىك ئالغان قارار قايسى مەنپەئەتنى
كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى؟ - يەنە تەكىتلەيمەنكى، كۆپچىلىك
ئالغان قارارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئىرادىگە ئۇيغۇن بولۇۋې
كېتىشى ناتايىن.

بىزنىڭ چەتئەلدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە
مىللىي ئىرادىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بىر گەپ بولۇۋې
كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن تەشكىلاتلىرىمىز بار. مەركىزى تەشكىلاتلارم

بار. «دەۋاگەر» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەرمۇ خېلە كۆپ. «لىدىر» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلىرىمىزمۇ يېتىپ ئېشىپ قېلىغلىق. بەزىدە ئۇلار چوڭلۇق تالىشىپ، ئورۇن تالىشىپ ئېغىر ماجىرالىشىپمۇ تۇرىدۇ. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، تارماق تەشكىلاتلاردىن تارتىپ، مەركىزى تەشكىلاتلارغىچە، رەئىس ۋە دەۋاگەرلەردىن- لىدىر بولۇپ كەتكەنلەرگىچە مىللى ئىرادە تۇرماق، ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى، ئۆزىگە قول بەرگەنلەرنى ۋە ئۆز تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ئالغان قارارنىمۇ كۆزگە ئىلماي، پەقەت ئۆز ئارزۇسىنى، ئۆز خاھىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ نىجىس مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزى خالىغانىنى قىلىدۇ. بىر باشلىق ئۆزى ياقتۇرمايدىغان يەنە بىر باشلىقنى رەت قىلىپ: ئەگەر ئۇنىڭ قولى بىلەن «شەرقى تۈركىستان» مۇستەقىل بولۇپ كەتسە، ئۇ ۋەتەنگە مەن بارمايمەن! - دېگەن يەرگىچە جاكارلىيالايدۇ. مۇشۇنداق شەخسىيەتچىلەر رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلاتلاردا ئېلىنغان قارار قايسى ئىرادىگە، قايسى مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلماقچى؟

بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەركەتلىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەركىزى تەشكىلاتىمىز، «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» مىللى ئىرادىگە ئۇيغۇن مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى بىلەن قۇرۇلغان تەشكىلات ئىدى. 92. يىلىدىن 2004. يىلى 12. ئاپرېل تارقىتىۋېتىلگىچە، مىللى ئىرادىگە ۋەكىللىك قىلغان. چۈنكى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە «مۇستەقىللىق» دېگەن بىر كەلىمىنى يېزىپ، ئۆز ئۆيىدە ساقلىغانلارغا 3 يىللىق، باشقا بىر كىشىگە سۆزلىگەنلەرگە 7 يىللىق، ئۈچتىن ئارتۇق ئادەمگە سۆزلىگەنلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

10 يىللىقتىن يۇقىرى قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىناتتى. ئۇ
مۇستەقىللىق دېگەن بۇ شوئارنى پەقەت چەتئەللەردـ
ئەركىن- ئازادە، تەشكىللىك ھالدا دۇنياغا جاكارلىيالايتتۇ
چەتئەلدىكى مۇستەقىللىق- دېگەن بۇ شوئار، تەلەپ مىللـ
ئىرادىسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئەپسۇس «بىز مۇستەقىللىق تەلە
قىلىمىز دەپ، تەتۈرلۈك قىلىۋەرسەك، بىزنى غەرب دۇنياسـ
تونىمايدۇ؛ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ بولۇپ، ئاندىـ
دەۋارىمىزنى قىلساق، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئوڭدىن كېلىدۇ
دېگەندەك، ئېتى يوق، سېپى يوق يالغان سىياسەت بىلەر
12. ئاپرېل 2004. يىلى 12 يىللىق تارىختا ئىگە «شەرقى
تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىۋېتىپ
ئۇنىڭ ئورنىغا (16. ئاپرېلدىن 19. ئاپرېلغىچە تەنتەنىلىك
يىغىن ئېچىپ) : ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھىمايـ
قىلىمىز، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى
بەلگىلەش ھوقۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان، بارلىق قانۇنلۇق
ھەرىكەتلىرىنى قوللايمىز....دېگەندەك خىتاپنامە، نىزامنامىگ
ئىگە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» چىقتى. يەنى «دۇنيا ئۇيغۇ
(ياشلىرى) قۇرۇلتىيى» تىرناق ئىچىدىكى «ياشلىرى» دېگەن
بىر سۆزنى قىسقارتىپ، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتالغان
بۇ تەشكىلات، 96. يىلى مىيونخىن شەھرىدە قۇرۇلغان
«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ دەل ئۆزىدۇر. ياشلا
قۇرۇلتىيى كىشىلىك ھوقۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش
دېگەن شوئارنى نىزامنامىسىگە ۋە خىتاپنامىسىگە ئوچۇق يېزىپ
ئوتتۇرىغا چىققان ئىككىنچى «ئۇيغۇر تەشكىلاتى» (بىرىنچىسـ
ئالىپتېكىن ئەپەندىگە مەنسۇپ «شەرقى تۈركىستان ياۋروپـ

بىرلىكى» جەمئىيىتى) بولۇپ، دەسلىۋىدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى بازار تاپالمىغان. 2006. يىلى رابىيە خانىمنى «خۇدايىم بەرگەن لىدىر» دەپ، (قۇرۇلتايدىكىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىنى يىڭىپ) پۈتۈن ئىمكانىيىتىمىزنى ئىشلىتىپ، قۇرۇلتايغا رەئىس قىلىۋاپتۇق. خانىمنىڭ ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى نوپۇزى ۋە خىتايدىكى داڭقى بىلەن تېز ئارىدا: «ئۇيغۇرلار كىشىلىك ھوقۇقچى، دېموكراتىيىچى، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماي، خىتاي بىلەن تىنچ، ئىتتىپاق، ئەركىن، تەڭ- باراۋەر ياشاپ كېتەلەيدىغان مىللەت» دېگەن سالاھىيىتىمىز دۇنياغا تونۇلۇپ كەتتى. 2007. يىلى ئىيۇل ئايلىرىدىن باشلاپلا خانىمنىڭ قۇرۇلتايغا لازىمى قالمىغان بولسىمۇ، بىزلەر ئۇنىڭ ئورنىنى قوغداپ، ماجىرالىشىپتۇق. ئۇلار خانىمنى پۈتۈنلەي سىبىستىپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بىر تور بەت ئېچىپ، ئامېرىكىدىن ئالمۇتىغىچە، ئوسلودىن سىدنىيىغىچە، بېجىدىن قەشقەرگىچە مەخسۇس خانىمنى تەنقىدلەيدىغان، خانىمنى تىللايدىغان، ھاقارەتلەيدىغان قەلەم كۈرىشى قوزغىسا، بىز ئىككى تور بەت ئېچىپ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، خانىمنى قوغداپتۇق. بىچارە خانىم قۇرۇلتاي ئىچىدە 10 يىلدىن ئارتۇق ئاھانەت، ئازارغا قاپتۇ. ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ چوڭايمىسى بولغان «د ئۇ ق» بازارغا سېلىپ، بەش تەڭگىگە يارىمىغان كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى خانىم بازارغا چىقىرىۋىدى، تۇغۇلما سودىگەر بولغاچقىمىكىن، «NED» شۇنچىلىك تېزلا خېرىدار بولۇپ سېتىۋالدى. خانىم بۇ تىجارەتتە مال ئىشلەپ چىقارغۇچىمۇ ئەمەس، مال ساتقۇچىمۇ ئەمەس، پەقەت ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا بازارچىلىق رولىنى ئوينىدى. ساتقۇچىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغۇچىلار بىلەن تىل تېپىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاردىكى خانىمنى ئىككى يۆتىلاپ تېپىپ چىقىرىۋېتىشكە ئۇزۇن يىل كۈچىدى. خانىمنى يۆتۈن بىر مىللەت قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، ئون يىل چىدام كۆرسەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى سىرلىق مۇناسىۋەتلەر ـ ئېنىق ئېيتقاندا مىللەتنىڭ تەقدىرىگە چېتىشلىق ئەمما ئۇلار يەڭ ئىچىدە خىيانەت قىلغان ئىشلار يېپىق پېتىم قالدى.

ياشلار قۇرۇلتىيى: «مۇستەقىللىق دېمەيتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى غەرب ئەللىرىگە، دۇنيا ئەھلىگە تونىتىۋېلىپ، ئاندىن دەۋارىمىزنى قىلايلى» دېگەن تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (96. يىللىرىدىكى) چاغدا، ۋەتىنىمىزدە خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان تۈپ سىياسەت: مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش؛ چېگرا سىرتىدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرنى ئۆز ئىچىدىن تارمار قىلىش؛ تۇغۇت چەكلەش؛ يەر ئاستى بايلىقلارنى ئىچكىرىگە يۆتكەش؛ ئىچكىرىدىن ۋەتىنىمىزگە خىتاي يۆتكەش؛ ئاتوم- يادرو سىناق قىلىش... قاتارلىقلار ئىدى. مۇستەقىللىق خىتاپنامىسىگە ئىگە «شەرقى تۈركىستان(ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىۋېتىپ، «چەتئەللىكنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن» كىشىلىك ھوقۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى خىتاپنامىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، «د ئۇ ق» قۇرۇلغاندا بولسا، خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە ئىجرا قىلىۋاتقان تۈپ سىياسىتى: «ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش، يەرنى يۇقىرى مەھسۇلات ئالالايدىغان ئاگرا تېخنىك ئۆلچىمى بىلەن سۈپەتلىك باشقۇرىدىغان خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، سېتىپ بېرىش؛ دۆلەتنىڭ يەرلىك سىياسىتىگە قارشى چىققان ۋ

چەتئەلدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىگە قەست قىلغان تېررورىستلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، رادىكال دىنىي ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش» قاتارلىق جازالار ئىدى. بىراق 96. يىلىدىن 2006 يىلىغىچە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئون يىل، مۇستەقىللىقنى تىلغا ئالمايتۇرۇپ، كىشىلىك هوقۇق دەۋاسى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىڭراشلىرىغا قۇلاق سالىدىغان كىشى چىقمىغان ئىدى. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، رابىيە خانىم ئىش بېشىغا چىقىپلا، ئىشكىلەرنى ئاچقان بولدى. بىراق ئاتالمىش كىشىلىك هوقۇق دەۋاسىنى ئامېرىكىدا ئاقسارايغا، ياۋروپادا كۆك سارايغا (ياۋروپا پارلامېنتىغا) ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ، «بىزنىڭ چوڭ تەلىپىمىز يوق، خەلقىمىزگە ئىنسانى ئەركىنلىك بەرسە، بىزنىمۇ خىتايلارغا ئوخشاش كۆرسە ئارتۇق دەۋارىمىز يوقتى. بىزگە مۇستەقىللىق ئەمەس، ئادەمچە ياشاش كېرەك بولۇپ قالدى. خىتاي هۆكۈمىتى بىزنى بەك بوزەك قىلىۋاتىدۇ. 56. يىلى ئۆزى بەرگەن ئاپتونومىيەنىمۇ ئىجرا قىلمىدى» - دەپ، شۇنچىلىك تۆۋەنچىلىك بىلەن قاقشىغانسىرى، خىتاي قانداق جاۋاب بەردى؟ - خىتاي ئۆلكىسىگە قىزلارنى يۆتكىدى. رابىيە خانىم ئۇنىڭ دەۋاسىنى قىلدى. خىتاي روزا تۇتۇشنى، تەراۋىه ئوقۇشنى چەكلىدى. خانىم ئۇنىڭ دەۋاسى قىلدى. خىتاي ناماز ئوقۇشنى چەكلىدى. خانىم ئۇنىڭ دەۋاسىنى قىلدى. «مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايتۇرۇپ، غەربنىڭ ياردىمىگە ئېرىشۋېلىپ، ئاندىن كېيىن دەۋارىمىزنى قىلىمىز» - دەپ، مىللى ئىرادىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ قىلغان 22 يىللىق كىشىلىك هوقۇق دەۋاسىنىڭ نەتىجىسى، چەتئەلدە

www.uyghurkitap.com

بىر قانچە نەپەر دەۋاگەرنىڭ ئايلىق مائاشىغا يارىغان بول
ۋەتەن ئىچىدە پۈتۈن بىر مىللەت يىغىۋېلىشقا سولانغان هال
كەلدى. خىتاي بىزنىڭ كىشىلىك هوقۇق دەۋاچىلىرىمىزن
ئارقىسىغا ئەگەشتۈرىۋالدى. ناماز، روزا، ساقال، رومال، مان
ئەمدىلىكتە يىغىۋېلىش لاگېرى. قايسى بىرىنىڭ دەۋاسىنى
قىلار؟ ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد دەۋا قىلىپ تۈگىتەلمىگۈدەك دەسمىنى
خىتاي تەييارلاپ بېرىۋاتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر ئۆيگە بە
خىتاينى ئەكىرىپ قويۇپ مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. 22 يىل قىلغان
كىشىلىك هوقۇق دەۋاسى شۇ يەرگە كەلدىكى، بۈگۈن «ب د
ت» يىغىن زالىدا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا، ياۋروپا پارلامېنتىدا
ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سىياسى مۇنبەرلىرىدە: «خىتاي
ھۆكۈمىتى ئازسانلىق مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادىنى،
مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ئادەتلىرىنى چەكلىشىدىن بىز بىئارام
بولىۋاتىمىز. خىتاينىڭ بىر دۆلەتتە ئىككى خىل سىياسەت،
قوش ئۆلچەملىك قانۇن يولغا قويىشى كىشىنى ئەندىشىگە
سالىدۇ. ھەممىدىن يامىنى: مىليونلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى
قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال پۇقرالار
قاتارىدا كۈن كۆرىشىگە دەخلى- تەرۇز قىلىۋاتقىنىدۇر. قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە تەربىيەلەش لاگېرىنى تاقاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ
نورمال هايات كەچۈرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىنى، بېجىن
ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلىمىز» - دېگەندىن ئىبارەت بولىۋاتىدۇ.
ئەگەر مۇشۇ 22 يىللىق كىشىلىك هوقۇق دەۋاسى قىلغانىنىڭ
ئورنىدا، ئەسلىدىكى مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن يانماي، مىللى
ئىرادىدە مۇستەھكەم ماڭغان بولسا، ئەھۋال قانداق بولاتتى؟ -
ۋەتەن ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى خالىغىنىنى قىلىشى مۇمكىن

ئىدى. مۇستەقىللىق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ دەۋا قىلغان تەقدىردە، يەنە شۇ زۇلۇمنى سالغان بولاتتى. ئەمما ۋەتەن سىرتىدىكى كۈرەشىمىزنىڭ سۈپىتى، تەسىرى، يۈز ئابرويى تامامەن باشقىچە سەۋىيىگە يەتكەن بولاتتى. ب د ت، ئاقساراي ۋە كۆك سارايلارنىڭ مۇنبەرلىرىدىكى سۆزلەرمۇ باشقىچە، سىياسى شەكىلدە بولىشى مۇمكىن ئىدى.

كىم دېدى سىلەرگە؟: مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ دەۋاسىنى دۇنيا ئەھلى ئاڭلىمايدۇ- دەپ.

قىسقىسى، چەتئەلدىكى سىياسى كۈرەش ئېقىمىنى بىر گۇرۇپ كىشىلەر كونترول ئاستىدا تۇتۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نە مىللى ئىرادىگە ئۇيغۇن، نە ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتى ئىچىدىكى كۆپچىلىكنىڭ قارارىغا سادىق ئەمەس. ئۇلارغا قانچىلىك يېقىندىن قارىغانسېرى بىرخىل قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمۈپ كېتىۋاتقانلىقنى بايقىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ چەتئەلدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىمىزنىڭ - «ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» ئەمەسلىكىنى ھەتتا شۇ ئىشنىڭ بېشىدا چېپىپ يۈرگەن نۇرغۇن جاپاكەشلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان ۋەزىيەتتە. بىلىدىغانلىرى كۆپچىلىكتىن يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ. ئەسلىدە كۆپچىلىك بىلىپ كەتسىمۇ چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولۇپ كەتمەيدىغاندەك..... چۈنكى بۇ باپتا ئايرىم توختالغاندەك، بىزدىكى يوقسۇللۇقلار قاتارىدا، يەنە بىر مۇھىم يوقسۇللۇقىمىز بار- قىزىقىش يوقسۇللۇقى. كىشىلىرىمىز بىلىشكە قىزىقمايدۇ. بىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىلىپ قالسىمۇ، بىلگىنىنىڭ لايىقىدا ئانچە بەك ئىرەن قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتمەيدۇ. بىلگەنلەر باشقىلارنىمۇ بىلىشكە ئۈندىسە: پىتنە
ئېغۋاچى- دەپ، قاتتىق تەستەكلەپ قويىدۇ. سەپنىڭ ئالدى
پايپاسلاپ يۈرگەنلەرنىڭ تەرەتسىزلىكىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى
يوق.

يۇقىرىدا «ئىقتىسادىي يوقسۇللۇق، لىدىر يوقسۇللۇقى، سا
يوقسۇللۇقى، تەشكىلى ئاڭ، تەجرىبە يوقسۇللۇقى، كەسپ
خادىملار يوقسۇللۇقى ۋە مىللىي ئىرادە يوقسۇللۇقى» قاتارلىق
قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزدە كام بولسا بولمايدىغان ئەمما بىزد
تېپىلمايۋاتقان بىر قاتار مۇھىم ئېلېمېنتلار ئۈستىدە توختالدى
ۋە مىسال، پاكىتلىرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئىشىنىمەنكى
بۇ تېمىنى ئوقىغان نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا تاپا- تەنە قىلىدۇ
مەن بىلگەنلىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئوتتۇرىغا تاشلىدىم
كېيىنكى بابلاردا، ئاللاھ نېسىپ قىلسا كېيىنكى كىتابلارد
يەنە داۋاملىق ئايدىڭلىتىشقا تىرىشىمەن.

05.07.2018

ئالتىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئۆرنەك تېپىلامدۇ؟

ئىنسانلارنىڭ ئاندىن تۇغما، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى باشقىلارنى دوراشتۇر. تىببىي ۋە پسىخىك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئېيتقاندا، ھاملە ئۈچ ئايلىقتىن باشلاپ سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن. شۇڭا ھاملىدار ئايالارنىڭ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشى، خاپىچىلىقتىن يىراق تۇرۇشى، قاتتىق چوقان- سۈرەن بار يەرگە يولىماسلىقى، كۆڭۈلنى كۆتىرىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكا ئاڭلاپ تۇرىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. غەرب ئەللىرىدە ھاملە ئېغىرلاشقان (بەش ئايلىقتىن) باشلاپ، ئۆسمۈرلەرگە لايىق يېقىملىق بالىلار مۇزىكىسىنى كۈندە ئىككى قېتىم ئانىنىڭ قورسىقىغا يېقىن تۇتۇپ، ئون بەش مىنۇت ئەتراپىدا قورساقتىكى ھاملىگە ئاڭلىتىشنىمۇ تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ھاملىنىڭ مېڭىسى ياخشى يېتىلىشىگە پايدىلىقمىش.

ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇپلا ھاياتىنىڭ تۇنجا كۈنلىرىنى ئانىنىڭ قۇچىقىدا باشلايدۇ. بىرىنچى تاۋۇشىنى، بىرىنچى سۆزىنى ئانىسىنى دوراپ، سان- ساناقسىز قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاخىرى «تىلى چىقىدۇ». ئىنسانلار، مىللەتلەر ئانىسىنى دوراش ئارقىلىق تىل ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تىللار«ئانا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلى» ـ دەپ، قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئەقلىنىڭ ئاچقۇچى تەپەككۇرنىڭ يېتەكچىسى بولغان تىلنى دوراپ ئۆگىنىشتە تارتىپ، ساناپ تۈگەتكۈسىز نەرسىلەرنى تەكرار كۆرۈش تەكرار ئاڭلاش ۋە تەكرار دوراش ئارقىلىق زېھنىگە ئۆزلەشتۈرۈ بولغاندىن كېيىن، تەپەككۇر قىلىشقا، بىلگەنلىرىنى ئىلمى ئاساس بىلەن پۇختىلاشقا ۋە نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈشكە قەدە باسىدۇ. ئەمما شۇنى چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇكى، بىل تەپەككۇرى نەزەرىيە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئۆز ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولمايدۇ. مەلۇم بىر پىكىرنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالاھىدە چىقىم دەسمى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما پىكىرنى بىرەر ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ماددى كۈچ تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قەدەم باسقاندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشنىڭ ۋە كۆپ چىقىمغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، «بۇنىڭدىن بۇرۇن، ياكى مەۋجۇت شارائىتتا شۇنداق بىر ئىشنى قىلىپ نەتىجە قازانغانلار» دىن ئۆرنەك ئېلىشقا ئىنتىلىش نورمال ئەھۋالدۇر. بولۇپمۇ سىياسىي كۈرەشلەردە، قوراللىق ئۇرۇشلاردا ئىجرا قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغاندىن سىرت، باشقىلارنىڭ قانداق ئۇسۇل، قانداق تاكتىكا قوللانغانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ياكى نەتىجىلىرىدىن ئۆرنەك ئالىدۇ. ياكى مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. قايسى شەكىلدە بولمىسۇن باشقا تەقدىرداش ياكى مەسلەكداش خەلقنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن بىر نەرسە ئارىيەت ئېلىنىدۇ.

مۇشۇ دائىرىنى چۆرىدەپ «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق

ھەربىكەتلىرى ئۈچۈن ئۆرنەك بارمۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدەپ باقايلى.

### 1. يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ئۆرنەك بولالامدۇ؟

جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى يەھۇدىيلارنى قىسقىچە تونۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ باشقا ھېچقانداق قوۋملەرگە ئوخشىمايدىغان، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكى بار.

بىرىنچى: مەيلى ناچار تەرەپتىن، مەيلى ئىلغار تەرەپتىن بولسۇن يەھۇدىيلار دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر قوۋمدۇر. بولۇپمۇ ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئەڭ ساۋاتسىزلىرىمۇ يەھۇدىي دېگەن بىر قوۋمنىڭ نامىنى، مەۋجۇتلىقىنى ۋە بەك ناچار كاپىر ئىكەنلىكىنى بولسىمۇ بىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى تونۇتۇشقا ھېچقانداق كۈچ، ئەمگەك، ۋاقىت ئىسراپ قىلمايدۇ.

ئىككىنچى: يەھۇدىيلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىن بولۇپ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامغىچە ئارىلىقتا، ئۇلاردىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلگەن. يەھۇدىيلار مەيلى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسۇن، مەيلى ئاسىيلىق قىلسۇن، قانچە مىڭ يىللاپ ئىلاھىي ۋەھىي بىلەن ئىرچىل يېتەكلەنگەن خەلقتۇر. بۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ تېز يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئۈچىنچى: يەھۇدىيلار دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ زوۋۇلىسى تېخى ئۈزۈلمىگەن چاغلاردىن تارتىپ، ئىقتىسادقا ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن خەلقتۇر. ھازىرمۇ دۇنيا

ئىقتىسادىنى بىر تۇتاش كونترول قىلىپ كەلمەكتە.

تۆتىنچى: يەھۇدىيلار مىلادىدىن بۇرۇنقى مىڭىنچى يىل
ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇپ، مۇستەقىل شەھەر سورىغا
مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى مىڭ يىلدىن باشلاپ (
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئۈچ مىڭ يىل تۇرلۇك تۇم
قىسمەتلەرگە ئۇچرىدى. يەھۇدىيلارنى بىر مەزگىل (5 ئەسىرد
ئارتۇق) قىبتىلار(مىسىرلىقلار) ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيى
سۇريانلار، ئۇنىڭدىن كېيىن پېرسىيلىكلەر، رۇملۇقلار ئىدا
قىلغان. مۇشۇ ئىدارە قىلىنىش ۋە ياتلارنىڭ مۇستەملىكىس
بولۇش جەريانىدا، نېمىنى قۇربان بېرىپ، نېمىنى ساقلا
قېلىشنى بىلگەن. ئۇلار تىلىنى، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى قۇربا
بېرىپ، دىنى (يەھۇدىي دىنى ئۇلارنىڭ شەخسى دىنى
بولغاچقا، دىن مىللى كىملىكنىڭ مۇھىم قىسمى) بىلەن
ئىقتىسادىنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشقان. ئەڭ مۇھىمى
«يەھۇدىي» دېگەن بىر كەلىمىنى مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى
ئاشكارا داۋاملاشتۇرغان. ئۇلارنى ياتلار ئىشغال قىلغان چاغلاردا
ياتلارنىڭ ھاكىمىيەت قاتلاملىرىدا خىزمەت قىلغان ۋە يۇقىرى
مەنسەپلەرگىچە ئۆرلەپ، ئۇلارنى بېسىۋالغان دۈشمەنلەرنىڭ
راۋاجلىنىشىدىمۇ چوڭ رول ئوينىغان. لېكىن ساقلاپ قېلىشقا
تېگىشلىك -دەپ قارالغان نەرسىلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى
قەتئى داۋاملاشتۇرغان.

بەشىنچى: يەھۇدىيلار كۆچمەن بولۇپ بارغان يېرىدە، يە
ئىگىسىگە ئىبغىرچىلىقىنى سالماي، ئۆز ئۆزىنى تىكلەش بىلەن
بىرگە، پائالىق بەرگەن ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى يۈكسىلىشىگە
تۆھپە قوشىدۇ. يەھۇدىيلار ئىككى مىڭ يىل ئەتراپىدا تولۇق

كۆچمەن بولۇپ ياشىغان خەلق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئائىت دىنىدىن باشقا نە مىللىي مەدەنىيىتى، نە بىر سەنئەت- مۇزىكىسى يوق. ئەمما ئۆزلىرى يەرلەشكەن ئەللەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت- سەنئەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن راۋاجلاندۇرىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ داڭلىق مىللىي مۇزىكىسى يوق. ئەمما ئۆزلىرى يەرلەشكەن ئەللەرنىڭ مۇزىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدۇ ھەم تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ قۇلاققا ياققۇدەك ناخشا مېلودىيىسى يوق. لېكىن باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى پەۋقۇلئاددە ماھارەت بىلەن ئېيتىدۇ. شۇڭغا ئوخشاش ئارتۇقچىلىقى بىلەن يەھۇدىيلار بارغان يەردە تېز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن قىممەت يارىتىدۇ.

ئالتىنچى: غەربكە- ياۋروپاغا يەرلەشكەن يەھۇدىيلار 17. ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، يېتەكلىگۈچى ئورۇنغا ئۆتكەن. بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ يىقىلىش ئالدىدا تۇرغان مەدەنىيەتلىرىنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. ياۋروپانىڭ ۋەيران بولىۋاتقان ئىقتىسادىنى قايتا راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياۋى سودا مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشكە، سانائەتلىشىشكە يېتەكلىگەن. شۇنىڭدەك چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن ياۋروپا تەپەككۇرىنى ئىسلاھاتقا يۈزلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈملەرنى يېڭىلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يەتتىنچى: قەدىمقى زامانلاردا يەھۇدىيلاردىن كۆپلەپ پەيغەمبەر چىققان بولسا، 17. ئەسىردىن باشلاپ سانسىزلىغان مۇتەپەككۇر، جەمئىيەتشۇناس پەيلاسوپلار چىقتى. بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياۋروپانىڭ يېڭى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىدە يەھۇدىـ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپلىرىنىڭ ئوينىغان رولى بەك چو 19 . ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارەكلىرىدىن 20. ئەسىرنى ئالدىنقى يېرىمىغىچە يەھۇدىي پەيلاسوپلىرىنىڭ قەلەم كۈرىش ۋە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات، تەرغىباتلىرىنىڭ نەتىجىسـ بىلگىيە ئىمپېرىيىسى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، رۇسىـ پادىشاھلىقى، ئېنگلىس ئىمپېرىيىسى قاتارلىق، كۈچلۈ سەلتەنەتلەر يىمىرىلدى ۋە يىقىتىلدى. يەنە شۇ يەھۇدىـ پەيلاسوپلىرىنىڭ پىكرى، تەشەببۇسلىرى ئارقىسىدا «كاپىتالىز ۋە سوتسىئالىزم لاگېرى» بارلىققا كېلىپ، دۇنيا چوڭ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى. ئاتوم كەشپىياتى، ئېلېكتېر كەشپىياتى بۈگۈنكى يۇمشاق دېتال تەرەققىياتى، ئېلېكترونلۇق تۈرلۈك ئۈچۈر ۋاستىلىرى قاتارلىق ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنىڭ ھەربىرىنى، يەھۇدىيلارنىڭ مېھنەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۈلگەنلەر يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكى خالاس. بىزنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە، مۇستەقىللىق ۋە قۇتۇلۇش ھەرىكىتىمىزگە يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرى ھەرگىزمۇ ئۆرنەك بولالمايدۇ. يەھۇدىي ھەرىكىتىدىن ئۆرنەك ئېلىش ئۈچۈن، جەزمەنكى يەھۇدىينىڭ دەل ئۆزى بولۇپ يارىلىش كېرەك. دوراپ يەھۇدىي بولىۋالالمىغاندەكلا، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى دوراپ كەلتۈرۈۋالدىغان نەرسە ئەمەس. يەھۇدىيلارنىڭ ساناقسىز ناچار قىلمىشلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

بىز يەھۇدىيلاردىن ئۆرنەك ئىلىشنى ئويلىشىپ، قورۇق ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورنىغا، بىزنىڭ تارىخىمىزنى، ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى، دۈشمىنىمىز بولغان خىتاينى ۋە بىزگە چېگرداش قوشنا دۆلەتلەرنى ئىلمى تەتقىقات دەرىجىسىدە بىلىدىغان يەھۇدىي سىياسى ئانالىزچىلىرى بولسا، شۇلاردىن مەسلىھەت ئىلىشنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ. ئەمما: خىتاي شۇناس، پالانى ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پروفېسسورى- دەپلا، ھەرقانداق بىر داڭلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىش، بىزنى تېخىمۇ چىقماس يولغا سولاپ قويىشى مۇمكىن. ئەگەر بىر داڭلىق يەھۇدىي تەتقىقاتچىسى، قانچە سائەتلەپ ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، كۈنلەپ ۋاقت چىقرىپ، بىز ئۇچۇن بىكارغا سۆزلەپ، بىكارغا مەسلىھەت بەرگەن بولسا، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى، سۆزلىگەن ھەربىر جۈملە نۇتۇقلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى خىتاي تۆلىۋەتكەن بولىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ تىپىك خاسلىقى ئۆزىگە پايدىسى يەتمەيدىغان، ياكى ئۆزىگە زىيانلىق ئىشنى قىلماسلىقتۇر. «باشقىلار زىيان تارتىپ كەتسىمۇ مەيلى، يەھۇدىيلار پايدا ئىلىشى كېرەك. باشقىلار زىيان تارتىپ كەتسە مەيلى، يەھۇدىيلار زىيان تارتماسلىقى كېرەك. باشقىلار پايدا ئىلىۋالسىمۇ مەيلى، يەھۇدىيلار جەزمەن پايدا ئىلىشى لازىم.» مانا بۇ فورمۇلا يەھۇدىيچە پايدا چۈشەنچىسىدۇر. زىيان تارتىش بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا، ياكى پايدا ئاللماسلىق بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا ئىگىز ھەم قىلىن تام بولىدۇ.

ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە دۆلەت قۇرغان ھەرىكىتىگە كەلسەك، ئۇ نوقۇل ھالدىكى دۆلەت قۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجىدىن بولغان ئىش ئەمەس. يەھۇدىيلار پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەق ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۈرەش ئۇسۇلىمۇ يوق. يەھۇدىيلار 1948. يىللىرى «يەھۇدىي دۆلىتى» قۇرۇشنى خالىغان بولسا، ياكى نوقۇل دۆلەت قۇرۇش ئېھتىياجىدىن دۆلەت قۇرماقچى بولغان بولسا، جەنۇبىي ۋە شىمالى ئافرىقا، شەرقى ياۋروپا ئەللىرىدە ئارتۇق ئاۋارىچىلىق تارتماستىن دۆلەت قۇرۇپ چىقالايتتى. لېكىن ئۇلار پىشانىسىگە بېسىلغان: ماكانسىز، پەسەندە كۆچمەن يەھۇدىيلار- دېگەن ھاقارەتلىك تامغىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ نەسەبلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «ئىبراھىم، ئىسھاق، مۇسا، داۋۇت، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان، ئاللاھ ئۇلارغا تەقسىملەپ بەرگەن مۇقەددەس تۇپراق» تا ئىسرائىل دۆلىتى قۇردۇرۇشنى تاللىۋېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۆلمەس، يوقالماس مەڭگۈلۈك روھىنىڭ بىر پارچىسى، تەڭرىنىڭ جەمەتى» دېگەن پەسكەش دەۋالىرىنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈن، قۇددۇسنى ئىگىلەش پىلانىنى تۈزدى. ئۇلار بۇ تۇپراقتا خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەلەستىندە ھېچنېمىسى يوق، ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردە ياشاش ئىستەكلىرىمۇ يوق كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار تۈزگەن پىلانلىرىنى يىراقتا تۇرۇپ ئىجرا قىلدۇرغان ئىدى. ئىسرائىلدا پاراكەندىچىلىك ۋە خەۋپ ئىچىدە ياشايدىغان يەھۇدىيلار، ئومۇمىي يەھۇدىيلار گۇرۇھى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان، قۇربان بولىدىغان كىشىلەردۇر.

دېمەك، يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى سېلىشتۇرغىلى بولمىغاندەك، يەھۇدىيلارنىڭ

ئىش- ھەرىكەتلىرىدىن بىرگە ئۈرنەك بولغىدەك بىر نەرسە يوق. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلار دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەق ئەمەس ھەم باشقىلار قۇرۇپ بەرگەن دۆلەتنى، يەنە باشقىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قوغداپ كېلىۋاتىدۇ.

### 2. كوسوۋو مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئۈرنەك بولالامدۇ؟

كوسوۋو - ئالبانلىرى 20. ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بالقان رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. كوسوۋو - سېربىيە ئۇرۇشى ئالدى بىلەن بالقان سىياسىتىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن، ياۋروپا خاراكتېرلىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇنىڭدىن 19 يىل ئاۋۋالقى كوسوۋو ئۇرۇشى پارتىلىمىغان بولسا، كوسوۋو- سېربىيە مۇناسىۋىتى يۇمشاق كۈچ بىلەن، دىپلوماتىك ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلىنغان بولسا، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۈگۈنكىچە پۈت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن بولماي قالاتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سابىق ۋارشاۋا ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق نوپۇز ئىمتىيازلىرى رۇسىيىگە مىراس قالغاندەك، سابىق يوگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق نوپۇز ئىمتىيازلىرى، ئىقتىسادى، قورال ئەسلىھەلىرىنى مىراس ئالغان سېربىيە جۇمھۇرىيىتى، بالقان رايونلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ياۋروپادىكى رادىكال، مۇرەسسەسىز، باسمىچى، ھۇجۇمچى خاراكتېرىغا ئىگە بىر خەتەرلىك دۆلەت بولۇپ قالغان. كوسوۋو- سېربىيە ئۇرۇشى باشلانغان دەسلەپكى ھەپتىلەردە، كوسوۋو پىدائىي پارتىزانلىرىنى قوللاپ، ناتونىڭ ياۋروپا قىسمى ئۇرۇشقا كىردى. لېكىن ناتو قىسىملىرى يېڭىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان پەيتتە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئۇرۇشنى رەت قىلغان، ياكى ئۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن) ئامېرىكا ناتونىڭ بارلىق ئەزالىرىنى باشلاپ، بالقان ئۇرۇشىغا كىردى. 77 كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشتا سېربىيە مەغلۇب بولدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كوسوۋونى كوسوۋولىقلار ئۆزلىرى ئازات قىلمىغان. بەلكى كوسوۋولىقلار ئۇرۇشنىڭ پىلىكىگە ئوت ياققان. ئۇرۇشنى ئامېرىكا بىلەن ناتو ئاخىرىغا چىقارغان. ئامېرىكا ئۇرۇشقا كىرمىگەن بولسا، كوسوۋو ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قالغان ياۋرو- ناتو دۆلەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى بۇزۇلۇپ، ياۋروپا خەرىتىسى باشقىچە سىزىلىپ قېلىشى ئېھتىمالغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدى.

كوسوۋو ئالبان خەلقى بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاشلا، 15. ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسى بالقان ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، كوسوۋونى پەتىھ قىلغان مەزگىلدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، بالقاندىكى قەدىمى تارىخقا ئىگە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بالقان خەلقى ئىچىدە سېربىلاردىن باشقا مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، ھەرقانداق مىللەت خەلقى ئوسمانلىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ سېغىنىپ ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ، ئوسمانلىدىن كېيىن بالقان رايونىغا بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە كوممۇنىستىك يوگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سېربىلارنىڭ قانلىق زۇلمىدىن بىزار بولغان چاغلاردىكى ئۆتمۈشكە بولغان تەشنالىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

كوسوۋو خەلقى يەرلىك ياۋروپا مۇسۇلمانلىرىدۇر. ئۇلار ياۋروپادىكى باشقا ھەرقانداق يەرلىك مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ئىنسانىيلىقنى بىرىنچى قاتارغا قويىدۇ. ھەم ۋەتىنىنى،

ئۆز خەلقىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ. كوسوۋولۇق: ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇشتا ئۆلسە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارغا، ۋەتەن خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە مۇئامىلە قىلىشتا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۈلگە كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە ئالىيجاناب، ئاڭلىق، تەمكىن، ئېسىل بىر خەلقتۇر. كوسوۋولۇقنىڭ بەختىگە يارىشا، كوسوۋو ئۇرۇشىغا «ئاللاھ يولىدا كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، جەننەتكە كېتىدىغان مۇجاھىدلار» قاتناشماي، بەلكى «ۋەتەن ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، غەلىبە قىلىدىغان ۋەتەن پىدائىيلىرى» قاتناشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ روھى، مۇشۇ ئالىي پەزىلىتى، ئىنسانىي ئەخلاقى ئۇرۇشقا ئاۋۋال ياۋروپالىق ناتونى، كېيىن ئامېرىكا باشچىلىق پۈتۈن ناتونى باشلاپ كىرگەن ئىدى. بۇ، چېچەن مۇجاھىتلىرى بىلەن كوسوۋو ۋەتەن پىدائىيلىرىنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

كوسوۋو ۋەتەن پىدائىيلىرى «بەش يۈز جەڭچى» دەپ ئاتىلاتتى. پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىدا ئۆلۈپ ئەللىك كىشى قالسىمۇ، يېڭى پىدائىيلار سەپكە قېتىلىپ، مىڭ كىشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى «بەش يۈز پىدائىيلار، (دۈشمەن تەرەپ بەش يۈز تېررورىست، بەش يۈز باندىت- دەپ ئاتايتتى. شەرەپلىك «بەش يۈز ۋەتەن پىدائىيلىرى» كوسوۋو دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقتى.

كوسوۋولۇقلار ھەرقايسى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ئىدى. مەيلى قانۇنلۇق يول بىلەن بولسۇن، زۆرۈر تېپىلغاندا جىنايى يوللار بىلەن بولسۇن، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە بىر كىشىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆھپىلىرىنى قوتقان ئىدى. كوسوۋو مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا، جىنايەت بىلەن شۇغۇللانغان كوسوۋولۇقلار، ھازىرغىچە تۇتۇش بۇيرۇقى ئاستىدا. بەزىلىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا تارتىلىپ، ئۇزۇن يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بەدەل تۆلەپ، خەلقى ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن مۇستەقىل بىر دۆلەتنى تەقدىم قىلالىدى.

كوسوۋو پىدائىيلار ھەرىكىتى 1976. يىللىرىدىن ئېتىبارەن، يالغۇز كىشىلىك ھۇجۇم شەكلىدە باشلانغان بولۇپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر قوماندانلار ئائىلىسى بويلاپ، جەمەتى بويلاپ ئاممىۋى ئۆلتۈرۈلگەن. كوسوۋو پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋاقتى، 1998. يىلى دېكابىردىن باشلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى: كوسوۋو ئۆلكىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى (مەرھۇم) ئىبراھىم رۇگوۋا ئەپەندى، كوسوۋودا خەلق رايىنى سىناش ۋە ئالىي ئاپتونومىيە چاقىرىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭغا قارشى تۇرغان بېلگراد ھۆكۈمىتى ئۇنى مەركەزگە چاقىرتىپ، ئايالى بىلەن ئۈچ بالىسىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، بارلىق سىياسىي تەلەپلەردىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم رۇگوۋا ئەپەندى 1998. يىلى دېكابىر بېلگرادتا: كوسوۋونىڭ سېربىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلمايدىغانلىقى، بېلگرادنىڭ كوسوۋودا يولغا قويۇۋاتقان نۆۋەتتىكى تۈزۈم ۋە سىياسەتلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. بۇ بايانات كوسوۋو خەلقىنى جىمىقتۇرىدىغان ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنى تولۇق قوزغايدىغان چاقىرىق بولۇپ قالدى. كوسوۋو خەلقى سۆيۈملۈك مىللىي رەھبىرى ۋە ئەركىنلىك يولباشچى لىدەرىنى «ۋەتەن خائىنى» ئېلان قىلدى. (ئۇ،

كوسوۋو ئازات بولغاندىن كېيىن 2002. يىلدىن 2006. يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر كوسوۋو جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىسى بولغان) نەتىجىدە «ئۇ چې كا ھەرىكىتى (Ushtria Çlirimtare e Kosovës كوسوۋو ۋەتەن قۇتقۇزۇش پىدائىيلىرى ھەرىكىتى 1994. يىلى قۇرۇلغان)» يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى جانلىنىپ، 1999. مارت ئايلىرىغا كەلگەندە، ناتو ئارمىيىسىنى بالقان ئۇرۇشىغا باشلاپ كىرگىدەك ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. (بۇ ھەقتە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتاپتا بايان قىلىنغان.)

يىغىپ ئېيتقاندا كوسوۋو مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىزنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىمىزگە ئۆرنەك بولالمىسىمۇ، ئەمما مۇنەۋۋەر كوسوۋو خەلقىنىڭ ۋەتەن سۆيۈش روھىدىن، ئاڭلىق ئىدىيىسىدىن ئۆلگە ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك نۇرغۇن پەزىلەتلەر بار. ۋەتەن قۇتقۇزۇش ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتىگە شەخسىيەتچىلىك ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى چېچەن ئۇرۇشىدەك مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. چېچەن ئۇرۇشى تازا غەلىبىگە يۈزلىنىۋاتقان پەيتلەردە، ئەرەب جىھاتچىلىرىنىڭ تولۇق كونتروللۇقىغا چۈشۈپ كېتىپ، چېچەنىستاندا دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنىڭ ئورنىغا: پۈتۈن كاۋكاز رايونىدا خىلاپەت قۇرۇش ۋەسۋەسىسى بازار تاپتى. چېچەن جەڭچىلىرى ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ئۇنتۇپ، خىلاپەت قۇرۇشقا يۈزلەندى. چۈنكى «دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا ساۋاب بولمايدىكەن. ئۇرۇشتا ئۆلسە جەننەتكە كىرەلمەيدىكەن. ئەمما خىلاپەت قۇرۇش ئۇرۇشىغا بەك كۆپ ساۋاب بېرىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشتا ئۆلسە جەننەتكە كىرىدىكەن». جەننەتكە كىرىش ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس، ئەڭ ئاخىرقى شەخسى ئارزۇسى. ئۇ بىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ كوللېكتىپ ئارزۇسى ئەمەس. ئەمما جەننەتكە كىمنى كىرگۈزۈش ئاللاھنىڭ خاس قارارى. ئاللاھنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ ۋە ئۇنى سۇيى ئىستېمال قىلىدىغانلار، ساددا كىشىلەرنى جەننەت بىلەن ئالداپ، خاتا يولغا باشلايدىغانلار بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، دىنلارنىڭ ھەممىسىدە بەك ئايىنىپ كەتتى. ئىسلام نىقابىغا ئورۇنىۋالغانلار: باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ جەننەتكە كىر!- دەپ ئالدىسا، خىرىستىيان نىقابىغا كىرىۋالغان ئىپلاسلار: شەيتاننىڭ ھەيكىلى ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ ئۆزەڭنى ئۆلتۈرۈۋالساڭ، جەننەتكە كىرىسەن!- دەپ، ئازدۇرىدۇ. ئالدانغان قۇۋملەرنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئافغانىستاندا، چېچەنىستاندا، پاكىستاندا، سۈرىيىدە پۈتۈن دۇنياغا ئايدىڭ.

يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەنكى: كوسوۋو خەلقى ئاكلىق، ۋەتەن ۋە دۆلەت تۇتۇشقا لاياقەتلىك، ئىلغار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدە، كوسوۋو خەلقىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

### 3. تىبەتلىكلەرنىڭ ھەرىكىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ئۈرنەك بولالامدۇ؟

ئەپسۇس، تىبەتلىكنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدىغان پاسسىپ ئادەتلىرىدىن باشقا، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر ھەرىكەت ئۇسلۇبى، ھەرىكەت مىزانى، ھەرىكەت شەكلى يوق.

مۇستەملىكە ئاستىدىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ نوپۇزىنى

تىبەتلىكنىڭ نوپۇزى- ئىمتىيازىغا سىڭلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. غەرب ئەللىرىدە تىبەتلىكنىڭ يولى داغدام. بىراق نام- شۆھرىتىگە يارىشا نە ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئاكتىپ ھەرىكەت يوق. نە سىياسى تەلەپ، مۇددىئالىرى كەسكىن ئەمەس. تىبەت دەۋاسى دىپىلىدىغان بۇ ئىقىم، دېموكراتىك چوڭ خىتايچىلىقنىڭ بىر تارمىقى- دېگەندىن باشقا بىر سىياسى مەزمۇنغا ئىگە ئەمەس. خىتاي دېموكراتىيىگە ئۆتسە، تىبەت مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەل بولۇش ئۇسۇلىنى شۇ چاغدا خىتايغا ھۆكۈمران بولغان كۈچ ئۆزى بېكىتىدۇ. تىبەت مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى مەسىلىسى. دۆلەت ئىچىدىكى سىياسى تۈزۈم مەسىلىسى. سىرتتىن ئارىلىشىش نۇقتىسى بولسا: دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سىياسىتىنى دېموكراتىيىگە ئۆتكۈزۈش؛ پۇقرالارغا ئادىل، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش؛ دۆلەتنى سىياسى بۇيرۇق بىلەن ئەمەس، دېموكراتىك ئۆلچەمدە تۈزۈلگەن قانۇن بىلەن باشقۇرۇش؛ پۇقرالارغا، بارلىق مىللەتلەرگە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش؛ دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان مىللەت ۋە ئالاھىدە رايونلارنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى بوغماسلىق دېگەندەك، بىر يۈرۈش دېموكراتىك قائىدە پىرىنسىپلار تەۋسىيە قىلىنىدۇ. پۇقرالارنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش چارىسى» دۆلەت رەھبەرلىرىنى، ھاكىمىيەت قاتلام رەھبەرلىرىنى، مىللەت ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرى ئەركىن ئاۋاز بېرىپ سايلاپ چىقىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ- دېگەنلىكتۇر. ئەمما مىللەتلەرنىڭ، ئالاھىدە رايونلارنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» بولسا، دۆلەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايرىم دۆلەت قۇرۇش سىياسى پىلانلىرىنى خەلق ئاۋازىغا قويۇش،

ياكى دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقماي، تىنچ ئامان بىرگە ئۆتۈش ئارزۇ، ئىستەكلىرىنى خەلق ئاۋازىغا قويۇش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش ـ دېمەكتۇر. خىتاي دېموكراتىيىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىبەتلىكنىڭ تەقدىرىنى پىشانىسىگە يازدىغان كۈچ دېموكراتىك خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بولىدۇ. خىتايلار نېمىنى يازسا، تىبەتلىكنىڭ ئوقۇيدىغىنى شۇ بولىدۇ. خىتاي يازغان تەقدىرگە ماقۇل بولمىغان تىبەتلىكلەر «دېموكراتىيىگە قارشى چىققان كوممۇنىست بۆلگۈنچى» بولۇپ جازاغا تارتىلىدۇ.

مەن تىبەتلىكنىڭ چەتئەلدىكى نوپۇزى توغرىلىق، 93. يىلى ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە مۇنداق ئۇچۇر ئاڭلىغان ئىدىم: «تىبەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىر لاھىيە تەييارلاپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى يىغىنىغا سۇنۇپتۇ؛ ئۇ لاھىيەنى ئامېرىكا باشچىلىق غەربتىكى 8 دۆلەت قوللاپ ئاۋاز بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا قارشى خىتاينى قوللاپ پاكىستان بىر لاھىيە تۈزۈپ يىغىنغا سۇنۇپتىكەن، پاكىستان باشچىلىق مۇسۇلمان ۋە خىتاي پەرەس 44 دۆلەت ئاۋاز بېرىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن تىبەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلالماپتۇ.» شۇنىڭدىن بىر يىل ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ قالدىم، بىر توپ يېقىنلار بىلەن. ۋەتىنىمىز ھەققىدە قۇلاققا ياققۇدەك گەپ يوقكەن. تىبەتلىك توغرىسىدا: دالاي لاما مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايمىز ـ دەپتىمىش، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. بىر قانچە ئاي كېيىن (94. يىلى 21. سىنتەبىر) ئالىپتېكىن ئەپەندىنىڭ بىزنى يوقلاپ ئۆتۈش سەپىرىدە، تىبەت توغرىسىدىمۇ پىكىرلەشتۇق. ئۇ مۇنداق ئۇچۇر بەردى: بىز بۇ يىل دېكابىر ئېيىدا، ۋاشىنگتون شەھرىدە

تىبەت، دېموكراتىك خىتاي گۇرۇھى، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋەكىلى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى بولۇپ، 4 تەرەپ بىرلەشمە يىغىن ئاچىمىز؛ مەقسىدىمىز شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى غەربكە ئاڭلىتىش بولىدۇ. :ئەپەندىم، ئاڭلىشىمىزچە تىبەتلىك مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپتىمىش، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ يولىمىز ئايرىمىمۇ قانداق؟ - دېدىم.: تىبەتلىك بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق؛ بىراق غەرب دېگەن يەردە لوبىچىلىق دەيدىغان بىر قائىدە بار. شۇ قائىدىنى ئىشلەتمىگۈچە بىزنى غەربلىك تونۇپ بولالمايدۇ؛ تىبەتلىك قىرىق يىلدىن بېرى لوبىچىلىق يولىنى باستى؛ بىز بۇ قېتىم تىبەتلىك بىلەن بىرگە سەھنىگە چىقىپ، يولنى ئاچىمىز دېسىلە: تىبەتلىك قىرىق يىل باسقان يولنى بىز تۆت يىلدا بېسىپ، مەنزىلگە يېتىمىز؛ يەنە شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز زۆرۈركى، تىبەتلىكتە دۈشمەننى بولسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما بىزدە جىھات روھى بار ئەمەسمۇ! - دېدى ئۇ، تىزىمنى يېنىك نوقۇپ. (بۇ، شۇ چاغدىكى كەڭ سۆھبەتنىڭ، مۇشۇ بابقا مۇناسىپ قىسمى) ئاردىن تۆت ئايچە ئۆتۈپ، 95. يىلى يانۋار ئايلىرىدا دالاي لامانىڭ باياناتىنى گېزىتتىن ئوقۇدۇم.: «تىبەتلىك 14. ئەسىرلەردىلا خىتاي خانىغا بەيئەت قىلغان؛ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھازىرغىچە خىتاي دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز؛ بىز خىتايدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كەتمەيمىز؛ تىبەت مەدەنىيىتى بىلەن خىتاي مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا قويۇق باغلىنىش بار؛ بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز بولسا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتلىكنىڭ دىنى ئېتىقادىنى چەكلەپ، تىبەتلىكنى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوقىتىشىنى تونۇپ قېلىشتۇر؛» يوقىرىقى سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ھېچقانداق قوشۇمچە مەزمۇنى يوق. ئۇنى دىپلوماتىك ئۇسۇل، يەنى خىتاينى ئالداپ تۇرۇپ، كېيىنچە مۇستەقىل بولۇۋالغىلى بولىدۇ- دەپ، يالغان شەرھلەشكە قىلچىلىك يوچۇق يوق- تىبەتكە مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەس! دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس.

دەرۋەقە «تىبەت دەۋاسى» دېگەن بۇ ئېقىمنى غەربلىك خىتايغا قارشى يۆلەپ، بىر يېنىغا غوجىتام سالسا، خىتايمۇ ئۆزىنى قوغداپ، يەنە بىر يېنىغا غوجىتام سالدى. نەتىجىدە تىبەت دەۋاسىنىڭ مەركىزى مىدىرلىيالمايدىغان، گەپ تۆگۈل، ئوقمۇ ئۆتمەيدىغان بىر قېلىن سېپىل ھالىغا كەلدى. چەتئەلدىكى تىبەت دەۋاسى قوش ئىنەكتىن سۈت ئېمىدىغان، تىلى يۇمشاق، تەلەيلىك يېتىم موزايغا ئوخشاپ قالدى. ئۇلارنىڭ «سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى»، پارلامېنتى، ياشلار قۇرۇلتىيى، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قاتارلىق چوڭ تەشكىلاتلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىش- ھەرىكىتى چەتئەللىكتىن مىليونلاپ ياردەم قوبۇل قىلىش؛ چەتئەلدىكى مۇھاجىر تىبەتلىكلەردىن باج ۋە بېدەل پۇلى ئېلىش؛ تەشكىلى ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ مائاش ئېلىشقا يىغىنچاقلىنىپ قالغىلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دەيدىغان داۋا تەلەپلىرىدىمۇ ھېچقانداق يېڭىلىق، ئۆزگىرىش يوق. پەقەت: خىتاي دېموكراتىيىگە ئۆتسە، تىبەتكە قايتىپ، تىبەت ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرۇش.

بىزنىڭ بىر تۈركۈم ئەرەبلىرىمىز 94. يىلى تىبەتلىكلەر

بىلەن غەرب سەھنىسىگە چىقىپ، ئارىدىن ئون يىل كېيىن، 2004. يىلى، يۇمشاق سىياسىي كۈچىمىزنىڭ غوللۇق مەركىزى بولغان ئەمما مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايىنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تىبەتچە لوبىي توپلىغان، تىبەتچە پاسسىپلاشقان «د ئۇ ق» نى دەسسەتكەندىن كېيىن، دەرۋەقە بىر قانچە «دەۋاگەر»نىڭ ئايلىق ئىش ھەققى، دۇكانىنىڭ ئىجارىسى ھەل بولغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۇتقاقلىق كېسەلدەك، يىلدا بىر، ئىككى قېتىم «ب د ت، ي پ ى» كىشىلىك ھوقۇق يىغىن زاللىرىدا ئون بەش مىنۇت ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆندىلىك ئازاب، ئوقۇبەتلىرىنى شىپە كەلتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش، خىتاي ۋەكىللىرى بىلەن قىزىرىشىش، خىرقىرىشىش بىلەن بەنت بولماقتا. بۇمۇ «بەك چوڭ غەلىبە». تېخى يىغىن زالىغا كىرگىلى قويمىسا، بىر پۈتىنى ئىشىككە تىرەپ، داجىپ تۇرۇۋېلىپ ئاران كىرىدىغان گەپكەن. ب د ت دېسە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكىمىز ئاسمانغا ئۇچۇپ، بېشىمىز كۆككە تاقىشىدىغان بولغاچقا، (ئۇ يەردىكى ئىشلارنى خىتاي بىلەن رۇسلارنىڭ جۆندەپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا،) پۈتۈن بىر خەلق ھاڭۋېقىپ ساقلاۋاتىدۇ. نېمىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا تىبەتلىكتىن ئۆرنەك ئالغان دەۋانىڭ ھالى ھەممىگە ئايان. تىبەتلىكمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ۋە زوراۋانلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئازابلىنىۋاتقان بىر مىللەت. بىراق ئۇلار بىز بىلەن بىر پۈتۈن تەقدىرداش ئەمەس. تىبەتلىكنىڭ چەتئەلدىكى سىياسىي مەۋقە، سىياسىي ئىرادىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلار كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاستىدا زۇلۇم تارتىۋاتقان ۋە ئەركىن تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان خىتاي خەلقى بىلەن تەقدىرداشتۇر. بىزنىڭ دەردىمىز، كۈرەش يولىمىز، نىشانىمىز تامامەن باشقا. بىزنىڭ خىتايلار بىلەن مەدەنىيەت ئورتاقلىقىمىز يوق؛ دىن ئورتاقلىقىمىز يوق؛ تارىخ ئورتاقلىقىمىز يوق. جۇغراپىيە ئورتاقلىقىمىز يوق. سىياسى ئورتاقلىقىمىز يوق. خىتايلار ئازراق پېتىلىنىپ قالسىلا، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزغا يامانلىق قىلاتتى- دە، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرەتتى. خىتايلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا مىللى دۈشمەنلىك ئىزلىرى قالغاندەك، كۈنىمىزدىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي پەرەس ھەرقانداق مىللەت، ھەر قانداق ئېقىم بىزگە ئۆرنەك بولالمايدۇ. خۇسۇسەن چەتئەلدىكى تىبەت ھەركىتىدىن بىرەر ئۆرنەك ئىزدەشنىڭ ئۆزى، تىبەتلىكنىڭ يولىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى ياخشى ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيادا بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدەك دۈشمىنى بار يەنە بىر مىللەت يوق. دۇنيادا كۈرەش قىلىۋاتقان ئەمما بىزدەك ئىمكانىيەتسىز يەنە بىر مىللەت يوق. بىراق دۈشمەننى ئۆزىمىز تاللىۋالمىغان بولساقمۇ، ئىمكانىيەتسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبچىسى يەنىلا ئۆزىمىز- يەنى بىزدىكى ئىرەنسىزلىك. چۈنكى يولغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىۋاتقان ۋە ئىمكانىيەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان كۈچ ھەرگىزمۇ يىراقتىكى خىتايلار ئەمەس. بەلكى قەلئە ئىچىدىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا مۇناپىقلاردۇر. يوشۇرۇن مۇناپىقلارنى خىتاي ۋەزىپە بىلەن كىرگۈزگەنلەر بولۇپ،

ئۇلارنى خوجايىنلىرى يېتەكلەيدۇ. ئاشكارا مۇناپىقلار بولسا مەنسەپ، ئاتاق ۋە كىشىلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مىللەتنىڭ قېنىنى راۋا كۆرىدىغان، قارا نىيەت ئىپلاسلاردۇر. ئاشكارا مۇناپىقلار بولمىغان تەقدىردە، يوشۇرۇن مۇناپىقلارنىڭ قولىدىن زىيانكەشلىك كېلىشى ئۈنچىلىك ئاسانغا توختىمايتتى. ئاشكار مۇناپىقلار شۇنچىلىك رەزىلكى، ھەتتا قورۇق نام ئۈچۈن مىللەتنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدۇ. بىزنىڭ چەتئەلدىكى سىياسى، دىنى ۋە جىھاتچىلار ئېقىملىرىمىزدا يوشۇرۇن مۇناپىقلار بىلەن ئاشكارا مۇناپىقلار ئۆز- ئارا زىچ ماسلىشىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئۆرنەك «ئىمپورت» قىلىشنى ئىزدەنمەي، ئەكسىچە سېپىمىزدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇناپىق، مەلئۇنلارنى «ئېكسپورت» قىلىپ، يولىمىزنى تازىلساق، توسقۇنلۇقلارنى يوقاتساق، ئىمكانىيەتلەر ئۆزلىكىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئىشغالىيەت ئاستىدىكى ۋەتەننى قۇتقۇزۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ۋە مۇستەملىكە ئاستىدا زۇلۇم تارتىۋاتقان مىللىتىمىزنى، خورلىنىۋاتقان ۋەتەن خەلقىنى ئازات قىلىپ، ھۆر، ئەركىن ئىرادىگە ئىگە قىلىش، ئۆز بەختىنى ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ھېچقانداق ئىدېئولوگىيە، ھېچقانداق كۈرەش مېتودى كېرەك ئەمەس. ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزىدىغان، خەلقىمىزنى ئازات قىلىدىغان ھەرقانداق تەدبىر، ھەرقانداق چارە بىزنىڭ قورالىمىز بولىشى كېرەك. بىزنىڭ سىياسى نەزەرىيىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ: «ۋەتەننى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا كېرەكلىك بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىش،

ئىتتىپاق تۇزۇشكە بولىدىغان ھەرقانداق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇش، مىللى ئىرادىگە زىت كەلمەيدىغان ھەرقانداق كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش، مىللى ئىرادىگە قارشى بولمىغان ھەرقانداق ياردەمنى قوبۇل قىلىش» قاتارلىق پىرىنسىپلاردۇر. بىزنىڭ كۈرىشىمىز دىنى ئۇرۇش ئەمەس. بىزنىڭ كۈرىشىمىز مەزھەپ ئۇرىشى ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىدىيولوگىيە ئۇرىشى، پارتىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت ئەمەس. بىزنىڭ كۈرەش سېپىمىز، ھەقىقى مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشنى خالايدىغان ھېچقانداق ئۇيغۇرنى چەتكە قاقمايدۇ. بىزنىڭ كۈرەش سېپىمىزدە كاپىرغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەقىقى مۇجاھىتلارغىمۇ يول بار؛ مۇستەملىكىچىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇدىغانلارغىمۇ يول بار؛ شۇنىڭدەك زالىم دۈشمەننى يوقىتىپ مىللەتنى ئازات قىلىدىغانلارغىمۇ يول بار.

25.07.2018

## يەتتىنچى باپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىدە دىنىنىڭ رولى

دىن - ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاققا، ئۆملۈك، ئىناق ۋە ئىتتىپاقلىققا يېتەكلەيدىغان ئەڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك يول باشچىدۇر. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئىناقلىققا چاقىرىشتا، پەۋقۇلئاددە ھېكمەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنى دىنى، جىنسى، تېررىتورىيىلىك كېلىپ چىقىشى، ئىرقى كېلىپ چىقىشى قاتارلىق خاسلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان ھالدا، ئىنسانىي ئىناقلىققا چاقىرىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت دىنىنىڭ، ياكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى شەرھىلەش ئەمەس. بەلكى ئەلمىساقتىن بېرى دىن بىلەن مۇجەسسەملىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، كۈنىمىزدىكى زىددىيەتلىك ۋە كۈرەش قايىنىمىدىكى سىياسى ئېقىملىرى بىلەن دىنىنىڭ باغلىنىشى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىش ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر پارچىسى بولغان خاقانىيە ئۆلكىسى، 10. ئەسىردە ئىسلام دىنىغا دۆلەت بويىچە كىردى. مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن باشقا دىنلاردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەسىرلەرچە زىددىيەت داۋاملاشتى ۋە ئۇرۇشلار

بولـدى. 15. ئەسـىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرلارنىـڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، بىر ئېتىقاد، بىر بايراق ۋە بىر دۆلـەت ئاستىغا يىغىلـدى. ئەممـا دېئالېكتىـك تارىخ قارىشىغا زىت ھالدا: خاقانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ئىسلامنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغاندىـن كېيىـن، باشقا دىندىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، دىنى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان؛ ئەسىرلەپ داۋاملاشقان دىنى ئۇرۇش سەۋەپلىك، ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئاجىزلاپ، ئاخىرى ياتلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان؛ جۈملىدىن موڭغۇل ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان- دېگەندەك خۇلاسىلەرنىڭ تارىخى ئاساسى يوق. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ موڭغۇللارغا بېقىنىشىدىكى سەۋەپلەرنى، يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈش دېئالېكتىك تارىخ قارىشىغا پۈتۈنلەي زىتتۇر. شۇنىڭدەك مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن باشقا دىندىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنى، نوقۇل دىنى زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش - دەپ، قاراشنىڭ تارىخى ئاساسى يوق. چۈنكى ئۇ زامانلاردىكى ئۇرۇشلاردىمۇ خۇددى كۈنىمىزدە بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارغا ئوخشاش، ئاساسەن تېررىتورىيە كېڭەيتىش، بايلىق ئىگىلەش، ھەممىدىن چوڭ، ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇش، ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش قاتارلىق، سىياسى ۋە ماددى مەنپەئەتلەر ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. موڭغۇل ئىستىلاسى بولسا، كۈنىمىزدىكى ئىشغالىيەتكە ئوخشىمايتتى. چىڭگىزخاننىڭ پىلانى ۋە ستراتېگىيىسى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈش، بۈگۈنكى ئامېرىكىنىڭ باسمىچى ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان

بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوجو - ئىدىقۇت دۆلىتى خاقانى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، («سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاپ» ناملىق كىتابنىڭ 8. باب، 93. بەتلەرگە قارالسۇن) دەسلىۋىدە قارا خىتايلار (غەربىي چىتان- غەربىي ھۇن) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان، غەربىي خاقانىيە دۆلىتىگە يۈرۈش قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان شەرقىي خاقانىيە (شەرقىي قاراخانىيە) دۆلىتى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى تۈزۈپ، تىنچ بەيئەت قىلدى. مەيلى قوجو ئىدىقۇت دۆلىتى بولسۇن، مەيلى شەرقىي خاقانىيە دۆلىتى بولسۇن، ئەڭ يۇقىرى دىپلوماتىيە ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. ئاردىن ئىككى ئەسىر ئۆتمەي، شەرقتە سابىق قوجو دۆلىتىدىن غەرپتە ھىندىستانغىچە ئىسلامغا كىردى. سابىق قوجو تۇپراقلىرىدىن كەشمىرگىچە، ئالتۇن تاغنىڭ شىمالى ئېتەكلىرىدىن بالقاشنىڭ جەنۇبىي ساھىللىرىغىچە بىر دىن، بىر دۆلەت، بىر بايراق ئاستىغا كىرىپ، قۇدرەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر دۆلىتى، ھىندىستاندا ئۈچ يېرىم ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن «مۇسۇلمان موغۇل سۇلتانلىقى» (ئۇيغۇر- ئۆزبېك بابۇرىيە سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى) قاتارلىق دۇنيادا تەڭدىشى بولۇپ باقمىغان سەلتەنەتلەرنىڭ ئەسلى ئۇلىنى قۇرغان ئامىل، دەل خاقانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدۇر.

ئىسلام دىنى ئەرەبلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئۇيغۇن كەلگەن دىن ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادى 3. ئەسىرگىچە بىر پۈتۈن ئاسمان تەڭرى (كۆك تەڭرى) گە ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، كېيىنچە ئاتاش پەرەس، تەبىئەت پەرەس، بۇت

پەرەس، خىرىستىيان قاتارلىق ئېتىقادلارغا بۆلۈنۈپ، كېيىنچە سىياسىي بىرلىكلىرىنىمۇ يوقاتقان ۋە ماددىي كۈچىدىنىمۇ ئايرىلىشقا باشلىغان، زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چاغلاردا، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى باتۇرلۇقىغا، بىرلىككە، سەلتەنەتلىرىگە قايتقان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەغلۇبىيەتلىرى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، يەنە شۇ ئىسلام دىنىنى سۈيئىستېمال قىلىش بىلەن بولدى. 17. ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارەكلىرىدىن باشلاپ، شاھ قەسىرىسىدە ئىرانچە «ئايەتۇللاھ» تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئايەتۇللاھ تۈزۈمىدە دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئىككى تۈرگە ئايرىپ، تاشقى سىياسەتنى پادىشاھ باشقۇرىدىغان، ئىچكى سىياسەتنى ئايەتۇللاھ باشقۇرىدىغان، تەخت ئۈستىدە تەڭ هوقۇقلۇق ئىككى پادىشاھ ئولتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ پېرسىيەلىكنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش ستراتېگىيىسى ئىدى. بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتمەي، دۆلەت هاكىمىيىتى غولىدىن تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئاددىي پۇقرالاردىن دۆلەت ئەسكەرلىرىگىچە سۇلتاننىڭ پەرمانىغا بويۇنتاۋلۇق قىلالايدىغان، ئايەتۇللاھ نېمىگە بۇيرىسا بىجاندىل ئادا قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئايەتۇللاھ بارغانچە ئايىنىپ، ھەتتا دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىگىمۇ چات كىرىيەلەيدىغان هالغا كەلدى. ئايەتۇللاھ پېشىۋالىرى دۆلەت ئەسكەرلىرىدىن تارتىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتكىچە ھەممە يەردە تەرىقەتنى كېڭەيتىپ، ئىككى خىل سوپى مەزھىپى قۇرۇپ چىقىشتى. بىرسى ئاق تەقىيەلىك مەزھەپ. بۇ مەزھەپتىكىلەر بېشىغا ئاق دوپپا -

ئاق تەقىيە كىيەتتى. يەنە بىرى قارا تەقىيلىك مەزھەپ. بۇ مەزھەپتىكىلەر بېشىغا قارا دوپپا ـ قارا تەقىيە كىيەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەزھەپ تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلىرى ئىدى. (تەقىيە: قېلىن ھەم قويۇق شىرىپ تىكىلىدىغان شىرىق دوپپا. بادام دوپپىدىن بىر ئاز چوڭقۇر بولۇپ، ھازىرمۇ يەكەن تەۋەسىدە مەسچىتلەردە، نامازغا تۇرغاندا ئۇلۇغلاپ كىيىدۇ. سەھرالاردا تەقىيە كەيگەن كىشى دىنى مۆتىۋەر تەرىقىسىدە ھۆرمەتلىنىدۇ. مۇشۇ «ئاق تەقىيەلىك، قارا تەقىيەلىك» دېگەن سۆزنى بۇزۇپ، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق ـ دەپ، يېزىپ كېلىۋاتقانلار، ھەقىقى ئەھۋالدىن مەلۇماتسىز، ھەم چەتئەللىكلەرنىڭ، ياكى خىتايلارنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغان نەرسىلىرىنى دوراپ، ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن.) قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتنى تەركى دۇنيا، تەرسا نەشىكەش، مازارپەرەسلىك قاپلاپ كەتتى.

ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك، ئالدامچىلىق، تەپرىقىچىلىك، ھۇرۇن دىۋانىچىلىق، تەييارتاپ ھىلىگەرلىك قاتارلىق رەزىل، پەسكەش ئىللەتلەر دىن نامىدىن، خۇدا نامىدىن پۈتۈن جەمئىيەتكە ئومۇملىشىپ كەتتى. ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تونۇپ يەتكەن پادىشاھ، سۇلتانلىرىمىز، دۆلەتنىڭ سىياسى رەھبەرلىرى قارشى تەدبىر ئالغان ۋاقىت تولىمۇ كېچىككەن چاغلار بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇلى ھەممە تەرەپتىن چۆكۈشكە باشلىغان ئىدى. دىن نامىدىن يامرىغان ئاشۇ رەزىل جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلاتى ۋە نەتىجىسى سۈپىتىدە ساتقۇن، مۇناپىق، خائىن، مەلئۇن، رەزىل، پەسكەش، سولامچى، شۇۋىكەش، مەنسەپ، ئاتاق ۋە شاھلىق تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر دۆلەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەننەمگە ئايلاندۇرغان ئاپپاق غوجا ئىشان كالان مەيدانغا چىققان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكىنى يوقىتىشقا، يىلىكىدىن چىرىشكە باشلىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ 10. ئەسىردىن باشلاپ روناق تېپىپ زورىيىشىدا ئىسلام دىنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينىغىنىدەك، 17. ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، تولۇق ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىشىدىمۇ، دىنىنىڭ سۇيئىستېمال قىلىنىشى ۋە ساختىلاشتۇرۇلغان دىن بەك چوڭ رول ئوينىغان.

بۇ يەردە ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىدىكى زورۇرى ئېھتىياجلىرىنى 10. ئەسىردىن 15. ئەسىرگىچە تولۇق قامدىغان. ئەگەر شۇ دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، دىن سەۋەپلىك پارچىلىنىپ، دىن سەۋەپلىك باشقا دىنداشلىرىغا زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ سىڭىپ، ئۆزلىشىپ كېتىشى رېئاللىق ئىدى. 15. ئەسىردىن 20. ئەسىرگىچە بولغان بەش ئەسىرلىك ئۇزۇن بىر دەۋرىدە، گەرچە ئۇيغۇرلار ھەر تۈرلۈك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، مىللى مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت بولغىدەك يات دۈشمەن، يات ئامىللار يوق ئىدى. ئەكسىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ چۈشكۈن بىر ۋەزىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىغا قارىماي، جۇڭغار قالماقلىرىنى ئېرىتىپ، ئۆزلىرىگە قوشىۋالىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەھدىتكە ئۇچرىشى 20. ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پەسكەش، ئاچكۆز، دىۋانە، ئىنسانى قىممەتتىن مەھرۇم، شەرەپسىز

خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچىلىرىنىڭ، ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرگەن ۋاقتىدىن باشلاندى. ئاچكۆز تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىمىزنى تالان-تاراج قىلغىنى يەتمىگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىغا خىرىس قىلدى. ۋەتىنىمىزدە خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان ھەرقانداق سىياسەت ۋە تۈزۈملەرنىڭ ئاخىرقى نىشانىدا، ئۇيغۇرلارنى تەل تۆكۈس يوقۇتۇش مەقسەت قىلىنغان. بىز ۋەتىنىمىزنى خىتايدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىچە ئارىلىقتا، يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى يەنىلا ئىسلام دىنى بولۇپ تۇرماقتا.

بىراق ۋەتەن ئىچىدە 93. يىللاردىن، ۋەتەن سىرتىدا 97. يىللاردىن باشلانغان، دىنى تونغا ئورىنىۋالغان رادىكاللىق، مىللىتىمىز ئاھالىسىنىڭ ئەرەب تىلىنى بىلمەسلىكى، دىنى بىلىملىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىق بوشلۇقلاردىن بۇسۇپ كىرىپ، ئېلىپ بارغان «دىننى سۈيئىستېمال قىلىش» ھەرىكەتلىرى، مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تەسەۋۋۇردىن قانچە ئون ھەسسە ئارتۇق بالا- قازالارنى ياغدۇرۇپ بەردى.

كوممۇنىست خىتاي ئىشغالچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە دىنغا قارشى ئېلىپ بارغان جازاسى 53. يىلىدىن 79. يىلغىچە داۋاملاشقان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنى تۇغۇلغىنىغا مىڭ مەتەم دات دېگۈزگەن، ئىنسان بولۇپ يارىتىلىپ قالغىنىغا دات دېگۈزگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە نەرسىسى جىنايەت كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. قىسقىسى ھايات جىنايەت بولۇپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. 80. يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىمىز
www.uyghurkitap.com

سىياسىتىدە قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇپ، قورساق ئاشقا، كۆز نانغا تويۇپ، ئىشلەپ ئېشىپ قالغان بوش ۋاقىتنىڭ بىر قىسمىنى دىن ئۆگىنىشكە ئاجراتقۇدەك بىر پۇرسەتلەرمۇ بولغان. بىراق ئوتتۇز يىلغا يېقىن دىنسىزلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، دىنغا ئېچىرقىتىۋېتىلگەن خەلقىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆگەنگەن دىنى بىلىملىرى بىلەن قۇرئان، ھەدىسلەرنى يامىداپ تەرجىمە قىلغۇدەك بولغىنىغا پەرۋا قىلماي «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇزۇلغان دىنىنى ئىسلاھ قىلىش» ھەۋەسلىرى تۇرتكىسىدە، مەزگىلسىز قايناپ تاشلىدى. (خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ ناملىق كىتاپ 11. باپ، 89 - 79. بەتلەرگە قارالسۇن) دەسلىۋىدە دىنغا تەشنا چاڭقىغان قەلبلەر، ئىمانىنىڭ شەربىتىنى ئىچكەندەك بولدى. لېكىن ئاۋام خەلقنىڭ دىنى ئېتىقادلىرىنى سۇيئىستېمال قىلىپ، دىن ئارقىلىق جازالاشنى پىلانغا كىرگۈزگەن ھىلىگەر خىتايلار، دىنى شەكىلدە كوللېكتىپلىشىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان ياشلار ئېقىمىنىڭ ئارىسىغا، ئىشپىيون ۋە ئىستىخبارات خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىشنىڭ يۆنۈلۈشىنى بەلگىلىدى. 87. يىلدىن 93. يىلغىچە ئارقا- ئارقىدىن تارتقان تەكرار زىيانلىرىمىزدىن قىلچە ساۋاق ئېلىنماي، 93. يىلى ئەتىياز ئايلىرىدىن باشلاپ، پۈتۈن ۋەتەن مىقياسىدا يۇرۇشلەشكەن تەبلىغچى گورۇپپىلارنىڭ، بارلىق ئىجتىمائىي سورۇنلارنى، توي- تۆكۈن، نەزرە- چىراق سورۇنلىرىنى دىنى شەكىلدە باشقۇرۇشلىرى، ھەممىلا يەردە تەبلىغ جامائەتلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى نەتىجىسىدە، ھەممە ئادەملەر دىن دەۋاسى قىلىۋاتقاندەك بىر ھاۋا پەيدا قىلىندى. ھەتتا خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى ئاندا- ساندا ئېلىپ

بىرلىدىغان توقۇنۇش ۋە پارتىلاشلارنىڭ سۈپىتى، ماھىيەتلىرى «كاپىرغا قارشى جىھاد» تەرىقىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان. ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سىياسىيلىكى، مىللىي توقۇنۇش ئىكەنلىكى خىرەلەشتۈرۈلۈپ، ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغانلارمۇ دىن نامىدىن، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان بولۇپ كۆرسىتىلسە، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازالارمۇ: دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش- دېگەن خاراكتېردا مۇقىملاشتۇرۇلدى. خىتاينىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى، پىلان ستراتېگىيىسىمۇ دەل: بۇ رايوندا مىللىي مەسىلە يوق، پەقەت ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق، تېررورچىلىق جىنايى قىلمىشلىرى ۋە خەلقئارا ئىسلام تېررور ھەرىكىتىنىڭ شايكىلىرى مەۋجۇت. بىز قانۇن بويىچە تېررور شايكىلىرىغا زەربە بېرىمىز- دېگەندەك ھىلە، نەيرەڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ ھەقلىق، دۇنياۋى قانۇن- پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، سىپىي ئۆزىدىن دىنىي ئارزۇ، دىنىي ئەسەبىيلىك تۈسىگە كىرگۈزۈش ۋە دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆزنى غەلىتە قىلىش، دۇنيا جامائەتچىلىكى قاراپ تۇرۇپمۇ، رەددىيە بېرەلمەيدىغان، بەلكى تاياقنى ھارام يەۋاتقان، ناھەق جازالىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئەيىبلەيدىغان ۋەزىيەتكە كەلتۈرۈش ئىدى. دەرۋەقە ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق نەتىجىلەندى. «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خەلقئارا، ئىسلام تېررور ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ، ھۆكۈم چىقىرىلغىنى، 80. يىلىدىن 2004. يىلىغىچە 24 يىللىق دىنىي تەرتىپسىزلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى بولدى. دىننى چالا موللىلار، ئىستىخبارات موللىلىرى يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، دىن بەزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«جىھاتچىلىق ئېقىمى» شەكلىدە، بەزىدە «ۋەز، تەبلىغچىلىق» شەكلىدە ئىپادىلەندى. تەبلىغچىلەر نېمە دېسە، شۇنىڭ ئۆزىنى - دىن دەپ چۈشىنىش، تەبلىغچىلەرنىڭ ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن بىر قېتىملىق نۇتۇقنى ئاڭلاپ، بارلىقنى پىدا قىلىۋېتىش ھادىسىلىرىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

بىز 80. يىلىدىن 2016. يىلىغىچە 36 يىللىق ئاجايىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر ئەرنىڭ ئۆمرىگە تەڭ ئۇزۇن بىر زامان ئىچىدە، دىنى مۇئەممالىرىمىزنى يولىغا چۈشۈرەلمىدۇق. بۇنى ئېتىراپ قىلماي ئامال يوق. بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى قوغداپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنىۋى ئامىلنىڭ بىرى بولغان دىنىمىز، دۈشمەن تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، ئۆز بېشىمىزغا بالا كەلتۈرىدىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىشى كېرەك؟ - بۇ سوئالغا يەنىلا سوئال ئارقىلىق جاۋاب بېرىلگىنى تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. دىنىنىڭ ھەممىسى تەبلىغمۇ؟ دىنىنىڭ ھەممىسى جىھاتچىلىقمۇ؟ دىن - دىنى بىلىمدارلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان سەھنىسىمۇ؟ دىنىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى كاپىر ۋە مۇسۇلمانغا ئايرىيدىغان ئەلگەكمۇ؟ يىغىپ ئېيتقاندا دىن - دىنى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش قالقىنىمۇ؟ - مۇشۇ سوئاللارنىڭ يەشمىسىگە يوشۇرۇنغان يۈزلەرچە، مىڭلارچە جاۋابلار بىزنىڭ 36 يىللىق دىنى مۇئەممالىرىمىزنىڭ، دىن شەكلىدە ئەمما دىنغا قارشى، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزغا قارشى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. چۈنكى چالا موللىلار بىلەن ئىستىخبارات موللىلىرى ماسلاشقان ھالدا، 98. يىلىدىن 2016. يىلىغىچە 18 يىل ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا

بىر تۇتاش مىللى زىيانكەشلىك جىنايەتلىرىنى ئىشلىدى. خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل، ھۆر ياشايدىغان ۋە شۇ يولدا ئۆلۈشكە مىڭ مەتەم تەييار تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنى، ھىندىقۇش تاغلىرىدا، كەربالا چۆللۈكىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىل ۋە ھارام ئۆلىدىغان كالۋا ھالىغا كەلتۈرۈپ قويۇشتى. يۇقىرقىدەك ئەھۋاللار ئۈستىدە ئويلىنىش قىلىدىغان (دىنىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخلىرىمىزدا، ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن ئۈتۈقلىرىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان) ھەم دىنى مەلۇماتى يوق ئۇيغۇرلارنىڭ، دىندىن بىزار بولىشى تەبى ئەھۋال. شۇنداق بولىشىنى يەنە شۇ دۈشمىنىمىز خىتاي ئىشغالچىلىرى كۈتىدۇ ھەم پىلانلايدۇ. شۇڭا بىز كۆزىمىزگە چېلىقىۋاتقان، قۇلىقىمىز ئاڭلاۋاتقان نەرسىلەرنى رېئاللىق - دەپ، باھا بېرىشكە ئالدىرىماي، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزدا، دىنىمىزنىڭ قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھاجىر، كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا رول ئوينايدىغان ئامىللار ۋەتەن ئىچىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆزگىچە پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ.

مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە بۆلەككە ئايرىپ ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

بىرىنچى: دىن - ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم رولغا ئىگىدۇر. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان يوقىتىش سىياسەتلىرىنى دىنسىزلاشتۇرۇش، تىلسىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى. ۋەتەندىكى مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزدا تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرسا، دىنىمۇ شۇنداق مۇھىم. دىندىن ئايرىلىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ يۈرىدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچىنچى ئەۋلادقىچە ئۆزلىكىدىن خىتايلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى دىنسىزلاشقان ئۇيغۇرلار، خىتايلار بىلەن بىر قازاندا تاماق يېيەلەيدۇ. مۇنۇ ھالال، مۇنۇ ھارام چەكلىمىسى يوقالغاندىن كېيىن، خىتاي نېمىنى يەپ، نېمىنى ئىچسە ئۇيغۇرلارمۇ ئوزۇقلىنىشتا ئورتاقلىشالايدۇ. «سۆيگۈ، مۇھاببەت ئاشقازىنىڭدىن ئۆتىدۇ» دەيدىكەن، گېرمان خەلقى. «ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلىدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار بىزدە. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ۋەتىنىمىزدە تىل، دىن، مەدەنىيەت ئىشقىلىپ، مەۋجۇتلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان ھەممە قىممەتلىرىمىزگە تەڭ ھۇجۇم باشلىدى. مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزغا قارشى چىقمايدىغان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر، مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى، مەدەنىيەتلىرىنى قايسى دەرىجىدە ھىمايە قىلسا، مىللىتىمىزنىڭ دىنىنىمۇ شۇنداق ھىمايە قىلىشى كېرەك. شۇنىڭدەك مىللىتىمىزنىڭ دىنىنى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن، ئۇرۇشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن، خەلقىمىزنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە دىنى ھېسسىياتلىرىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، دىن ئارقىلىق جەڭگاھقا چاقىرىشتىن قول ئۈزۈشلىرى لازىم. دىن مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىياتلىرىنى قوغدايدىغان روھى قورغان بولىشى كېرەككى، ئۇ قورال، سايمانلارنىڭ نەرقىدە قوللىنىلماسلىقى لازىم.

ئىككىنچى سەئۇدى، تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەردە يەرلىشىپ قالدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىدا، دىنىنىڭ رولى بولمايدۇ. ياكى دىن ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەللەردىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار،

يەرلىك خەلق بىلەن دىنى ئورتاقلىقتا ئىگە. دىن ئارقىلىق يەرلىك خەلقتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان پاسىل مەۋجۇت ئەمەس. يەرلىك خەلق يېگەن، ئىچكەننى ئۇيغۇرلارمۇ چەكلىمىسىز يەپ، ئىچەلەيدۇ. يەرلىك خەلق ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇنلاردا ئۇيغۇرلارمۇ ئىبادەت قىلالايدۇ. يەرلىك خەلق بىلەن ئۇيغۇرلار ئائىلە قۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى بولالمايدۇ. پەقەت ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرچە كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىلا، ئۇيغۇرلارنى يەرلىك خەلقتىن ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل بولالايدۇ. ئەگەر ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇرچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلمەيتۇرۇپ، مەن ئۇيغۇر- دېسە، بۇنىڭ مەنىسى: ئاتا بوۋام ئۇيغۇرتى. مەن ئەرەب بولۇپ كەتتىم دېگەن بولىدۇ. پاكىستاندىكىلەرمۇ، تۈركىيەدىكىلەرمۇ ئوخشاش.

تۈركىيەدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت بولىدىغان نەرسە شۇكى، تۈركلەر ئۆزلىرىنى ھەرقانداق كەلگۈندىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈشىدۇ. كۆچمەنلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلىپ بېرەلمەيدىغان، ئۆزى شۇنچىلىك نامرات ۋە يېتەرسىز ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۆزىنى كۆچمەنلەردىن ئۈستۈن كۆرۈشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: سەن مېنىڭ ۋەتىنىمگە بويۇن قىسىپ كەلدىڭ. سەن مېنىڭ دۆلىتىمنىڭ ياردىمىگە مۇختاج. سەن مېنىڭ ھۆكۈمىتىمنىڭ خەير- خاھلىقىسىز ياشىيالمايسەن. شۇڭا سەن مېنىڭدىن تۆۋەن تۇرۇشۇڭ لازىم - دېگەندەك، ئۆزى بىلەن تۇپراقنى، دۆلەتنى، ۋەتەننى، ھۆكۈمەتنى بىر گەۋدە قىلىۋالىدىغان تېگىمسىزلىكىدۇر. يەنە بىر يامان يېرى شۇكى، تۈركىيەگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاناھ ئىزدەپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان تۇرلۇك ياردەملەر، مۇھاجىرلار مىنىستىرلىكى، كۆچمەنلەر مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇلماي، ھەرتۇرلۇك ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلات، ۋەقف قاتارلىق خەير- ساخاۋەتچى ئورۇنلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان بىر تۈركمۇ، ئۆزىنى ئاشۇ ئىشلارنى بېجىرىۋاتقان ۋەتەندىشى بىلەن بىر گەۋدە ھېس قىلىۋالىدىغان خاراكتېرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بەرگەن قول، ئالغان قولدىن ئۈستۈندۇر- دېگەن قاراشتا، تۈركىيەدىكى ھاللىق كۆچمەنلەرمۇ، نامرات تۈركنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر بالداق تۆۋەنرەك ھېس قىلدۇرىلىدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشىدىكى سەۋەب بولسا، دەل ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىدىن شەكىللىنىدىغان خورسىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە، يەرلىكلەرنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى يوشۇرۇشقا تەبىي ھالدا ئىنتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقى ئىككىنچى ئەۋلادقا ئۇلاشمايتۇرۇپلا يوقىلىشقا باشلايدۇ.

يەرلىكلەر ئالدىدا، ھەر قانداق كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنى بىر تەرەپتىن يەكلەندۇرۇشكە، بىر تەرەپتىن كىچىكسىندۇرۇشكە مەجبۇرلانسا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېچقانداق كۈچ ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئاناتىل، ئۇيغۇرچە تورمۇش، ئۇيغۇرچە كۈندىلىك ئادەتلەرنى ئائىلىدە ھەم ئىجتىمائىي سورۇنلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىكلەردىن كام ئەمەسلىكىنى، ئاقسۆڭەك، خان ئۆتكەن، ئەزىز ئۇيغۇرلارنىڭ

ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى تىلىدا سۆزلەپ، قەلبىدە يادلاپ، ئەۋلاتلارغا سىڭدۈرۈپ تۇرۇشلىرى زۆرۈردۇر.

ئۈچىنچى ياۋروپا ۋە دېموكراتىك غەرب (خىرىستىيان) ئەللىرىدە ياشاپ قېلىۋاتقان، قاچانغىچە ياشاپ قالىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغان ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان ئامىللار دىن، تىل ۋە كۆندىلىك ئۇيغۇرچە تۇرمۇش ئادەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن پەرقلىق ئەمەس. ئەگەر غەرب ئەللىرىدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار تىل، كۆندىلىك ئۇيغۇرچە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنغا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئىككىنچى ئەۋلاتقا بارمايتۇرۇپ، ياكى ئاتىست ئۇيغۇرلار، ياكى خىرىستىيان ئۇيغۇرلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئېتىقاد جەھەتتە، يەرلىك خەلق بىلەن پەرقلىق ئالاھىدىلىكى قالمايدۇ. يەرلىك خەلق يېگەننى يەپ، ئىچكەننى ئىچىپ، ئورتاق تۇرمۇش قايىنىمىغا كىرىدۇ. يەرلىك خەلقتىن ئايرىپ تۇرىدىغان، ئېتىقاد پاسىلى ئۈزۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېتىرقايدىغان، چېكىنىدىغان ھېچقانداق يات نەرسىسى قالمىغان بولىدۇ. دىنسىزلاشقان ياكى خىرىستىيانلاشقان ئۇيغۇرلار، ئۆز مەۋجۇتلۇقلىرىنى يەنە ئىككى ئەۋلاد داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى غەربتىكى دىنسىز ياكى خىرىستىيانلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا بوۋىسى ياشاپ ئۆتكەن ۋەتەن بىلەن، ئۇ يەردىكى دىنداش بولمىغان خەلق بىلەن باغلىنىپ تۇرىدىغان رىشتە قالمايدۇ. شۇڭدەك دىنغىلا ئەھمىيەت بېرىپ تىل ۋە كۈندىلىك ئۇيغۇرچە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئىككىنچى ئەۋلاتتىن باشلاپ، غەرب مۇسۇلمانلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن دىنلاردىكىگە ئوخشاشلا ئىرقى ۋە كېلىپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، دىنداشلار ئارا قېرىنداشلىق ئورنىتىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ ۋەتەن، مىللەت تەۋەلىكى ئۆز- ئارا توسقۇنلۇق پەيدا قىلالمايدۇ. دىنى ئورتاقلىقتا ئىگە كۆچمەنلەرنىڭ تويلىشىپ، ئائىلە قۇرۇشىغا يول ئوچۇق. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، يات مۇسۇلمانلار ئارا ياتلىشىپ تۇرىدىغان مىللى پاسىل كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېچكىم تۇرمۇش قۇرۇش قىينچىلىقىغا قارشى ئىزدەنمەيدۇ. قايسى مىللەتتىن بولىشى مۇھىم ئەمەس، مۇسۇلمان بولىشى مۇھىم - دېگەن ئۆلچەم بىلەن، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلگەن غەرب - كۆچمەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. نەتىجىدە شالغۇتلىشىپ، ئۈچىنچى ئەۋلاتقىمۇ يەتمەيتۇرۇپ، ئۇيغۇر دېگەندىن ئىز قالمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەيلى تۈركىيە ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بولسۇن، مەيلى غەرب ئەللىرىدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەم مۇسۇلمان ھەم ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىر كۈنمۇ ئۇنۇتماسلىقتا، ئەۋلاتمۇ ئەۋلاد تەشەببۇس قىلىپ، مەزكۇر ئىككى جەۋھەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇردۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىغاندا، كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ - يەنى مەزكۇر ئەللەرگە يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ، چىرىقى ئۆچكەن بولىدۇ.

مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى ئەسىرلىككە مەھكۇم ئۇيغۇرلار بولسۇن، مەيلى تۈركىيە، ئىسلام ۋە غەرب ئەللىرىدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بولسۇن، مىللى مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشتا، ئوخشاشمىغان ئامىللارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. نوقۇل ھالدا

مىللى مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن مۇنۇ نەرسە مۇھىمدۇر- دەپ، بېكىتىۋېلىش، ئەلۋەتتە رېئال ھاياتتا دۇچ كېلىۋاتقان ھادىسىلەرنى كونكرېت تەكشۈرمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. قايسى ئامىلنىڭ قايسى شارائىت ۋە قايسى جايدا مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەمەلى ئەھۋالغا قارىتا بېكىتىش كېرەك.

ئەمدى ۋەتەن قۇتقۇزۇش، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە، دىنىنىڭ رولى بارمۇ؟ دېگەن مەزمۇنغا كېلەيلى.

مىللى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئامىللىرى بىلەن، ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئارىسىدا زور پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. يەنى مىللى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئامىللىرى بىلەن ۋەتەننى، مىللەتنى ئازات قىلىش ئامىللىرى ئارىسىدا تاغ بىلەن ئويماندەك چوڭ پەرق بار. يۇقىرىدا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا، كەم بولسا بولمايدىغان بىر قانچە ئامىللار قاتارىدا، دىنىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە مۇھىملىقى بايان قىلىندى. لېكىن بۇ، مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزدە يەنە شۇنداق رول ئوينايدۇ - دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى دۇنيادا باشقا چوڭ ياكى تەڭداش مىللەتلەر بىلەن بىر ۋەتەن ۋە بىر دۆلەتتە، ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللى كىملىكى بىلەن ياشاشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئايرىم ۋەتەن ياكى ئايرىم دۆلەتنىڭ لازىمى ۋە زۆرۈرىيىتى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان تۇپراقلارنى ئايرىم دۆلەت قىلىپ،

ئۆز بەگ - ئۆز خان ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مىللەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇيغۇرلاردەك، دۈشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دۆلىتىنى قۇتقۇزۇپ، قايتا دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرمۇ بار. لېكىن ئۇيغۇرلاردەك ھەم مىللى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەم ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇپ، دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، قاتلاملاپ كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان مىللەت يوق دېيەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بىزنىڭ كۈرىشىمىزگە ئۆرنەك تاپماق بېسى مۇشكۇل. بىراق ۋەتەن قۇتقۇزۇش ۋە مىللەتنى ئازات قىلىش يولىغا كىرىپ قالغان، ۋەتەن مىللەت سەۋدالىرىمىز ھەر تەرەپتىن ئۆلگە، ئۆرنەك ئىزدەپ، كۆپىنچە تېگىرقاپ يۈرىشىدۇ. ھەتتا خاتا ۋە خالتا كوچىلارغىمۇ كىرىپ قالىدۇ.

كېيىنكى 20 يىللىق كۈرەش ئۇسۇلىمىزدا، كۆپ قېتىم ئىسپاتلاندىكى، سىياسى كۈرەش ئېقىمدىكىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا پايدىسىز ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىۋاتقىنىدەك، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر مىللەتنى قۇتقۇزىدىغان ئامىل پەقەت - دىن دەيدىغان كوچىغىمۇ كىرىپ باقتى. ھەتتا تەكرار سىناقتىن ئۆتكەن رېئاللىقنى كۆرمەسكە سېلىپ، ياكى پەرق ئېتەلمەي، نەتىجىسىز ھەتتا زىيانلىق ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كەلدى. تېخىمۇ ئېلگىرىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئېتىقاد ئۇرۇشىغا قايدۇرۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋەتەن مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى، دىنسىز خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىسلام ھەرىكىتىگە

ۋە ئىسلام ئېچىشتىن ئىبارەت غازاتچىلىققا يېتەكلەشكە تىرىشىپ كەلگەنلەر، ۋەتەن ئىچى سىرتىدا يامان بەك ئاينىپ كېتىشتى. ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى بىلەن دىنى غازاتچىلىق ئۇرۇشىنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، تاجاۋۇزچىغا قارشى ئۇرۇش بىلەن دىننى كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، دۈشمەن كىم، دوست - ئىتتىپاقداش كىم؟ قىلىۋاتقان ھەرىكەتنىڭ ئاخىرى قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟ ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كېلىۋاتقان ئەۋلادلىرىمىز نېمىگە تايىنىپ، نەدە ياشايدۇ؟ - ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي، خۇددى پروگراممىلاپ قويۇلغان ماشىنا ئادەمگە ئوخشاپ قېلىشلىرىگە نېمە سەۋەبچى بولدى؟ - ئەلۋەتتە دىننى سۇيىئىستېمال قىلغانلار ۋە دىننى خاتا چۈشىنىۋالغانلار، خەلقىمىزنىڭ دىنى تىلدىن ساۋاتسىزلىقىنى پايدىلىنىپ، دىنى شەكىلدىكى ئۇيدۇرمىلار ئارقىلىق قايمۇقتۇرۇپ كەلگەنلەر سەۋەبچى بولدى. تېخىمۇ يامىنى خىتاي دۆلەت ئىستىخباراتى، مىللىتىمىزنىڭ دىنى تىلدىن ساۋاتسىزلىقى يوچۇقىدىن كىرىپ، ھەممىنى ئاست - ئۈستىن قىلىۋەتتى. خىتاي ياساپ چىققان دىنى ئۆلىمالار، خىتاي ياساپ چىققان جىھاتچى يول باشچىلار، ۋەتەن ئىچى سىرتىدىكى مەغلۇبىيىتىمىزدە ۋە يېڭىلىشىمىزدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلدى. ۋەتەن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ساپ، دىيانەتلىك ئىنقىلاۋىمىزغا، ساختا دىنى شەكىلنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، نە مىللەتكە، نە دىنغا، نە ئىنقىلاۋىمىزغا پايدىسىز ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈزدى.

20 يىل ئاۋۋال چەتئەلدە باشلانغان جىھاتچىلىق ماجىرا-سىدا، خىتاي ئىككى تۈرلۈك غەلبىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ قويغان پىدائىيلارنى، جىھات ئۇرۇشىغا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۆز ئىچىدىن پارچىلاپ ۋەيران قىلدى. يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى يۈزىگە قارا سۈرتتى. ھەتتا خىتاي شۇ قەدەر چوڭ نەتىجىنى قولغا كەلتۈردىكى، 21. ئەسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر «11. سىنتەبىر جىنايەتچىلىرى» قاتارىدا، دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشى تۈرمىگە قامىتىش ئارقىلىق: «شەرقى تۈركىستان ئىسلام تېرروررچىلىرى خەلقئارا تېررور ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» - دېگەن قالپاقنى كىيدۈرگۈزەلىدى. خىتاي ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ - كۆلەملىك تەدبىقلىدى. ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش رايونىغا سۈرگۈن قىلىشتا، دۇنيا ئەللىرىگە يەنە بىر قېتىم ۋەھشى، تېرروررچى خەلق قىياپىتىدە كۆرسىتىشتە، يەنە دىنىمىزدىن تولۇق پايدىلاندى. يەنى شامغا ھىجرەت قىلىشقا، خلاپەت دۆلىتىگە كېتىشكە چاقىرىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، ئۇيغۇرلارغا نە دىنى جەھەتتىن ئالاقىسى بولمىغان، نە ۋەتەن، مىللەتنى ئازات قىلىپ، دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، پۈتۈنلەي يات بىر ئەلدە، يات بىر خەلقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، دۇنياۋى تېرروررچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كېتىشتىن ئىبارەت، بىر ۋەھشى كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلغانلىقى، خىتاينىڭ بىر پاي ئوق ئاتماي ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغىنىدىن كېيىنكى، ئەڭ چوڭ غەلىبىسى بولۇپ قالدى. قىسقىسى دىنىنى ئۇرۇش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلار دىنىغىمۇ، مىللەتكىمۇ زىيان ئېلىپ كەلدى. دىن ئەسلىدىنلا ئۇرۇش قورالى ئەمەس. ئۇ، ھەر بىر ئىنساننىڭ روھىيىتىدە، زېھنىدە، تەپەككۇرىدا، قەلبىدە يىلتىز تارتىدىغان مۇقەددەس تۇيغۇدۇر.

دىنغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ھەربىر ئىنساننىڭ ئەس- ھوشى، پۈتۈن ھېسسىياتى دىن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا دىننى قورال قىلىپ ئىشلەتتى دېگەنلىك - دىنغا ئىشەنگەن سادىق مۇخلىسلارنى جانلىق قورال قىلدى- دېگەنلىك بولىدۇ. دىن پېشۋالىرى ياخشى نىيەتلىك، دىيانەتلىك، دىنغا، ئاللاھقا سادىق مۇسۇلمانلاردىن بولسا، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئاۋاملار دىننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە توغرا يېتەكلىنىدۇ. ئەگەر دىن پېشۋالىرى دىيانەتسىز، ساختىكار، جان باقتىلاردىن بولسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر تۈرلۈك بالا- قازالارنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئويلاپ بېقىشقا تېگىشلىككى، خوتەننىڭ يىراق، ياقا سەھرالىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دۇنيا جۇغراپىيىسىدىن خەۋەرسىز، دىنىدىن مەلۇماتى يوق ئەمما دىنغا مەھلىيا دېھقان پەرزەنتلىرىنى، قايسى كۈچ شامغىچە ئۇچۇرتۇپ كەتتى؟ - پەقەت ھىجرەت ۋەسۋەسى ۋە جەننەت ھەۋىسى بىلەن ئەقلىنى سېھىرلىگەن شەيتان، ھەممىنى كۆرمەس قىلىۋەتتى. ئىنساننىڭ ئەقلى سېھىرلەنسە جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ دۆت، ئەڭ ۋەھشى جانىۋارغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا رەھىم - شەپقەتنى، دىن - دىيانەتنى تونۇمايدىغان، ئاتا - بالىلىق مېھرى مۇھەببەتنى ئۇنۇتقان، قېرىنداشلىق سىلە - رەھىمدىن يۈز ئۆرۈگەن، قىسقىسى ئىنسانىيلىقنى يوقاتقان بىر خەتەرلىك مەخلۇققا ئايلىنىدۇ. خىتاي شۇنداق بىر كاۋاكنى ئاچتى مىللىتىمىزنىڭ گەۋدىسىدىن. ئاتا - ئانىسىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى خىتاي ئازاپلاۋاتسا، ئۇلارنىڭ داد - پەريادىغا قۇلاق سالماستىن، ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشنىمۇ ئويلىماستىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھىجرەت ۋەسۋەسىگە ئالدىنىپ، خىلاپەت دۆلىتىگە پۇقرا بولسا، جەننەتكە ئۇدۇل كىرىدۇ - دېگەن ئەپسۇنىنىڭ ئارقىسىدىن، كەربالا چۆللىكىگە پىيادە بېرىپ، ئەزىز جانلىرىنى خار قىلغان، مىڭلارچە قىز- يىگىتلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى بەلگىلىگەن خىتاي، بۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتكە پەقەت دىنىمىزنى سۇيئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئېرىشتى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن مەزكۇر ھىجرەت جازاسىغا، ۋەتەن ئىچى سىرتىدىكى خىتاي ئىستىخبارات موللىلىرى، نەپسانىيەتچى، ديانەتسىز موللىلار ۋە چالا ساۋات ئەمما شۆھرەت پەرەس موللا - قارىيلار تولۇق ماسلاشتى. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارغا، بەختسىزلىكلەرگە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىننى بىلمىگەنلىكلىرى ۋە بارلىق دىنى ئىشلاردا، ئەقىدە - ئېتىقاد مۇئەممالىرىدا، ۋەزخانلارغا ئۆزلىرىنى تاپشۇرغانلىقى سەۋەپچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرى، قانداقتۇر دىنى شەكىلدىكى جىھات تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەننى ئازات قىلىدىغان، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى قىبلىنامە قىلغان، مىللى ھەرىكەت مىزانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ۋەتەن قۇتۇلسا، مىللەتمۇ، دىنمۇ، تىل، مەدەنىيەت، بايلىق، يەر جاھان، قىسقىسى ۋەتەنگە، مىللەتكە تەۋە ھەممە نەرسە قۇتۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىرلىرى: بىز مىللەتنى قۇتقازمايتتۇق، پەقەت كاپىرغا قارشى جىھات قىلاتتۇق- دېسىمۇ، باشقا بىرلىرى: بىزنىڭ دىن بىلەن ئىشىمىز يوقتى، پەقەت بىچارە مىللىتىمىزنى ئازات قىلاتتۇق- دېسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتكە قاقماي، ئۆز تاللىشى بويىچە، خىتايغا قارشى سەپكە قاتناشتۇرۇش

كېرەك. پەقەت ۋەتەن قۇتقۇزۇش پرىنسىپى شەرتى بىلەن، ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەر بىر تۈرلۈك ئاستىنا جەم بولۇشى لازىم.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا مەيلى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن، ياكى دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدە بولسۇن، مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ھەم مىللىي بىرلىكنى ساقلاپ قېلىشتا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر. ئەمما ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى، بىر پۈتۈن دىنى غازاتچىلىق ھەرىكىتى شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويۇشقا، پۈتۈن دەردىمىزنى دىنى تۇستە ئىزھار قىلىشقا بولمايدۇ. 32. يىلدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىمۇ، جەڭگە قاتناشقان ئەسكەرلەرگە غازاتچىلىق، ئىسلام ئىچىش تەلىمى بېرىلگەنلىكى ۋە دۆلەتچىلىك، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش توغرىسىدا، سىياسى تەربىيە بېرىلمىگەنلىكى سەۋەپلىلىك، خىتاي ۋە مانجۇر چېرىكلىرىگە قارشى جەڭدە غەلبە قىلغان غازاتچىلار، بۇزغۇنچى ئەمما مۇسۇلمان تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭدە ئېغىر مەغلۇب بولغان ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بولسا ئىسيانكار، مۇناپىق تۇڭگان قوشۇنلىرىدىكى دىندارلىق، غازاتچى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىدىكى دىندارلىقىنى سېلىشتۇرغاندا، كۆرۈنەرلىك يوقۇرى بولغاچقا، ئىسيانكار تۇڭگان قوشۇنلىرىغا قارشى ھەل قىلغۇچ جەڭدە: تۇڭگان مۇجاھىتلىرى بىزدىن ئۈستۈن، ئۇلارنىڭ ئىمانى بىزنىڭ ئىمانىمىزدىن كۈچلۈك، ئۇلارغا قارشى تىغ كۆتۈرسەك، ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلسەك جەننەت يۈزى كۆرەلمەيمىز- دېيىشىپ، شەيتانى پەتىۋا بىلەن، تۇڭگانلارغا قەستەن يېڭىلگەن ۋەقەلەر تەكرار قېتىم يۈز بەرگەن ئىدى. نۆۋەتتە خىتايغا قارشى قوزغىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى،

دىنى غازاتچىلىقتا ئايلىنىپ كەتسە، خىتاي ئىستىخباراتى ئەرەب، ئافغان ۋە تۈرلۈك ئىرقىغا مەنسۇپ مۇجاھىتلاردىن بىر قانچە مىڭ كىشىنى قازى، موفتىلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، بىزنىڭ غازاتچىلىرىمىزغا قارشى ئۇرۇشقا سالسا، جەزمەنكى تارىخ يەنە تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشقا، پەقەت ۋەتەننى ئازات قىلىشتىن باشقا، ھېچقانداق غەرەز، شەكىل، رەڭ بېرىلمەسلىكى لازىم.

11.09.2018



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەككىزىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە، يېتەكچى ئىدىيە مۇھىممۇ ياكى تەشكىلى پرىنسىپ مۇھىممۇ؟

ئەقىل، ئىدراكى جايىدا ھەرقانداق ئىنساندا بولىدىغان كۆز - قاراش، ئوي - خىيال، بايقاش يۇنان ۋە لاتىن تىللىرىدا «ئىدېئې، ئىدېئا» - دېيىلىدۇ. ئىدىيە: كۈندىلىك تۇرمۇشنى قامدىيالىغۇدەك ئادەمدە بولىدىغان ئەقلى پائالىيەتتۇر. ئىدىيە توغرىسىدا پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىدىن بەرگەن ئىزاھاتلىرى قىسمەن پەرقلىق بولسىمۇ، ئورتاقلاشقان تۈگۈن شۇكى - ھەرقانداق ئىدىيە ھەر قانداق كىشىلەر تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنىۋەرمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئوبيېكتىپ ۋەقەلەردىن ئالغان چۈشەنچە، تەسىراتلىرىنى ئەقلى ئۆلچەم بىلەن پىششىقلاپ، كىشىلەر قايىل بولغىدەك شەكىلدە سۇنالايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان پىكىر، كۆز - قاراش - ئىدىيە دېيەلەيمىز. دەرۋەقە قەدىمكى زامانلاردا، پلاتوننىڭ دەۋرلىرىدە ئىشلار باشقىچە ئىدى. پلاتون بىلەن فارابىنىڭ ئارىسىدا ئون نەچچە ئەسىرلىك ئۆزگۈرۈش بار. فارابى بىلەن بىز ياشاۋاتقان دەۋرگىچە ئون ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ زامانلاردا «ئەقلىدە بارلىق ئىنسانلار ئورتاقلاشمىغان»

- دېگۈدەك دەرىجىدە، كىشىلەرنىڭ ئەقلى بىلىشلىرىدە زور پەرقلەر بولاتتى. ئۇ زامانلاردا ئاۋاملار كۈندىلىك ئوزۇقلۇقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، ھاياتلىق ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، پەيلاسوپلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى، ھەقىقەتنى تېپىش، كىشىلەرگە شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىرىنى، ھەقىقەتلەرنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز ئارام ئالماي، قارنى ئاچسا ياپراقلارنى چايناپ، ئەقلى ئەمگەك قىلاتتى. كۆپلىگەن داڭلىق پەيلاسوپلارنىڭ يېتىپ قوپقۇدەك ئۆي، تۇرالغۇسى يوق، دەرەخنىڭ سايىسىدە، مەھەللىنىڭ ئەخلەتخانىلىرىدا ماكان تۇتقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىتىشلىرى، تەتقىقات جەريانلىرى تەبىئەت دۇنياسىغا ئادەتتىكى كۆز بىلەن قاراش، سېلىشتۇرۇش، تەكرار قاراش، كۆكتىكى قۇشلارنىڭ ئۇچۇشلىرىدىن، يەردىكى جانلىقلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگىچە سىنچىلاپ قاراش ئىدى. ئىنسانلارنى كۆزىتىشلىرى بولسا، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇش، گەپ - سۆز، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي مۇئامىلىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكرار كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق دائىرىدە چەكلىنەتتى. كۆپلىگەن ئىنسانشۇناس، تەگرىشۇناس پەيلاسوپلار، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر ياكى سەھرا يۇرتلىرىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقى مەلۇم. ئەگەر شۇ زامانلاردىكى ئىنسانلارمۇ مەجبۇرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسا، يېزىش، ئوقۇش ماتېرىياللىرى يېتەرلىك، ئوقۇتقۇچىلار تەل، ھەر مەھەللىنىڭ دوقمۇشلىرىدا يەسلى، مەكتەپلەر، ئالى بىلىم يۇرتلىرى، ئاكادېمىيىلەر بولغان بولسا، كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش، پەيلاسوپلارمۇ ئادەتتىكى ئاۋاملاردىن پەرقلىق بولۇپ

كەتمەسلىكى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىلىملىك كىشىلەر بىلەن بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەپەككۇر، ئەقىل جەھەتتىن پەرق خېلىلا چوڭ. لېكىن بىلىملىك كىشىلەر - پەيلاسوپ دەپ ئاتىلىپ كەتسىمۇ، ئىلگىرىكى پەيلاسوپلارغا نىسبەتەن، داڭقى تازا بەك چىقىپ كەتمەيدۇ. (ھەتتا ھازىرقى پەيلاسوپلارنىڭ بىلىدىغانلىرى ئىلگىرىكى پەيلاسوپلارنىڭ بىلگەنلىرىدىن ھەسسىلەپ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كۈنىمىزدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ كەتمەسلىكىدە) چۈنكى ئىلگىرىكى ئاۋاملارغا سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈنكى ئاۋام خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەلۇماتلىقلىرىمۇ (ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ پەيلاسوپلىرى بىلگەن نەرسىلەردىن) كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ ھەم توغرا يەكۈن چىقىرالايدۇ. يەنى بۇرۇنقى ئاۋاملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەقلىنى ھەسسىلەپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر. ئەقلىمۇ تۆمۈر ئاسۋاپلاردەك، ئىشلىتىپ تۇرسا چاقنايدىغان، تاشلاپ قويسا دات باسىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. دېمەك، بىز پەلسەپىگە ئائىتلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئاتالغۇلار توغرىسىدا، شۇنىڭدەك پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە سۆز- ئىبارىلەر توغرىسىدا، پەيلاسوپلار نېمە دېگەن بولغىيتى؟ دەپ، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە ناتونۇش بولغان پەيلاسوپلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئۇزاق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ پەيلاسوپلارنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىگە مۇراجىئەت قىلماي، بەلكى دەۋرىمىزدىن يېشىم ئىزدىشىمىز، ھەم تېخىمۇ تارايتىپ، ئۆزىمىزدىن ۋە بىۋاستە دۈشمىنىمىزنىڭ قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىدىن جاۋاب ئىزدىشىمىز لازىم.

گەپنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كەلسەك، ئىدىيە ئۇقۇمىنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپتۈرۈلۈپ بازارغا سېلىنىشى، 19. ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارەكلىرىدە، ياۋروپادىن باشلانغان. دەسلەۋدە بايلار، كاپىتالىستلار، مۈلۈكدارلار، خوجايىنلار - بۇرژۇق ئىدىيىگە مەنسۇپ كىشىلەر بولۇپ، تەنقىد ئوبيېكتى قىلىنسا، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا نامرات پرولېتارىياتلار، ئىشچى، ئەمگەكچىلەر، بارلىق ياللانما مېھنەتكەشلەر - ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەر - بولۇپ تەركىپكە ئايرىلدى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق تۈردىكى مۈلۈكدارلارنى - بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىگە، مۈلۈكسىزلەرنى - پرولىتارىيات ئىدىيىسىگە يىغىنچاقلىدى. كېيىنچە ئىدىيۋازلىق رەسمى سىستېملىشىپ «ئىلغار پرولىتارىيات ئىدىيىسى» كىشىلەرنى رادىكاللاشتۇرۇش يولىغا قاراپ راۋاجلاندى. نەتىجىدە پۈتۈن ياۋروپا جەمئىيىتى ئىككى لاگېرغا ئايرىلىپ، ئىدىيە ئۇقۇمى سىياسىلاشتۇرۇلدى. 19. ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 20. ئەسىرنىڭ 80. يىللىرىغىچە بىر ئەسىردىن ئارتۇق ياۋروپا، جەنۇبى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋارشاۋا ئىتتىپاقى، ئوتتۇرا شەرق، شىمالى ئافرىقا قاتارلىق رايون ۋە قىتئەلەردە، ئىدىيە ئۇقۇمى پەۋقۇلئاددە كۆپتۈرۈلۈپ، سىياسىلاشتۇرۇلۇپ، دىنى ئېتىقاد، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەخلاقى، كىشىلىك ئەخلاق دەپسەندە قىلىندى. 20. ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارەكلىرىدە ئىدىيىچىلىك كېسىلى ختاي، كورىيە، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ۋە ھىندى ئوكيان رايونلىرىغا تارقالدى. ئىدىيىچىلىك ئىنقىلاۋىغا بۆشۈك بولغان ياۋروپا ئەللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 20. ئەسىرنىڭ 80. يىللىرىغا كەلگەندە، ئىدىيە ساراڭلىقىدىن پاك پاكىز قۇتۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭدەك قەدىمى مەدەنىيەتكە، قەدىمى ئەنئەنىگە ئىگە ھىندى ۋە ھىندى چىنى

ئەللىرىمۇ ئىدىيە پاراكەندىچىلىكىدىن تېز چىقىپ كەتتى. لېكىن خىتاي، شىمالىي كورىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بەزى دىكتاتور دۆلەتلەر، ئىدىيە بويۇنتۇرۇقىدىن چىقالمىدى. ئەكسىچە، ئىدىيە ئىنقىلابىنى تېخىمۇ كۈچەپ بازارغا سالماقتا.

ئىنسانىيەت 21. ئەسىرگە تەسۋىرلەپ بولغۇسىز يېڭىلىقلار بىلەن كىردى. كەشپىيات، تېخنىك تەرەققىياتلىرىدىن تارتىپ، دۆلەتتىن ھالقىغان، قىتئەدىن ھالقىغان مۇناسىۋەتلەرگىچە، بارلىق ساھەلەردە ئىقتىسادى قىممەت ئۆلچەم بولۇپ، ئىدىيىچىلىكنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، دىكتاتور ئەللەر ئىدىيەنى زورلاپ تاڭماقتا. 19. ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ياۋروپا ئەللىرىدە ئىدىيە ئۇقۇمى سىياسىيلاشتۇرۇلغاندا، «بۇرژۇئا ئىدىيىسى كاپىتالىزمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى سىرتتىن تېڭىپ، ئۇنىڭ قارشىسىدا - كوممۇنىستىك پرولېتارىيات ئىدىيىسى سوتسىيالىزمغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت، ساختا ھوقۇق شەكلىنى ياساپ چىققان ئىدى. «يالغان گەپنى مىڭ قېتىم تەكرارلىسا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، ئاتالمىش پرولېتارىيات ئىدىيىسى، يەنى خۇسۇسى مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىغا قارشى، ئومۇمى مۈلۈكچىلىك (دۆلەت ئىگىلىكى) تۈزۈملەشتۈرۈلگەن، سوتسىئالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان خىتاي كوممۇنىستلىرى چارەك ئەسىر داۋاملاشقان ئىدىيە كۈرىشى نەتىجىسىدە، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى پرولېتارىيات ئىدىيىسىنى، ئىدىيە تەرىقىسىدىن ھالقىتىپ، مۇقەددەسلىك ئورنىغا چىقاردى. ھۆكۈمرانلىقى

ئاستىدىكى پۇقرالارنى، ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەرنى، ھەر تۈرلۈك تەركىبلەرگە ئايرىپ، ئوخشاشمىغان ئىدىيە قالپاقلىرىنى مەجبۇرى كىيدۈردى. «ھەر قانداق ئىدىيىگە سىنىپنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ، سىنىپنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان ھېچقانداق ئىدىيە مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن ھۆكۈمنى ئىلان قىلىپ، پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولمىغان ھەرقانداق كىشىنى - ئىدىيىسى بۇزۇق، دۆلەتنىڭ دۈشمىنى، خەلقنىڭ دۈشمىنى، سوتسىيالىزمنىڭ، كوممۇنىزمنىڭ دۈشمىنى - دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ جازالىدى. چۈنكى پرولېتارىيات ئىدىيىسىدە ھەممە نەرسە دۆلەتنىڭ، يەر دۆلەتنىڭ، مۈلۈك دۆلەتنىڭ، ئىشلەپ چىقىرىش - سېتىش دۆلەتنىڭ، پۇقرالار دۆلەتنىڭ قولى، پرولېتارىيات سىنىپىلا دۆلەتنىڭ خوجايىنى - دېگەن شۇئاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەندىزىگە چۈشمىگەن ھەرقانداق كىشى ئىدىيە تازىلاش جازاسىغا تارتىلدى. 56. يىلىدىن 76. يىلىغىچە ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ۋە ئىدىيە تازىلاش جازاسى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، پەقەت 20 يىل ئىچىدە 72 مىليون ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئاشكارىلانماقتا. 76. يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن سىياسى ئۆزگۈرۈشتىن كېيىن، پرولېتارىيات ئىدىيە كۈرىشىگە خاتىمە بېرىلىپ، سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىدىيە بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان پەيتتە، 86. يىللىرىدىن باشلاپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ پۈتۈن باشقۇرۇش كۈچىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغان دىڭ شىياۋپىڭ گۇرۇھى ئىقتىسادى، مۈلكى ئىشلاردا خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى، يەنى ئاتالمىش بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنى

يولغا قويۇپ، سىياسىي ۋە بارلىق مەمۇرىي جەھەتتە يەنىلا ئىدىيەچىلىكنى كۆپتۈرۈپ، پۇقرالارنى ۋە مۇستەملىكە ئەللەرنى ئىدارە قىلىشتا ئىدىيە قورالىنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇردى. خىتاي دۆلىتىدە، كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، 69 يىل ئىچىدە، ئىدىيە قالپىقىسىز ئۆتكەن ۋاقىت 80. يىلدىن 85. يىلغىچە پەقەت بەش يىلدۇر.

روھىغا، قان - قېنىغا قۇللۇق سىڭىپ كەتكەن خىتاي خەلقىگە كوممۇنىستىك تۈزۈم، ئىدىيە زومىگەرلىكى ئۇيغۇن كەلگەن بىلەن، ئۇيغۇردەك ئەركىن تالىلاش روھىغا، ئەركىن ياشاش ئىرادىسىگە ئىگە مىللەتلەرگە، ئىدىيە زوراۋانلىقى ھەرگىز ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھازىرقى زامان مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، قايسى گۇرۇھلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ بەكراق، مۇستەملىكە رايونلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرىستاننى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ غېمىدە قالدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندا پۇت دەسسەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، پەقەت زوراۋانلىقتىن باشقا ھېچقانداق تايانچىسى يوق. - ئىجتىمائىي ئاساسى يوق؛ مەدەنىيەت ئاساسى يوق؛ ئېتىقاد ئاساسى يوق؛ مىللىي ئېتنىك ئاساسى يوق؛ جۇغراپىيىلىك ئاساسى يوق؛ تارىخ ئورتاقلىقى ئاساسى يوق؛ يىغىپ ئېيتقاندا بۇ تۇپراقتا خىتاينىڭ يەردە يىلتىزى، ئاسماندا يۇلتۇزى يوق. شۇنچىلىك نەس باسقان، ئەجنەبى، يات بىر خەلق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننى قورال كۈچى زوراۋانلىقى ۋە ئىدىيە زوراۋانلىقىغا تايىنىپ، زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن تۇتۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

زورلۇققا تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇش، پەقەت دىكتاتور تۈزۈمىدىكى ئەللەرنىڭ چىقىش يولىدۇر. دىكتاتورلار پۇقرالارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

ئىدارە قىلىشتا قورال كۆچىگە، جازالاش ۋاستىلىرىگە تايانغاندىن سىرت، ئەقىدە ۋە ئىدىيە زوراۋانلىقىنىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە قوللىنىدۇ. خۇداغا ئىشىنىش، دىنغا ئىشىنىش ھەر بىر بەندىنىڭ كىشىلىك خاھىشى بولغىنىدەك، ئىدىيە ـ دەۋالغان نەرسىمۇ، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بايقىشى ۋە كىشىلىك كۆز ـ قارىشىدۇر. ھەتتا دىنىنى باشقىلارغا زورلىغىلى بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيەنى زورلاپ تاڭدىغان نەرسە ئەمەس. چۈنكى باشتىلا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، (مەيلى ئۇ، پەيلاسوپلارنىڭ دەسلەپكى بايقاشلىرى بولسۇن، ياكى) كىشىلەرنىڭ بايقاشلىرى، مەلۇم نەرسىگە، مەلۇم پىكىرگە بولغان كۆز ـ قارىشى بولسۇن، ئۇنى باشقا ئادەملەرگە زورلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ. بىرەر كۆز ـ قاراشنى (مەلۇم بىر پەيلاسوپ، ياكى) بىرەر مەشھۇر كىشى، بىرەر دانا كىشى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئۇ كۆز ـ قاراشنى باشقىلار ياقتۇرۇپ، ئورتاقلىشىشى مۇمكىن. ھەتتا شۇ كۆز ـ قاراش ئەتراپىغا توپلاشقانلار گورۇپ، گورۇھ شەكىللەندۈرۈشى، جەمئىيەتتە تەسىرگە ئىگە بولۇشى، ئاخىرى بېرىپ مەلۇم رايوندا، مەلۇم بىر دۆلەتتە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىپ، ھەتتا ھاكىمىيەتنى قوللىرىغا ئېلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن. ئۇ پەقەت كۆز ـ قاراش ئورتاقلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمما ئۇنداق كۆز ـ قاراشتا بولمىغانلارغا، ئۇنى ياقتۇرمىغانلارغا زورلاپ تېڭىش قايسى ھوقۇقنىڭ تەقەززاسى؟ دېمەك، «پالانى پوستان ئىدىيە» دەپ داۋراڭ سېلىپ، كۆككە كۆتۈرۈۋالغان نەرسە، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ بايقىشى ۋە كۆز ـ قارىشىدىن باشقا ئالاھىدە بىر نەرسىمۇ ئەمەس. مەلۇم بىر كۆز ـ قاراشنى، مەلۇم بىر ھاكىمىيەتكە ئىشلەيدىغان

پەيلاسوپلار، ئىلغار كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى «ئىلغار ئىدىيە» دەپ، بازارغا سالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ كۆز- قاراشنى زوراۋان، دىكتاتور ھاكىمىيەتلەر پۇقرالارغا مەجبۇرى تاڭغانلىق نەتىجىسىدە، ھەمدە ئۇزۇن يىللاپ داۋاملىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىنسانلارغىمۇ «ئىدىيە دېگەن بەك مۇھىم. سەل قاراشقا بولمايدىغان نەرسە چېغى» دېگەندەك چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويىشى تەبى ئەھۋال. مۇشۇ يەردە قىسقا بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇنىمۇ قوشۇپ قوياي. ئالدىنقى ئايدا ئىستانبۇلغا بارغىنىمدا، شۇ يەردە بىر قانچە يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان بىر قېرىنداش تېلېفون قىلىپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىسى بارلىقى ئېيتتى. بىز تونۇشمايدىكەنمىز. شۇنداق بولسىمۇ دېيىشكەن يەردە ئۇچراشتۇق. گەپ ئارىسىدا: سىلەر ئۇيغۇرىستان دەپ، ئېغىر خاتالىق قىلدىڭلار؛ سىلەر 35 مىليون تۈركىستانلىقلارغا، ئەجدادلارغا يۈز كېلەلمەيسىلەر؛ سىزنى ئۇزۇندىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. ئوبدان پىكىر قىلىسىز. بىراق دۆلىتىمىزنىڭ نامىنى بۇلغاشقا سىزمۇ قاتنىشىپسىز؛ ئەپسۇس، ئاللاھ ھىدايەت بەرمىسە، بىلىمىنىڭ قىممىتى بولمايدىكەن- دەپ، بىر تالاي ئەلەم قىلدى. مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرىۋەرگەچكىمۇ، بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى بولغاي، گەپنى يۆتكىدى: ھە راست، تەشكىلاتىڭلارنىڭ ئىدلوگىيىسى قانداق؟ - ئۇنىڭ بۇ سوئالى ئابايىقى تاپا - تەنىسىنى بېسىپ چۈشتى. ئەمما نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، بىز ئاز تۇرۇپ قېلىۋىدىم: دېمەك، تۈزۈك بىر ئىدلوگىيىمۇ يوق دەڭا- دېدى ئۇ، تەخىرسىزلىنىپ. بىكار خەقتىن دەشنام يەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغىنچە گەپ قىلىپ باقايچۇ- دېدىم ۋە: بار ئىدېئولوگىيە دېگەن. ۋەتەندىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز. ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىشقا نىمە كېرەك بولسا شۇنى قىلىمىز. مۇشۇغۇ تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيىسى - دەپ جاۋاب بەردىم. (گەرچە بۇ ئىدېئولوگىيە بولمىسىمۇ ۋە ئۆزۈم ئۇنداق دېيىشنى خالىمىسامۇ): قىزىق گەپقۇ بۇ!ئاشۇ ئىككى ئېغىز گەپنى كىم ئىدلوگىيە دەيدۇ؟ مانداق بىر نەزەرىيە ئاساسىڭلار يوقمۇ دەيمەن؟: قېرىنداشىم، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز، خىتاينى قوغلاپ چىقىرىمىز، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز بەگ، ئۆز خان - ياشايمىز دېگەندىنمۇ ئارتۇق نەزەرىيە بولامدۇ سىزچە ؟ - دېدىم قىزىرىپ تۇرۇپ. - ئەمدى سىز، گەپ چۈشەنمىگۈدەك يەردىمۇ ئەمەس. خۇپسەنلىك قىلىۋاتمىغانسىز، بىزنى تۈۋەن چاغلاپ - دېدى ئۇ، بىر ئاز نارازى بولغان ئاھاڭدا. كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، گەپنى ئىستانبۇلدا جاھاندارچىلىق قىلىش تەرەپكە يۆتكىۋەتتىم.

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم. چەتئەلدىكى ھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ماجىرالارنى ئەسلىدىم. مەن ئىسلامچى، سەن مۇرتەت، مەن دېموكراتچى، سەن مۇتەئەسسىپ - دېگەندەك نەرسىنى تالىشىپ، قانلىق ۋەقەلەرگە سەۋەپچى بولغانلارنىڭ ۋە ھازىرغىچە بىرلىرى: بىز ئۇنداق دۆلەت قۇرىمىز - دېسە، باشقا بىرلىرى: ياق، سېنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭغا يول قويمايمىز، بىز مۇنداق شەكىلدىكى دۆلەتنى قۇرىمىز - دېيىشىپ، خىتايغا قانداق قارشى تۇرىمىز؟ ۋەتەننى، مىللەتنى قانداق ئازات قىلىمىز؟ دەيدىغان يەردىن قانچە مىڭ چاقىرىم يىراقتا تۇرماقتا. خىتاي

توقۇپ چىقىپ، مېڭىسىگە كىرگۈزۈۋەتكەن ئىدىيىچىلىك (كۆز - قاراش ماجىراسى) نىڭ تورىدىن قۇتۇلالماي، خىتاي ياساپ چىقىپ، يولغا تىكلەپ قويغان ئىدىيە توساقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي، ئۆز - ئارا باش يېرىشىپ، قان تۆكۈشۈپ، خىتايغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلمەكتە.

دېمەك، مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مىللەتكە، ئىدىيە- كۆز- قاراشنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئەكسىچە پىلان، ستراتېگىيە، كۈچ لازىم. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئارتۇق يوق. بىز ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز - دەيدىكەنمىز، شەرتسىزكى بۇ يولغا ھەممە ئېقىملارنىڭ كىرىشى، دىنچىسىمۇ، جىھاتچىسىمۇ، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتچىسىمۇ، ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇقچىسىمۇ، ئاتېىست، دەھرىلىرىمۇ، ھەممىسى خىتايغا قارشى بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقىسى يالغان. يالغانلام ئەمەس، ھەتتا خىتاينىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ بەرگەنلىكتۇر. دېمەك، بىزنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە، يېتەكچى ئىدىيە دېيىلىدىغان بىر ئۇقۇمغا ئېھتىياجىمىز يوق. ئەگەر ئىدىيە دېگەن سۆزنى كۆز - قاراش دەپ، ئۆز تىلىمىزدا ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشىنىشنى مۇۋاپىق كۆرسەك، ئۇ چاغدا بىزنىڭ كۆز - قارىشىمىز: ۋەتىنىمىزدىن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش، مىللىتىمىزنى خىتاينىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتقۇزۇش، ئاخىرىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلىش - دېمەكتۇر. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ كۆز - قاراش، ئىدىيە ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئۈستىمىزگە چۈشكەن مۇقەددەس مەجبۇرىيەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە قىلىنغان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىشى، ھەرگىزمۇ شەكىللىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان كۆز - قاراش مەسىلىسى ئەمەس. ئەكسىچە ئاخىرقى نىشانغا يەتمىگۈچە مەڭگۈ تەۋرەنمەس، ئاداققىچە ۋاز كېچىلمەس، مۇقەددەسلەشكەن مەجبۇرىيەتتۇر ھەم تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. بۇنىڭدەك مەجبۇرىيەت ئالدىدا كىملەرنىڭ ۋە ئاللىقانداق كۆز - قاراشلىرى ئۈچۈن تەشكىلاتلاردا بوش يەر يوق.

ئەمدى: ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە تەشكىلى پرىنسىپ مۇھىممۇ؟ - دېگەن سوئالغا كېلەيلى. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، تەشكىلات ۋە پرىنسىپ ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا تەشكىلات دېگەن نېمە؟ - تەشكىلات: ئوخشاش غايىگە ئىگە، ئوخشاش ھەرىكەت نىشانىغا ئىگە ۋە ئوخشاش تەقدىرگە چېتىلغان كىشىلەر توپلىشىپ، غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، مەقسەت، غايىلىرىگە يېتىش ۋە تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورتاق ھەرىكەت قىلىشنى پىلانلايدىغان، تەڭ بەدەل تۆلەپ، تەڭ نەتىجىگە ئېرىشىدىغان، يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن گۇرۇھتۇر. تەشكىلاتلارنىڭ بىرلەشمىسى، ياكى تەشكىلاتلار ئىتتىپاقى دېگەن نېمە؟ - ھەرىكەت پىلانلىرى پەرقلىق، ھەرىكەت ئۇسۇلى پەرقلىق ئۆز - ئارا زىددىيەتلىك بىر قانچە تەشكىلاتلارنىڭ، مەلۇم بىر چوڭ نىشاندا بىرلىككە كېلىپ، ئىچكى ئىشلىرىدا ئۆزلۈكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، قۇرۇپ چىقىلىدىغان تەشكىلاتلار بىرىكمىسىدۇر.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، خاراكتېر جەھەتتىن

تۆۋەندىكىدەك بىر قانچىگە يىغىنچاقلىنىدۇ:

بىرىنچى: سىياسى تەشكىلات؛

ئىككىنچى: ئىجتىمائىي جەمئىيەت؛

ئۈچىنچى: دىنى جامائەتچىلىك جەمئىيىتى؛

تۆتىنچى: مەدەنىيەت - سەنئەت گۇرۇپپى؛

بەشىنچى: مائارىپ، تەربىيە ئويۇشمىسى؛

ئالتىنچى: قوراللىق قوشۇن گۇرۇپپى؛

يەتتىنچى: خەير، ساخاۋەت جەمئىيىتى؛

سەككىزىنچى: كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتى...

چەتئەلدە يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بار بولسىمۇ، سىياسى خاراكتېرگە تەشكىلاتنىڭ سانى بەشتىن ئاشمايدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى تۈپ سەۋەب - دەسلەپتە تەشكىلات قۇرغانلاردىن، كېيىن (كېلىپ، سانى كۆپىيىپ) تەشكىلات قۇرماقچى بولغانلار مەسلىھەت سورايدىكەن ھەم ئاۋۋالقىلاردىن ئۈلگە ئالىدىكەن. 92. يىللىرىدىن ئېتىبارەن قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلىۋاتقان تەشكىلاتلار ئىچىدە، قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كومىتېتى»، قىرغىزىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى»(بۇ قۇرۇلتاي 2004. يىلى 12. ئاپرېل گېرمانىيىدە تارقىتىۋېتىلگەن)، «سۈرگۈندىكى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ۋە گېرمانىيەدىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» قاتارلىق بىرقانچە تەشكىلات ۋە قۇرۇلمىلاردىن باشقا بارلىق تەشكىلاتلار، گەرچە ئۇيغۇرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

تەشۋىقات ۋە سورۇنلاردا: شەرقى تۈركىستاننى ھامان بىر كۈنى مۇستەقىل قىلماي قالمايمىز! دەپ، شوئار توۋلىسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمىغان. يەنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتكە تەشكىلاتىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن سۇنغان، تەشكىلاتىنىڭ غايىسى ۋە نىزامنامىلىرىدە «ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز» - دېگەن مۇددىئا يېزىلمىغان. نېمىشقا؟ ئۇلارغا ئۆلگە بەرگەن ئۇستازلىرى، رەھبەرلىرى: ئەگەر ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىپ قويساڭلار، تەشكىلاتىڭلار تەستىقتىن ئۆتمەيدۇ. بىرلا ئىشەنچىسىز بولۇپ قالساڭلار، كېيىن ئۆزگەرتىپ قۇرىمىز دېسەڭلارمۇ، قۇرغان نەرسەڭلارنى تەستىقلىمايدۇ- دەپ، ئىزىپ ئىچكۈزۈپ قويغان بولغاچقا، ئاردىن بىرەرسى بولسىمۇ سىناپ باقماي، بىر بىرىگە تەقلىد قىلىپ، ھەر دۆلەتتە، ھەر شەھەردە ئوخشاش خاراكتېرغا ئىگە نەرسىنى قۇرۇۋەرگەن. شۇ قەدەر كۆپ تەشكىلاتلارنىڭ كۆتەك دەپتىرىدە ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىمىز - دېگەن بىر جۈملە كۆرۈنمەيدۇ. (بۇ توغرۇلۇق مۇشۇ كىتابنىڭ «چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلات ۋە رەھبەرلىرىدىكى ساپا مەسىلىسى» دېگەن بابىدا ئايرىم توختىلىمەن) مەغرىپتىن مەشرىققىچە بارلىق تەشكىلاتلار «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز، خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇقلىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى غەرب ئەللىرىگە چۈشەندۇرىمىز» دېگەندەك، قېلىپلاشقان بىر قانچە جۈملىلەرنى قىبلىنامە قىلغاندىن باشقا، ئالاھىدە سىياسىي مۇددىئاغا ئىگە ئەمەس. يەنى «شەرقى

تۈركىستان بىزنىڭ تۇپرىقىمىز؛ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى قانۇنسىز؛ بىز ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا ھەقلىق؛ بىزگە ياردەم كېرەك» دەيدىغاننىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك، ئۇيغۇرلارغا كىشىلىك ھوقۇق، ئۇيغۇرلار ئاسسىملىياتسىيە قىلىنمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئەركىنلىكى بوغۇلمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى چەكلەنمىسۇن، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتمىسۇن...» قاتارلىق، پۇقراۋىي تەلەپلەر ئىزھار قىلىنغان. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپى يوق، خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە ئەمما مىللى ھوقۇق نورمىسى بىلەن ياشاشقا رازى- دېگەن خائىنلارچە تەلەپلەر، تەشكىللىك ھالدا دۇنيا مقياسى بويچە سۇنۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ۋەقف ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەت قىلىدىغان جەمئىيەتكە ئوخشاش تەسىر بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان، ئاساسى قاتلام كومىتېتلىرىنىڭ رولىغا ئىگىدۇر. گەپنى يىغىنچاقلىغاندا: چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، مىللى ئىرادىگە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى يوق ۋە سىياسى تەشكىلات دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمىگەن. تەشكىلاتلىرىمىز بۇنداق ئەھۋالدا بولغان ئىكەن، ئەسلىدە تەشكىلى پرىنسىپتىن سۆز ئېچىش ئارتۇقچە گەپ بولۇپ قالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، پرىنسىپ توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى.

پرىنسىپ - بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇدۇل چۈشەنسەك: «ئۇ شۇنداق بولىشى كېرەك» - دېگەن بولىدۇ. كەڭ مەنادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تارتىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگىچە ھەر نەرسىنى ئۆز لايىقىدا ئوراپ تۇرىدىغان، شەرتلىك، چەمبەر شەكىللىك ھالقىدۇر. يەنە بىر مەنادىن ئېيتقاندا پرىنسىپ - قانۇنىيەت دېمەكتۇر. تەبىئەتتىكى ھەر قانداق چوڭ - كىچىك بارلىقلار ئۆزىگە لايىق پرىنسىپ بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ ياكى سۈكۈتتە كۆرۈنىدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭمۇ، ئۇزۇن زاماننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن پرىنسىپلىرى بولىدۇ. ئۇ پەقەت شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ غەيرى يۈز بەرسە، پرىنسىپتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئائىلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مۇرەككەپ ھالدا پرىنسىپلاشقان بولىدۇ. - بىر ئائىلىدىكى ئاتا - ئانا، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىشى كېرەك. بۇ ئائىلىنىڭ يۈز - ئابرويى ئۈچۈن بەك مۇھىمدۇر. ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنى ياخشى باقمىسا، ياخشى تەربىيىلىمىسە، بالا ئۆزى چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ياقتۇرغاننى قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە ئاتا - ئانىنىڭ، ئائىلىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى شەرتلىك پرىنسىپ شۇكى، بالىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، ئاتا - ئانا ئۇنى ياخشى بېقىپ، ياخشى تەربىيىلىشى شەرت. موتورلۇق قاتناش پرىنسىپىدا، ئالدىدا ھەيدەپ ماڭغان شوپۇر توختاشتىن ئاۋۋال، تورمۇز چىقىرىنى يورۇتۇشى شەرت. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھەيدىگۈچى ۋەقە سادىر قىلىدۇ.

ئەمدى تەشكىللىك ھەرىكەتلەردىكى پرىنسىپلارغا كەلسەك، بۇ ئىنتايىن كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان ھەم قىلدىن ئىنچىكە،

نازۇك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، سەزگۈر مەسىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىمىسىدىن تارتىپ، ھەرىكەت جەريانلىرىغىچە نۇرغۇن تەرەپلەر پرىنسىپ چەمبىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىلمەيدۇ. يەنى پرىنسىپنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتتى دېگەنلىك، ئەڭ تۆۋەن چەكتە تەشكىلاتقا، دەۋاغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ ۋە يۇقىرىسى مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە بېشىمىزدىن ئۆتكەن بىر قانچە مىسالنى ئەسلىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى مىسال: بارىن كەنتىدە، 1989. يىلى 12. نويابىر قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىدا، 90. يىلى 22. ئاپرېل «مەركىزى لىنىيە، شەرقى لىنىيە ۋە شىمالى لىنىيە» بويىچە، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى، قوراللىق ئۇرۇش قوزغىماقچى ئىدى. مەركىزى لىنىيە ئاتلىق قىسىمدا جەڭ قىلىشقا بەلگىلەنگەن بىر ئەزا، شۇ يېقىندىلا ۋىلايەتلىك ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن، ئۇچقۇر ئاتنى ئېلىپ بەرمىسە، جەڭگە قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تەشكىلاتتىن ئاتنى سېتىۋېلىشقا تۇردى قادىر بىلەن يەنە بىر ئەزانى مەسئۇل قىلىپ يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئاتنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ، يېڭىسار ناھىيىسىدىن تاپىدۇ ۋە ئاتقا خېرىدار بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بىراق ئاتنىڭ ئىگىسى رەھىم دانىش، ئاتنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سېتىشنى رەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا تۇردى قادىر: بىلىشىڭ بولسا ئېتىڭنى تەقدىم قىلىپ، ئۆزەڭمۇ بۇ ئىشقا قېتىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بىز ئۇلۇغ بىر ئىش قىلماقچى. جىھات قىلىپ ۋەتەننى ئازات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىمىز. بۇ ئاتنى شۇڭا سېتىۋالماقچىتۇق. دەپ، ئۇلۇغ بىر ئۇرۇشنىڭ سىرىنى پاش قىلىۋېتىدۇ. مۇناپىق رەھىم دانىش: سىلەر بەك ئۇلۇغ ئىشقا ئۆزەڭلارنى ئاتاپ قويۇپسىلەر، شۇڭا دىككىدە بازارغا بېرىپ، گۆش ئەكىلەي. سىلەرنى گوشلۇق تاماق بىلەن تازا بىر مېھمان قىلغۇم كەلدى - دەپ، ھېلىقى مەتولارنى گوللاپ، ئۆيىدە ساقلىتىپ قويۇپ، ئۇدۇل كەنتتىكى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىدۇ. گوشلۇق تاماققا ئىشتىها ساقلاپ ئولتۇرغان مەتولارنى، كەنت ساقچىلىرى تۇتقۇن قىلىپ، يېڭىسار ناھىيىلىك ساقچىخانىغا يالاپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش پىلانى ئاشكارىلىنىپ، بارىن كەنتىنىڭ بازار ئىچى ۋە ئەتىراپىنى ئىشغالىيەتچى، قورالىلىق ختاي ئەسكەرلىرى قورشاۋغا ئالىدۇ. پىلان بويىچە 22. ئاپرېل قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسىنى ۋە كوممۇنىست پارتىيە مەركىزى بىناسىنى ئېلىش ئۈچۈن باشلىنىدىغان ئۇرۇش، كۆتۈلمىگەن خاتالىق تۈپەيلى، 5. ئاپرېل بارىن كەنت بازىرىدا باشلىنىپ كېتىدۇ ۋە تەييارلىقسىز باشلىنىپ، كۆتكەن نەتىجىگە يېتەلمەي ئاخىرلىشىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپسىزلىق يۈز بەرگەن. بىرىنچىسى: ئۈچقۇر ئاتنى ئېلىپ بەرمىسە جەڭگە قاتناشماسلىق تەلىپى؛ ئىككىنچىسى: تەشكىلات مەركىزى ئىدارىسى، ئەزانىڭ تەلىپىنى بېجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچقۇر ئاتنى سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىشى. ئۈچىنچىسى: ئات سېتىۋېلىشقا بارغانلار ئاتنىڭ ئىگىسىگە، يەنى تەشكىلات بىلەن باغلىنىشى بولمىغان، يات كىشىگە تەشكىلاتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىشى. مۇشۇ بىر قېتىملىق پرىنسىپسىز قىلمىش، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىگە قادىلىشىنى ۋە

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ئىچىدە، جەڭ ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ جاكارلىنىشىنى بەربات قىلدى. مانا بۇ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتكە شەرتلىك سەۋەپچى بولغان پرىنسىپسىزلىق ئىدى.

ئىككىنچى مىسال: تەشكىلاتىمىزنىڭ نىزامنامىسىدە - رەئىس تاشقى مۇناسىۋەتنى بېجىرىدۇ؛ لېكىن ھەر قانداق تاشقى مەسىلىدە، رەئىس مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنى ۋاقىپلاندۇرۇشى كېرەك - دەپ، بەلگىلەنگەن. لېكىن تەشكىلاتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى مەخپىي ھالدا، باشقا بىر تەشكىلاتنى ۋەزىپە ئېلىۋاپتۇ. بىز خەۋەردار بولۇپ، رەئىسقا 3 ئايلىق مۆھلەت بەردۇق. ياكى تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىشى كېرەك، يابولمىسا يەنە بىر تەشكىلاتنىكى ۋەزىپىسىدىن چېكىنىشى لازىم. مۆھلەت توشقاندا تەشكىلاتنىكى رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. بىز قايتا سايلام ئۆتكۈزۈپ، يېڭى رەئىسنى سايلاپ، ماتېرىيالنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن، دادخاھقا يوللىساق، تاسلا قالدى: قانۇنسىز سايلام پائالىيىتى قىلغان - دەپ، جازا قويغىلى. چۈنكى سابىق رەئىس تەشكىلاتنى تاقاپ، دەپتەردىن ئۆچۈرتىۋېتىپ، ئاندىن بىزگە ئىستىپاسىنى يوللىغانىكەن. بىز قىلغان سايلام - تاقىلىپ كەتكەن تەشكىلاتنىڭ قانۇنسىز پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بىرمۇنچە پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن، يول تاپتۇق - بىر بولسا تەشكىلاتنى تاقىتىۋەتكەن سابىق رەئىسنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇندىكەنمىز. ياكى نىزامنامىنى بىر ئاز ئۆزگەرتىپ، سايلامنى قايتا ئۆتكۈزۈپ، تەشكىلاتنى يېڭىدىن تەستىقلىتىدىكەنمىز. رەئىسنىڭ ئۈستىدىن يات خەققە قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەرز قىلغۇلۇق. شۇنىڭ بىلەن تەشكىلاتنى يېڭىدىن قۇرغان بولدۇق. بۇ يەردە سابىق رەئىس پرىنسىپقا خىلاپ ھالدا، تاشقى مۇناسىۋەتنى مەسلىھەتچىلەر بىلەن پىكىرلەشمەي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان. بۇنىڭدەك مىساللار ھەر قەدەمدە، چەتئەلدىكى ھەر بىر تەشكىلاتلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى تەشكىلى پرىنسىپ، نىزامنامىگە قارىتا بەلگىلىنىدۇ. نىزامنامە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ماقۇللىنىدۇ. نىزامنامىسى يوق تەشكىلات، ياكى نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلىنمايدىغان تەشكىلات پرىنسىپسىزلىققا، باش باشتاقلىققا يول قويىدۇ. ئەڭ يامان يېرى مەسئۇلىيەتسىزلىكنى، ئۆز - ئارا ئىشەنچسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (بۇ توغرىلىق مۇشۇ كىتاپنىڭ «ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە رەھبەرلەرنىڭ ساپا مەسىلىسى» ناملىق بابىدا بىر قەدەر تەپسىلى توختىلىمەن.) ئۆز - ئارا ئىشەنچسىز، مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر توپلاشقان تەشكىلات، بىر بولسا نامراتچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ياكى ئوغرى - يانچۇقچى، قويمىچى، خىيانەتچىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا تەشكىلات پرىنسىپ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۇل قىلغان ھالدا قۇرۇلغان بولىشى كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ كۈرىشىمىز، بىزنىڭ دەۋارىمىز دىنى ئېتىقاد كۈرىشى بولمىغاندەكلا، ئىدىيىۋى - كۆز - قاراش كۈرىشىمۇ ئەمەس. پارتىيىۋى مەسىلەك، يول ۋە ھاكىمىيەت تالىشىدىغان ئىچكى كۈرەش تېخىمۇ ئەمەس. بەلكى ھەرقانداق ئىدىيىدىكى، ھەرقانداق ئېتىقادقا تەۋە، ھەر قانداق مەسلەك، ھەرقانداق گۇرۇھ، ھەرقانداق مىللەت

ۋە ھەتتا ھەرقانداق ئىنسان قاتناشسا بولىدىغان، بەدەل تۆلىسە بولىدىغان، بەدەل تۆلىگەنلەر قەدىرلىنىدىغان ئۇلۇغ ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۈرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سىياسى، ئىنقىلاۋى كۈرىشىمىزدە ۋە تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىمىزدە، كۆز - قاراش - ئىدىيە، ئېتىقاد يولىمىزنى توسماسلىقى لازىم ۋە بىرلىكىمىزنى، كۈچىمىزنى پارچىلىماسلىقى كېرەك. بىز ئۆگىنىدىغان نەرسە پرىنسىپتۇر. بىز ئۆزلەشتۈرىدىغان نەرسە مەسئۇلىيەتتۇر. تەشكىلاتلىرىمىز ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قىبلىنامە قىلىشى، مىللى ئىرادىنى ئۆلچەم قىلىشى، كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولالىسا تەشكىلاتلىرىمىز، رەھبەرلەر، ئەلۋەتتە مەقسەتكە يېتىش يولىمىز قىسقىرايدۇ.

2018 .09 .22

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى

تېمىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. «چەتئەل» دېگەن سۆزگە جۇغراپىيىلىك ئىزاھات بېرىلسە، مەقسەت تېخىمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇيغۇرىستان دەيلى، مەيلى شەرقى تۈركىستان دەيلى، بىلدۈرمەكچى بولغىنىمىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، ھىندىستان ۋە خىتاي ئۈستىمىزدىن ئېلان قىلغان (گەرچە قانۇنسىز بولسىمۇ) ۋە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» - دەپ، ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، يەركۆلىمى بىر مىليون سەككىزيۈز قىرىق سەككىز مىڭ كۋئادرات كىلومېتىر تۇپراق، بىزنىڭ ۋەتەن تېررىتورىيىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئەللەر چەتئەلدۇر. بىزگە تام قوشنا چەتئەللەردىن رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان ھەم ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان دۈشمىنىمىز خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ چەتئەل بولغىنىدەك، بىزگە تام قوشنا كەلمەيدىغان بارلىق ئەللەر تېخىمۇ ئېنىق مەناسى بىلەن چەتئەلدۇر.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق-

قازاقستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مىليونغا يېقىن، يەرلىشىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، سىياسى ئەركىنلىكى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەنگەن. ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەت ۋە قىتئەلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خېلە كۆپ، ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى، يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ ئەڭ كۆپ بولىشىغا قارىماي، ياۋروپا ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا، پاسسىپلىقمۇ يېتىپ ئاشقىچە ئېغىر. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىر تۇتاش ھالدا، تېخىچە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلمىدى.

مۇشۇ يەردە: ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۇيغۇرلار خالامدۇ، ياكى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا، خورلىنىپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ ئەگەر مۇستەقىل بولۇپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇشنى خالىسا، خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولالىشىغا ئىشىنەمدۇ؟

- دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى چۈرىدەپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆتەيلى. ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى خالىمايدىغان، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز بەگ، ئۆزخان ياشاشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئۇيغۇرلار يوق. ۋەتىنىمىز يات ئىشغالچى، مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالغان، 1759. يىلىدىن بۇيان، ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقتىن يالتايغىنى يوق. مانجۇر ئىمپېرىيىسى ۋەتىنىمىزنى ئۇرۇشسىز، خاتىرجەم 10 يىل سوراپ باققانلىقى، تارىخى خاتىرىلەردە قەيت قىلىنمىغان. بەلكى «ئۇيغۇرلار ھەر 3 يىلدا بىر قېتىم كىچىك ئىسيان، ھەر 30 يىلدا بىر قېتىم چوڭ ئىسيان كۆتۈرىدۇ...» دېگەن خاتىرە مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ، بىزنى خاتىرجەم ئىدارە قىلالمىغانلىقىنىڭ ئىقرارنامىسى ۋە ئىسپاتىدۇر. مانجۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئىشغالىيەت دەۋرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر يېڭى ئادرىسى

1759. يىلىدىن 1928. يىلىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، بىرگە قارشى باستۇرۇش ئۇرۇشىدا، تولۇق ھالىدىن كەتكەن ئىدى. مانجۇر ئىمپېرىيىسىگە قارشى، ئەسىر ھالقىپ ئۇرۇش قىلغان مىللەتمۇ پەقەت ئۇيغۇرلاردۇر. مانجۇرلار ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان دەسلەپكى يۈز يىللىق ئۇرۇشتىلا ماغدۇرىدىن كەتكەن. مۇشۇ يۈز يىللىق ئۇرۇشتا، ۋەتىنىنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا كۆپلىگەن مۇستەقىل ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ، مانجۇرلارغا زەربە بېرىپ تۇردۇق. كېيىنچە زورىيىپ، قەشقەرىيە ۋە ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىدىن ئىبارەت، پاراللېل ئىككى چوڭ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇ چاغدا مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالى ئاستىدا، قورچاق قۇمۇل ئاپتونوم پادىشاھلىقى (قۇمۇل ھەم تۇرپاننىڭ بىر قىسمى) ۋە ئۈرۈمچى تەۋەلىكىنىڭ مەلۇم رايونلىرىلا قالغان ھەم بۇ جايلاردىمۇ ئۇرۇش ئوتلىرى يالقۇنلىغان ئىدى. دېمەك مانجۇرلار بىزنى ئىشغال قىلىپ تۇرغىدەك ئىمكانىيىتىدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما 1882. يىلى ۋەتىنىمىزنى قايتا ئىشغال قىلىشى، قانداقتۇر مانجۇرلارنىڭ ئۆز كۈچى ۋە زورۇقتاغىنىڭ ئۇرۇش ستراتېگىيىسىگە ماھىر قوماندان بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە، پورتىگالىيە قاتارلىق ياۋروپا بىرلەشمىسىنىڭ مالىيە ياردىمى ۋە ھەربى تېخنىك ياردىمى، شۇنىڭدەك رۇس پادىشاھلىقىنىڭ مالىيە، ھەربى تېخنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى ئۇرۇش قوراللىرى ياردىمى بىلەن، قەشقەرىيە دۆلىتىمىزنى قايتا ئىشغال قىلغان. ئەمما ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى، رۇس پادىشاھلىقى ئۆزى ئىشغال قىلىپ، مانجۇر ئىمپېرىيىسىگە مەجبۇرى ساتقان ئىدى. لېكىن مانجۇر ئىمپېرىيىسى، ۋەتىنىمىزنى قايتا

ئىشغال قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ گۆرىنى قازغان بولدى. («سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتابىنىڭ 8. باب، 103 بەتلىرىگە قارالسۇن.) چۈنكى بىر ياقتىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەربىي جازانى كۈچلەندۈرۈش ۋە مۇستەقىلچى كۈچلەرنى تازىلاشقا كۈچ سەرپ قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپالىققا ۋە رۇس پادىشاھلىقىغا قەرز قايتۇرۇش جەريانىدا، مانجۇرلارنىڭ خىتايلارنى ئىدارە قىلىشقىمۇ ماغدۇرى قالمىدى. مانجۇر ئىمپېرىيىسى بىزنى قايتا ئىشغال قىلىپ، يىگىرمە يىل ئۆتە، ئۆتمەيلا تەختتىن غۇلاپ چۈشتى. مانجۇرلار تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئۈستىگە ئالغان خىتايلارنىڭ، يىراق غەربتىكى ئۇيغۇرستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك ماجالى يوقتى. بىز بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنى قۇرغان چاغدا، ۋەتىنىمىزنى قالدۇق مانجۇر ھەربىي ئەمەلدارلىرى، يېرىم خىتايغا، يېرىم رۇسقا بېقىنغان خىتاي - مانجۇر ھەربىي ئەمەلدارلىرى، مانجۇر خانلىقىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزمىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار، كۆچمەن تۇڭگان ھەربىي ئەمەلدارلىرى قاتارلىق پارچە، پارچە كۈچلەر ئۆز ئالدىغا تالان - تاراج قىلىۋاتقان پەيت بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر تەرىپى ئوخشاشمىغان دۈشمەنلەرنىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدا قالغان چاغلار ئىدى. سىرتتىن رۇس، ئەنگىلىز ۋە شۋېتلار خىرىس قىلىۋاتقان، يەنى ئۇلار بۇ تۇپراقتا مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قارشى ئىدى. شۇنداق قىيىن ۋەزىيەت ئاستىدا، بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئارقىلىق، ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ھەم دۈشمەنلىك توسمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر

دۆلىتىنىڭ بىر مودېلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى قۇرغاندا بولسا، رۇس ۋە ئەنگلىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەتىنىمىزنى گومىنداڭ خىتاي ئىشغالچىلىرى مۇستەملىكە قىلغان چاغ ئىدى. (34. يىلى 1. جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئۆز قولى بىلەن باستۇرۇپ، گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن رۇسلار، 44. يىلدىكى 2. جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىشىغا نېمىشقا ياردەم قىلغان؟ - بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلار سىياسەت بىلەمدۇ؟» ناملىق كىتابقا قارالسۇن) ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغانلار ئاساسەن تاشقى كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشغال قىلغان ھەم تاشقى كۈچلەرنىڭ ياردىمى، ھەمكارلىقى بىلەن ئىشغالى ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەن. كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلپى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ ماقۇللۇقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. كوممۇنىست خىتاي ئىشغالچىلىرى 1950. يىلدىن 1980. يىلىغىچە ۋەتىنىمىزنى تۈرمە، جازالاگىرى، يىغىۋېلىش لاگېرى، ۋە ئۈستى ئوچۇق تۈرمە شەكلىدە باشقۇردى. 80. يىلدىكى خىتاينىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسى ئىسلاھاتىدىن كېيىن، بۇ ئەلنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چەتئەلنىڭ ياردەم بېرىشىگە ئالقىنىنى ئاچتى. «شاڭخەي ھەمكارلىق ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، بىزنى باشقۇرۇشتا، تاشقى كۈچ بىلەن ھەمكارلاشتى.

مانجۇرلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ مۇشۇ بىر قاتار ئەمەلىيەتلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنى ئىشغال قىلىشتىن تارتىپ، ئىدارە قىلىشقىچە ئۆز كۈچىنىڭ يەتمىگەنلىكىنى، باشقۇرۇش قولىدىن كەلمىگەنلىكىنى، بىزدىن ھەر زامان قورقۇپ تۇرغانلىقىنى

كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، خىتايدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرالامدۇ، يوق؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، - خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن قورققان مۇددەتتە، مۇستەقىل بولىشىمىز مۇقەررەردۇر. بىزنىڭ خىتايلاردىن قورقۇشىمىز، قورقماسلىقىمىز مۇھىم ئەمەس. دۈشمەننىڭ بىزدىن قورقۇشى، بىزنىڭ مۇستەقىل بولالىشىمىزغا يېقىلىپ تۇرغان ئۇمىت شامدۇر ۋە ئىشەنچىمىزدۇر. خىتاي بىزدىن قانداق قورقىدۇ؟ دەيدىغانلار بولسا، كىملىك نومۇرى ئويۇلغان پىچاق، پالتىلىرىمىزغا قاراپ باقسۇن. قاسساپخانىلاردىكى، ئاشپۇزۇللاردىكى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغان پالتا، پىچاقلىرىمىزغا قاراپ باقسۇن. 2014. يىلىدىن بۇيان 4 يىل ئىچىدە، نۆۋەت بىلەن لاگېرلارغا قامىلىپ تۇرغان 10 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارغا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە لاگېرلاردا ئازابلىنىۋاتقان 1 مىليوندىن ئارتۇق (بىزنىڭ قارىشىمىزچە 3 مىليوندىن كام ئەمەس) ئۇيغۇرلارغا قاراپ باقسۇن. خىتاي ئىشغالچىلىرى بۇ قەدەر ۋەھشى زۇلۇمنى نېمە ئۈچۈن ئىجرا قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ قەدەر ۋەھشى تەدبىرنى نېمە ئۈچۈن قوللىنىۋاتىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ بىزدىن قورقىدىغانلىقىنىڭ دەلىل، ئىسپاتلىرىدۇر. ئەمما بىزگە لازىم بولىۋاتقىنى خىتاينىڭ قورقىشىلا ئەمەس. بەلكى بىزنىڭ خىتايدىن قورقماسلىقىمىز ھەم خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىشىدۇر.

ئەمدى تېمىغا يېقىنلىشايلى. ۋەتىنىمىزنى خىتايدىن قۇتقۇزۇپ، مۇستەقىل قىلىدىغانلار قايسى ئۇيغۇرلار؟ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئازات قىلالامدۇ، ياكى ۋەتەن ئىچىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇرلار ئازات قىلامدۇ؟ مۇشۇ يەردە بىر قانچە ئەسلىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا (ئورتاقلىشىشنى) لايىق كۆردۈم.

بىرىنچى، مەن ۋەتەندىن يېڭى چىققان يىللىرى، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق پىكىرلەر بولۇپ تۇراتتىكەن.

ئا: ۋەتەننى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئازات قىلىدۇ.

ب: ياق، ئۇلار يالغۇز ئازات قىلالمايدۇ. بەلكى ۋەتەن ئىچى، سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بىرلىكتە ئازات قىلىدۇ.

ئا: ئىنقىلاۋىمىزنىڭ يول باشچى رەھبىرى ۋەتەندە.

ب: ياق، ۋەتەندىكىلەرنى ۋەتەن ئىچىدىكى رەھبەر، چەتئەلدىكىلەرنى چەتئەلدىكى رەھبەر يېتەكلەيدۇ.

ئا: شەرقى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى رۇسىيە يېشىدۇ.

ب: ياق، رۇسلار خىيانەتچى، ئىككى يۈزلىمىچى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ۋەتەننى ئۆزىمىز ئازات قىلىمىز. غەرپنىڭ ياردىمىگە تايىنىش كېرەك. بۇ خىلدىكى كۆز - قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، گېزىتلاردىمۇ نەشىر قىلىنىپ تۇراتتى. مەن «ب» پىكىرنى ياقتۇراتتىم.

ئىككىنچى، تەقدىرنىڭ شاملى مېنى گېرمانىيىگە ئۇچۇرتۇپ كەلدى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار ياۋروپا تەرەپلەرگە ئەمدىلەتىن كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، گېرمانىيىدە بارى يوقى 60 ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار بار ئىكەن. ميونخىن شەھرىدە رەسمى تەشكىلاتلاردىن «شەرقى تۈركىستان ياۋروپا بىرلىكى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»، «شەرقى تۈركىستان

ئۇچۇر مەركىزى» قاتارلىقلار بارئىكەن. ئۇچۇر مەركىزى ئۇچۇر، ئاخبارات تارقىتىدىكەن. قالغان ئىككى تەشكىلات ۋەتەن، مىللەت مەسىلىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتى: ئىجتىمائىي، مەدىنى پائالىيەت قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى سىياسى ئەھۋالىنى غەرپلىككە ئاڭلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلساق، بىز ئۇچۇن يېتەرلىك، قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇ- دەپ، رېئال بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسىدا: «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش كۈرىشىنى قوللايمىز» - دېگەن بەلگىلىمىلەر بارئىكەن. يۇقۇرىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ پېشقەدەم، ئۇستازى، مەنىۋى (پەردە ئارقىسىدىكى) يېتەكچىسى، مۆتىۋەر رەھبىرى (كەمتەرلىكىدىنمۇ، ياكى خۇپسەنلىكتىنمۇ): ھەققى لىدەر ۋەتەندە، تۈرمىدە. مەن بولسام بىر ۋاكالەتچى، لوبىچى. مەن شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنىڭ لىدەرى ئەمەس - دەپ، چېكىنىپ تۇرىدىكەن. ياۋروپا تەۋەسىدە ئۇ كىشىدىن باشقا سالاپەتلىك، داڭقى چىققان يەنە بىرسى بولمىغاچقا، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى، خۇددى توكۇر مۈشۈك بىلەن قارىغۇ چاشقان ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمما ھەممىسىنىڭ ئورتاق پىكرى: بىز سىرتتا تۇرۇپ ۋەتەن دەۋاسىنى ئاڭلىتىمىز. ۋەتەننى ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى ئازات قىلىدۇ- دېگەندىن ئىبارەت بىرلا ھۆكۈم ئىكەن. بۇنداق گەپ، بىزدەك ۋەتەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدىغانلارغا ھەم ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۇچۇن بەرەر پايدىلىق شارائىت يارىتىش ئارزۇسىدا، چەتئەلگە

چىققانلارغا بىرلىدىغان ئەڭ چوڭ سىياسى زەربىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار، مۇشۇ خەقتىن زور ئۈمۈت كۈتەتتى. بىراق بۇلارنىڭ نەقەدەر ئەبگاھ خەق ئىكەنلىكى، ۋەتەن مىللەتنىڭ ئازاتلىقى توغرىسىدىكى مەۋقەلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە پاسسىپ ئىكەنلىكى يىراق- يېقىندىكىلەرگە قاراڭغۇ ئىدى.

شۇنداق پەيتلەردە ئىستانبۇلدا، مارمارا بىلەن قارا دېڭىز ئارىسىدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەبجەق كېمىنى، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى، مۇستەقىللىقىمىزنىڭ دۇنياغا ئېچىلغان پەنجىرىسىنى، يەنى - «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» نى مىيونخنىغا يۆتكەپ كېلىش ھەرىكىتى قوزغالدى. (بۇگۈن دەپ بەرسە ھېچكىم ئىشىنەلمىگۇدەك، ئىچكى توسقۇنلۇقنى يېڭىپ) 1999. يىلى ئۆكتەبىر قۇرۇلتايىنى كۆچۈرۈپ كەلدۇق. بىراق: «قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز- دېگەن ماددىسى گېرمانىيە قانۇنىغا خىلاپ بولغاچقا، تەستىقتىن ئۆتمەيدۇ؛ ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى قانۇنسىز؛ ۋەزىپە ئالغانلار، ھەمكارلاشقانلار جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ» - دېگەندەك ئېغۋالارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. يېرىم يىلدىن ئارتۇق كېچىكتۈرۈلۈپ، تەستىقتىن ئۆتكەندە بولسا: «بۇ قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئۇيغۇر ئەمەس، تاجىك. ئۆزبېك، ئافغان. ئۇلارنىڭ شەرقى تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ۋاقتى كەلسە دەۋانى سېتىپ قويىدۇ؛ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ دەۋاسى ئاكا، ئىنى ئىككىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.» - دېگەندەك ئېغۋالار بېسىقمىدى. ھەتتا بەزى ئېغۋاچىلارغا

قۇرۇلتاينىڭ مەنسىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدۇق. («سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاپ» ناملىق كىتاب، 10. باپ، 135. بەتلەرگە قارالسۇن) لېكىن ئۇلار رەت قىلىپ توختاپ قالماي، قۇرۇلتاينىڭ بەزى مۇھىم رەھبەرلىرىگە ئىستىلى جەھەتتىن تۇزاق قۇرۇپ، ۋاقىتلىق يۈزىنى تۆكۈپ رەسۋا قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان، زەنجىرسىمان بۇزغۇنچىلىقنى كىم، نەدىن پىلانلاۋاتقانلىقى سىرلىق ئەمما يەتمەكچى بولغان نىشان، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە ئىككى جۇمھۇرىيەتتە ۋەزىپە ئالغان، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار قۇرغان مىللى قۇرۇلتايىنى كۆزدىن يوقىتىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئېغىۋالار ئىچكى ماجىراغا ئايلاندى. كۆچ قوراپ، زېھىن ئۇپراپ بەرداشلىق چېكىگە قىستالغانسېرى، ئىككى قۇرۇلتايىنى بىرلەشتۈرۈشكە قەدەم باستۇق. شۇنداق قىلساق، مەنسەپ پەرەسلەرنىڭ كۆزى، نەپسى تويسا خاتىرجەم بولۇپ، ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ- دەپ، پەرەز قىلدۇق. بىراق بىز: «ئىككى قۇرۇلتاي بىرلىشىۋاتىدۇ» - دەپ، هاگۋېيقىپ يۈرسەك، 2004. يىلى 12. ئاپرېل مىللى قۇرۇلتايىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا هازىرقى «دۇنيا ئۇيغۇر (ياشلىرى) قۇرۇلتيىى» نى نىزامنامىسى، پروگراممىسى بىلەن دەسسىتىپ چىقىپتۇ. ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ «تەقدىر ئىرادە» بىلەن، بۇ قۇرۇلتايغا رابىيەخانىم رەئىس بولدى. خانىم ئۇيغۇرلار بار يەردە: «مۇستەقىللىق» - دەپ، چەتئەللىككە «كىشىلىك هوقۇق»- دەپ، ئۇزۇن يىل كۈرەش قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە بۇ قۇرۇلتاي ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، غەرپلىكنىڭ دەپتەرلىرىدە بولسا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇرلارغا كىشىلىك هوقۇق، قىسمەن ئەركىنلىك، ئاخىرىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى (ئاپتونومىيە) كېرەك» - دېگەن قاراش مۇقىملاشتى. خانىم قىلىپ بەرگۈدەك ئىش قالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەكرىتارلىرى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا رابىيەخانىم سىڭدۇرۇپ قويغان: «د ئۇ ق نىڭ ئەترابىغا زىچ ئۇيۇشساق، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز» - دېگەن شوئار بولغاچقا، ئىيۇل ئايلىرىدا قۇرۇلتاينىڭ هازىرقى باشلىقىنىڭ: («پىدائىيلار بىز» تورىنىڭ سۆهبىتىدە) «شەرقى تۈركىستاننى مەن ۋە ياكى ئامېرىكا بېرىپ مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز ؛ بەلكى ۋەتەندىكى خەلق ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ» - دېگەن گېپىدىن قاتتىق نارازى بولغانمىش. چۈنكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى « قۇرۇلتايدىكىلەر ئامېرىكىغا دەپ، ۋەتەننى ئازات قىلدۇرۇپ بېرىدۇ»- دەپ ئويلاپ «قۇرۇلتاي ياشىسۇن» سەنىمگە دەسسەپ يۈرگەن ئاق كۆڭۈللەر، كۆز - قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي، هەيران قالغان گەپ. ئۇزۇن يىلدىن بېرى باغلىغان ئەقىدىلىرى بەربات بولۇپ، كۈتكەن ئۈمىدلىرى توزغاقتەك تورۇپ كېتىپتۇ. يالغان - ياۋىداق، ئېغۋالارغا ئىشىنىپ كۈنۈپ كەتكەن خەلق، بۇنىڭدەك راست گەپكە هەيران قالماي قانداق قىلسۇن! ئەسلىدە بۇ تۈرەلمىسىدىنلام راست گەپ ئىدى. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن چارەك ئەسىر جاپالىق ئەمگەك قىلغان. ئۇلار چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا، شۇنداق چۈشەنچىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغانلار تۇرسا.

«ۋەتەننى بىز مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز، بەلكى ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ؛ بىز ۋەتەن خەلقىنىڭ

ئەھۋالىنى غەرب دۇنياسىغا ئاڭلىتىمىز خالاس.» دېگەن بۇ سۆزنى ئۇبرازلاشتۇرساق، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇننى سۈرەتلەپ چىقالايمىز.

1) بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى. قوشنىلار توپلىشىپ قاراپ تۇرىدۇ. مۇخبىرلار كەلدى. نەق مەيداننى رەسىمگە تارتىپ، خەۋەر ئىشلەۋاتىدۇ. ئوتنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم بىر چېلەك سۇ تۆكمىدى. ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى چاقىرمىدى. نېمىشقا؟ - ئۆيدىكىلەر ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئۆز جېنىنى ئۆزلىرى قۇتقۇزۇشلىرى كېرەك!

2) بىرسى دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەر ساھىلدا قاراپ تۇرىدۇ. قول ئىلەشكۈدەك شاق - شۇمبا تاشلاپ بەرسە، ياكى قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى باشلاپ كەلسە بولاتتى. ئوخشاشلا كىشىلەر رەسىمگە تارتىپ، مۇخبىرلار خەۋەر ئىشلەپ، ئۆز ئىشى بىلەن. نېمىشقا؟ - ئۇ، دەريادىن ئۆز جېنىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى لازىم!

3) بىرسى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. قۇدۇق بېشىغا كىشىلەر توپلاشتى. مۇخبىرلارنى چاقىردى. رەسىمگە تارتىۋاتىدۇ خەۋەر ئىشلەش ئۈچۈن. ئارىدىن بىر كىشى چىقىپ، قۇدۇققا ئاغامچا تاشلاپ بەرسە بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. نېمىشقا؟ - ئادەم قۇدۇقتىن ئۆزى چىقىپ، ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشى كېرەك!

5) كىشىلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاننى ئازات قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق. چۈنكى ئۇ، خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى باشقا. نېمىشقا ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىمىز- دەپ، ئاۋارە بولىسۇن؟ ھېچ بولمىسا ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنى ئاياپ: «ۋەتەننى چوقۇم ئازات قىلىمىز!» - دەپ قويۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ نېمىشقا؟ - ئۇيغۇرلارغا باشقا گەپنى قىلىپ، خوجايىنلارغا باشقا گەپنى دەپ، رابىيە خانىمدەك ئاۋۋال مائاشتىن، ئاندىن مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالسىچۇ؟ ئۇنداقتا، سەنلەر زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ - دەپ سوراپ باقايلى. جاۋابىنىڭ ئاستىدىن نېمىلەر چىقىدىكىن؟ - ئۇيغۇرلارغا دېموكراتىيەنى ئۆگىتىدىغان خادىملار ئۇلار. خىتايىنى دېموكراتىيىگە ئۆتكۈزىدۇ ئۇلار. ئاندىن دېموكراتىك خىتاي ھۆكۈمرانلىرى رۇخسەت بەرگەن ئۆلچەم ئىچىدە «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بىلەت تاشلاش خىزمىتى» گە مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدۇ - دەپ پەرەز قىلساق، بۇلار بىلەتنى كىم تەرەپكە تاشلار؟ بۇنىڭ جاۋابى 72 يىل بۇرۇن چىقىپ بولغان ئىدى. يەنى گومىنداڭلار گەنسۇدا، چوڭ چىڭدا ۋە نەنجىڭدا بوداپ باققان «ئۈچ ئەپەندىلەر» 46. يىلى، 2. ئىيۇن ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە قانداق بىلەت تاشلىغان بولسا، بۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايمىز - دېسە، تۆمۈر خەلپىدەك، ئاتالىق غازى - خوجىنىيازدەك، خوجايىنلىرىنىڭ سىرتمىقىغا بوغۇلىدۇ.

ئەمدى ئەسلىدىكى مەقسەتكە ئۆتەيلى. ۋەتەننى زادى كىملەر ئازات قىلالايدۇ؟ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى قانچىلىك؟

ۋەتىنى مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەر بولسۇن، ياكى مەلۇم بىر دۆلەتتىن تۇپراق ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقلەر بولسۇن، شۇنىڭدەك مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى بىر

ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، سىياسىي گۇرۇھلار بولسۇن، ھامان تاشقى ياردەمگە تايىنىدۇ ھەم چېكىنىش بازىسىغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۈگۈنكىدەك ئۇرۇش قوراللىرى تېخنىكىلىشىپ كەتكەن دەۋرىدە، تاشقى ياردەمگە تېخىمۇ ئېغىر ئېھتىياج چۈشىدۇ. نۇرغۇنلىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ، دۆلەت ئىچىنى تەرتىپكە سېلىشتا تاشقى كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. دۈشمىنىمىز خىتاي دۆلىتى، مەخسۇس بىزگە قارشى تۇرۇش ۋە بىزنى باستۇرۇش ئۈچۈن، رۇسىيە بىلەن، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي قېرىنداشلىرىمىز بىلەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ بارلىق تام قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىتتىپاق ئورنىتىپ، بىزگە قارشى ياردەم ئېلىۋاتىدۇ. يىراق - يېقىندىكى ھېچ بىر دۆلەت: «خىتاي ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن، بىز سىرتتا قاراپ تۇرۇپ تاماشا كۆرىدىغانلار» دېمەستىن، خىتاي بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىپ، بىزنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. بىزنى خالىغانچە تۇتۇپ، قانۇنسىز ھالدا تۈرمىلەرگە سولاپ قىيناۋاتىدۇ. ئىگىسىز قۇشلارنى ئۇۋلىغاندەك، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. پۈتۈن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، چېگرا ئىچىدىكىلەر ئۆز ئىشىنى ئۆزلىرى ھەل قىلماستىن، بەلكى تاشقى كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش بېجىرىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتلىرىدۇر. تاشقى كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، چەتئەلدە ئالدىنقى سەپ قۇرۇپ، چەتئەلدە چېكىنىش بازىسى قۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان، ۋەتىنىنى ئازات قىلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان نۇرغۇن مىللەتلەر بار. ھازىرمۇ ئازاتلىق ئۈچۈن، ياكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، چەتئەلدە بازا قۇرۇپ كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەر، سىياسىي گۇرۇھلار ساناقسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانى
www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقى شۇنداق تۇرۇپ، ۋەتەن ئىچىدىكى تۇتقۇن ئۇيغۇرلار نېمىشقا ئۆز ئۆزىنى ئازات قىلىدىكەن؟ «ۋەتەننى بىز بىرىپ مۇستەقىل قىلالمايمىز!ياكى ئامېرىكا بىرىپ مۇستەقىل قىلىپ بەرمەيدۇ! بەلكى ۋەتەننىڭ ئىچىدىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ!» دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ سىياسى مەناسى نېمە؟ چەتئەللەردە ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى قىلىدىغانلار» نىڭ مەجبۇرىيەتلىرى، ۋەزىپىلىرى نېمە؟ ئومۇمەن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشى زادى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ - خەۋەر توپلاش، تارقىتىش. نامايىش قىلىش. تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىش. بەش مىڭ كىشىلىك ئىمزا، ئون مىڭ كىشىلىك ئىمزا، يۈز مىڭ كىشىلىك ئىمزا، ساناقسىز، چەكسىز ئىمزا توپلاپ يوللاش. يىغىن ئېچىش، قىلىپ بولغانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش. دوكلات بېرىش، مۇكاپاتلاش.

« ۋەتەننى بىز مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز. بەلكى ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ!» مىليونلاپ، ئاممىۋى ھالدا لاگىرلارغا قامىلىپ ياتقان تۇتقۇنلار ئازات قىلىدۇ. پالتا، پىچاقلىرى زەنجىرلەپ باغلاپ قويۇلغانلار ئازات قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ۋەتىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان مۇددەتتە، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قۇدۇقتىكى ئادەمگە ئوخشاش، قۇتۇلۇشقا ئامالسىزدۇر. ئەگەر چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار: «ۋەتەننى ئازات قىلىش چەتئەلدىكىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكىلەر ئۆزلىرى ئازت قىلىدۇ» دېگەن بۇ گەپنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ھەلەكچىلىكىنى ئالدىنقى

ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەۋاتقان بولسا، بۇ بىر تۈرلۈك خىيانەتتۇر. ئۇلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى - دەپ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرى جان باقتىلىق ۋە مىللەتنىڭ كۆكىنى سېتىپ ياشاۋاتقان ھايانكەشلىكتۇر. ناۋادا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى شۇنداق پىكىرگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چەتئەللىكلەرنى ھەم تەتۈر ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولسا، بۇلار باشقا تەرەپتىن ۋەزىپىلەنگەن، دەۋا خائىنلىرىدۇر. قايسى خىلدىكى بولىشىدىن قەتئىينەزەر، كۆك بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان، مۇستەقىللىق ھەرىكەتچىلىرىگە گۆر قازىدىغان خائىنلاردۇر.

مىللى سىياسەت ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلىنىدۇ. بىرى ئىچكى سىياسەت، بىرى تاشقى سىياسەت. (دىپلوماتىيە) ئىچكى سىياسەتلىرىنى مۇكەممەل بەلگىلەپ، تاشقى سىياسەتتە چولتىلىق قىلسا، ھەتتا خېلە كۈچلۈك دۆلەتمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ دەل مىللى سىياسەت ئەندىزە قىلىنىدۇ. بىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدىكى مىللى سىياسەتمۇ ئوخشاشلا، ئىچكى ۋە تاشقى بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچكى سىياسەت دېگىنىمىزدە، مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىز ئۈچۈن قوللىنىدىغان ۋە خىتايغا قارشى تۇرۇشتا كېرەكلىك بولىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىچكى كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىش - دېمەكتۇر. بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بولسا - خىتايغا قارشى ھەمكارلىشىشقا بولىدىغان دۆلەتلەر بىلەن، تۈرلۈك كۈچلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى، ياردەملىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولغا كەلتۈرۈش، توختام تۈزۈش، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە پاي قوشىدىغان دۆلەتلەرنى، دۆلەتتىن ھالقىغان كۈچلەرنى جەلپ قىلىش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىلەشتۈرۈشتۇر. بىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تاشقى سىياسەتلىرى، چەتئەللەردە پىلانلىنىپ، چەتئەللەردە بېجىرىلىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا، ئىچكى سىياسەتلىرىمىزمۇ چەتئەلدە بارلىققا كېلىپ، دەسلەپكى ئىجرائاتلىرى چەتئەلدە باشلىنىدۇ. بىز ئەگەر: ۋەتەننى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئازات قىلىمىز، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئىنسانداك ياشايمىز - دەيدىكەنمىز، دەۋا سېپىگە قىستۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ «ۋەتەننى بىز ئەمەس، ۋەتەندىكىلەر ئازات قىلىدۇ» دېگەن، خائىنلارچە ئازدۇرمىسىغا قۇلاق سالماي، ئىچكى سىياسەتلىرىمىزنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. يەنى سىياسى بىرلىك سەپ قۇرۇش، ئەسكەر كۈچى، ئىقتىسادى كۈچ، خىتايغا تەھدىت بولىدىغان ھەرقانداق ئامىل قاتارلىقلارنى تەييارلىشىمىز لازىم.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار، سىياسى جەھەتتىن تەشكىللىنىشكە باشلىغىلى 25 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تايانچ كۈچ يېتىشتۈرۈش، كەسپى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئىقتىسادى مەنبە تىكلەش قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەردە تېخىچە ھېچنېمە باشلانمىغىنىدەك، ئۇيغۇرلار ئاممىۋى يوسۇندا سەپەرۋەر قىلىنمىدى. خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئۇيغۇرلارنى ئاممىۋى سولاپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىشى، ئېغىر ئازابلىشى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماسلىقتەك، جاندىن تويغۇزىدىغان زۇلۇملار سەۋەپلىك، چەتئەلدىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ غەزەپ - نەپرىتى، خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكى

قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزۈر قىلىپ، نامايىش، ئىمزا توپلاش سەپەرۋەرلىكىنى قوزغاش بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ۋەتەن ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سەپەرۋەرلىك ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتلىق ھېسسىيات، ھاياجان بىلەن بولىۋاتقان ۋەقەلەر. بۇنداق ھاياجانلار ۋەزىيەتنىڭ قىسمەن ئۆزگىرىشى بىلەن يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

ۋەتەننى ئازات قىلىش ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھەرىكەتلىرىمىزدە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور بولۇپ، دۈشمىنىمىز خىتاي، بىزگە قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىچكى سىياسەتلىرىدە قايسى دەرىجىدە قاتتىق قول بولغان بولسا، تاشقى سىياسەتلەردىمۇ ئاياپ قويۇۋاتقىنى يوق. خىتاي بىزگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تاشقى سىياسەتلىرىنى، ئىككى چوڭ لىنىيە بويىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بىرىنچى لىنىيە ـ خىتاي مەيلى چېگرايىمىز ئەتراپىدىكى، مەيلى يىراق ـ يېقىندىكى ھەر قانداق دۆلەتلەر بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادى مۇئامىلە قىلسا، ئۇيغۇرلارنى ھىمايە قىلماسلىقنى، ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىشنى، خىتاي دۆلىتى بىلەن بىر مەۋقەدە بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا خىتاي تەرەپتە تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ھەم تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ قولى بىلەن چەكلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى. (ھەتتا ئەركىن، دېموكراتىك، ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ياۋروپا ئەللىرىدە، گېرمانىيە تىپىك خىتايپەرەس بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى شەرتلىرى كۆرۈنەرلىك ئەمەلىيلىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان دۆلەتنىڭ بىرىدۇر.) ئىككىنچى لىنىيە - خىتاي چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا (ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەتتا) كونترول قىلىش، ئىدارە قىلىش، تارمار قىلىش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ كونتروللۇقىدا تۇتۇلۇپ تۇرىشى، تەشكىلى ۋە ئاممىۋى شەكىلدە، 50. يىلىدىن 90. يىللىرىغىچە تەيۋەن ۋە تەيۋەن ۋاستىلىك بېجىن كونترول قىلغان بولسا، 90. يىللىرىدىن باشلاپ بېجىن بىر تۇتاش كونترول قىلماقتا. بۇ يەردىكى كونترول قىلىش - چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى تارمار قىلىش، خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك ستراتېگىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىش پىلانلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇرلارنى ئۆز - ئارا ئىتتىپاقلىشالماس قىلىۋېتىش، ئارزۇ، ئۈمىتلىرىنى بەربات قىلىۋېتىش، تېرىقتەك چېچىپ تاشلاش، ھەتتا خىتايغا قارشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق مەنپەتىگە كېرەكلىك يېڭى ئەۋلاتلارنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش، خىتايغا قارشى ئۇيلىغۇدەك ۋاقىتتىنمۇ مەھرۇم قىلىۋېتىش قاتارلىق، نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئايدىڭلاشماقتا. ئەگەر چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەننى ئازات قىلىشتا ھېچقانداق ھەسسىسى، رولى بولمىغان بولسا، خىتاي نىمە ئۈچۈن ماددى ۋە سىياسى جەھەتتىن شۇقەدەر كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك ئىدى؟ 95. يىلى «بېجىن شەھەرلىك ھۆكۈمىتى» قىرغىزىستاندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەندۈرۈپ، بىر قىسىم تىجارەتچىلەرنى، بىر تۈركۈم يۈزلۈك شەخسلەرنى توپلاپ

«كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپ چىقىرىش - سېتىش فىرمىلىرىنى قۇرۇش، ئىش ئورنى ئېچىپ، ئىشسىز قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش» نىقابى ئاستىدا، بەش مىليون دوللار مەبلەغ سالدى. نەتىجىدە ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرىمىز؛ قازاق، قىرغىزلاردىن نەرىمىز كام بىزنىڭ - دەپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار، ئۆز ئىچىدىن تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. بۇ، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئاشكارا سالغان مەبلىغى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانچىلىك مەبلەغ سالدى؟ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللاندى؟ قايسى بايلارنى قانداق يۆلەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى ؟ بۇلار ئېنىق ئەمەس. ئەمما ھەممىگە ئايان بولغىنى شۇكى، خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق ئاشكارا سالغان مەبلىغىدىن كېيىن، ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇلى تەۋرىنىپ قالدى. تەشكىلات رەھبەرلىرى، نوپۇزلۇق ئىنقىلابچى پېشقەدەملەر يېتىم، يالغۇز قالدۇرۇلدى. (بىر قەدەر تەپسىلاتى ئۈچۈن «خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ ؟» ناملىق كىتابقا قارالسۇن) ئۇنىڭدىن كېيىن، 97. يىلى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى سىياسى بيۇروسى، مەخسۇس چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن «7. نومۇرلۇق مەخپى ھۆججەت» ناملىق قارار ماقۇللىدى. بۇ ھۆججەتتە ئېلىنغان قارارنى قايسى شەكىلدە ئىجرا قىلغانلىقى نامەلۇم بىرگە. ئەمما تۇرمىدىن تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىپ، چەتئەلگە چىقىرىۋېتىلگەن قانچە يۈز دىنى زاتلارنىڭ ۋە باشقىمۇ ئېقىملارغا مەنسۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋەتەندىن

قوغلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە جوغلىشىپ قېلىشلىرى، «ئازاتچىلار» ۋە «غازاتچىلار» لاگېرىغا تەقسىملىنىپ، ئۆزىچە دۈشمەنلىشىپ قېلىشلار، پاكىستانغا بېرىپ ئەل قائىدىگە چېتىلدۇرۇش، ئافغانىستانغا بېرىپ تالىبانغا چېتىلدۇرۇش، دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشى تېررورىستلار قاتارىدا، ئەڭ داڭلىق تۈرمىلەرگە قامىلىپ كېتىلىش، قولىدا قورال بارلىرىنىڭ: «ۋەتەن - مىللەت دېيىش ئىمانسىزلىقتۇر، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتايلام ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرىدۇر» دەپ، بايانات ئېلان قىلىشلىرى، كېيىنچە ئۇن مىڭلاپ قاچقۇن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيىگە كېلىشى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشى تېررورچى گۇرۇپ - دەپ قالپاق كىيگەن، ئاتالمىش «خىلاپەت دۆلىتى» گە چېتىلىشى، سىياسى ئېقىمدا ئۇزۇن يىللاپ كانىدەك چاپلىشىپ، ئورۇن ئىگىلىگەنلەرنىڭ توپۇقسىز: «شەرقى تۈركىستاننى بىز مۇستەقىل قىلالمايمىز، ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ!» دەپ جاكارلاشلىرى، يەنە سانسىزلىغان ئاجايىپلارغا سىنچىلاپ نەزەر سالغاندا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ھەمدە «7. نومۇرلۇق مەخپى ھۆججەت» نىڭ قايسى تۈرلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چەتئەلدە تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئۈستىدىن قانداق شەكىلدە شىكايەت قىلسۇن، قاتىل دېسۇن، ئىرقى قىرغىنچى دېسۇن، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلدى دېسۇن، قانچىلىك ۋەھشى دەۋەتسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئۈچۈن كۆندىلىك

سىياسەتىنىڭ ئورنىدىكى، ھەل قىلىشقا بولىدىغان، تۈزىتىشكە بولىدىغان، گېزى كەلسە چوڭ-راق ئەمەلدارلىرىدىن بىر قانچىسىگە دۆڭگەپ قويۇپ، ھەتتا ئېغىر-يېنىك جازالىغان بولۇپ، خەلقئارادا ئۇيغۇرلاردىن ئۇچۇق ئەپۇ سوراپ، ناھەق، خاتا جازالىنىپ كەتكەنلەرگە، ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەنلەرگە تۆلەم تۆلەپ، خىزمەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكلىرىنى ئۆسۈملىرى بىلەن قايتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇۋېتىشنى تامامەن مۇمكىن. چېقىلغان مەسچىتلەرنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۆركەم مەسچىتلەرنى سېلىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن قۇرئان، كىتابلارنىڭ ئورنىغا، ئالتۇندىن ھەل يالىتىلغان، ئاجايىپ كۆركەم باستۇرۇپ تارقىتىشى تامامەن مۇمكىن. خىتاي بىر قېتىم شۇنداق قىلغانتى. يەنە يۈز قېتىملاپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس. ھەتتا چەتئەللەردىكى بارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ، نامايىش قىلىپ، خىتاينىڭ يۈزىنى تۆكۈۋەتسىمۇ خىتاي خاپا بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ ئەزەلدىنلا يۈزى يوق تۇرسا. ھەم نامايىش دېگەن ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، ئاممىۋى پائالىيەتنىڭ بىر تۈرى. «ب د ت» ئىشخانىسىغا بېرىپ، خىتاينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، يىغىن زالىدا يوتقاننى سېلىپ يېتىۋالسىمۇ، خىتاي رەنجىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كىشىلىك ھوقۇق دەرگاھىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ بىرى خىتاي بولغاچقا. «ب د ت» دېگەن داڭلىق جاينى باشقۇرىدىغان، بەش خوجايىنىنىڭ بىرى يەنە شۇ خىتاي بولغاچقا، ئۇ يەردە خىتايغا قارشى قىلىنغان ئىش-پائالىيەتلەرنى باھالاپ بېكىتىدىغان، خۇلاسە چىقىرىدىغان،

كۆچلۈك شايكىغا ئىگە بولغان جەزىخور يەنە شۇ خىتاي تۇرسا. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەلدە تۇرۇپ، «ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىمىز» دېمىگەن ھەر قانداق گەپ - سۆز، شوئار، دەۋا، پائالىيەت، داغلىق يىغىن - چۇغۇن، ھەيۋەتلىك باياناتلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ قولتۇقىنى غىدىقلىغاندەك بىر ئىش. ئەمما: شەرقى تۈركىستان دەمدۇ، يەنە بىر ئىستان دەمدۇ، ياكى خىتايچىلاپ «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دەمدۇ، بىز مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز، بىز بۇ ئىشنى قىلالايمىز! دېگەن بىر جۈملە سۆز، خىتاينىڭ گەجگىسىدىن ئالىدىغان، خىتاينىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان، خىتاينى دۇنيا ئەھلىنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىدىغان، خىتاينىڭ يەتمىش پۇشتىنى يىغلىتىپ، ئۇيقۇسىنى بۇزىدىغان ئەجەللىك زەربىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە تۈرلۈك سىياسى سورۇنلاردا كۆندىلىك ھەق - ھوقۇقلارنى تەلەپ قىلىدىغان، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى زۇلۇم - زوراۋانلىقىنى پاش قىلىدىغان، مۇستەقىللىق توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايدىغان، بىر خىل جىمغۇرلۇق ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرۇش، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشىدىكى تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىم قىسمىدۇر. سۆزدە ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە خىتاي ئۈدۈللۈق ھەم ئۈزۈلدۈرمەي پەيدا قىلىپ بېرىۋاتقان « كۆندىلىك ھوقۇق دەۋاسى» بىلەن مەشغۇل دەۋاگەرلەرنىڭ پوزىتسىيىلىرىدىن قارىغاندىمۇ: « چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى قىلىدىغان پروگراممىسى يوق؛ خىتاي

ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم سالمىسا، كۆندىلىك پۇقراۋى ھوقۇقلىرىنى بوغمىسا، باشقا قارشىلىقى، نارازىلىقى يوق؛ خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشمۇ، دۆلەت ئىچىدىكى پۇقراۋى ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمى؛ پۇقراۋى ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە تەۋە مەسىلە؛ سىرتتىن قول تىقىشقا بولمايدۇ؛ سىرتتىن ئايرىلاشقىلى بولىدىغان يېرى پەقەت تەۋسىيە قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشى ۋە ئىنسان ھەقلىرى، پۇقراۋى ھوقۇق مەسىلىسىدۇر» - دېگەن چۈشەنچىنى، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە ئومۇملاشتۇرۇپ بولدى.

96. ئۇزۇن يىللىق مەنسەپ كۈرىشىگە ئاتلانغانلارنىڭ، يىللىرى تەشكىللىك ئېلان قىلغان پروگراممىلىرىدا «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنى ھىمايە قىلىمىز» دېگەن ماددىلار بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە: «شەرقى تۈركىستاننى بىز بېرىپ مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز، بەلكى ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ» دېگەن باياناتى ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. مەزكۇر ئىككى باياناتىنىڭ بىردەكلىكىنى يەشكەندە : «خىتاي دېموكراتىيىگە تولۇق ئۆتكەندە، ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق نورمىلىرىنى تولۇق يولغا قويغاندا، پۇقرالارنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە يول قويغاندا، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى تاللاپ بېلەت تاشلىسا، شۇ چاغدا مۇستەقىل بولىدۇ. بۇ ھازىرمۇ كېيىنمۇ

خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى، يۇقىراۋى مەسىلىسى؛ بىز چەتئەلدە تۇرۇپ، بۇ ئىشقا ئارىلىشالمايمىز!» - دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. دەرۋەقە ئۇلار چەتئەلدە 22 يىل تەشكىللىك خىزمەت قىلدى. ئۇلار دەسلەپتىلا: «بىز چەتئەلدە تۇرۇپ ۋەتەن خەلقى ئۈستىدىن مۇستەقىللىق - دەپ سۆز قىلىشىمىز يوللۇق ئەمەس؛ ۋەتىنىمىزنىڭ مەمۇرى ئەھۋالىنى ۋەتەندىكى كۆپ سانلىق خەلقىمىز ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ؛ شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنى ھىمايە قىلىمىز!» دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. مۇشۇ 22 يىل ئىچىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى ئۆزگىرىش قىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈلمىلىرى ئۆزگەردى. سىياسى جۇغراپىيەلەر ئۆزگەردى. لېكىن خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىچكى، تاشقى سىياسەتلىرىدە مۇستەقىلچىلەرنى باستۇرۇش، تارمار قىلىش مەۋقەسى ئۆزگەرمىدى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دەپ، چەتئەلگە چىققانلارنىڭ پىكرىدە، سىياسى مەۋقەلىرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلار مەيلى كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلسۇن، مەيلى ئىنسان ھەقلىرى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دەۋالىرىنى قىلسۇن، بۇنداق دەۋالار دۆلەت ئىچىدىكى يۇقىراۋى ھوقۇق تەقسىمى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەم ئاخىرى چىقماس، ھەل قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تەلەپلەر قاتارىغا كىرىدىغان، كۈندىلىك مەسىلىلەردۇر. بۇنداق ھوقۇق كۈرەشلىرى دېموكراتىك ئەللەردە ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. پەقەت دۆلەتلەر ئارا سودا - سېتىق،

تەڭسىز كېلىشىم ئۇستىلىدە، كوزۇر بولۇشتىن باشقا رولىمۇ يوق. بولۇپمۇ ـ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ـ دېيىلگەن ھوقۇق تۇرىگە قىزىقىدىغان، ئۇنى كوزۇر قىلىدىغان سودىگەر تېخىمۇ يوق. ئۇ، خىتاي ـ ئۇيغۇر زىددىيىتىدە. يەنە يۈز يىلدىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلىنمايدىغان ھوقۇق تۇرىدۇر. يۈز يىللىق جۇمھۇرىيەت تارىخىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندە دۇنيانى بىز ئىدارە قىلىشىمىز كېرەك!ـ دەپ، ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان خىتاي دۆلىتىنىڭ، تولۇق دېموكراتىيىگە ئۆتۈشىگە يەنە يۈز يىل يېتىشمەيدۇ. خىتاي خەلقىنىڭ ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى غەربلىكلەر، دەۋالارغا قۇلاق سالىدىغان ۋە مەبلەغ سالىدىغانلار ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقمايدىغان ساختا دەۋاغا قىزىقىدىغانلار يوق، مەبلەغ سالىدىغانلار يوق. ئەمما چاي پۇلى بېرىپ پايدىلىنىدىغانلار، ئۇلارنى ئەگەشتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا يىغلايدىغان، قاخشايدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىپ كەلمەكتە. خىتايمۇ ئۇلارنىڭ يىغلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئوخشىمىغان دەرتلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي پەيدا قىلىپ ئۇلگۇرتىۋاتىدۇ.

چەتئەلدىكى مۇستەقىللىق دەۋاسىنى، كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىغا ئۆزگەرتكەن ـ 2004. يىلدىن ھازىرغىچە 14 يىل ئىچىدە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى قىزغىنلىقىدا ئىلگىرىلەش بولدىمۇ؟ ۋەتەننى، مىللەتنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇلىرى كۈچلەندىمۇ؟ ـ ياق. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى- يۇرتىنى سېغىنىشقا، مىللەت سۆيگۈسى ـ ئاتا، ئانىسىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى سېغىنىشقا تارايتىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلىك ھېسسىياتتىن ھالقىيالمىدى. ئاممىۋى شەكىلدە ۋەتەننى ئازات قىلىش چۈشەنچىسى تۇرغۇزۇلمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنى ئەڭ ئالىي رەھبەر دەپ ئاتىۋالغانلار: «ۋەتەننى بىز مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز، ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ» - دېگەنىكەن، ئۇلارنىڭ سايىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن تارماق دەۋاچىلاردا، ئاۋامىلاردا قانداق قىلىپ مۇستەقىللىق چۈشەنچىسى شەكىللەنسۇن؟ ھەتتا نۇرغۇنلىغان تارماق دەۋاچىلار، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىگە ئاتالمىش «ۋەتەن دەۋاسى» نى ئاڭلاتقىنىدا، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپ قالماسلىقا، شۇنچىلىك دىققەت قىلىدىكەن. تۇيۇقسىز مۇستەقىللىق دەۋېتىپ قالسا، ئاغزى كاللىسىغا بويسۇنماي، نومۇسلۇق ئىشنى دەپ تاشلىغاندەك، ياكى خەقنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلتۇق، خىتاينى بوزەك قىلىپ، يېرىنى تارتىۋالماقچىتۇق - دەۋاتقاندەك، رەسۋاچىلىقتا قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىدىكەن. ۋەتەندىن چىققاندا ئالىي تىلەكلىرى، چوڭ ئىستەكلىرى بولغان بىلەن، ئۆزىدىن بۇرۇن يەرلىشىپ بولغان ۋە سەھنىلەردىن ماكان تۇتۇپ بولغانلاردىن ئۆرنەك ئېلىشىپ، مۇستەقىللىق دېگەن كەلىمىنى «قالاق، قارا قوساق، تەلۋە، بىلىمسىز، زىيالىي ئەمەس، دۇنيانى چۈشەنمىگەن، دۇنيا سىياسىتىدىن بىخەۋەر ئادەملەرنىڭ دەيدىغان گېپى» - دەپ، قارايدىغان بولۇپ كېتىشىدىكەن. بارغانلا دادىخاھدا: خىتاي ئۇنداق قىلدى، خىتاي مۇنداق بوزەك قىلدى - دېگەندىن باشقا، خەقنىڭ قۇلىقىغا خوش ياققۇدەك گەپ يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ دېگەن سوئالغا بىرلىرى:

10 مىليون ئەتراپىدا - دەپ، جاۋاپ بېرىپ قالدىغان بولسا، خائىندىن - خائىنغا سېلىپ تىللاپ كېتىشىدۇ. 20 مىليون دېگەنلەرنى - نوپۇسىمىزنى ئاز كۆرسەتتى، مۇناپىقمىكىن - دەپ، قاغىشىدۇ. 30 مىليون دېگەنلەردىن رەنجىيدۇ - نوپۇسىمىزنى يوشۇردى دەپ. «ئەڭ ئاز بولغاندا 35 مىليون - دېيىش كېرەك.» بولمىسا مىللەتنى كىچىك كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ. «35 مىليون نوپۇسقا ئىگە چوڭ بىر مىللەت» نىڭ، چەتئەلدىكى ۋەكىللىرى، دەۋاسىنىڭ يېتەكچىلىرى دەرت تۆكۈپ، قاخشاپ، ئۇنىڭ بۇنىڭ تەييارلاپ بەرگەن سەھنىسىدە شىكايەت قىلىپ يۈرسە، قارشى تەرەپكە قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك ئەقىل يوقمۇ؟: ۋەتەن سىرتىدا قانچىلىك ئۇيغۇر ياشايدۇ ؟ دەپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ بولغىچە: بىر يېرىم مىليوندىن ئاز ئەمەسلىكىنى دېيىشكە ئالدىرايدۇ. ئەھۋالىمىزغا قۇلاق سالغان كىشىلەر قانداق ئويلاپ قالار ؟: «بىر يېرىم مىليون ئۇيغۇردىن، يىلىغا بىر مىليون دوللار چىقمىسا، بىر يېرىم مىليون ئۇيغۇردىن ۋەتىنى، مىللىتىگە جېنىنى ئاتاپ قويغان بىر يېرىم مىڭ پىدائىي چىقمىسا. بۇلار زادى قانداق خەق؟ ئېھتىمال روياڭگا مۇسۇلمانلىرىدەك، باشقىلارنىڭ (خىتاينىڭ) زېمىنىغا بويۇن قىسىپ كېلىپ قالغان، يەرسىز كۆچمەن خەلق بولسا كېرەك. شۇڭا مۇستەقىللىق كۈرىشى قىلالمايدىغان، مۇستەقىللىق دېگەن سۆزدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، نورمال پۇقراۋى ھەق - ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» - دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشى تەبىي ئەھۋال. مۇشۇ غەرپكە دەۋارىمىزنى، دەردىمىزنى ئاڭلىتىمىز - دەپ، تەتۈر تەشۋىقات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ نەتىجىسىمىكىن، غەربلىكلەر بىر توغرىلىق بىر نەرسە يازسا: خىتاينىڭ غەربىدىكى ئازسانلىق، ئېتنىك، مۇسۇلمان خەلق - دەپ ئاتايدۇ. ئۇلاردا گۇناھ يوق. چۈنكى ئۇلارغا خىتاي شۇنداق چۈشەندۈرگەن ۋە بىزنىڭ ئاتالمىش دەۋاگەرلىرىمىزمۇ شۇنداق تەسىر بەرگەن تۇرسا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.»، «ۋەتەننى بىز مۇستەقىل قىلىپ بېرەلمەيمىز، ۋەتەندىكىلەر ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىدۇ.» دېگەن مەنىداش ئىبارىلەر، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى پاسسىپلاشتۇرۇپ، ۋەتەن مىللەتنىڭ ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قىزىقمايدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل تەتۈر تەشۋىقاتلارنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرىۋاتقان مۇددەت ئىچىدە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش - دەيدىغان، يۇقىرى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق نورمىسىغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە تايىنىپ مۇستەقىل بولالايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەسسىسى، ئوينايدىغان رولى بەك چوڭ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى نەزەردە تۇتمايتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش خام خىيالدۇر. ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار قودۇقتىكى ئادەمگە ئوخشاش، قۇتۇلۇش ئامىللىرىدىن مەھرۇم. ئەمما چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بولسا، قودۇق بېشىدا قاراپ تۇرغان، قودۇققا ئاغامچا تاشلاپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە لېكىن ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشنى كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان

كىشىلەرگە ئوخشاش. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە تولۇق سەپەرۋەر قىلالىغاندىلا، ئىشىمىز ئۆز يولىغا چۈشىدۇ.

2018.09.27

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىل دۆلەت كېرەكمۇ؟ ياكى مىللى ئەركىنلىك ۋە مۇسۇلماندارچىلىقمۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى دۆلەت - دېگەن سۆز ئىپادىلەيدىغان سىياسى ئۇقۇمدىن باشقا، كوندىلىك تۇرمۇشىمىزدا - بەخت، ئامەت، تەلەي، قۇت، سائادەت دېگەندەك مەنالارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. دۆلەتچىلىك ئېڭى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. دۆلەتنى سۆيۈش تۇيغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ يەككە تۇرمۇشلىرىغىچە، ھەربىر قىز - يىگىتلەرنىڭ ئاشىق - مەشۇق سەۋدالىرىغىچە يىلتىز تارتقان ۋە دۆلەتنى مۇقەددەسلەش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋاز كېچەلمەس ئەقىدىسىگە ئورناپ كەتكەن بولغاچقا، دۆلەتچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭدەك، دۆلەتچىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ روھى، جەۋھىرى ۋە يورۇق سىماسى بولۇپ قەدىرلەنگەن. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتلىرىدىكى، خەلق ئېغىز داستانچىلىقىدا، چۆچەك ۋە قىسسىلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەر، باش قەھرىمانلار، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تەسۋىرلىرى قاتارلىق ھەر بىر ئىنچىكە بايانلارغىچە پادىشاھلارنىڭ، مەلىكە - خانىش، شاھزادىلەرنىڭ ئوبرازلىرى، باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىباتلار پەقەت ئۇيغۇر

دۆلەتچىلىكنىڭ ۋە دۆلەتچىلىك ئېڭىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى، قايسى دەرىجىدە مۇقەددەسلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شاھزادىنىڭ يېتىم قىزغا ئاشىق بىقارار بولىشى، مەلىكىنىڭ چەۋەندازغا، ھۆنەرۋەن پېقىر يىگىتكە مەستخۇش بولىشى، سول قول ۋەزىرىنىڭ دانا قىزى، ئاتىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشى قاتارلىق تەسۋىرلەر ئارقىلىق، پۇقرالار بىلەن دۆلەت ئەركانلىرىنى ئىچ ئىچىگە گىرەلەشتۇرۇش، ئادالەت، تەڭلىك ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىنىڭ مۇقەددەس مىزانى ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلىش، شۇنىڭدەك (ئىسلامدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا) «پادىشاھلارنى تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىجراچىسى، تەڭرىنىڭ رەھمىتى» دەپ، ئۇلۇغلاش ۋە (ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن) پادىشاھ ئاللاھنىڭ ۋەلى، ئەۋلىياسى- دەپ، ئۇلۇغلاش ئارقىلىق دۆلەتچىلىكنى، دۆلەتنى سۆيۈشنى ئەقىدىنىڭ ۋازكېچىلمەس تەركىۋىگە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلاردىكى دۆلەتچىلىك - ئەقىدە ئارقىلىق ھەر بىر يەككە ئادەمنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلگەن؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى جانلىق ھايات ئارقىلىق ھەر بىر ئائىلىگە سىڭدۈرۈلگەن؛ مەدەنىيەت (- چۆچەك، داستان قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى) ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئېڭىغا سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار دۆلەت تۈزۈمى ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدا تىنىچ، ئامانلىق ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئەڭ ئاۋۋال ئىشەنگەن ۋە ئۆزلىرى دۆلەت قۇرۇشتا زور نەتىجە ياراتقان مىللەت بولغاچقا، دۆلەت ئۈستە قۇرۇلمىسىنى قانداقتۇر - «كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بويسۇندۇرۇش قورالى، تۈزۈملەشكەن زورلۇق كۈچى، غالىپلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قورالى» دېگەندەك سىياسىي ھەم قورقۇنچلۇق مەزمۇندا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ئەقىدىگە، ئائىلىۋى تۇرمۇشقا، جەمئىيەت مۇھىتىغا سىڭدۇرۇپ، ھەتتا ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر ئادەم، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ئۆتكەللىرى بىر دۆلەتكە تەڭ - دېگەندەك، ئۆزلىشىملىك تەرىقىدە تەبىرلىگەن.

قەدىمكى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلار، دۆلەتچىلىكنى مۇتلەق كۈچ، ئۆزگەرمەس ئىرادە تەرىقىسىدە قوبۇل قىلماي، تۈزۈملىرىدە ئۆزگىرىش، سىستېمىلىرىدا ماسلىشىش ئېلىپ بارسا بولىدىغان تەرىقىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇڭا زامانىغا، ماكانىغا، ئەمەلىي شارائىتقا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسىنى تىكلىگەن. يەنى بەزىدە مىللىي دۆلەت قۇرسا، بەزىدە مىللىي دۆلەتتىن ئىمپېرىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىگە ئۆتكەن. يەنە شۇنىڭدەك، ئىمپېرىيىلىك دۆلەتچىلىكتىن مىللىي دۆلەت تۈزۈمىگە ئۆتكەن. بەزىدە قوشنا قەبىلە، قېرىنداش قەبىلە ۋە قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە دۆلەت قۇرغان بولسا، بەزىدە يات مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلەشمە دۆلەتنىمۇ قۇرغان.

ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىدە، دۆلەت مەمۇرىيەتلىرىنى (قەدىمكى زامانلاردا) تەڭرىگە، (ئىسلام دەۋرىدە) ئاللاھقا سادىقلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئەركانلىرىنى (تەڭرىنىڭ) ئاللاھنىڭ يېقىن قۇللىرى - دەپ، قارىغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس ئىرادىسى ھۆكمىدە ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھرى، شەپقىتى، دۆلەت ئاللاھ بىلەن قۇللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قوييۇقلاشتۇرغۇچى ئامىل، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن خەلق، رەھىمدىل پادىشاھقا نائىل

بولىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان خەلق زالىم پادىشاھقا مەھكۇم بولىدۇ، ئاللاھنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان قوۋم دۆلەتسىز، ئاتىسىز قالىدۇ - دەپ تەبىرلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق دۆلەت قارىشى دىن بىلەن زىچ باغلىق بولماستىن، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت چۈشەنچىلىرىنى دىنىدىكى بوشلۇققا ئېلىپ كىرگەن ۋە داۋاملاشتۇرغان. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىلاھقا ئىشەنگەن دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغىچە بولغان بىر قانچە مىڭ يىللىق ئېتىقاد دەۋرىدە، ئاسمان تەڭرى، تەبىئەت تەڭرى، ئاتەش پەرەسلىك، ھايۋانات تۇتىمى، بۇت پەرەسلىك، خىرستىيان قاتارلىق پەرقلىق دىن ياكى ئېتىقادلاردا بولغان بولسىمۇ، دۆلەتچىلىك قارىشىدا، دۆلەت بىلەن ئىلاھ مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە زىددىيەت پەيدا بولمىغان.

بىز ئۇيغۇر تارىخىنىڭ باسقۇچلۇق ئۆتكەللىرىگە قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىك تەپەككۇرىغا ھۆكۈم قىلىۋەتسەك، بەك يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولىمىز. زامانىمىزدىكى زۇلۇم زىندانىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرۇپ، يىراق ئۆتمۈشكە، مىڭ يىللىق، ئۇن مىڭ يىللىق ئەجدادلارنىڭ ئىزىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، شۇنىڭدەك كېيىنكى 3 ئەسىرلىك چۆكۈش تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ چىققىنىمىزدا، ئۇيغۇرلاردىكى يوقالماس بىر جەۋھەرنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىك روھىدۇر. ئۇيغۇرلاردىكى دۆلەتچىلىك رېئاللىقى، ئۇيغۇرلاردىكى دۆلەتچىلىك چۈشى ئىنسانىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، مۆجىزىۋى تۈس ئالغان بىر ھادىسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتەلىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كىشىنى سىلكىندۈردى ۋە تېرىسىنى تىكەنلەشتۈرۈپ، ئىچكى دۇنياسىنى ئۆرە - تۆپە قىلىپ تاشلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ساندانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، «گېن كودى» نى ئىزدىسە، مۆجىزىۋى بىر چوڭ تىلسىمات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئاتاقلىق ئارخېئولوگ تەتقىقاتچى جامېس چۇرچۋارد ئەپەندى، كەسپى ساھەسىدە نەتىجە قازانغان، نوپۇزلۇق ئالىم بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قىزىقىپ قالىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر تېمىسىنى يېڭى باشلىغاندا سەل قارىغان بولۇپ، بىر ئىككى سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتىمەن - دەپ، تەخمىن قىلغان. ئەمما تېمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئويلىمىغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى پاراللېل نۇسخىسىنى كۆرمىگەن، ئاۋۋالقى ئىلمى خۇلاسىلىرىگە زادىلا باغلاشمايدىغان بىرمۇنچە سىرلارنى يېشىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ساندانلىرىدىكى، يېشىپ چىقىلماس تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ھاياجىنىنى باسالمايدۇ. بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىلمى تېمىلىرىنى خېمىغا ياندۇرۇپ ئىزاھات بېرىشكە باشلايدۇ. بىراق ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بايقىغانلىرىنى ئىلمى ئۇسۇلدا ئەمەس، تەسەۋۋۇر شەكلىدە ئېلان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋرىدە دۇنيا ۋە ئىلىم پەن دۇنياسى ئۇيغۇرلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىۋاتقان بولۇپ، جامېس چۇرچۋارد كۆرسەتكەن پاكىت، ئىسپاتلارنىڭ ئىلمى قىممىتىگە كۆز يۇماتتى ۋە ئىنكار قىلاتتى. شۇڭا ئۇ پارتىلاپ تۇرىۋاتقان ھاياجانلىرىنى يوشۇرماي، ئۇدۇل بايان قىلغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىممەتلىك ئىلمى ئەمگەكلىرىمۇ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ، ئىسراپ بولۇپ كەتتى. جامېس خىيالپەرەس، رىۋايەتچى - ئاتىلىپ

قالدى. بۇنداق بىر مۆتىۋەر ئالىمنىڭ ئېتىبارسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئائىت ساندان تىلسىماتلىقىغا كىرگەنلىكى سەۋەب بولغان. بۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت سىرلىق، تىلسىماتقا كىرگەن كىشىنىڭ، ساق قايتىپ چىقالمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى. ئىتالىيىلىك تەجرىبىسىز، ياش ئالەم كېزەر ماركو پولونىڭ، ئۇيغۇر تىلسىماتىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى، يەتتە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن بايقالماقتا. ئۇنىڭ ئىلمى شەخس بولماستىن، ھەۋەسكار ساياھەتچى، ئالەم كېزەر بولغانلىق ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر تىلسىماتىغا كىرىپ قېلىشتىن ئۇنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، 18. ۋە 20. ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئۇستىدە، ساياھەت خاتىرىسى يازغان كۆپلىگەن ئاتالمىش تەتقىقاتچى (ساياھەتچى سالاھىيىتىنى كىيىۋالغان لېكىن ماھىيەتتە سىياسى غەرەزلىك) لەر، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ۋەزىيىتىگە قاراپ: قالاق، مەينەت، تەپرىقچى، ھورۇن، تەركى دۇنيا، دەرۋىش، مازار پەرەس، قول مىجەز، ساۋاتسىز، ئالدامچى... قاتارلىق سانسىزلىغان ئەيىبلەر بىلەن تەسۋىرلەپ، خاتىرە قالدۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كوچا ئارىلاپ، كۆزلىرىگە غەلىتە كۆرۈنگەن مەنزىرە ئۇستىدە، ياكى ئۆزى دۇچ كەلگەن يەككە ۋەقەلەر ئۇستىدە يازغان بولسىمۇ، چىقارغان خۇلاسىلىرى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمى ئوبرازىغا قارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئالدىراش ۋەزىپە ئورۇنلاۋېتىپ، زاكازغا ماتېرىيال توپلاۋېتىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشلىرى توغرىسىدا ئەسلەتمىلەر تىلغا ئېلىنمىغىنىدەك، ئىستىقبالى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ھەم بايان قىلىنمىغان.

بۇ مىللەتنىڭ نېمە سەۋەپتىن مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ روناق تېپىشى ئۈستىدە ھەم توختالمىغان. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن نەرسىلەرنى ئېتنولوگىيىلىك، سوتسىئولوگىيىلىك چۈشەنچە بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا خىرىس قىلغۇچىلارنىڭ سىياسى ئارزۇلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار قالدۇرغان خاتىرىلەرنىڭ نېمىشقا شۇنداق يېزىلغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھەقىقى سىياسى مەيدانى، ئىستىخبارات خادىملىرى ئىكەنلىكى، ياكى ئىستىخباراتلار ياللاپ ئىشلەتكەن كەسپدارلار ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

ئەلمىساقتىن دۆلەت تۇتقان، دۆلەتچىلىك سىياسى چۈشەنچىنى ئاڭلاشتۇرغان، ئەقىدىلەشتۈرگەن، مەدەنىيەتكە سىڭدۈرگەن ھەتتا ئائىلىۋى تۇرمۇشقىچە ئۆزلەشتۈرگەن، شۇ قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇرلار 18. ۋە 20. ئەسىرلەردە نېمىشقا بارلىق ئەيىب - نۇقسانغا چۆكۈپ كەتكەن؟ - ئىنسانلار توپىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۈچۈن كېتىدىغان زامان ئۆلچىمىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ياكى شەكىللىنىپ، ياشاۋاتقان بىر مەۋجۇت مىللەتكە قارىتا مۇنچىلىك ۋاقىتتا شەكىللەنگەن - دەپ، يەكۈنلەش ھەقىقەتەن قىيىن. ئەمما مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينايدىغان ئامىللارنى، مىللەت قۇرۇلمىسىنىڭ يىمىرىلىپ چۆكۈشىنىڭ، يوقىلىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى، ۋاقىت مۇساپىسىنى تەخمىن قىلىش، جەزملەش تامامەن مۇمكىن. شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىپ كۈچلىنىشىدىكى ئامىللار، زامان، ماكان، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت، شارائىتلار ئۈستىدە دەلىل،

پاكىت ۋە ئىلمى ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم مۇمكىن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، قانچە ئون مىڭ يىلنى ئارقىدا قالدۇرغانلىقىدا شۇبھە يوق. يازما تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا «مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى مۇنچىنچى ئەسىر، مىلادىيىدىن كېيىنكى مۇنۇ ئەسىر» دەپ، ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى بېكىتىۋېتىش بەك چولتىلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشىنى ئون مىڭ يىلغا، يىگىرمە مىڭ يىلغا، مۇ قىتئەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قەدەر ئۇزارتىپ چۈشىنىشكە ھەقلىق ھەم لاياقەتلىك بىر مىللەت. ئەمما 17. ئەسىردىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدە، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار سەلبى ئامىللار ئەجەللىك رول ئوينىغان.

بىرىنچى ئۇيغۇرلاردا دۆلەتچىلىك مەپكۇرىسىنىڭ ئاجىز- لىشىدىكى ئىچكى سەۋەب، دۆلەتنى سۆيۈش، دۆلەتنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇلىرى، ئالدى بىلەن ئەقىدىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. 17. ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەخت تالىشىش ماجىراسى كېڭىيىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا مۇقىمسىزلىق ئەندىشىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. شاھ ئوردىسىدىن باشلاپ، ئەڭ يىراق سەھرالارغىچە يامراپ كېتىۋاتقان، مۇقىمسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئىرانچە ئايەتۇللاھ تەرىقىتى يولغا قويۇلدى. بۇخىل تەدبىر دەسلەۋىدە نەتىجىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايەتۇللاھ بۈزرۈكۋارلىرىنىڭ ۋە پېشۋا ئەۋلىيالىرىنىڭ ئىرانغا باغلىنىشلىقى سەۋەبلىك، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن تارتىپ، ئەسكەر ۋە پۇقرالارغىچە تەركى

دۇنيا، دەرۋىش، تەييار تەلەپ بولۇشقا باشلىدى. ھەتتا تەرىقەت پېشۋالىرى مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، تېخىمۇ ئېغىر تەپرىقىچىلىكنىڭ پەيلىكىگە ئوت يېقىلدى. نەتىجىدە شەرمەندە، قارايۈز، پەسكەش، ئىپلاس، نومۇسسىز، سولامچى، شوۋىكەش، يۇندىخور، مەنسەپكە ھەممىنى پىدا قىلىدىغان، مۇناپىق ئاپپاق غوجا سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى. 1680. يىلىدىن باشلانغان قورچاق پادىشاھ ئاپپاق غوجىنىڭ بېقىندى پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ سۇلالە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار، 80 يىل قانلىق باستۇرۇلدى. ئىسيان قوزغىدى. يەنە قانلىق باستۇرۇلدى. 80 يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇشتا، ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشى باستۇرۇشى ۋە تەسۋىرلەشكە ئىنسانىنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدىغان قىيىن قىستاق، ئاممىۋى ئۆلتۈرۈش، ئاممىۋى جازا ئىجرا قىلىش، ئاممىۋى قۇل قىلىپ سېتىش، (تەپسىلاتى ئۈچۈن «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاپ» ناملىق كىتاپقا قارالسۇن) مۇتەپەككۇرلارنى، دىنى ئۆلىمالارنى، مۇلۇكدار بايلارنى، يەر ئىگىلىرىنى، ھۈنەرۋەن كاسىپلارنى، سەنئەتكارلارنى ئاممىۋى تۈردە دارغا ئېسىپ قىرغىن قىلىش، سۆزلىگەنلەرنىڭ تىلىنى كېسىش، خەت يازالايدىغان ساۋاتلىقلارنىڭ بارماقلىرىنى كېسىش قاتارلىق ساناقسىز زۇلۇم بىلەن، پۈتۈن بىر دۆلەت خەلقى ئۈستىدىن جازا ئىجرا قىلىندى. (خىتاي بۈگۈنكى كۈندە ئاپپاق غوجا ۋە ئۇنىڭ سۇلالە ھۆكۈمرانلىقى ئىجرا قىلغان 80 يىللىق ئاممىۋى، ۋەھشى جازانى تەكرار تەدبىقلاۋاتىدۇ) ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەن ۋە ئەقىل، روھ جازاسى ئاستىدا، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتى ھەم ماھىيەتلىرى ئۆزگەردى. ئۇ زامانلاردا خاتىرجەم بىر كۈننى

ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كىشىلەر ئاتىسىدىن تېنىشى، ئاتىسى بالىسىدىن يۈز ئۆرۈشى، ھۆكۈمران قاتلاملىرىغا ئايغاقچىلىق قىلىشى، تەركى دۇنيا دەرۋىش، سوپى ئىشان بولۇپ كېتىشى، مازاردا ياتىدىغان نەشىكەش، ناكەس بولۇپ كېتىشى، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئويلىماسلىقى، ھۆكۈمرانلار بەلگىلىگەن ھاشا، ئالۋان - سېلىقلاردىن باشقا ئارتۇق مېھنەت قىلماسلىقى، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بارماسلىقى، ھەر ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا بىلىشى، ئۆزگىنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماسلىقى ... قاتارلىق سان - ساناقسىز «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» قا شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم ئىدى. ئەگەر پادىشاھ چۈشۈرگەن بىرلا ۋاجىبقا خىلاپ ئىش قىلسا، ئائىلىسى، جەمەتى قوشۇلۇپ جازاغا تارتىلاتتى. جازانىڭ ئەڭ يېنىكى گەجگىسىگە «پادىشاھنىڭ قۇلى» ناملىق قىزىتىلغان تامغا بېسىلىپ، پادىشاھقا ئائىت قۇللۇق مېھنەتلىرىدە ئىشلىتىلەتتى ۋە خالىسا قۇل بازىرىدا سېتىلاتتى. ئاۋامغا ئىبرەت قىلىش جازاسىغا ئۇچراپ قالغان مەھكۇملار، بازار دوقمۇشلىرىدا دارغا ئېسىلىپ، ئۆلۈكلىرى ھەپتىلەپ سازايى قىلىناتتى. يول ياقىسىغا مۇستەھكەم قېقىلغان قوزۇققا، سۆڭىچىلاپ ئولتۇرغۇزۇلاتتى ۋە قوزۇق بويىنىدىن تېشىپ چىقاتتى. داشقازاندا پورۇقلاپ قايناۋاتقان ياغقا تىرىك تاشلىناتتى. بۇنداق جازالارغا ئاممىۋى مەھكۇم بولغان بىر مىللەت كىشىلىرى، ئۆزىنى ئۆزگىدىنلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. (شۇنداق زامانلارنىڭ جازاسىدىن ئېشىپ قالغان «ناكەس ئۇيغۇرلار» نى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرمەي، بۇ مىللەتنىڭ قاچان تۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى

تەسسەۋۋۇر قىلىپ باقماي، ھېلىقىدەك مەسخىرىلىك خاتىرە قالدۇرغان غەرىبلىك، ياۋروپالىق ئاتالمىش ساياھەتچىلەرنىڭ، بۈگۈنكى ۋارىسلىرىنىڭ، بۈگۈن بىز تارتىۋاتقان ئاممىۋى جازاغا شېرىك بولۇشلىرىغا ئىنسانى تۇيغۇ قانداق باھا بېرەر؟- ئۇلار بىزنىڭ قىينىمىزغا خىتاي بىلەن بىرگە نان چىلاپ يەۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئۇلارنى قاتىلنىڭ شېرىكى - دېمىدۇق. بىراق ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن: تېررورىست - دەپ، ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى، بىزنىڭ چۆكتۈرۈلگەن ئەجدادلىرىمىزغا پۈتۈن ئەيىب - نۇقسانلارنى توقۇپ خاتىرە قالدۇرغان بولسا، ئۇلار بۈگۈن خىتاي بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەڭ نومۇسسىزلارچە ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس. لېكىن دۈشمىنىمىز بىلەن بىرلىكتە قىينىمىزغا شېرىكلىشىۋاتىدۇ.) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن ئىجرا قىلغان ھەرقانداق جازا تۈرلىرى، دىن نامىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇيغۇرلارغا يۈكلىنىدىغان ھەر قانداق مەجبۇرىيەتلەرمۇ دىن نامىدىن تېڭىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال قانچە ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى دىن - دوزاخ، غەزەپ، ئازاب قاتارلىق قورقۇنچلۇق ۋەھىمىگە يىغىنچاقلانغان. ئادەم ئۆزىنى ئۇيلىسىمۇ گۇناھكار بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كوچا دوقمۇشلىرىدىكى مەدداھلارنىڭ ئېيتقانلىرى، ئىشانلارنىڭ تەلىم بەرگەنلىرى دىن- دەپ، ئەمەل قىلىشقا يېتەرلىك ئىدى. ئىجتىمائىي جەمئىيەت خارابىلىققا، سۈرلۈك قەبرىستانلىققا ئوخشاپ قالغان، ئادەملەر تىرىك مۇردىغا ئايلانغان، پۈتۈن بىر مىللەت تېگى تەكتىدىن ئېزىلگەن ئىدى. بۇنداق بىر پاجىئەگە مەھكۇم

بولغان مىللەتنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ھىمايە قىلغۇدەك، دۆلەتچىلىك ئەقىدىسىنى، مەدەنىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغۇدەك ئىمكانلىرى، زوقلىرى بولاتتىمۇ؟ دېمەك ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك سىستېمى يىقىتىلىپ، دۆلەتچىلىك ئېنېرگىيىسى ئىچىدىن ئۆچۈرۈلگەن ئىدى.

ئىككىنچى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىنىڭ تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىشى.17. ئەسىر ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىنىڭ ئىچىدىن زەخىملىنىشى، تاشقى كۈچلەرنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغان دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رۇسلارنىڭ جەنۇپقا كېڭىيىش، ئەنگلىزلارنىڭ شەرققە يېيىلىش چۈشلىرىنى ئۇيغۇرلار ئەسىرلەپ بەربات قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ توسقۇنلۇقنى يوقىتىش ئۇلارنىڭ بىردىن بىر نىشانىغا ئايلاندى. چۈنكى يىراق شەرقتىن غەرپكە، غەرپتىن يىراق شەرققە ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان ئۇيغۇر دۆلىتى، شەرقلىقلەرگە قارىغاندا، غەربلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. يىراق شەرق ئىشلەپ چىقىرىپ، غەرپكە ساتىدىغان ھەرقانداق مەھسۇلاتلار ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. يەنى غەرب بىلەن شەرق سودا، تىجارەت ئىشلىرىنى بىۋاستە بېجىرەلمەيتتى. چۈنكى توشۇش، يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان سودا مۇلازىمەتلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە بېقىناتتى. شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ تاموژنا باج رەسمىيەتلىرىدىمۇ، دۆلەت پۇقرالىرى بىلەن، ئەجنەبىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولۇپ، دۆلەت پۇقرالىرى تۆلەيدىغان تاشقى سودا بېجىغا سېلىشتۇرغاندا، ئەجنەبىلەر قانچە ھەسسە ئارتۇق باج تۆلەيتتى. ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر يامبۇغا ئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىللىتىنىڭ قىممىتى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تامغىسىدا رەسمىيەت تولۇپ ئۆتكىچە، 28 يامبۇغا ئۆرلەپ كېتەتتى. شۇڭا ئالىدىغان ئەجنەبىلەرمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن ئالاتتى. ساتىدىغان ئەجنەبىيلەرمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ساتاتتى. يەتكۈزۈش، يۆتكەش مۇلازىمەتلىرىمۇ ئۇيغۇر كارۋان سارايلىرىغا ئائىت ئىدى. ئەجنەبىيلەر شەرقتىن ئالىدىغان ۋە شەرققە ساتىدىغان، يىراق شەرقتىكىلەر غەرپكە ساتىدىغان ۋە غەرپتىن ئالىدىغان ھەرقانداق مال ـ تاۋارلارنى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭغا مۇۋاپىق باھا قويۇپ ئەجنەبىيلەرگە ۋە يىراق شەرققە ساتاتتى. دۆلەت چېگراسىدىن سىرتقا يۆتكىلىدىغان ھەرقانداق مال ـ تاۋارلار ئەگەر ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئېلىم - سېتىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى چەتئەلگە چىقىرىش ئۆلچىمى بىلەن، تامغىنا بېجى ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئېلىناتتى. ئۇيغۇر دۆلىتى يولغا قويغان تامغىنا بېجى تۈزۈمى، قانداقتۇر يىراق شەرق ۋە غەرب ـ ئەجنەبىيلەرگە يامان قارىغانلىقى، ياكى دۈشمەن كۆرۈپ ئۆچ ئالغانلىقى بولماستىن، بەلكى ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش، پۇقرالىرىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنى خەلقئارالىق سودا مۇناسىۋەتلىرىگە ماھىر قىلىش، ئۇيغۇرلار ئارقىلىق دۇنيا سودا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر نەزەردە تۇتۇلغان. شۇنىڭدەك، بىر بىرىدىن تامامەن يىراق شەرقلىق بىلەن غەربلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلەرنى ئىشەنچلىك داۋاملاشتۇرىدىغان، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان كۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرلار بولغاچقا، بۇ ئەۋزەللىكدىن ئۈنۈملىك پايدىلانغان.

خىتاي ۋە غەربلىك ئاتالمىش يىپەك يولى تەتقىقاتچىلىرى بايان قىلىپ كېلىۋاتقاندەك «ئۇيغۇر دۆلىتى يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مۇھىم ئۆتەڭ» ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى يىپەك يولى سودا مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە دۇنياغا تاراتقان دۆلەت ۋە مىللەت ئىدى. ئۇيغۇر دۆلىتى يىپەك يولىنىڭ مەركىزى ـ دەپ باھا بېرىلىشى، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى يىپەك يولىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى، دۇنياۋى سودا مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقى، غەرب بىلەن يىراق شەرقنى سىياسى ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىدىلا تۇتاشتۇرۇپ قالماستىن بەلكى، نەققاشچىلىق، كاھىشچىلىق، تاش ۋە ياغاچ ئويمىچىلىقى، مىس، تۆمۈر، چۈيۈن ـ مېتال قۇيمىچىلىقى، ئەگمە مىمارچىلىق كەسپى، زەرگەرچىلىك، زەرباپلىق، توقۇمىچىلىق قارلىق تۈرلۈك نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە تېخنىك ماھارەتلىرىنى، شۇنىڭدەك تىبابەتچىلىك، داۋالاش، دورىگەرلىك قاتارلىق مېدىتسىنا بىلىملىرى ۋە كەسپىنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشتا ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور ئىدى. يەنى ئۇيغۇر دۆلىتى ئەينى دەۋرىدە غەرب بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدا مەركەزلىك رولغا ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئەھلىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى بىر تەرەپتە قېلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى قازانغان، قولغا كەلتۈرگەن شانۇ ـ شەۋكەت، سەلتەنەت، غالىبىيەت يىراق ـ يېقىندىكى ياتلارنىڭ ئىچىنى قىزىتىپ، كۆزلىرىگە ئۇيقۇ بەرمىگەنلىكمۇ بىر تارىخى ھەقىقەتتۇر. يىراق شەرقتىكى ئەبگاھ قوشنىلاردىن تارتىپ، يىراق غەربتىكى ئاچ كۆز ئەجنەبىيلەرگىچە، يېقىندىن سىياسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەھنىگە چىقىپ، ئىشتىھاسى ئېچىلىۋاتقان شىمالدىكى ئاچ كۆز رۇسلارغىچە، ھەر تەرەپتىن ئۇيغۇر دۆلىتىگە ۋە ئۇيغۇرلارغا ھەسەت ۋە خىرس قىلىشاتتى. چۈنكى ئۇيغۇر دۆلىتى يالغۇز ئۆز تېررىتورىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى موغۇل ئىمپېرىيىسى (ئۇيغۇر - ئۆزبېك بابۇرىيە سۇلالىسى) ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىمۇ زور سىياسى تەسىرگە، ماددى ھەم مەنىۋى يار - يۆلەك رولىغا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلسا، بابۇرىيە سۇلالىسىمۇ، ئوسمانىيە سۇلالىسىمۇ يىقىلىشقا ۋە زاۋاللىققا مەھكۇم بولاتتى. بۇ ئۈچ قېرىنداش ئەل، يىلتىزىدىن بىر ئاتىنىڭ ئوغۇللىرى بولسىمۇ، ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئورنى ئاتىنىڭ مەرتىۋىسىدە بولۇپ، قالغان ئىككى قېرىنداش سەلتەنەتلەرگە روھى ئوزۇق بەخش ئېتەتتى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى، ياتلارنىڭ ۋە ئەجنەبىيلەرنىڭ بىۋاستە دۈشمەنلىكىنى قوزغايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى (ئىرانچى) ئايەتۇللاھ پېشۋالىرىنىڭ سىياسى سۈيىقەستلىرىگە ئۇچراپ، ئۈلىدىن تەۋرىنىپ قالغان پەيتتە، يىپەك يولى ئۈستىدىن قىلىدىغان بارلىق سودا مۇناسىۋەتلىرىنى توختاتتى. ھەتتا ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن ھېچقانداق سودا مۇناسىۋىتى، تېبابەت دورىچىلىق مۇئامىلىسى، ھۈنەر - سەنئەت مۇئامىلىسى قاتارلىق ھەممە تەرەپتىن قول ئۈزۈپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلىدى. ئۇيغۇر دۆلىتى ئىچكى ۋە تاشقى بېسىم ئاستىدا تولۇق يىمىرىلدى. (بۇ توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاپ» ناملىق كىتابقا قارالسۇن) سەئىدىيەت دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان

ۋە ئىسيانكار قالماق ھەربىي ئەمەلدارغا قوللۇق بىلدۈرۈپ، تەختتە ئولتۇرغان قورچاق پادىشاھ، مەلئۇن ئاپپاق غوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سۇلالىسى، يېرىم ئەسىرگە بارماي ئىچىدىن ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. 80 يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبلىك، غوجىلار ھۆكۈمرانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئۇيغۇرىستان دۆلىتى مانجۇرلارنىڭ ئىستىلا قىلىشىغا مەھكۇم بولدى. لېكىن ئۇيغۇر مىللىتى دۆلەت ئۇرۇشى، ۋەتەن ئۇرۇشى قىلىشتىن، ئازاتلىق ۋە مۇستەقىل ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭ قىلىشتىن سوۋۇپ قالمىدى. ئاپپاق غوجا سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا(ئىسلام خلاپىتى - دەپ،) قارشى چىقمىغان ئۇيغۇرلارمۇ، كېيىنكى مانجۇر ئىستىلاسىغا قارشى ئىسيانغا قېتىلدى. ئۇيغۇرلار گەرچە قاتتىق ئېزىلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دۆلەتچىللىك روھىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ھېچقانداق ئۇرۇش قورالىغا ئىگە بولمىغان، نامراتچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، كۈندىلىك جان ساقلاشقىمۇ يېتەرلىك ماددى ئىمكانلىرى قالمىغان، ئاجىز ئۇيغۇرلار مانجۇر ئىستىلاسىغا قارشى 100 يىل ئۇرۇش قىلدى. ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىگە قارشى، باستۇرۇش ئۇرۇشى قىلىۋاتقانلار يالغۇز مانجۇر ئىمپېرىيىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مالىيە، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇرۇش قورالى، ھەربىي تېخنىك، ئۇرۇش ۋە سىياسى ستراتېگىيە جەھەتتىن ئىزچىل ياردەم بېرىۋاتقان رۇس پادىشاھلىقى ۋە ئەنگىلىيە باشچىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق كۈچلەرمۇ باتتى. شۇ قەدەر ئالەمشۇمۇل دۈشمەنگە قارشى يالغۇز بېشىنى ئېلىپ ئۇرۇش قىلغان ئۇيغۇرلار، يۈز يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ۋاقىتلىق، يۇرت خاراكتېرلىق نۇرغۇن قېتىم، كۆپلىگەن جايلاردا مۇستەقىل ھاكىمىيەت تىكلىدى. نەتىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

19. ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوخشاش ۋاقىتتا «قەشقەرىيە ۋە ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقى» دىن ئىبارەت، پاراللېل ئىككى دۆلەتنى دۇنياغا جاكارلىدى. 20. ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇردى. ئەسلىدە مۇشۇ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىشىدىن باشلاپ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە بولغان ئۈچ ئەسىرلىك ئېچكى زۇلۇم، ئېچكى ئۇرۇش، مۇستەملىكىگە قارشى ئۇرۇش، تاشقى سودا ئىمبارگو ئۇرۇشى قاتارلىق، سان - ساناقسىز باستۇرۇش ۋە جازالاشقا ئۇچرىغان بىر مىللەت، ئۇيغۇر بولماي باشقا بىرى بولغان تەقدىردە، «تەنگە سىڭگەن نېنىنى يەپ» ئۆزلىرىمۇ ئاللىبۇرۇن سىڭىپ يوقالغان بولاتتى. لېكىن ئۇيغۇر يەنە ئۇيغۇر پېتى قەددىنى تىك تۇتۇپ، شەمشادتەك ئاسمانغا بوي تارتىپ تۇردى.

ئۇيغۇر بىلەن دۆلەتچىلىكنى، ئۇيغۇر بىلەن ئاقسۆڭەك، ئالىجاناپلىقنى، ئۇيغۇر بىلەن جەڭگىۋارلىقنى ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇيغۇرنىڭ ساندانىغا كىرىپ، تىلسىماتتىن ساق چىقالماي، ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يوقىتىپ قويغان جامېس چۇرچۋاردنى چۆشىنىش پۇرسىتى كەلگەندەك، بىر سىرلىق ھادىسە يۈز بەردى. يەنى كوممۇنىزم يېتەكچىلىكىدىكى پەسكەش، پەسەندە خىتايلار ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پەسەندە، ئاچكۆز ئەجدادلىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قالدۇرغان خاتىرىلەرگە ئاساسەن، بۇ مىللەتنى تولۇق باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن سالمىغان زۇلۇملىرى قالمىدى. ئالىم، ئىنژىنېر، زىيالىي، مۇتەپەككۇر، ئۆلىما ئۇستازلاردىن تارتىپ باي، مۈلۈكدار، سودىگەرلىرىگىچە قانلىق ۋە ئاممۋى

قىرغىن قىلىپ، ئاخىرىدا دېھقان، ئىشچى مېھنەتكەشلەرگىچە باستۇردى. 30 يىللىق ئاممىۋى جازادىن كېيىن: ھە، ئەمدى ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت تۈگەشتى، بەرسەك يەيدۇ، ئۇرساق ئۆلىدۇ، بىز ئىشىمىزنى خالىغانچە قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەيمىز - دەپ، ھۆكۈم قىلدى. 80. يىلدىن باشلاپ 10 يىللىق يوچۇقتىن نەپەس ئالغان ئۇيغۇرلاردا، ئەجدادلارنىڭ 10 مىڭ يىللىق روھى ئويغاندى. خىتاي يەنە تەركىپكە ئايرىپ باشقۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلار باي بولسىمۇ، نامرات گاداي بولۇپ كەتسىمۇ، ھەممىسى بىر تەركىپنىڭ جۇغلانمىسى ئىكەنلىكى خىتاينى چۆچۈتتى. كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ گېن كودىغا كىرىپ تەكشۈرمەكچى، ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بىراق ئۇيغۇرنىڭ ساندانىغا كىرگەن خىتايلار ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ساندانىدىكى تىلسىماتتىن خىتاي ساق قايتىپ چىقالمىدى. چۈنكى بۇ تىلسىماتقا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كودى قويۇلغان. - ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسىمۇ؟ - ھاكاۋۇرلۇق ياراشمايدىغان، ھاكاۋۇرلۇقنى ھەم قاملاشتۇرالمايدىغان پەسكەش، پەسەندە خىتاي، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشقا ۋە ئۇنىڭ كودىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز مەيلىچە باشقۇرۇشقا چامى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. پالتا، پىچاقلارغا كىملىك نومۇرى باستى. ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن پايلاقچى قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كوچىلىرىغا تام سېلىپ، كىرىش چىقىشقا تۆمۈر دەرۋازا ئورناتتى. خىتاي ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا قارشى قوللانمىغان ھېچ بىر چارە قالمىغاندا، بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئاممىۋى سولاپ، سولاقخانىلاردا قىيناپ، تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇش جازاسىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان سوئاللار قويۇلماقتا. جاۋاب بىرلا - خىتايلار قورقۇپ كەتتى.

مېنىڭ بۇ تېمىدا يېزىۋاتقانلىرىم، ھەرگىزمۇ «خىتايلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇپراق بېشىدا ئوقۇۋاتقان مۇڭلۇق دۇرۇت» ئەمەس. ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ غورۇرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانلىرىدا پارتلاۋاتقان جەڭ مارشى ۋە قورۇلغۇسى دۆلەت مارشىدىن كېلىۋاتقان بىشارەتتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇيغۇرلار دۆلەتچىلىك مەپكۇرىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى، بىر قانچە ئەسىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ھەقىقەت شۇكى، ئۇيغۇرلارنى ئەل قىلىپ، باشقۇرماقچى بولغان ھەرقانداق دۈشمەنلەرگە، ھەر قانداق يات تائىپىلەرگە، ئۇيغۇرلار باش ئەگمىدى. گەرچە بۇ مىللەتنىڭ ھەر بىر ساددا ئەزالىرى: بىزگە ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى كېرەك! دېگەن شوئارنى توۋلىيالمىسىمۇ، ئەمەلى ھەرىكەتلىرىدە مۇستەقىل دۆلەتچىلىك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇيغۇرچىلىق ئەسلىيىتىمىزدىن ئېيتقاندا، ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرىشىمىزغا قارشى ئەمەس. ئەمما كېيىنكى 20 يىللىق ئىنقىلاۋى تارىخىمىزنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلگەن قارا داغنى، شەرمەندىچىلىكنى ئۇنتۇپ، ياكى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز. 1997 . يىللىرى ۋەتەندىن، ئېنىق ئېيتقاندا خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدىن، سولاقخانىلاردىن ۋە قاتتىق نازارەت ئاستىدىن ئاممىۋى شەكىلدە چەتئەلگە چىقىرىۋېتىلگەن بىر تۈركۈم ئاتالمىش دىنى زاتلار، مۇجاھىتلار، ئازاتچىلار ئوتتۇرا

ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، پاكىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق قوشنا ئەللەردە توپلۇشۇپ، بارىگاھ قۇردى. دەسلەپتە: بىزنىڭمۇ ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىدىغان، دىيانەتلىك مۇجاھىتلىرىمىز بارلىققا كەلدى، ئەمدى خىتاينىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان ۋاقتىمىز كەپتۇ - دەپ، ساددا ياشلىرىمىز، خەلقىمىز زور ئۈمىتكە چۆمۈلدى ۋە ئۇلارغا ئەگەشتى، ئۇلارنى قوللىدى. بىراق ئاغزىدىن قۇرئان، ھەدىس سۆز تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مۇجاھىت سۈپەتلىك موللا - ئىشانلار ئاللاھنىڭ قۇرئانىنى، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇپ: «بىز ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا شەرقى تۈركىستاندىن، ئۇيغۇرلاردىن سورالمايمىز! ئىسلامدىن، ئىسلام ئۈچۈن قىلغان خىزمەتتىن، كاپىرلارغا قارشى قىلغان جىھادتىن سورىلىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى. كىمكى ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگىشىپ، ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىمىز، مىللەتنى ئازات قىلىمىز - دەيدىكەن ۋە شۇ يولدا ئۆلىدىكەن، ئۇنداق كىشى بىزدىن ئەمەس، ئۇ مۇرتەد ئۆلۈمدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈكى بىر زەمبىل گۆش بولىدۇ» - دەپ، پەتىۋا چىقاردى ھەم كۈندىلىك ۋەز - تەبلىغلىرىدە قانات يايدۇردى. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى - دەپ ئەقىدە قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگەشتى. ھەم بارار جايى يوق، يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى يوق نۇرغۇنلىغان ئوت يۈرەك چارىسىز كىشىلەرمۇ ئۇلارغا قېتىلدى. كېيىنچە ئۇلار چەتئەلدە چوڭ بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. دۈشمىنىمىز خىتاي، ئۆزىنىڭ ئىستىخباراتىغا باش ئەگكەن، ياكى ئىستىخبارات ياساپ چىققان ئاز ساندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلئۇن موللىلارنىڭ، تىرىكىنى بىزگە قارشى خائىن، مۇناپىق قىلىپ قوللىنىپ، ئۆلۈكىنى بىزگە مازار قىلىپ تىكلەپ بەردى. ئاتالمىش مۇجاھىتلار سېپىدىكى: «بىز ۋەتەن مىللەتنى ئازات قىلىشتىن سورالمايمىز! دىنىدا مىللەتچىلىك يوق! نەدە جىھات بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ جەڭگە قاتنىشىش پەرزدۇر! خىتايغا قارشى جىھات قىلىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز دېگەنلىك - مىللەتچىلىكتۇر!» - دەپ، ۋەز سۆزلەۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى، خىتايغا مائاشلىق ئىشلەيدىغان خائىنلاردۇر. مۇشۇ 20 يىلدىن بېرى پىداكار ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەردىكى تۈرلۈك جايلاردا، جىھاتچىلىق سېپىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە، خىتايغا مەخسۇس خىزمەت قىلىدىغان سېتىلمىلاردىن باشقا يەنە، تەربىيلەنگەن ئىستىخبارات خادىملىرىمۇ ئاز ئەمەس.

مۇجاھىتلارنىڭ تېرىسىگە كىرىۋالغان، ئەرەب تېررور-چىلىرىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار ئەپسۇنلىرىمۇ، دىنى تىلدىن ساۋادى يوق، دىنى بىلىملەردىن يېتەرلىك مەلۇماتى يوق، ساددا ئۇيغۇرلارنى ھەر دەقىقىدە قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلار ئەسلىدە خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا توغرۇلاپ قويالايدۇ. ئۇنداق تېررورچىلارنىڭ ئازدۇرۇش ئوبيېكتى، پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەر تۈرلۈك مىللەتلەردىن، ئاساسەن دىنى چۈشەنچىسى تۆۋەن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ياۋروپادىكى ئاڭلىق ھېسابلىنىدىغان، دۇنيا قارشى يېتىلگەن كىشىلەرمۇ، ئىسلامغا مايىللىشىپ قېلىپ، توغرا بىر دىنى يېتەكچىگە يولۇقماي، ئاشۇنداق تېررورچىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالسا، شۇنچىلىك تېز سېھىرلىنىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ساددا كىشىلەرنى سېھىرلەيدىغان

ئەپسۇنلىرىنى، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە بۆلەككە ئايرىپ ھەم دىئالوگ شەكلىدە كۆرۈپ چىقايلى.

بىرىنچى ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ، ساددا مۇسۇلمانلارنى (ئۇيغۇرلارنى) ئازدۇرۇش ھىلىسى.

ئا: سىلەرنىڭ جىھات قىلىشتىكى نىشانىڭلار، ئاخىرقى غايەڭلار نېمە ؟

ب: جىھات قىلىشتىكى نىشانىمىز، خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئاخىرقى غايىمىز ۋەتىنىمىزدىن خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش.

ئا: جىھات قىلىشتىكى نىشانىڭلار توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى غايەڭلار باتىل.

ب: بىز مۇسۇلمان خەلق ياشايدىغان بىر ۋەتەننى، كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىپ، مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز دەۋاتساق، غايىمىز نېمىشقا باتىل بولغىدەك؟

ئا: سىلەر خىتايلارنى ۋەتىنىڭلاردىن قوغلاپ چىقاردىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردە بىر دۆلەت قۇردۇڭلار، سىلەر قۇرغان شۇ دۆلىتىڭلارنى كىملەر تەستىقلايدۇ؟ - «ب د ت» تەستىقلايدۇ. «ب د ت» غا كىملەر ئەزا ؟ - پۈتۈن دۇنيادىكى كاپىر، تاغۇت دۆلەتلەر ئەزا. ھەتتا «ب د ت» نى سىلەر ۋەتىنىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن خىتايلار باشقۇرىدۇ. سىلەر قۇرغان مۇستەقىل دۆلەتتە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئالى قىلالمايسىلەر. ئەكسىچە «ب د ت» نىڭ ۋە ئامېرىكا، ياۋروپاغا ئوخشاش كاپىر، تاغۇتلارنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلىرىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان خەلقىڭلارنىڭ ئۈستىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىمىزى
www.uyghurkitap.com

ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئىجرا قىلىسىلەر. دۆلەت قۇردۇق - دەپ، كاپىرلارغا، تاغۇتلارغا خىزمەت قىلغان بولىسىلەر! ئاللاھ سىلەردەك پاكىز مۇجاھىتلارنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغاي!

ب: بىز دىن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىساقمۇ، ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۈستۈن قىلالمىساقمۇ، خىتاينىڭ زۇلمىدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزىمىز. خىتاينىڭ ۋەھشى زۇلمى ئاستىدا ئازاپلىنىۋاتقان، مىللىتىمىزنى قۇتقۇزىمىز. خىتاي بۇلاپ كېتىۋاتقان بايلىقىمىزنى قوغداپ قالىمىز. مۇسۇلمان خەلقىمىز ھازىر خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا دىنىدىن تېنىشقا، دىنغا قارشى گۇناھ قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتىدۇ. بىز ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرساق، ھېچ بولمىغاندا خەلقىمىزنىڭ دىنىدىن چىقىرىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

ئا: ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلالمىغانلار كاپىردۇر! ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلار تاغۇتتۇر! سىلەر دۆلەت قۇرۇپ، بايلىقنىڭ غېمىدە قالغان چېغىڭلاردا، تاغۇتلار سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى قەلبىڭلاردىن، تۇيدۇرماي سۇغۇرۇپ بولغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بارلىق ھۆكمىنى ئىجرا قىلالمىغان دۆلەت ئەركانلىرى مۇتلەق تاغۇتتۇر ۋە كاپىردۇر! ھازىر مۇسۇلمان خەلقلەر كاپىر خىتايلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن بولسا، ئەجرىنى ئاللاھ ھەسسىلەپ بېرىدۇ. دىنىدىن مەجبۇرى ياندۇرۇلغان بولسا، ئاللاھ ئۆزرىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئەمما سىلەر مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلمىساڭلار، ئۆز قولۇڭلار بىلەن كاپىرلارنىڭ قانۇنىنى، تاغۇتلارنىڭ دېموكراتىيىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلساڭلار، سىلەر

بىلەن قوشۇلۇپ، سىلەر ياخشى كۆرگەن خەلقىڭلار ئۆزۈرلۈك ھېسابلانمايدۇ! ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن يۈز ئۆرىگەن تاغۇتلاردىن بولۇپ كېتىسىلەر!

داڭلىق ئەرەب تېررورچىلىرىدىن ئاڭلاۋاتقان بۇ مۇنازىرىنىڭ، ھەر بىر جۈملىلىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى بىلەن، ھەدىسلەر بىلەن دەلىللىنىۋاتقاندا، ئەرەبچىدىن ساۋاتسىز، دىنى بىلىمدىن مەلۇماتى يوق، ساددا ئۇيغۇرلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ كۆرمەيدىغان ئەمما زىيالىي سۈپەت موللا، مۇجاھىتلىرىمىزمۇ، خام قايماقتەك يېيىلىپ، شامدەك ئېرىپ، ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ ئالدىدا، دېدەك قىزنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ... كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا يولۇققان بىچارە ئۇيغۇر جىھاتچىلىرى مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئافغانلار ئۈچۈن، سۈرىيىلىكلەر ئۈچۈن، قىسقىسى قايەردە ھارام ئۆلىدىغان قۇشخانا بولسا، ئىزدەپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز دىنى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتسە، نەتىجە خىتاينىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەم مۇنچىلىك مۇجاھىتلىرىمىز بار - دەپ، خىيالغا پېتىپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى ھەر تەرەپتىن يۇيۇلۇپ كەتكەن.

ئىككىنچى ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ، ئىسلامغا مايىللاشقان غەرپلىكنى ئازدۇرۇش ئۇسۇلى.

ئا: سەن چىن قەلبىڭدىن جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلامسەن؟

ب: ئەلۋەتتە ئارزۇ قىلىمەن. بۇرۇنقى ھاياتىم ئېغىر گۇناھ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۆتۈپتىكەن. مەن توغرا يولنى، جەننەتكە كىرىدىغان داغدام يولنى ئىزدەيمەن.

ئا: ئاللاھ بىر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى - دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى قوبۇل قىلساڭ، جەننەتكە كىرىسەن.

ب: مەن قوبۇل قىلغان. لېكىن جەننەتكە تېز كىرىپ كېتىدىغان يولنى ئىزدەيمەن.

ئا: ناماز ئوقۇساڭ، روزا تۇتساڭ، زاكات بەرسەڭ، ھەج تاۋاپ قىلساڭ، جەننەتكە كىرىسەن.

ب: ھەممىنى قىلدىم ۋە قىلىۋاتىمەن. لېكىن جەننەتكە تېزراق كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئا: ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بىر تەرەپكە قوي، كاپىر ۋەتىنىڭنى، كاپىر، تاغۇت دۆلىتىڭنى، كاپىر ئاتا - ئاناڭ، كاپىر تۇغقانلىرىڭ، كاپىر خوتۇن - بالىلىرىڭ، كاپىر مۇناسىۋەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپتە قويۇپ، ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا. ئەگەر يالغۇز ئاللاھنىلا تاللىيالىساڭ، جەننەتكە كىرىسەن. ئۇنداق قىلالمىساڭ، دوزاققا كىرىسەن!

ب: مەن يالغۇز ئاللاھنىلا تاللىدىم. ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، يۈز ئۆرۈدۈم. لېكىن مەن ياشاشقا مەجبۇر بولغان كاپىر ۋەتىنىم، مەن بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان كاپىر دۆلىتىم، كاپىر ئاتا - ئانام، كاپىر تۇغقانلىرىم، كاپىر خوتۇن - بالىلىرىم، كاپىر مۇناسىۋەتلىرىم مېنىڭ پاچىقىمغا ئېسىلىۋېلىپ، دوزاققا سۆرەپ چۈشۈرىۋاتقاندەك، قورقۇۋاتىمەن. شۇڭا جەننەتكە تېز كېتىدىغان يولنى ئىزدەيمەن!

ئا: ئۇنداق بولسا، قۇرئانىدا ئاللاھ قانداق بۇيرۇغان بولسا، شۇنى قىلساڭ، جەننەتكە كىرىسەن!

ب: بىراق، قۇرئانىدا بەك كۆپ ھۆكۈملەر باركەن. قايسىنى قىلىشنى بىلەلمىدىم.

ئا: ئۇنداق بولسا، سەن ھازىر جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ قاپسەن. بىر قەدەم ئالدىڭغا ماڭساڭ، جەننەتكە كىرىسەن. بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنسەڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىسەن. ئوتتۇرىدا تۇرۇش بەك قورقۇنچلۇق!

ب: ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

ئا: جىھات قىل!

ب: قەيەردە؟

ئا: ئافغانىستاندا، ئىراقتا، سۇرىيىدە، پەلەستىندە، خالىساڭ ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان كاپىر ۋەتەنىدە، كاپىر دۆلەتكە قارشى جىھات قىل. پارتىلات، كاپىرلارنى ئۆلتۈر. ھەممىسى جىھات!چۈنكى سېنىڭ كاپىر دۆلىتىڭ، يەھۇدىيلار بىلەن، ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭ كاپىر قوۋمىڭ باج تۆلەش ئارقىلىق، كاپىر دۆلىتىڭگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ. كاپىر دۆلەتكە باج تۆلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاغۇت. ئاخىرقى ھېساپتا دۆلىتىڭدە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىرسىنى ئۆلتۈرسەڭمۇ، سېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان، ئەڭ چوڭ جىھات ئىبادىتىدۇر!

ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ ئارىسىدا، تۈرلۈك قورال ياسايدىغان، پارتىلىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئىجات قىلالايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماھىر ئىنجېنېرلار بولغىنىدەك، ئىنسانشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، پسىخولوگ مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سېھرلىك خالتىلىرىغا چۈشۈپ كېتىش پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋەقە ھېسابلانمايدۇ. ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس.

بىزدىكى يېتەرسىزلىك شۇكى، زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى خىتايچە مائارىپتا يېتىلگەن بولغاچقا، خىتايلارنى ياخشى چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، ئېتىقاد - ئەقىدىسىنى، قىسقىسى پسىخىك كەيپىياتلىرىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تولا چاغلاردا، زىيالىيلىرىمىز ئاۋام بىلەن تىل تېپىشالمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالمايدۇ. دىنى كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىم ھاسىلاتلىرى بولسا، ئۆز قوۋمى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، پەقەت دىنى ئەھكام، دىنى پەتىۋا ئەتراپىدىلا چەكلىنىدۇ. ئۆز خەلقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېزىپ چىققان بىرەر ئىلمى ئەمگەك يوق. ئۇيغۇرلار بىلەن بىلىمدانلار ئارىسىدا، شۇنداق چوڭ بوشلۇق بولغاچقا، خىتاي شۇ يەردىن ئىچكىرىلەپ بۇسۇپ كىرىپ، سان - ساناقسىز غەلىبىگە ئېرىشتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 30 يىل ھەممە نەرسىمىزنى تارتىۋالغان، پەسكەش خىتايلار ئېچىپ قويغان كىچىككىنە يوچۇقتىن، قىستىلىپ چىقىپ، دىنغا ئېچىرقاپ كەتكەن تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇشقىلا دۇم چۈشتۇق. خىتايمۇ يوچۇقنى يەنە بىر ئاز كەڭرەك ئېچىپ قويدى. تېخىمۇ دۇم چۈشتۇق. كېيىن بىر ئاز قىسىپ قويۇۋىدى، قارشى چىقتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق

قوللۇق قىلىشىدى، تېخىمۇ ئېنىپ، ھەممە نەرسىمىزنى دىن ئۈچۈن ئاتاپ قويغاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدۇق. ھەتتا چەتئەللىكى دەۋاگەرلىرىمىزمۇ بارغان يەرلىرىدە: خىتاي دىنى ئەركىنلىكىمىزنى بوغدى - دەپ، ھال ئېيتىدىغان بولۇپ قېلىشتى. دەۋارىمىزنىڭ نىشانى دىننى قوغداشقا مەركەزلەشكىلى تۇرغاندا، ئېپلاس خىتايلار دىنى مۇئەممالىرىمىزگە قارىتا ئەڭ ئېغىر چەكلىمە قويدى ھەم جازا ئىجرا قىلدى. ھەممە نەرسىمىز - دىن، دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالغان ساددا خەلقىمىز، ئۆسمۈر پەرزەنتلىرىدىن تارتىپ، باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ، مەخپى ھالدا قۇرئان يادلىتىشقا بەس - بەستە كىرىشىپ قالدى. بالىلىرىنى چەتئەلگە چىقارتىپ، قۇرئان يادلاشقا تاپشۇرۇۋەتكەن ۋە شۇنىڭ جازاسىنى ھاياتى بىلەن ئۆتەۋاتقان ئاتا - ئانىلار ساناقسىز. ئەسلىدە بىزنىڭ: مۇسۇلماندارچىلىقىمىزنى، ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، مەۋجۇت ئىكەنلىكىمىزنى ھىمايە قىلىدىغان، مۇستەقىل دۆلەتكە ئېھتىياجىمىز بار ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئادەملىك مەۋجۇتلۇقىمىز مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشىسا، مۇسۇلماندارچىلىقىمىز ۋە باشقا ھەممە نەرسىمىز مېۋىگە تەڭ. دۆلەت بولسا ئاشۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوغداپ تۇرغان قوشامغا، قورۇق تاملارغا ئوخشايدۇ. بىر ئوبدان مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، باراقسان باغنى بەرپا قىلغان باغۋەن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قورۇق تام سالمىسا، باغنىڭ مېۋىسى تۆكۈل، دەل - دەرەخلىرىمۇ زىيان - زەخمەت، ئاپەتلەردىن ئامان قالمايدۇ. بىز ئېپلاس خىتاينىڭ 30 يىللىق يوقىتىش جازاسىدىن كېيىن، يەنە بار بولدۇق. يوقىتىلغان دىنىمىزنى ئەسلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدۇق. جاپالىق مېھنەت قىلىپ باي بولدۇق. مۇلۇكدار بولدۇق. موللا، ئۆلىما، دوكتور - زىيالىي بولدۇق. نام - ئاتاق، شەرەپلىك بولدۇق. ئەمما دۆلىتىمىز بولمىغانتى، قايسى پالاكەتلەرگە قالمىدۇق!

ئۆز قولىمىز ۋە ئۆز پۇلىمىز بىلەن سالغان مەسچىتلىرىمىزنى، يەنە ئۆز قولىمىز بىلەن چاقتۇردى. ئۇزۇن يىللاپ مەبلەغ سېلىپ ئوقۇتقان دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنى، قارى - قۇرئانلىرىمىزنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇزۇن يىللاپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ساناقسىز ئىقتىسادى مەبلەغ سېلىپ ئوقۇتقان ئالىم، ئىنژېنېر، زىيالىي، دوكتور، مۇتەپەككۇر، شائىرلىرىمىزنى قىرىپ تاشلىدى. توپلىغان بايلىقىمىزنى مۇسادىرە قىلدى. مال - مۈلكىمىزنى تارتىۋالدى. ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلىرىمىزنى چېقىپ خارابىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىنسانىيلىقىمىزغا ئىنكار قىلدى. ئەخلاقىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاللاھقا بولغان ئەقىدىمىزنى خورلىدى. كىشىلىك ۋىجدانىمىزنى دەپسەندە قىلدى. قىسقىسى دۆلىتىمىز بولمىغاچقا ھېچنەرسىمىز بولماي قالدى. ئۇيغۇرلارغا ھەممىدىن ئاۋۋال مۇستەقىل دۆلەت كېرەك!

01. 10. 2018

## ئون بىرىنچى باب

# ئۇيغۇرلار قۇرىدىغان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى، دۇنيا ئەللىرىگە ئالدىن بىلدۈرۈش زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

«بېگىمنىڭ كۆزىگە قارايمۇ، خېنىمنىڭ قېشىغا؟»

بىز - ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرساق، ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىمىزنىڭ، ئۆز خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتى بىرىنچى ئورۇنغا، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە تىزىلىدۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ ھەم قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەقلىق ئەمەس. بىز قۇرىدىغان دۆلەتنىڭ شەكلى، سىياسى خاراكتېرى، قانۇن - تۈزۈملىرى ئۆزىمىزگە ئائىت. بۇرۇنقى پادىشاھ جەمەتىدىن بىرسىنى تاللاپ، دۆلىتىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالىمىزمۇ، ياكى يېڭىدىن ئېسىل، ئاقسۆڭەك جەمەتتىن بىرسىنى تاللاپ پادىشاھ تىكلىۋالىمىزمۇ، ئىسلام خالىپىتى، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، مونارخىست ۋە جۇمھۇرىيەت، ئىشقىلىپ قانداقلا بىر دۆلەت قۇرۇۋالساق ۋە قۇرۇۋالىمىز دېسەك، پەقەت شۇ دۆلەتنى قۇرالىساقلا، ئۇ پۈتۈنلەي بىزنىڭ ھەققىمىز. ئەمما نازۇك بىر مەنپەئەت توقۇنۇشىمۇ باركى، ئەگەر بىز قۇرغان دۆلەت، شۇ مەنپەئەتكە كېپىللىك قىلالمىسا، ئۇ چاغدا دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تورى

بىزنىڭ بولغان بىلەن، ئۇنىڭ تەقدىرى باشقىلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالىدۇ.

بىزنىڭ «دەۋاگەرلىرىمىز، داڭلىق سىياسەتچىلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز، مۇجاھىتلىرىمىز، زىيالىي - دوكتورلىرىمىز» نىڭ ھەر زامان بېرىدىغان تەلىملىرىگە قۇلاق سالساق «بېگىمنىڭ كۆزىگە قارايمۇ، ياكى خېنىمنىڭ قېشىغا ؟» - دېگەندەك، ئارىسالدىلىقتا، دېلىغۇللۇقتا قالىمىز. ئەزىز جانلىرىنى، ئىسسىق قانلىرىنى ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئاتاپ قويغان پىدائىيلارنىڭ ھالى، خۇددى بېگىمنىڭ كۆزىگە، خېنىمنىڭ قېشىغا قاراپ، ئۆز ئىشىنى تاپالمايدىغان، ئېتىبارسىز قول، دېدەكلەرنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۇنيا بىرلا بېگىمنىڭ، ياكى بىرلا خېنىمنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا شۇنىڭلا قاش، كۆزىگە قاراپ ئىش قىلساق، ئۇمۇ ئىشنىڭ بىر يولى بولاتتى. بىراق «ئىككى بايغا بىر مالاي» دېگەندەك، مەنپەئەت ئۆلچىمى بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان، نۇرغۇن بايلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىش، بىزدەك گادايلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئۆلچەم، ياۋروپانىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ياۋروپانىڭ ئۆزىدىمۇ، مەنپەئەتلىرى چەتلىشىپ تۇرىدىغان كۈچلەر بار. شۇنىڭدەك، ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ ئۆز - ئارا يەكلىشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلار بىلەن جىھاتچى كۈچلەر، جىھاتچى كۈچلەر بىلەن ئەرەب تېرروررچى كۈچلىرى ئارىسىدا ياراشتۇرۇلغۇسىز زىددىيەتلەر مەۋجۇت.

«قۇرىدىغان مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى، دۇنيا

ئەللىرىگە ئالدىن مەلۇم قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بار» - دېيىلسە، ئەگەر ئالدىن مەلۇم قىلمىساق، بىزنى قولىمايدۇ - دېيىلسە، بىز قايسى بېگىمىزنىڭ كۆزىگە قارىشىمىز كېرەك ؟ يەنى قايسى دۆلەتنىڭ، قايسى كۈچنىڭ رايىغا قارايمىز؟ - مۇستەقىللىق ھارۋىمىزنى، ئامېرىكىدىكى دەۋاگەرلىرىمىز ئامېرىكا تەرىپىگە سۆرەپ ماڭسا، ياۋروپادىكى دەۋاچىلار ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ تاۋىكاسىغا سۆرەپ ماڭسا، تۈركىيەدىكىلەر تۈركچە، ئىخۋانچىلار سەيد قۇتۇبچە، مۇجاھىتلار خىلاپەتچە، ھەر قايسىلىرى ئۆزلىرىگە چاي پۇلى بەرگەن بەگ، خېنىملارنىڭ مەيلىچە، ھەر تەرەپكە سۆرەپ ماڭسا، بىز ئازات قىلماقچى بولغان خەلقىمىزنى، مۇستەقىل قىلماقچى بولغان ۋەتىنىمىزنى خىتايغا مەڭگۈلۈك تاشلاپ بەرگەن بولىمىز. چەتئەلدىكى دەۋاگەرلەر بىر گۇرۇپ ئامېرىكىچى، بىر گۇرۇپ ياۋروپاچى، بىر گۇرۇپ تۈركىيەچى، بىر گۇرۇپ ئىسلامچى، بىر گۇرۇپ ئەرەبچى، بىر گۇرۇپ تېررورچى بولۇپ، ئۆز بېشىمىزنى ئۆزىمىز يەپ، قېنىمىزنى - ھالال دەپ، قاتىل، ياۋايى بولۇپ تۈگەيمىز. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھېچ بىرى نىجاتلىق تاپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرىدىغان دۆلەتنىڭ «مۇستەقىللىق» تىن باشقا ماركىسى بولماسلىقى لازىم. « كەلگۈسىدە قۇرىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ، قانداق سىستېمىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، قانداق سىياسى تۈزۈم يولغا قويىدىغانلىقىنى، غەرب ئەللىرىگە ئالدىن مەلۇم قىلمىساق، بىزنى قولىمايدۇ» - دەپ، بىلەرمەنلىك قىلغان ئەربابلىرىمىزنىڭ: «شەرقى تۈركىستان خەلقى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندە، دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىغان، دىنىنى قانۇندىن ئايرىغان،

دېموكراتىك، لايىق تۈزۈمدىكى سىستېم يولغا قويۇلىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز» - دەپ، ئېلان قىلغان خىتاپنامىلىرى، نىزامنامىسى 14 يىلدىن بېرى، بىر سېكرېتارنىڭ ئايلىق مائاشىغا، ئىشخانىسىنىڭ ئىجارە ھەققى، توك پۇلى، سۇ پۇلى، چاي پۇلى، تېلېفون ھەققى قاتارلىق «ياردەم» نىڭ نېرىسىغا ئۆتمىدى. بىراق ئاشۇ نىزامنامە سەۋەپلىك، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ كاۋاك ئېچىلىپ كەتتى. رادىكالچىلىق قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر تۈركۈم يامان نىيەتلىكلەر، ياشلارنىڭ سىياسى تەشكىلاتلارغا بولغان قىزغىنلىقىغا سوغاق سۇ سەپتى. «دىننى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىمىز، دىنسىز دۆلەت قۇرىمىز دېگەن مۇرتەتلەرنىڭ خىتايدىن پەرقى بارمۇ؟ بۇ دۇنيادا دىنسىز، ئىمانسىز مىللەتچىلەر بىلەن بىر سەپتە ماڭغانلار، بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قوپقانلار، ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ، ئاشۇ مۇرتەتلەر بىلەن بىر سەپتە ھەشىر قىلىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلغانلار، ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى، كاپىرغا ياردەم قىلغان بولىدۇ، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس» - دېگەندەك، تۈگىمەس، پۈتمەس ئېغۋالارنى تارقاتتى. ھەر بىر ئېغۋالىرىغا ئايەت، ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ياشلارنىلا ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا ياشلىق، ئۆزىنى توختاتقان كىشىلەرنىمۇ سىياسى تەشكىلاتلاردىن تەزدۈرۈشتى. ئۇيغۇرلار دىننى ئانچە بىلىپ كەتمىگەن بىلەن، دىندىن چىقىپ كېتىدىغانلىق بىلەن ئۈركۈتسە، قوتاندىن ئۈركۈپ قاچقان ھايۋاندىن بەتتەر ئۈركۈپ كېتىدىغان خەق بولغاچقا، شەيتانچاقلار بەك ئۈركۈتۈۋەتتى. سىياسى تەشكىلاتلاردىن قېچىپلا توختاپ قېلىشماي، ۋەتەن - مىللەت، مۇستەقىللىق

دەيدىغان گەپتىمۇ يىرگىنىدىغان بولۇپ كېتىشتى. مۇشۇ «بىز كەلگۈسىدە قۇرىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ، قانداق سىستېمىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، قانداق سىياسى تۈزۈم يولغا قويىدىغانلىقىنى، غەرب ئەللىرىگە ئالدىن مەلۇم قىلمىساق، بىزنى قوللىمايدۇ» دېگەن - سىياسى نىقابلىق سەپسەتىنىڭ ئارقىسىدا قانداق ھىلە - مىكىر، شەيتان يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈپ: «شەرقى تۈركىستاندا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەيدىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يولغا قويىدىغان ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز!» - دېگەن شوئارنىڭ ئارقىسىدىمۇ، نۇرغۇنلىغان شەيتانلار يوشۇرۇنغان. بىرلىرى سىياسى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ سەپتىنى بۇزسا، يەنە بىرلىرى ۋەتەن - مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانلىرىنى پىدا قىلىپ قويغان، قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇرلارنى يولدىن چىقىرىپ، ئازدۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ، خىتايلار بىلەنمۇ قىلچە ئالاقىسى يوق جايلارغا ئاپىرىپ، ھارام ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى، دۈشمىنىمىز بولغان خىتايغا ھەسسىلەپ تۆھپە قوشقان بولسا، مىللىتىمىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز زەرەر، بالايى ئاپەت كەلتۈرۈپ بەردى.

خەلقىمىزنىڭ دۆلەت چۈشەنچىسى بولمىغىنىدەكلا، ئۇلارنى يېتەكلەيدىغانلارنىڭمۇ كاللىسىدا پەم ئىكەنلىكى ئوتتۇرىدا. يوشۇرغۇدەك يېرى يوق. يېتەكچىلىرىمىزدە دۆلەت بىلەن سىياسى تۈزۈمنى، دۆلەت بىلەن ھاكىمىيەتنى، دۆلەت بىلەن قانۇننى ئايرىپ قارىغىدەك، پەرقىنى چۈشەنگۈدەك كاللا يوقمىدۇر؟ ياكى خۇپسەنلىك بىلەن، مىللەتنى قەستەن بوزەك قىلامدىغاندۇر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ ئابستراكت ئۇقۇمنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، كونكرېت شەكىلگە كەلتۈرسەك: ئۇ بىر ئۆيدۇر. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىر پارچە تۇپراق ۋەتەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى شۇ ۋەتەندە ياشايدىغان خەلق. ھېلىقى بىر پارچە تۇپراقنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنمىدى ـ دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇ بىر پارچە يەرنى شور بېسىپ كېتىشى، ياۋا ئوت ـ چۆپلۈككە ئايلىنىشى، ياكى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر خالىغانچە ئىستېمال قىلىشى، نىجاسەتلىرىنى تۆكىدىغان، ئەخلەت ـ سۇپۇندە تاشلايدىغان، يىرگىنىشلىك جايغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇ تۇپراق مىراسخورلىرىنىڭ تەرىپىدىن تاشلىنىپ كېتىشى، ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ياكى ئۇ يەر، ھېچقانداق ھەقدار بولمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا شۇ بىر پارچە يەرنىڭ ئۈستىگە ئۆي ـ ئىمارەت سېلىنسا، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئىگىدارچىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كىمدىن ۋە قاچان مىراس قالغانلىقىغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىدۇ. ئەمدى دۆلەتنىڭ سىياسى سىستېمىلىرى، ھاكىمىيەت شەكلى ۋە ئاپپاراتلىرى، قانۇن ـ تۈزۈملىرىدىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇملارنى، كونكرېتلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ شەكلى، رەڭگى، ئىچىدىكى بىسات ۋە جاھازلاندۇر. ئۆينى قانداق رەڭدە بوياش، قايسى تامغا ئىشىك، قايسى تامغا دېرىزە ئورنىتىش، ئۆينىڭ ئىچىنى قانداق بېزەش، قايسى شەكىلدىكى، قانداق رەڭدىكى جاھاز ۋە بىساتلارنى تۇتۇش، قانداق شەكىلدە ئارا تام سېلىپ، قايسى شەكىلدە ئۆيلەرنى ئايرىش قاتارلىق مەسىلىلەر بولسا، شۇ ئۆيدە ياشايدىغانلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرىگە، ئېستېتىك

زوقلىرىغا ۋە زامان، شارائىت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان، ئۆتكۈنچى ۋە كەلگۈچى ۋەزىيەتلەرگە ئالاقىدار ئىشلاردۇر. بۇتەسەۋۋۇرنى ئابستراكت ئۇقۇمغا قايتۇرغاندا، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قانداق تۇرغۇزۇش، دۆلەتنىڭ سىياسى سىستېمىلىرىنى قايسى ئۇسۇلدا يۈرگۈزۈش، قانۇن - تۈزۈملىرىنى قانداق ماقۇللاش قاتارلىق، تارماق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا، دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىمكانىيەتلىرىگە، دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ماددى، مەنىۋى شارائىتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك، ئۆزگۈرىشچان ئىجتىمائىي ھادىسىلەردۇر. بىز ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندا، پادىشاھلىق تۈزىمى ئورنىتىلامدۇ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلامدۇ، ئىسلام ھاكىمىيىتى تۇرغۇزۇلامدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالمىشىدىغان، ئۆزگۈرىدىغان، مۇمكىنچىلىك دائىرىسىدىكى ئىشلار بولۇپ، مەلۇم بىر ھاكىمىيەت سىستېمى ئۈچۈن دۆلەتنى قۇربان بەرگىلى بولمايدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەندەك، ئالدى بىلەن مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولغاندا، ئۇ دۆلەتنىڭ تۈزۈملىرىنى خالىغان شەكىلدە ئورناتقىلى بولىدۇ.

بىز پۈتىمىزنىڭ ئۇچىغا قاراپ، قىتىغۇرلۇق قىلماي، ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياشاپ ئۆتكەن، دۆلەتچىل، دانا ئاتىلىرىمىزنىڭ شانلىق ئىزلىرىغا قاراپ باقايلى. تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتكىچە دۆلەت قۇرۇپ، دۆلەت تۇتۇپ كەلگەن ئەجداتلىرىمىز بىزلەرگە ئالەمشۇمۇل دەرس، دۆلەتچىلىك نەزەرىيىلىرىنى تەقدىم قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئاسمان تەڭرى - دەپ، ئەقىدە قىلغان، بىر ئىلاھقا ئېتىقاد

قىلغان دەۋرلەردىمۇ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلۇغ بىلىپ، تۈرلۈك باتىل ئېتىقادلاردا بولغاندىمۇ، كېيىنچە ئاتەش پەرەس، بۇت پەرەس، خىرىستىيان بولۇپ كەتكەن چاغلاردىمۇ، ئاخىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، تەۋھىت بىلەن شەرەپلەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى دۆلەت پېتى داۋاملاشقان ئىدى. ئاشۇ قانچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكى دەۋرلىرىدە، قانچە قېتىملاپ دىنى ئېتىقادلىرى ئۆزگەردى. سان - ساناقسىز قېتىم ھاكىمىيەت سىستېمىلىرى ئۆزگەردى. دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە جىنايەتلەرنىمۇ (شاھزادىلەر ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش، پادىشاھلار تەخت ۋارىسلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈش، دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۇقرالارنى ئاممىۋى بەدەل تۆلەتكۈزۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنى) سادىر قىلغان. مەيلى باتىل بولسۇن، مەيلى ھەق دىن بولسۇن، ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنى ئەقىدىلىرى ھەممە نەرسىلىرىدىن مۇقەددەستۇر. لېكىن ئۇيغۇر ئەجداتلىرىمىز، دۆلەتچىلىكنى دىنى ئەقىدىدىن ھەرگىز تۆۋەن كۆرمىگەن. «دۆلەت قولۇڭدا بولسا، ئىززىتىڭ، شەرىپىڭ، غۇرۇرۇڭ، ئەقىدەڭ، ئىمان - ئېشەنچىڭ، مال - دۇنيالىرىڭ، ئادەملىكىڭ قولۇڭدا بولۇر. دۆلىتىڭ قولدىن كەتسە، ھېچ نەرسەڭ قولۇڭدا بولۇر» - دەپ، دۆلەتچىلىكنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويغان.

سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇناپىق، مەلئۇن، ساتقۇن ئاپپاق خوجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇ مەلئۇن ئۆزىنى «ۋەھدانىيەتۇل ۋۇجۇد» - ئېلان قىلدى. يەنى ئۇ مەلئۇن ئۆزىنى ئاللاھ بىلەن بىر گەۋدە، ئىككى ماكاندا، بىر زاماندا

پەيدا بولغان بىرلىك، ئاللاھنىڭ يەردىكى سايىسى ـ دېگەن مەزمۇنلاردا شەرھلىدى. ئۇنىڭ لەكمىگىلىغان مۇرىتلىرى مۇشرىك بولۇپ كەتتى. قورچاق دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئەقىدىسىدىن ئىسلام كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما يەنە لەكمىگىلىغان مۇسۇلمانلار ئاشكارا بولسۇن، يوشۇرۇن بولسۇن، ئاللاھقا بولغان ئىمانلىرىنى ساقلاپ، مۇسۇلمانلىقنى داۋاملاشتۇردى. ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەتتىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن بىرگە، ئۇ ئەلدىن ئىمان، مۇسۇلمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئىمان ۋە مۇسۇلمانچىلىق شەرىئەت ـ دىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. شەرىئەت ئەھكامى ـ دىنى قانۇن ئىماننىڭ ۋە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. ھەر قانداق قانۇننىڭ (دىنى قانۇن ـ ئەھكامى شەرئى بولسۇن) ئىجرائاتى ھاكىمىيەت قاتلاملىرىغا ئائىتتۇر. بىر پۇقرا (بىر مۇسۇلمان) جىنايەت قىلسا، ئۇنى جازالايدىغان كۈچ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى قانۇن ئورنىدۇر. ئەگەر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىدە ئىسلام قانۇنى (ئەھكام شەرئى) يولغا قويۇلمىسا، ئىجرا قىلىنمىسا، ئۇ دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار ئىماندىن ئاجراپ، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئوغۇرلۇق قىلىش مۇسۇلمان ئۈچۈن ھارام. ھالال ۋە ھارام ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمان ۋە ئەقىدىسىگە باغلىق بولىسىمۇ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئوغرىغا بېرىلىدىغان جازا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىشتۇر. ئەمما ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە جازا ئىجرا قىلىش، ھاكىمىيەت ئىدارىسىگە ئائىت. ئەگەر ئوغرى تۇتۇلۇپ قالمىسا، ئۇنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى ئۆز ـ ئۆزىنى جازالاپ، قولىنى كېسىشكە مەجبۇرلىمايدۇ. (ئۇ قىلغان گۇناھىغا تۆۋە قىلىشى كېرەك.) شۇنىڭدەك، ھاكىمىيەت

ئىسلام شەرىئىتىنى ئىجرا قىلمىسا، پۇقرالار مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش ھەر بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ۋەزىپىسى ئەمەس. قانۇننى ئىجرا قىلىش ھاكىمىيەتنىڭ ۋەزىپىسى. ئەمما ئۇ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيەت ئەمەس.

جاھان سوراپ خان ئۆتكەن، دۆلەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلگەن خان ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۆزىگە يەنە بىر قېتىم قۇلاق سېلىپ باقايلى: «دۆلەت قولۇڭدا بولسا ئىززىتىڭ، شەرىپىڭ، غۇرۇرۇڭ، ئەقىدەڭ، ئىمان - ئىشەنچىڭ، مال - دۇنيالىرىڭ، ئادەملىكىڭ قولۇڭدا بولۇر. دۆلىتىڭ قولدىن كەتسە، ھېچ نەرسەڭ قولۇڭدا بولۇر.» ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر ئاۋۋال، قانچە مىڭ يىللار ئاۋۋال بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بىز ئۈچۈن دۆلەتچىلىك دەستۇرلىرىنى تەييارلاپ بەرگەن ئىدى. لېكىن نىيىتى ئالا، كۆڭلى قارا مەنسەپ پەرەس، ئاتاق پەرەسلەر دۆلەتچىلىكتىن تەختنى ئەلا بىلىپ، دۆلەتتىن ئۆز نەپسىنى چوڭ بىلىپ، ئاۋۋال دۆلەتنى مۇنقەرز قىلدى. ئاندىن مىللەتنى خانە ۋەيران قىلدى. ئۇيغۇرلار دۆلەتتىن تولۇق ئايرىلىپ، خىتايغا ئەسىر بولغان ئاز كەم يەتمىش يىلدىن بېرى، تارىختا كۆرگەن ھەرقانداق زۇلۇملارمۇ ياماق بولالمايدىغان، ئىنسان ئويلاپ چۈشىنەلمەيدىغان، ئاڭلاپ ئىشىنەلمەيدىغان زۇلۇمغا، خورلۇققا، دەپسەندىچىلىككە مەھكۇم بولدى. ئىپلاس، پەسەندە، پەسكەش خىتايلار 21. ئەسىردە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان جازا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

بېشىمىزغا كەلگەن ھەرقانداق بالانىڭ، مۇقەررەر بىر سەۋەبى

بار. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قاتناشقان، بەدەل تۆلىگەن ھەم مۇھىم ئورۇندا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىنقىلاۋى ئەجداتلار ئىچىدە، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىنى مۇستەقىل دۆلەتتىن ئەلا بىلگەن بىر تۈركۈم غوللۇق مۇناپىقلارمۇ بار ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ يوقىتىلىشىدا، تاشقى كۈچتىن - خىتاي ۋە خەلقئارالىق زىيانكەشلىكتىنمۇ بەكراق، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى كوممۇنىست، سوتسىئالىست مۇناپىقلارنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكى ئەجەللىك رول ئوينىغان ئىدى. ئاۋۋال مۇستەقىل دۆلىتىمىز قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قورال، ئەسكەر قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۇل، بايلىقىمىز قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەر - مۈلۈك قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل (زىيالىي، مۇتەپەككۇرلار) قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىن (دىنى ئۆلىمالار، مەسچىت، مەدرىس) قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق قولدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر توغرام نان ئۈچۈن ئىمانىمىز قولدىن كەتتى. (بىر توغرام نان ئۈچۈن خۇدانى تىللاتقۇزدى، بىر توغرام نان ئۈچۈن، قۇرئانغا ئۆرە تۇرۇپ سىيىشكە مەجبۇرلىدى.) ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلىقىمىز قولدىن كەتتى - بىر تاۋاق ئۇماچ ئۈچۈن بالا ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدىغان كۈنلەرگە قالدۇق. پۈتۈن مۇشۇ جازا ۋە خورلۇقلارنىڭ ھەممىسى، مۇستەقىل دۆلىتىمىز قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئوتتۇز يىل ئىچىدە بېشىمىزغا كەلگەن ئىدى. قانداق؟ ئەجداتلىرىمىز توغرا ئېيتقانمىكەن؟ يەنە بىر تەكرارلاپ چىقايلى: «دۆلەت قولۇڭدا بولسا ئىززىتىڭ، شەرىپىڭ، غۇرۇرۇڭ، ئەقىدەڭ، ئىمان -

ئىشەنچىڭ، مال - دۇنيالىرىڭ، ئادەملىكىڭ قولۇڭدا بولۇر. دۆلىتىڭ قولدىن كەتسە، ھېچ نەرسەڭ قولۇڭدا بولۇر.»
دۇنيادا ۋەھشى زالىم، قانخور مىللەتلەر، ھۆكۈمرانلار بولغان ۋە ھازىرمۇ بار. لېكىن خىتايدەك پەسكەش، پەسەندە، ئىپلاس مىللەت ۋە ھۆكۈمراندىن يەنە بىرسىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالغان، ئاز كەم يەتمىش يىل ئىچىدە، بۇ مىللەتنىڭ رەزىللىكىنى، پەسەندىلىكىنى، ئىپلاسلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. خىتايلاردىن بىزنىڭ ئايرىلىشىمىزدىكى زۆرۈرىيەت خۇددى مەينەت، ئەجەللىك ھەم يۇقۇملۇق باكتېرىيىدىن ئىنسانلارنى، جانلىقلارنى، تەبىئەتنى قوغداش ئۈچۈن، پاسىل بىلەن چەكلىمە قويغاندەك مۇھىمدۇر. ئۇ پاسىل بولسا، بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولىشىمىزدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، نىجىس باكتېرىيەدىن قەتئىي ئايرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئىماندىن ئىلگىرى دۆلەت شەرت بولۇپ قالدى. ھەر قانداق ھوقۇق نورمىلىرىدىن ئىلگىرى، ھەر قانداق ئېتىقاد، ئەقىدىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىنى، ھوقۇقلىرىنى، ئەقىدە، ئىمان، ئېتىقاد، ئىشەنچلىرىنى قوغدايدىغان پاسىل - مۇستەقىل دۆلەت شەرت بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىمىزغا ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىش، سەۋەبلەرنى بايان قىلىش ھاجەتسىز، تەبىي ھەققىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ: «نېمە ئۈچۈن دۆلەت قۇرماقچى» بولۇپ قالغانلىقىمىزنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، ئوچۇق ئېيتقاندا:

خىتاي بىلەن شېرىكلىشىپ، بىزنىڭ قېنىمىزغا نان چىلاپ يەۋاتقان، «دېموكراتىك غەرب ئەللىرى» قانداقىراق خاراكتېرغا ئىگە دۆلەت قۇرۇپ قالىدىغانلىقىمىزغا قىزىقارمىش؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، سىزىقىدىن ئۆتمەيدىغان، قولىقى يۇمشاق، بويىنى ئېگىك بولىشىمىزنى كۈتسە كېرەك. شۇڭا ئۇلارغا چۈشەنچە بەرمىسەك بولمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان، ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ قېنىنى ئېمىپ هاياتلىققا ئېرىشكەن، ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان تەر بىلەن كۆكلەپ ئۆسكەن، ئەمما «ئاللاھ ئۈچۈن هاكىمىيەت تىكلەپ بەرمىسە، ئۇ دۇنيادا دوزاخقا كىرىپ كېتىدىغان»، شۇڭا دۇنيانىڭ نەرىدە بولسۇن «ئاللاھ ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قوشخانىلار» غا كېتىۋاتقان، مىڭلارچە ئۇيغۇر يەرزەنتلىرىگىمۇ، بىزنىڭ نېمىشقا دۆلەت قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرلىنىپ قالدۇق.

دۇنيادا چوڭ - كىچىك بەش مىڭدىن ئارتۇق مىللەت ۋە قەبىلىلەر بولۇپ، تۈرلۈك شەكىل ۋە خاراكتېرغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ سانى يۈزگىمۇ يەتمەيدۇ. يەنى هەر بىر مىللەتنىڭ ئايرىم، بىر مۇستەقىل دۆلىتى بولۇش شەرتمۇ ئەمەس هەم تەلەپ قىلىنمايدۇ. قانچە مىڭلىغان مىللەت ۋە قەبىلىلەر، ئۆز - ئارا كېلىشىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئىككى يۈزدىن ئاشمىغان دۆلەتلەردە، بىرەر هاكىمىيەت ئاستىدا ياشايدۇ. ئەمما بىر دۆلەتتە، بىر هاكىمىيەت ئاستىدا، بىرگە ياشىيالمايدىغان مىللەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىتايلار؛ تۈركلەر بىلەن ئەرمەنلەر؛ ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار؛ ئەنگلىلىز بىلەن فرانسۇزلار؛ باسكېتلار بىلەن ئىسپانىيوللار؛ رۇسلار بىلەن چېچەنلەر. بۇنداق چىقىشالمايدىغان مىللەتلەرنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ چارىسى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىنى چېگرالار ئارقىلىق ئايرىۋېتىشتۇر. ھەتتا تام قوشنا دۆلەت قۇرۇپمۇ، تىنچ ياشىيالمايدىغان مىللەتلەرمۇ بار. مەسىلەن ئىرانلىق بىلەن يەھۇدىيلار؛ ئىئوردانىيە بىلەن ئىسرائىل؛ سومالى بىلەن ئېتوپىيە؛ تۈركىيە بىلەن ئەرمەنىيە؛ خىتاي بىلەن ياپونىيە؛ جەنۇبى كورىيە بىلەن شىمالى كورىيە؛ ھىندىستان بىلەن پاكىستان قاتارلىقلار. بۇنىڭدەك دۆلەتلەرنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ چارىسى، سىرتتىن بېسىم ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىغا سىرتتىن تىنچلىق كۈچلىرىنى تۇرغۇزۇشتۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار بىر دۆلەتتە ياشىيالمايدىغان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى، ئىككى مىللەتنىڭ دىنى، ياكى ئېتىقاد ئوخشاشماسلىقىدىن، مەدەنىيەت، تىل ئوخشاشماسلىقىدىن، رەڭگى، شەكلى كۆرۈنۈشلىرىدىكى پەرقلەردىن كېلىپ چىققان، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدىغان، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى زىددىيەتلەر بولماستىن، مىللى گېنىدىكى تەبى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى 21 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئۇزۇنلۇقىنىكى، دۇنياغا داڭلىق خىتاي سېپىلى ۋە 21. ئەسىردە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىليونلاپ، ئاممىۋى تۈردە تۈرمىگە قاماۋاتقانلىقى، بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان، مەڭگۈلۈك مىللى زىددىيەتنىڭ پاكىتلىرىدۇر. بولۇپمۇ يەتمىش يىللىق، كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتى داۋامىدا، خىتايلارنىڭ ئۈستىمىزدىن ئىجرا قىلغان

باستۇرۇشلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئىككى مىللەتتىن بىرى پۈتۈنلەي يوقىلىشى كېرەك، ياكى ئوتتۇرىغا مۇستەھكەم چېگرا ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەتتە ياشىشى لازىم. ئەمما بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار سان جەھەتتىن، كۈچ جەھەتتىن خىتايلارنى يوقىتىشقا ئىمكانسىز. ئەھۋال شۇنداقكەن، ئۇيغۇرلارنى ئاممىۋى قىرغىن قىلىپ، يوقىتىپ، خىتايلار ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ كۆنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجرائاتىمۇ دەل شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

ئاتالمىش دېموكراتىك ئەللەرگە ئېيتىدىغىنىمىز شۇكى: ئۇلار قاتىل. ئۇلار ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشتىن شۈركىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىنى ئىچىش بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋالساق، ئۇلار قېنىمىزنى ئەزان باھادا ئىچەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بىزنى قوللىمايدۇ. ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىپ، ئەمما دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىشنى قىلىمىز - دېگۈچىلەرنىڭ ئەس - يادى مىللەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىدە.

: «بىز ئاللاھ يولىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھقا تەخت ياساپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۈستۈن قىلىپ، ئاللاھنى شاھلىق، ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىرىمىز، ۋەتەن، مىللەتنى ئازات قىلىپ، كاپىر، تاغۇتلار ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇپ بەرمەيمىز!» - دەپ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇشتىن باش تارتقانلارمۇ، ئويلىنىشى لازىمكى، ئاللاھ ئۇلار ئېيتقاندەك ئۇ قەدەر مەنسەپخۇمار، قاتىل بىرى ئەمەس. ئاللاھنىڭ ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوقكەن، نېمىشقا ئۆزىنىڭ

هۆكۇمران بولىشىنى كۆزلەپ، بىر مىللەتنىڭ ئاممىۋى قىرغىن بولۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلماي، قايسى ۋىجدانى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۇمران بولىشىنى شەرت قىلىدۇ؟ - دېمەك، ئۇلار ئاللاھنى خاتا تونۇپ قالدى. ئۇلارنى خىتاي ئىستىخباراتلىرى، ئىستىخباراتقا ئىشلەيدىغان ئازغۇن، مۇناپىق مولللار، چالاساۋات موللا - قارىيلار قايمۇقتۇردى. ئۇلار ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ، ئىبلىسلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەت قىرىلىپ كېتىۋاتسا، 35 مىليونلۇق بىر مۇسۇلمان خەلق ئاممىۋى باستۇرىلىۋاتسا، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكى يەر بىلەن يەكسان قىلىنىۋاتسا، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى، ئىپپەت نومۇسى ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتسا، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا دېموكراتىيەنى، ياكى ئاللاھنىڭ ھۆكۇمرانلىقىنى شەرت قىلغۇچىلار، دەل قان ئىچەر ئىبلىسلاردۇر - خالاس.

ئۇيغۇرلارغا ھەممىدىن ئاۋۋال خىتايدىن قۇتقۇزىدىغان مۇستەقىل دۆلەت، خىتاينى توسۇپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم سېپىل كېرەك. ئىسلامى ھاكىمىيەت، مونارخىست ھاكىمىيەت، دېموكراتىك سىستېم ۋە ھاكىمى مۇتلەق تۈزۈم دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، شۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى خەلق ۋە پۇقرالارنىڭ سىياسى مۇئەممالىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ھېچقانداق سىستېم، تۈزۈم ۋە ئەقىدە - ئېتىقادلارنى ئالدىنقى شەرت قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، قۇرىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ سىياسى سىستېمى، خاراكتېرى ۋە قانۇن تۈزۈملىرىنىڭ قانداق بولىشىغا ھېچكىم قىزىقمايدۇ. قىزىقتۇرىدىغان نەرسە، بىزدىن كېلىدىغان مەنپەئەتتۇر. دېموكراتىك غەرب ۋە مونارخىست، ھاكىمى مۇتلەق

شەرق ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتى خىتايدىن كەلسە، ئۇلار خىتاي بىلەن ئىتتىپاق، دوستلۇق ئورنىتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ياخشىراق مەنپەئەتكە ئېرىشسە، بىز تەرەپتە تۇرىدۇ. بىزگە ئالاقىدار، ياكى بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن ئېلىۋاتقان مەنپەئەتنى، خىتاي يۈز مىليارد دوللارگە يەتكۈزگەن بولسا، بىز مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن يۈز بىر مىلياردقا چىقىرالىساق، ئۇلار خىتاينى تاشلاپ، بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئەگەر بىزدىن ئالىدىغان مەنپەئەتى توقسان توققۇز مىلياردقا چۈشۈپ قالسا، بىزنى تاشلاپ، خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرىدۇ. قۇرىدىغان دۆلىتىمىزنى مەيلى « دېموكراتىك ياۋروپا دۆلىتى» دەۋالايلى، ياكى «ئاللاھ پادىشاھلىقى» دەۋالايلى ئۇنىڭ قىزىقتۇرغۇدەك ھېچ يېرى يوق. قاراپ باقايلى: پۈتۈن دېموكراتىك غەرب ئەللىرى، ئەشەددىي كوممۇنىست، ئەڭ زالىم، دىكتاتور خىتاي دۆلىتى بىلەن تىرلىيونلاپ سودا مۇناسىۋىتى قىلىۋاتىدىغۇ! خىتاينىڭ دۆلەت خاراكتېرى، سىياسى سىستېمى، قانۇن - تۈزۈملىرى قايسى غەربنىڭ گېلىغا تاقىشىپ قاپتۇ؟ شۇنىڭدەك، پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرى، مۇجاھىت قوشۇنلىرى، بارلىق ئەرەب تېررورىستلىرى خىتايدەك ئەشەددىي كاپىر، دىنسىز، قۇرئاننى كۆيدۈرۈۋاتقان، مەسچىتلەرنى چېقىۋاتقان، مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىكىندۈرۈۋاتقان بىر زالىم بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق، سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟

ئۆز مىللىتىگە ئاسىلىق قىلىشنى، ئۆز خەلقىگە خىيانەت قىلىشنى، باشقىلارغا قۇللۇق بىلدۈرۈشنى، كالۋالىقنى بىزنىڭ يېتەكچىلىرىمىز، دەۋاگەرلىرىمىز، جىھاتچىلىرىمىز كۆتۈرە

ئالمىغاندۇر ھەرقانچە بولسىمۇ! ئەقىلنى ئىشلىتىپ، ۋىجداننى ئويغىتىپ ئىنسانلىققا قايتىپ كەلسىلا، ئىشلار يولىغا چۈشىدۇ.

07.10.2018



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئون ئىككىنچى باب

# ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، قوشنا ئەللەرگە تەھدىت بولامدۇ؟

قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان، ھېچ نەرسە قىلمىغان ۋە قىلالمايدىغان كىشىدىن، ھېچ كىمگە خەۋپ - خەتەر، تەھدىت كەلمەيدۇ. ئۇ ھېچ نەرسە قىلمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېچ قانداق خاتالىقمۇ ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ ھېچ كىمگە پايدىسىمۇ بولمىغان ھەم زىيىنىمۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنى چەكلەشتە خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا ۋە تۇتۇپ تۇرۇشىغا، خورلىشىغا، ئاخىرىدا چىرىقىنى ئۆچۈرۈپ، يەر يۈزىدىن يوقىتىشىغا تاشلاپ بېرىشنى قارار قىلغان كۈچلەر، شۇ مەقسەتتە خىتاي بىلەن بۈگۈنمۇ ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ قېلىشىنى خالىمايدىغان مىللەتلەرنىڭ قولىدا، ئاجىز بولسىمۇ دۆلەت بار. ئۇلار قوللىرىدىكى دۆلەت كوزۇرىنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى خىتاي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتى. ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ قولى بىلەن جازالاش جىنايىتىگە 96. يىلى 24. ئىيۇن ماقۇللىغان «شاڭخەي شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويغان (رۇسىيە،) قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەت خەلقى، ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش، ئورتاق تارىخقا، ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە، بىر جۇغراپىيىدە

ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر بولۇپ، ئۇزاق تارىخى ئۆتمۈشلەردە دۈشمەنلەشكەن چاغلارمۇ بولغان. ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ قولى بىلەن جازالاش جىنايىتىگە پاكىستان دۆلىتىمۇ يېقىندىن ھەمكارلاشتى. ئەڭ يېقىن قېرىنداشىمىز بولغان ئۆزبېكلەرنىڭ دۆلىتىمۇ جىنايەتكە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ئالداپ، مەزكۇر جىنايەتكە شېرىك قىلىۋالدىمۇ؟ - ئاپىسى، بالىسىغا تاماقنىڭ گۆشىنى ئىلغاپ بېرىپ ئالداپ، دادىسىغا ئۆچ قىلىۋېتىپتۇ؛ ئاچىسى، ئۇكىسىغا كەمپۈت بېرىپ ئالداپ، ئاكىسىغا تەتۈر قارايدىغان قىلىۋېتىپتۇ؛ مېنىڭ ئوغلۇمنى سېنىڭ قىزىڭ ئالداپ، ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىپتۇ؛ مېنىڭ بالامنى سېنىڭ بالاڭ پۇل خەجلەپ بېرىپ ئالداپ، يولدىن چىقىرىۋەتتى - دېسە قاملاشقان بىلەن، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ باشلىقلىرىغا پۇل بېرىپ ئالداپ كەتتى، كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋالدى، پۇل بېرىپ سېتىۋالدى - دېسە، مۇشۇ گەپنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك غەيۋەت - شىكايەتتىن باشقا، كۈندىلىك ماجىرادىن باشقا، سىياسىي ئېنىقلىمىسى بولامدۇ؟ (شۇڭا دەيمىز: سىياسەتچىلىرىمىز سىياسەت بىلمەيدۇ - دەپ.)

بۇرۇنقى زامانلاردا - ئىككى يۈز يىل، بەش يۈز يىل، مىڭ يىل، ئىككى مىڭ يىللار ئاۋۋالقى زامانلاردا بىر ئەلنى، بىر دۆلەتنى ھەتتا يوغان بىر ئىمپېرىيىنى بىرلا پادىشاھ باشقۇرىدىغان زامانلاردا، شۇ پادىشاھنى گۈزەل مەلىكىلەر بىلەن ئالدىۋېلىپ، ئاندىن زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، قارشى تەرەپنىڭ بارلىق سىياسىي مەقسەتلىرى ئىشقا ئاشاتتىكەن. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پرېزىدېنتى دۆلەتنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرمايدۇ. سىياسەتنى ئۆزى يالغۇز بەلگىلىمەيدۇ. قانۇننى

ئۆزى يالغۇز ماقۇللىيالمايدۇ. پارلامېنت بار. ئاساسى قانۇن مەھكىمىسى بار. دۆلەت دەرىجىلىك ھەر بىر چوڭ ئىشقا، بىر مىنىستىرلىك مەسئۇل. ھەتتا پادىشاھلىق دۆلەتلەردىمۇ، ئىمپېرىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردىمۇ پادىشاھلار، ئىمپېراتورلار ئۆزى يالغۇز سىياسەت چىقىرالمايدۇ. ئۆز ئالدىغا قانۇن ماقۇللىيالمايدۇ. ئىجرائاتلاردا پادىشاھ دەرىجىلىك ۋازارەتلەر، مىنىستىرلىكلەر بار. دۆلەتنىڭ ھەر قانداق ئىچكى، تاشقى ئىشلىرى مىڭ قېتىم كېڭىشىپ، پارلامېنتتىكى قانچە يۈزلىگەن مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاۋام پالاتا، يۇقىرى پالاتا، تۆۋەن پالاتا، سېناتورلارنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يولغا قويۇلىدۇ. نېمە ئۇ: «تۈركىيەنى خىتاي ئالداپ كېتىۋاتىدۇ؛ تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرى ئەجداتلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، خىتايغا ئالدىنىپ كېتىۋاتىدۇ» - دېگەن گەپلەرنىڭ مەناسى؟ (شۇڭا دەيمىز - سىياسەتچىلىرىمىز سىياسەت بىلمەيدۇ - دەپ.) توغرا بىزنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرىمىز قولىدىكى ئەمەل، مەنسەپنى كىچىك كۆرۈپ، دۈشمەن بەرمەكچى بولغان چوڭراق مەنسەپكە ئالدانغان. تۆمۈر خەلىپە، غازى تۆمۈرئەلى، خوجانىيا ھاجىلار بۇنىڭ گۇۋاچىلىرى. ئۇلار سىياسەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەنمۇ تولۇق بىلىمسىز كىشىلەر ئىدى. ئەمما ئاجىز بولسىمۇ، نامرات بولسىمۇ بۈگۈنكى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۇنچىلىك ئاخماق چاغلىسا، ئۆزىنىڭ ئاخماقلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەۋجۇلۇقىغا قارشى، خىتاي بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرقانداق سىياسى مۇناسىۋەتلەر، ھەرگىزمۇ ئۇقۇشماسلىقتىن، ئالدىنىپ كەتكەنلىكتىن ۋە سېتىلىپ كەتكەنلىكتىن يۈز بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى
www.uyghurkitap.com

قالدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن ئەمەس. بەلكى بىلىپ تۇرۇپ، بىلگەندىمۇ چىك كۆڭلىدىن قوللاپ، قىلىۋاتقان ھەمكارلىقلاردۇر. ئۇيغۇرلارنى جازالاش، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش، خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك مىللىي مەنپەئەتىنىڭ جان تومۇرى بولغاندەك، بۇ مەسىلىدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭمۇ ھەم مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ۋازكېچىلمەس بىر قىسمىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق، ئۆتكۈنچى ھادىسىلەر ئەمەس.

بىز سىياسەتكە ئارىلاشقان ئىكەنمىز، جەزمەنكى ئۇنى بىلىشىمىز شەرت. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق مۇناسىۋەتلەر، سىياسەتنىڭ جانلىق ئىپادىسى ۋە سۆزلەشمىلەرنىڭ ھەربىكەتكە ئۆتكەن جەريانى ھېسابلىنىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارغا قارشى خىتاي بىلەن سىياسى ھەمكارلىق ئورنىتىۋاتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا خىتاي بىلەن سىياسى، ئىقتىسادى مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەركىنلىكىگە قارشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى توختاملارغا قول قويىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ، خىتايدىن نۆۋەتتە ئالىدىغان ۋاقىتلىق مەنپەئەتىدىن باشقا، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئۆزگەرمەس توپ سىياسەتلىرى بارمۇ، يوق؟ ياكى ئۇلارنى خىتايلار راستىنلا،(خۇددى ئاچىسى ئۇكىسىنى گۆللەپ كەتكەندەك،) ئالداپ كېتىۋاتامدۇ؟ بۇ ئويۇنلاردا بىزنىڭ ئورنىمىز بارمۇ، يوق؟ بىز ھەل قىلالايدىغان ئىش، يېشەلەيدىغان تۈگۈن قايسى؟ - دېگەندەك، بىر قاتار سوئاللار

ئۇستىدە تەھلىل قىلىشقا مەجبۇرمىز.

ھازىر، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىللەتلەر ئارىسىدا شەكىللىنىش، كۆپىيىش، بىرىكىش جەريانىدا ھەتتا باشقا مىللەتكە ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمىگەن، تارىخى ئۆچمەنلىككە بوغۇلمىغان يۇمشاقلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇ تەرىقىدىكى «قانچە مىڭلىغان مىللەتلەر» نىڭ تارىختا نېمە قىلغانلىقى، ھازىر بار - يوقلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ خەۋىرىمۇ يوق. ئۇلار تارىختىمۇ ۋە ھازىرمۇ ھېچكىمگە پايدا - زىيان كەلتۈرمىگەن ۋە كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنداق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى، خۇددى بىر ئائىلىدىكى سانىنى ئىگەللەپ تۇرىدىغان مېيىپ بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئائىلىدىكى ھەممە نەرسىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇش ھەققى بار ئەلۋەتتە. ئەمما يەنە شۇنداق مىللەتلەرمۇ باركى، باشقا مىللەتلەرگە بەزىدە زىيان يەتكۈزىدىغان، بەزىدە پايدا يەتكۈزىدىغان. بۇنداق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى، ئائىلىدىكى مېھنەتكەش، ئەقىللىق، ئىجاتكار، ئىشچان، تۈرگۈن بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بالا ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئائىلىنى ئالغا يېتەكلەيدۇ ۋە ئائىلىنى باقىدۇ. مۇشۇ تەقلىد بويىچە مىللەتلەرنى يېتەكلىگۈچى ۋە يېتەكلەنگۈچى، ياكى باققۇچى ۋە بېقىلغۇچى - دەپ، ئىككى تۈرگىلا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يېتەكلىگۈچى مىللەتلەر ئىجاتكار، بەرپا قىلغۇچى، قۇرغۇچى، كېڭەيتكۈچى، بېيىتقۇچى، ئاسانلاشتۇرغۇچى روھىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز قوۋمىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، زورايتىش، كۈچلەندۈرۈش جەريانىدا، ماسلىشالىغان باشقا يات مىللەت ۋە يات خەلقلەرنىمۇ ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن ماسلىشالمىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توسقۇنلۇق قىلغان، قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى ئەدەپلەپ، جازالاپمۇ قويىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا مېھمانچى، ئەقىللىق، ئىجاتكار مىللەت بولۇپ، باشقىلارنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر، ئۆزلىرىمۇ گېزى كەلگەندە ماسلىشالايدىغان كۈچلۈك خاراكتېرغا ئىگىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ۋە يوقىتىۋېتىلگەن ئىزلىرى ئېچىلىۋاتىدۇ. بۇ مىللەت «ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى» - دەك، سىرلىق بىر تېپىشماقنى ئىشارەتلەپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار دۆلەتچىلىكنى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشنى، تىنچلىقتا ياشاشنى، تەڭرىگە سېغىنىشنى، ئاڭلىق بولۇشنى، پاكىز بولۇشنى، مېھمانچان ۋە مېھرىبان بولۇشنى تەرغىب قىلغان ۋە ئەتراپقا يايغان. ئىنسانلارنىڭ جىسمىنى داۋالاشنى كەشىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ روھىنى، ئىچكى دۇنياسىنىمۇ داۋالايدىغان، گۈزەل روھى دۇنيا قۇرۇپ چىقىدىغان چارە - تەدبىرلەرنىمۇ ئىجات قىلغان. ئۇيغۇرلار تىل ئالاقىسىنى يىراققا يەتكۈزۈش، ماكانلاردىن ۋە زامانلاردىن ھالقىتىش ھۈنەرلىرىنى ئىجات قىلغان. «شەكىل، بەلگە» ياساپ چىققان ۋە «خەت، يېزىق» ئىجات قىلغان. جامېس چۇرچۋاردنىڭ خىيالىغا ئېتىبار بېرىلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللانغان چاغلىرى، يەر شارىنىڭ مۇز دەۋرىگە كىرىشىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. دۇنيا يۈزىدە ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان، ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋار ئورنىدا قوللىنىدىغان چاغلاردا، ئۇيغۇرلار: «ئاتا بىلەن ئانا تەڭ» تەسەۋۋۇرىنى ئەقىدىلەشتۈرگەن، سىياسىيلاشتۇرغان، قانۇنلاشتۇرغان ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەتكە

ئۇمۇملاشتۇرغان. ئۇيغۇرلار تولىمۇ قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ، ئائىلە قۇرۇشنى، نەسەب بېكىتىشنى ئۇمۇملاشتۇرۇپ، ئۇرۇقداشلىق، جامائە ۋە قەبىلە باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىللەت شەكىللەندۈرۈشنى تېزلەتكەن. ھازىرقى تەرەققىيات ئۆلچىمى بىلەن تەتقىقات يۈرگۈزگەنلەرمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاچانقى زامانلاردىن ئېتىبارەن بۇنداق ئۇيۇلتاشقا ئوخشاش، ئىچىدە كاۋاك يوق بىر مىللەت بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سىرىغا ھەيران. «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن. شۇ ئاچقۇچ تېپىلمىغۇچە، سىرلار يېشىلمەيدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان ئەجنەبىي تەتقىقاتچىلار، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بىر جۈملىنى ئىچىگە يۇتۇۋېلىشىنىڭ سىرىمۇ: «ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن» دېگەن سۆز بىلەن يېشىلىدۇ. چۈنكى تەكلىماكاننىڭ ئاستىغا باشقا بىر نەرسە كۆمۈلۈپ كەتمىگەن. بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەتلىرى، نەقىشلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، نەپىس سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن ئالتۇن بېزەكلىرى، يىگىرمە مىڭ يىلدىن ھالقىپ كېتىدىغان نەپىس قۇيمىچىلىق، ئىرىتكۈچىلىك، تۇتاشتۇرغۇچلۇق ھۈنەرلىرى، مۇزىك ئەسۋاپلىرى، تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، يەنە ئاللىقانداق قىممەتلىك مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىكلىرى كۆمۈلگەندۇر.: بۇ قەدەر تىلسىماتلارنىڭ ئىگىسى ئۇيغۇردۇر - دېگەن بىر جۈملىنى تىلغا ئېلىشتىن قانداق خورسىنسا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ياشاپ قېلىشىنى، قايتا گۈللىنىشىنى، قەددىنى رۇسلاپ دۆلەت قۇرۇشىنى ھەم شۇنداق خالىمايدۇ.

ھېچ نەرسە قىلمىغان مىللەتنىڭ، قەلەمگە ئالغۇدەك

ئۈتمۈشى ئەرسىسى بولمايدۇ. دىققەتنى تارتقىدەك بولمىغانىدەك، باشقىلارنى ئەندىشىگە سالغۇدەك كېلەچىكىمۇ بولالمايدۇ. دۇنيادا يوقتەك بارلىقتا ئىگە نورغۇن قەبىلە، مىللەتلەر بار. ئۇلارنى كىشىلەر بىلمىگەچكە، ئۇلاردىن خوۋپ - خەتەر يېتىپ قېلىشىمۇ باشقىلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ قالمايدۇ. ئەمما مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىجاتكار، كەشپىياتچان، مېھنەتكەش، ئەقىللىق، كۈچلۈك، غۇرۇرلۇق مىللەتلەرنىڭ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئىزلىرىمۇ قەلەمگە ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەسىرلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە قايتا تىكلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ ئۆرنەكلىك بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىشچان مىللەت بولغاچقا، ھورۇنلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئەقىللىق مىللەت بولغاچقا، كالۋالىقنى ياقتۇرمايدۇ. گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ئەتىراپقا گۈزەللىكنى ياپىدىغان مىللەت بولغاچقا، چىركىنلىكنى يامان كۆرىدۇ. ئىناقلىقنى، دوستلۇقنى قانات يايدۇرىدىغان مىللەت بولغاچقا، ئۆچلۈشۈشنى، دۈشمەنلىكنى ياقتۇرمايدۇ. بىرلىكنى، ئۆملۈكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مىللەت بولغاچقا، پارچىلىنىشنى، بۆلۈنۈشنى چەكلەيدۇ. بارلىق بۆلۈملۈق ۋە گۈزەل تالالاشلار ئۈچۈن بەزىدە ئاگىلىق ھەرىكەت قىلغان بولسا، بەزىدە كۈچ قوللانغان. شۇڭا تېز بىرىكىپ، تېز كۈچلىنىپ دۆلەت قۇرغان. نامى ئەمەلىيەتتىگە قارىتا «ئۇيغۇر» - دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى، ھەتتا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ئىپتىدائى دەۋرلەردە بېسىپ ئۆتكەن ئىزلار ئۈستىدىكى تەتقىقات ئىزدىنىشلىرىدىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئىلمى

قاراشلىرى ئوڭايسىزلانماقتا. ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى بۇنداق
سىرلىق تېپىشماقلارمۇ، باشقىلارنىڭ ھەسەتلىرىنى قوزغاشقا ۋە
باشقىلارنىڭ قورقۇنچىسىنى غىدىقلاپ، قارشى تەدبىر ئىزدەشكە
مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

تارىخدا چەكسىز ئىجاتكارلىق بىلەن، يېڭىلىق يارىتىش
بىلەن، دۆلەت قۇرۇش ۋە تېررىتورىيە ئېچىش، كېڭەيتىش
بىلەن، ئىنسانىيەتنى ياشاشقا يېتەكلەش بىلەن ئۆزلۈكنى
مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۇيغۇرلار، ھەرگىزمۇ بۇتخانىدا مۈگدەپ
ئولتۇرىدىغان، بېشىغا قونغان چىۋىننىمۇ قورۇيالمايدىغان
ھۇرۇن راھىبقا ئوخشىمايتتى. جەسۇر، باتۇر، تۈرگۈن، دانا،
تەدبىرچان، ئەقىللىق بولۇپ، ئۆزگە ماسلاشقانلارغا قوينى
كەڭ ئېچىلغان، يولىغا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا زەربىدار،
شەپقەتسىز ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمەنلىك بولۇپ قېلىشىغا،
ئەتراپىدىكى قالاق، قاششاق، ھۇرۇن، مەينەت، بىچارە يات
خەلقلەرنى مەدەنىيەتكە، مېھنەتكەشلىككە، ئىلغارلىققا ياكى
ئاڭلىق ھالدا، ياكى زورلۇق ۋە بېسىم بىلەن يېتەكلىگەنلىكى
سەۋەب بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا يات قەبىلە، يات مىللەت،
يات قوۋملەرنى يېتەكلەش سىياسى تەدبىرلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ
قەبىلە باشلىقىنى، جامائە - ئۇرۇق باشلىقلىرىنى ۋە يۇرت،
مىللەت يېتەكچىلىرىنى تەسلىمنامە، قېتىلىشنامە، بىرلىك نامە
قاتارلىق ۋەسىقىلەرگە قول قويۇشقا زورلايتتى. ئۇنىڭغا قارشىلىق
كۆرسەتكەن ياكى باشتا ماقۇل بولۇپ، كېيىن پۇرسەت تاپقاندا
يۈز ئۆرىگەن، توختامنى بۇزغان، خىيانەت ۋە ئىسيان قىلغان
قەبىلىلەر، ئۇرۇق - جامائە، قوۋملەرنىڭ باشلىق، يېتەكچى،
رەھبەر، ئاقساقال ۋە ئاقسۆڭەكلىرى جازاغا تارتىلاتتى. ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلىرى تاپشۇرغان بارلىق توختام، بەيئەتناملەرنى قوبۇل قىلغان ھەرقانداق قەبىلە، ئايماقلار ئامان قالاتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى، ئاقساقال ۋە ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز ئورنىدا قالاتتى. ھەتتا يەر - جايلىرىغا ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ مىللى ۋە دىنى خاسلىقىغا، تىل، سەنئەت خاسلىقىغا دەخلى يەتكۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچكى مەجبۇرىيەتلىرى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىقىغا باج تاپشۇرۇش، شەھەر، يول قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىش ۋە تاشقى سىياسەتتە دۈشمەنلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ساناقلىقلا قانۇن ۋەسىقىلىرىگە ئەمەل قىلىشى شەرت ئىدى. ئەمما يات قەبىلە، يات قوۋملەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ، ئۆزلىشىپ كېتىشىدە، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھېچ بىر زورلاش ياكى چەكلەش سىياسەتلىرى، تەدبىرلىرى ئىجرا قىلىنمىغان. ئەگەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئىتتىپاقداشلىق ئىچىگە قېتىلغان، يات قوۋملەر ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ سىياسى زوراۋانلىقىدىن، مەجبۇرلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىدىكى ساناقسىز ئارتۇقچىلىقلار، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئېسىل پەزىلەتلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، كۆيۈمچانلىقى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئەقىللىق، مەردلىك، باتۇرلۇق ۋە جەزىبدارلىقى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھۆسنى گۈزەل، ئەقلى گۈزەل، ئەخلاقى گۈزەل، پاراسەتلىك، ئىشچانلىق، ۋاپادارلىق، باتۇرلۇق ۋە سان ساناقسىز خىسلەتلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە تەبئىي ئارتۇقچىلىقلىرى ھەر قانداق يات ئەل، يات قوۋمنى «ئۇيغۇر بولۇپ، ئېرىپ ئېقىپ كەتسەم» دېگۈزىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى

رول ئوينىغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە ھەيۋەت بىلەن كەلگەن چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇنلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە زۇلۇم ـ سەتەم ۋە قۇللۇق تورۇمى بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن جۇڭغار قالماق قوشۇنلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە ۋەھشى جازالاش ئۈچۈن باستۇرۇپ كەلگەن مانجۇر قوشۇنلىرى ئۇيغۇر بولۇپ سىڭىپ كېتىشىدە، ھېچ بىرىنى ئۇيغۇرلار قىلىچتىن ئۆتكۈزمىگەن. ئۇلار ئۇيغۇرلىشىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزلىرى ئېرىپ، ئېقىپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، قايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىگە تەھدىت ـ دەپ قارايدۇ؟ ۋە قايسى دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، قايتا تىكلىنىشىنى خالمايدۇ؟

## 1. ئۇيغۇرلاردىن خەۋپسىرەيدىغان دۆلەتلەر

ئەگەر ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، ئۇنى ئۆزلىرىگە خەۋپ خەتەر، تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ ـ دەپ، قورقىدىغان دۆلەتلەر قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۆلىتى بولغان ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەتتۇر. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تۇپراق پۈتۈنلىكى مەنپەئەتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇپ كېتىشى، خۇددى شىرنىڭ قەپەستىن چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش خەتەرلىكتۇر. شىر قەپەستىن چىقىپ كەتسە، يايلاقتىكى قويلارغا خەتەر يەتكىنىدەك، ئۇيغۇرلار مۇستەقىل

بولۇپ دۆلەت قۇرسا، مەزكۇر ئەللەر خەتەر ئاستىدا قالىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىدەك بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى - ئۇيغۇرلار رايوندىكى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، مېھنەتچان، سودا ماھارىتى يۇقىرى مىللەت بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن، باشقا قېرىنداش، قوشنا مىللەتلەرنى مەنىۋى ھەم ماددى جەھەتتىن ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋېلىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك.

ئىككىنچى - يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدىن، ھەقسىز كېسىپ بېرىۋېتىلگەن تۇپراقلىرىنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ، ھەتتا ئۇرۇش قوزغىشى مۇمكىن. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار رايون تىنچلىقىنى بۇزىدۇ.

ئۈچىنچى - ئۇيغۇرلار ئىمپېرىئالىستىك سىياسى تەسەۋۋۇرغا ئىگە مىللەت. تېخىچە - بۈيۈك تۈركىستانچىلىق چۈشىدىن ۋاز كەچمىگەن. ئەگەر خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مىللى تېرىتورىيىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، تۈركىستان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغايدۇ.

تۆتىنچى - ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى يوق. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مىللى خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىمپېرىئالىست ھەم ئىرقچى دۆلەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈركى ئىرقىغا تەۋە بارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللى خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئىرقچىلىقنى ئالغا سۈرۈپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى دۆلەت بولالمايتۇرۇپ، مۇستەقىل تۈركى جۇمھۇرىيەتلەرنى ئىنكار

قىلىپ، تۈركىستانچىلىق مەۋقەسىنى ئالغا سۈرۈپ كەلدى. ئەگەر خىتايىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، قوشنا دۆلەتلەرنى پاراكەندە قىلىپ، رايون تىنچلىقىنى بۇزىدۇ.

بەشىنچى - ئۇيغۇرلار رادىكال دىنچى، جىھاتچىلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، چېگرىداش دۆلەتلەرگە رادىكال جىھاتچىلىق ئارقىلىق خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقى تەھدىتلەرنى خىتاي دۆلىتىلا تۇسۇپ قالالايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرالماسلىقى لازىم. ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا تولۇق يوقىلىپ كەتسىمۇ بولىدۇكى، ئەمما مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ قالسا، رايون خاراكتېرلىق تىنچلىق تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ. (1996. يىلى 12. نويابىر بېشكەكتىكى، «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا باشقارمىسى» نىڭ دىرېكتورى بورىس ھېلمۇت ئەپەندى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى پوزىتسىيىسىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ، مەن بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىنىڭ بىر قىسمى.) ئوتتۇرا ئاسىيا (قازاقىستانمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەتلىرىنىڭ ئەندىشىلىرى ۋە خوۋپسىرەشلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلمىغان دۆلىتىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشلىرىنىڭ نۇرغۇن تاشقى سەۋەبلىرى بولغىنىدەك، يېتىپ ئاشقىچە ئىچكى سەۋەبلىرىمۇ بار ئەلۋەتتە. تاشقى سەۋەبلىرى بولسا، ئۇلارنى سىرتتىن غىدىقلايدىغان ئويۇنچىلارنىڭ، ئۇيغۇرلارغا قارشى تەييارلاپ چىقىدىغان ساناقسىز سىنارىيىلىرىدۇر. بۇنىڭدا خىتايغا قارىغاندا، رۇسىيەنىڭ ئوينايدىغان نومۇرلىرى كۆپ

www.uyghurkitap.com

ھەم قايىل قىلارلىق. ھەتتا پاكىتلىرى بىلەن ئوينىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تەشۋىقاتلىرىغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتچى، ئالىملىرىغا، تەشۋىقاتچى ۋە تەرغىباتچىلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى چۈشىنەلمەسلىك ھەم ياقتۇرماسلىق. ئىككىنچى ئۆزلىرىدىن رۇسلارنى ئۈستۈن كۆرۈش چۈشكۈنلۈكى. ئوخشاش كەسىپتە، ئوخشاش دىپلومغا ئىگە ئىككى مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى ئۆز مىللىتىدىن يەنە بىرى رۇس بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە رۇس ئالىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى ئىشەنچلىك، ئىناۋەتلىك - دەپ قارايدۇ. (بۇنداق ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش قۇلچىلىقى،خىتاينىڭ مائارىپىدا يېتىلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىمۇ خېلە ئېغىر) چۈنكى ئۇلار رۇس تىللىق، رۇس مەدەنىيەتلىك بولۇپ كېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەممە نەرسىنى رۇسلاردىن ئۆگەنگەن. ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىمۇ رۇسلاردىن نۇسخىلاپ قوبۇل قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، رۇسلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر قىلىش تەسىرى ئاستىدا قالغىلى، ئەڭ ئاز ئىككى ئەسىردىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنى رۇس ھۆكۈمرانلىرى ياقتۇرمايدۇ ۋە يامان كۆرىدۇ. رۇسلارغا ئائىت ئىجتىمائىي پەن ۋە ھەتتا تەبىي پەن كەسپىمۇ، دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر تۇتاش يېتەكلىشىگە بويسۇنىدۇ. شۇڭا رۇسىيىلىك ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بايان قىلىدىغان ئىلمى ئەمگەكلىرى، ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى يۆنىلىشىدىن قېيىپ كەتمەيدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى،

رۇسىيە بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ماڭغاندىن سىرت، ئىچكى سىياسەتلىرىنىمۇ ئاسترىتتىن بىر يۈنىلىشتە ئىدارە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، خەلق مەپكۇرىسىگە ئەندىزە تەييارلاپ، رۇس مانىپوللىقىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. «سۇنىڭ بېشى لاي» دېگەندەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي مەپكۇرىسىنى ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسەتلىرىگىچە كونتروللىقىدا تۇتۇپ مېڭىۋاتقان رۇسىيەنىڭ، ئۇيغۇرلارغا قارشى بەلگىلەيدىغان، رايون سىياسىتىنىڭ قۇربانى پەقەتلا ئۇيغۇرلاردۇر. ئاتالمىش بىز بىلەن بىر تىللىق، بىر ئىرقىغا، بىر دىن، بىر مەدەنىيەتكە مەنسۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا بىز قانداق جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمىز؟- مەسىلىنىڭ ئېچىنىشلىق يېرى مۇشۇ سوئالغا يىغىنچاقلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە بىر قانچە ۋەقەنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن. 1996. يىلى ئاپرېل ئىستانبۇلدا «تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيى» چاقىرىلماقچى. بۇ يىغىنغا ئالمۇتىدىن «شەرقى تۈركىستان خەلقئارا مىللى كومىتېتى» نىڭ رەئىسى، (مەرھۇم) يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى تەكلىپ قىلىنىپتۇ. (بۇ تەكلىپ ئالمۇتىدىكى تۈرك ئەلچىخانىسى ئارىچىلىقى بىلەن بېجىرىلگەن بولسا كېرەك) چاقىرىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندىم، ئۆزىنىڭ «شرقى تركستان اۋازى گازتى» ناملىق تەشۋىقات ۋاراقچىسىدا: «بىز - شەرقى تۈركىستان خەلقئارا مىللى كومىتېتى، تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىغا شۇنى ئىلتىماس قىلىمىزكى- ھازىرچە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، ئارىلىرىدىكى دۆلەت چېگارالىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، بىر پۈتۈن تۈركىستان دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشلىرى كېرەك. شەرقى تۈركىستان

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۈيۈك تۇران دۆلىتىنىڭ چېگاراسىنى خىتاي سېپىلىدىن ئاق دېڭىزغىچە بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان، بىر دۆلەت قۇرۇلۇپ چىققۇسى!...» - دېگەن مەزمۇندىكى باياناتنى ئېلان قىلدى. ئەگەر مەزكۇر ئىلتىماسنى تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىغىلا يوللىغان بولسا، ياكى ۋاكالىتەن تۈرك ئەلچىخانىسىغا يوللىغان بولسىمۇ، يېپىق قازان يېپىق پېتىم قېلىشى، ھەتتا ئۇ ئىلتىماسقا ھېچكىم پەرۋا قىلماسلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق ئۇنى بايانات تەرىقىسىدە، تەشكىلاتنىڭ ئورگان ماتېرىيالىدا (ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق نەرسىلەر بېسىلسا، بىر تىپىنچلىق قىممەت بېرىلمەيدىغان، بىر ۋاراق ئاتالمىش ئورگان گېزىتىدە) ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تۈركىستانچىلىق ئىمپېرىيە چۈشەنچىسى، ئاتالمىش تۇرانچىلىق ئىرقچى، ناتسىست ئىدېئولوگىيىسى، موسكۋانى ئاست - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. رۇس مەتبۇئاتلىرى تۇرانچىلىققا قارشى قەلەم كۈرىشىنى باشلىدى. تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، تۈرك ئەلچىخانىسىغا يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندىنىڭ، قۇرۇلتايغا كېلىشى چەكلەنگەنلىكىنى، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۆزى يىغىنغا بارالمىغان يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندى، ئۈچ نەپەر غەيرى رەسمى ۋەكىل ئەۋەتتى. ۋەكىللەر قۇرۇلتاي يىغىن زالىدا، شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقىنى چىقىرىپ «شەرقى تۈركىستاننى ئۇنۇتما! ياشسۇن شەرقى تۈركىستان!» - دەپ، شوئار توۋلىدى. (يىغىن تەرتىۋىنى بۇزغانلار ئارىسىدا، تۈركىيىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ باركەنمىش) ئۇلارنى تەرتىپ ساقلىغۇچىلار يىغىن زالىدىن مەجبۇرى چىقىرىۋەتتى. بۇ ۋەقەلەر

رۇس تېلېۋىزور قانالىلىرىنىڭ، خەلقئارا ئاخبارات پروگراممىلىرىدا تەكرار كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش تېمىسى ئېچىلىپ، مەخسۇس تارىخچىلار، سىياسى ئانالىزچىلار، ئۇيغۇرشۇناسلار، شەرق ۋە خىتاي شۇناسلار، تۈركولوگلار تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا مۇنازىرە باشلىدى. 91. يىلى فېۋرال كۈچا شەھرىدە، بىر خىتاينىڭ سىن فىلىم قويىدىغان كىچىك كىنوخانىسىنى پارتلاتقان، مارت ئېيىدا ئۈرۈمچى شەھرى، 52. يول كوچا ئاپتوبۇسىنى پارتلاتقان، بىر قانچە كۆرۈنۈشلەر شۇنچىلىك كۆپتۈرۈپ تەشۋىقات قىلىنغانكى، خىتاي دۆلىتى بۇ رادىكال، ئىسلامچى، تۈركىستانچى، تۇرانچى ئۇيغۇر تېررورىستلىرىغا كۈچى يەتمەي، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرالمايۋاتقانلىقى، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ياردەم قىلىش كېرەكلىكى، ئۇيغۇر تېررورچىلىرىنىڭ خىتاينى بوزەك قىلغانلىقى يەتمىگەندەك، چېچەنىستانغا كېلىپ، كاۋكاز ئۇرۇشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلىقى، رۇسىيە بىلەن چېچەنىستاننىڭ نۆۋەتتىكى تىنچلىق سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا (چېچەنىستاندا ئەسىرگە چۈشكەن خوتەن شىۋىسىدە سۆزلەيدىغان، بەش نەپەر ياشلارنىڭ سىنغا ئېلىنغان ئىقرارنامىسىنى كۆرسىتىپ) پاكىتلىق دېلولارنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار 20. ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ ۋەھشى، بۇزغۇنچى بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىنچلىقىغا قارشى ئەڭ قورقۇنچلۇق مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنى خىتاي مۇستەھكەم قورغان ئىچىدە تۇتۇپ تۇرمىسا، رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقى

توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات، ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. ئۇيغۇرلارغا قارشى تارقاتقان شۇ قەدەر ئېغۋاگەرچىلىكى، سىياسىي زىيانكەشلىكى ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئاردىن بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەي، 97. يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر جىھاتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا، خىتايغا قارشى توپلىنىشىغا يوچۇق ئېچىپ بەردى. خىتايمۇ تۇرمىدىكى دىنچىلارنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشىنى «كۆرمەسكە سالدى». رۇسىيە مۇتەخەسسىلىرى بايان قىلغاندەكلا، رۇس ئاخباراتلىرىدا تەپسىلى پاكىتلىرى بىلەن بايان قىلغاندەكلا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ «رادىكال دىنچى، ئىسلامچى تېرروزىست، بۆلگۈنچى، قاتىل، تىنچلىقنى خالىمايدىغان مىللەت» ئىكەنلىكىنى يەنە پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇشتى. ئىككى يىل ئاۋۋال رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى تولۇق ئىسپاتلاندى. ئاتالمىش «جىنايى دېلو بىلەن قولغا چۈشكەن ئۇيغۇر تېررورچىلىرى» دىن بىر قانچە يىگىتلىرىمىزگە، قىرغىزىستان ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، يىگىرمە يىلدىن بۇيان تۇرمىدە ساقلاۋاتىدۇ. ئۇلار قانۇن بويىچە قىرغىزىستان تۇپرىقىدا «جىنايەت ئىشلىگەن» بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ئاتالمىش «زىيانلاندۇرۇلغۇسى ئوبيېكت» خىتاي بولغاچقا، ئۇلارنى خىتايغا بېرىۋېتىشى ئەڭ كۈچلۈك ئېھتىمال ئىدى. لېكىن قىرغىزىستان ئۇلارنى خىتايغا بەرمىدى. نېمىشقا؟ قېرىنداشلىق ھېس - تۇيغۇلىرى، ئىنسانى ۋىجدانلىرى، ياكى خەلقئارالىق ھوقۇق نورمىلىرى، ب د ت، ۋاھا كازالار يول قويمىدىمۇ؟ - بۇنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى ئاخماق قىلىش ئۈچۈن دېسە بولىدىغان، قۇرۇق گەپلەر.

ئەگەر ئۇلارنى خىتايغا بېرىۋەتسە، رۇسىيەنىڭ قولىدىكى پاكىت يوقالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتاي ئۇلارغا دەرھال ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىپ، دېلونىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ قويىشى مۇمكىن. يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇلارنى خىتاي ھايات ساقلىغان تەقدىردىمۇ، خىتاي ھەم زىيانلانغۇچى، ھەم دەۋاگەر ھەم سوتچى بولۇپ قالسا، مەزكۇر دېلو قانۇنى قىممىتىنى يوقىتىدۇ. خەلقئارا دېلولاردا، زىيانلانغۇچى تەرەپ (دەۋاگەر) سوتچى (جازا بېكىتكۈچى) ھەم دېلو ئىسپاتلىغۇچى بولماسلىقى كېرەك. ھەمدە خىتاي ئىشەنچسىز دۆلەت بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن تۇرغۇزغان دېلو ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر «تېررورچى، رادىكال مەھبۇسلار» ئۈچىنچى بىر دۆلەتتە سوتلانسا، توْتۇپ تۇرۇلسا، ھېچقانداق شۈبھىگە ئېھتىمال قالمايدۇ. قانداق ۋاقىتتا، قايسى ئورۇننىڭ پاكىتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە دېلونىڭ ساغلاملىقىغا ئىشىنىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خىتايغا بېرىلمەي، قىرغىزىستاندا ساقلىنىشى لازىم. رۇسىيە پىلانلىغان، خىتاي «تېررورچى، رادىكال كۈچلەر» بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى پۇرسەت بېرىپ، تولۇق ماسلاشقان مەزكۇر دېلودا، خىتاي چىگرا ياقىسىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنى (ئۇيغۇرلارنى) خەتەرسىز ھالغا كەلتۈرۈشتە چوڭ نەتىجىگە ئېرىشتى. رۇسىيە بۇ ئورۇشتا غەلىبە قىلدى. چۈنكى ئۇيغۇرلارغا قارشى توقۇپ چىققان بارلىق يالا - تۆھمەت ۋە «قۇھ - قۇھ» لىرىنىڭ پولاتتەك پاكىت بىلەن ئىسپاتلىنىشى ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ۋە خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھوشيارلىقىنى، ھەر زامان مۇداپىئە ھالەتتە تۇرۇشى لازىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار ئۇلار بىلەن قېرىنداش بولالمايدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويدى. يەنىلا بۇ رايوندا رۇسلار بولمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى يۈرۈشتۈرەلمەيدىغانلىقىغا، خىتاي پۈت دەسسەپ تۇرمىسا، ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى يوقلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇردى. مەزكۇر ئويۇن ئاخىرلاشقىلى 20 يىل بولغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمەي، ئەكسىچە يەرلىك ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ ئېغىر بېسىم قىلىپ كەلدى. قىرغىزىستاندا ئۇيغۇرلار قويۇق ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان يۇرت، مەھەللىلەرگە كۆزىتىش كامېرالىرىنى ئورنىتىشى، دەل ئىرقچىلىق ۋە ئىرقى تازىلاش جىنايىتىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركى دۆلەتلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىلىرىگە باھا بېرىشتە، باللارچە: خىتاي ئالداپ كەتتى ۋە خىتاي پۇل بېرىپ گوللەپ كەتتى - دەپ، غەيۋەت قىلىپ يۈرسەك، ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە سەت بولىدۇ. يەنى بىزنىڭ سىياسەت بىلمەيدىغانلىقىمىزنى، دۆلەت ۋە رايونلار مەسىلىسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىغانلىقىمىزنى، ئۆز تىلىمىز بىلەن ئاشكارىلىۋەتكەن بولۇپ قالىمىز.

### 2. ئۇيغۇرلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، قايتا تىكلىنىشىنى خالىمايدىغان دۆلەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلىنىپ، رايون تەۋەسىدە راۋاجلىنىشىنىلا ئەمەس، ھەتتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان دۆلەتلەر: ئەنگلىيە، رۇسىيە، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردۇر.

ئەنگىلىيەنىڭ ئۇيغۇرلارنى يامان كۆرۈشى، ياكى ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب، ھىندىستان مەسىلىسى ئىدى. ئەگەر بابۇرىيە سۇلتانلىقى (ئۇيغۇر - ئۆزبېك) ھىندىستاننى ئەنگىلىزلاردىن ۋە باشقا ياۋروپالىق ئەجنەبىي ئىشغالىيەتچىلەردىن ئۈچ يېرىم ئەسىر مۇداپىئە قىلمىغان بولسا، ھىندىستان ھىندى خەلقىنىڭ ئانا ۋەتىنى بولماي قالاتتى. بۈگۈنكى ھىندىستان ھەم مەۋجۇت بولالمايتتى. («سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتاب، 12. بابىغا قارالسۇن) ياۋروپالىقلارنىڭ ھىندىستاننى تالان - تاراج قىلىشىنى ئەسىرلەپ توسقان ۋە ھىندىستان خەلقىنىڭ تۇپلىشىپ، بىرىكىپ كۈچلۈك ھەم چوڭ مىللەتلەر بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئۇيغۇرلار ئەسىرلەپ ھەمكارلاشمىغان بولسا، مىڭلىغان قەبىلىلەر، مىڭلىغان ئېتىقاد ۋە ئەقىدىلەرگە بۆلۈنگەن، كىچىك، كىچىك مەھەللە پادىشاھلىقلىرى ھالىتىدە داۋاملاشقان تەقدىردە، 19. ئەسىرلەردە ئەنگىلىز ۋە پورتېگىزلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان ھىندىستان، مەڭگۈ قايتىدىن تىكلىنەلمەيتتى. گەرچە ئەجنەبىيلەر تۇپراقنى ئىشغال قىلالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن تىكلەنگەن ئىسلامنى يوقىتالمىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، خوجايىنلىق قەلئەسىنى ئىشغال قىلالمىدى. ئەنگىلىزلارنىڭ ئۇيغۇرنى ئۆچ كۆرۈشىگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋەب بولماسلىقى مۇمكىن.

ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئۇيغۇرلارنى يامان كۆرۈشىگە كەلسەك، ھېچقانداق بىر مىللەت، ياكى قەبىلىلەريات بىر قوۋمنىڭ بېسىپ كېلىپ، ئىدارە قىلىشىنى خالىمايدۇ.

گەرچە ئۇيغۇرلار ھىندىستانغا بىرلىك، ئىناقلىق، باتۇرلۇق، دۆلەتچىلىك ئېڭى، ئىسلام ۋە تىل بىرلىكى ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدەك بۇتىنىڭ ئالدىدا مۇگدەپ ئولتۇرۇپ، دۇنيالىقتىن مەھرۇم بىر خەلققە، مېھنەت قىلىشنى، ئەمگەك قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۆزى جان تىكىپ قوغداشنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، تارىخنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىرەر كۆڭۈل يارىسى ساقلىنىپ قالدۇ. قانچە ئەسىرلىك ھۆكۈمران سۇلالىنىڭ، مەلۇم دەۋردە قاتتىق قوللۇقتىن ساقلىنالماسلىقى تامامەن مۇمكىن. ئەڭ يامان تەرىپى شۇ بولغانكى، ھىندىستاننى ئەنگلىز ۋە ياۋروپالىقلار ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تارىخلارنى تولۇق بۇرمىلاپ ئۇيغۇر، تاتار ۋە كېيىنكى بابۇرىيە سۇلالىسى (ئۇيغۇر - ئۆزبېك) ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، يەتتە ئەسىردىن ھالقىغان سىياسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە، قويۇق مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا، ھۈنەر - سەنئەت، تىبابەت، سودا - تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىگە ئىنكار قىلغان، پۈتۈن سۈرۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە قارا سۈرتكەن تارىخلارنى يېزىپ تارقاتتى. ھەر بىر كىچىك يۇرت، مەھەللىلەرگە قارىتا ئايرىم تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ھىندىستان خەلقنى ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەن قىلىۋېتىش چارىسىنى ئىشقا سالغان ئىدى. ئەنگلىزلار بابۇرىيە سۇلالىسىنى بىر ئۆلگۈچىلا، بىر قېتىملىق ئۇرۇش بىلەن ئاغدۇرغىنى يوق. ئۇرۇش بەزىدە قوراللىق، بەزىدە دىپلوماتىك ئۇسۇللاردا، ئەسىرلەپ داۋاملاشقان بولۇپ، مەركەزدىن يىراق، مۇداپىئە نۇقتىسى ئاجىز رايونلارنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەنگلىزلار ئىشغال قىلىپ، ئۇ رايوندىكى خەلقنى بابۇرىيە

مەركىزى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوللانغان ۋەقەلەرمۇ تەكرارلىنىپ تۇرغان. 1858- يىلى ئەنگلىزلار بابۇرىيە سۇلالىسىنى تولۇق ئاغدۇرۇپ، ھىندىستاننى پۈتۈنلەي بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى پارچىلاپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇرۇنقى يۇرت، مەھەللە پادىشاھلىقلىرىنىڭ نەسەبلىرىنى قايتا تىكلەپ، ھەر تۈرلۈك خۇراپات ئېتىقادلارنى پەيدا قىلىپ، ھىندى خەلقىنى مەڭگۈلۈك قۇل قىلىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. ئەمما ھىندىستاندا بابۇرىيە سۇلالىسى يىقىلغىنىنى بىلەنلا، ئۇيەرگە تۆكۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى قۇرۇپ كەتكىنى يوق. ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تەنلىرى ئۇيغۇرنىڭ روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدى. ھىندىستاندىكى يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمانلار قايتا تىكلىنىش ئۈچۈن، ئەنگلىزلارغا، ياۋروپالىق باسمىچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. بىر ئەسىرلىك تىنىمسىز كۈرەش ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئەمما تارىخ تەتقىقاتلىرىدا، بىزدىمۇ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقىنىدەك، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەنگلىزلارنىڭ، ياۋروپالىقلارنىڭ يازغانلىرى، ئېيتقانلىرى «ھۆججەتلىك مەنبە» بولۇپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ھىندىستان كۇتۇپخانىلىرىدىكى يەتتە ئەسىرلىك، بەش ئەسىرلىك، ئۈچ ئەسىرلىك قەدىمى ھۆججەت قىممىتىگە ئىگە مەنبەلەردە، ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن يېزىلغان قانلىق، ۋەھشى خاتىرىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەرقانداق بىر ھىندى پەرزەنتىنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەي قالمايدۇ. ئەنگلىزلار ۋە ياۋروپالىق ئىشغالچىلار ئەرەب، ئافرىقا ئەللىرىنى ئوسمانلىغا قارشى قوزغاشتا، ھەم بۆگۈنكى كۈنگىچە ئۇلارنى تۈركلەرگە ئۆچمەن قىلالىشىدا، ھىندىستاندا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەجرىبىدىن ئۆتكەن سىياسى ھىلە - مىكىرلىرىنى قوللانغان ئىدى. دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلار، ھىندىستان ۋە پاكىستان دۆلەتلىرى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قايتا قۇرۇلۇپ، قەد كۆتۈرۈشىنى خالىماسلىقتىكى يوشۇرۇن سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈشىنى رۇسىيەنىڭ خالىماسلىقىدىكى سەۋەبلەرمۇ، ئاساسەن ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى رايوننىڭ خوجايىنلىقىنى قىزغىنىشقا ۋە تارىختىكى ئۆچ - ئاداۋەت، دۈشمەنلىككە بېرىپ تاقىلىدۇ. رۇسلار ياشاۋاتقان ھازىرقى بىپايان، گۈزەل، مۇنبەت، يەر ئاستى- يەر ئۈستى بايلىق بىلەن تولۇپ تاشقان تۇپراق، رۇسلار قارا دېڭىزنىڭ غەربى شىمال ساھىللىرىدىكى چاغلىرىدا، ئۇيغۇرلار قەلئە سېلىپ، شەھەر سوراپ ئۆتكەن جايلار ئىدى. گەرچە رۇسلار بۇ گۈزەل ماكاننى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن بىۋاستە تارتىۋالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رۇسلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىشتە، ئۇيغۇرلاردىن قورقۇمسىراپ، ئەڭ ئاز بەش ئەسىر كېچىككەن ئىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار بۇ تۇپراقلاردىن چېكىنىپ، باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن دەۋرلەردە، رۇسلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ كېلىپ، ئەسىرلەپ قىرغىن قىلدى. (ئۇ تۇپراقلارنى ئىشغال قىلىپ، كۆچلەنگەندىن كېيىن، 19. ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قۇرغان، پاراللېل ئىككى دۆلەتىمىزنى - قەشقەرىيە ۋە ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى يىقىتتى.) رۇسلارنىڭ بۈگۈنكى رۇسىيىنى ۋە پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىنى 1922. يىلى تولۇق ئىشغال قىلغان دەۋرىگىچە، بۇ تۇپراقتا رۇسلارغا قارشى

ئەسىرلەپ جەڭ قىلغان قوۋملەرنىڭ نامى ھەر خىل ئاتالسىمۇ، رۇسلارنىڭ ئېتىراپ قىلىدىغان دۈشمىنى ئۇيغۇرلار ئىدى. رۇسلارنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىنى رەسمى قۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق قولىغا ئالغاندىن كېيىنلا، بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە سىياسى تازىلاش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر دەريا، ئوش، ياركەنت رايونلىرىدا قەستەن ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپ، سان - ساناقسىز ئۇيغۇرلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشتا، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا، ئالدىنقى سەپكە ئېۋەتىپ، جەڭ مەيدانىدا قىرغىن قىلدى. ئۇيغۇرلار ھايات قېلىش ئۈچۈن تىلىدىن، مىللى كىملىكىدىن، دىنىدىن تېنىشقا مەجبۇرلاندى. چېگرانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە - ئۇيغۇرىستاندا 20. ئەسىردە ئۇيغۇرلار قۇرغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى، ئارقىمۇ - ئارقىدىن ئىككى قېتىم باستۇردى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەھلىلچىلەر: «ئۇ چاغدا خەلقئارالىق ۋەزىيەت رول ئوينىغان ئىدى.» دەپ، رۇسلارنىڭ جىنايىتىنى ئاقلىماقچى بولىشىدۇ. ئۇنداق بولسا، 19. ئەسىردە قۇرۇلغان پاراللېل ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىنى، رۇسلارنىڭ باستۇرۇشىدا قانداق خەلقئارالىق ۋەزىيەت رول ئويناپ كەتكەنتى؟ كۈچلۈك، غالىب مىللەتلەر ۋە كۈچلۈك مىللەت ئىدارە قىلىدىغان، غالىب دۆلەتلەر ھەر قانچە تەرەققى تېپىپ، مەدەنىيلىشىپ كەتسىمۇ، مىللى زىددىيەت مەسىلىسىدە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى ئەندىزە قىلىدۇ. تارىختىكى مىللى ئۆچمەنلىكلەرنى، مىللى زىيانكەشلىكلەرنى، مىللى توقۇنۇشلارنى پرىنسىپ قىلغان ھالدا، مىللى ستراتېگىيەلىرىنى

بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كۈچلۈك، شۇڭا ئۇلار غالىب بولغان ۋە ئۆز غالىبىيەتلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرالايدۇ. مەغلۇب، ئاجىز، پالاكەت مىللەتلەردە مىللىي ستراتېگىيە بولمايدۇ. تۈنۈگۈنكى قان دۈشمىنى بىلەن بۈگۈن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، دوست بولۇپ كېتىدۇ. دوست كىم؟ دۈشمەن كىم؟ ئۇلار ئۈچۈن بەرى بىر. ئۆزىمىزدىن چىققىدۇ قومدەك مىسال. تۆمۈر خەلپە ياك زىيك شىن بىلەن يارىشىپ بېشىنى يىدى. غازى ئەمىر، تۆمۈر ئەلى ما جەنساڭ بىلەن يارىشىپ بېشىنى يىدى. ئاتالىق غازى خوجا نىياز ھاجى شىڭ شى سەي بىلەن يارىشىپ بېشىنى يىدى. ئەمىرۇل مۇئمىنىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا گومىنداڭ - جاڭ كەيشى بىلەن يارىشىپ، سامساق يىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ماۋ زېدۇڭ بىلەن يارىشىپ بېشىنى يىدى. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئۆزلىرىنىڭ يالغۇز بېشىنىلا يەپ ئارام تاپقىنى يوق. بەلكى ئۆز بېشى بىلەن قوشۇپ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ، بىر ۋەتەننىڭ بېشىنى يىگەن ئىدى. شۇ قەدەر تەكرارلانغان پاجىئە 1914. يىلىدىن 1946. يىلىغىچە 32 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن. بۇنداق بىر مىللەتتىن يەنە بىرسى بار بولسا، جەزمەنكى ئۇلارمۇ پالاكەتتىن ئۆرە كەلمىگەي ئىلاھىم!

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىدىن ئازات بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى چەكلەيدىغان، خالىمايدىغان دۆلەتلەرنىڭ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك سىياسىي، مىللىي ستراتېگىيىلىرى، مىللىي مەنپەئەت قىزىقىشلىرى، ھەتتا «ئىنسانى» ئارزۇلىرى بار. بىز ئۇلارغا جاۋاب بېرىشنىڭ، ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى تېخىمۇ خەۋپسىرەشكە مەجبۇرلاپ كەلدۇق.

20 يىل ئاۋۋالقى قىلىقسىزلىقىمىز بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقنى قورقۇتۇپ، ئۆزۈمىزدىن تېخىمۇ بەتتەر يىراقلاشتۇرغان بولساق، كېيىنكى «سۇرىيە كۆچ - كۆچى» بىلەن، ئۆزىمىزنىڭ «نەقەدەر ۋەھشى، قالاق، قاششاق، كالۋا، مەدەنىيەتسىز، ئىمانسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن، ياشاش پۇرسىتىدىن ئايرىۋېتىشكە ھەقلىق بىر مىللەت ئىكەن» لىكىمىزنى، پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتۇق. ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان بىز. دەۋاگەر خىتاي بولۇپ قالدى. زۇلۇم تارتىۋاتقان بىز، دەۋاگەر خىتاي بولۇپ قالدى. جازالىنىۋاتقان بىز، ئۇستىمىزدىن شىكايەت قىلىۋاتقان خىتاي بولۇپ قالدى. يوقىتىلىۋاتقان بىز، دۇنياغا دەرد تۆكۈۋاتقان خىتاي بولۇپ قالدى. زادى نېمىشقا شۇنداق بولۇشى كېرەك؟ - يولىمىز تەتۈر؛ ئىشىمىز تەتۈر؛ سۆزىمىز تەتۈر بولغاچقا شۇنداق بولۇپ قالدى.

ئاخىرىدا، ئۆكۈنۈش ئىچىدە شۇنى ئېيتىمەنكى: بىز باشقىلارنى مەنسىتمەيتتۇق - قازاق دەپ، قىرغىز دەپ، تاتار دەپ، تاجىك دەپ، ئۆزبېك دەپ. ئەمما بۇنى بىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى كالۋالىقىمىزدىن كۆرسەك بولغىدەك. قازاقلار، قىرغىزلار، تاتارلار، تاجىكلەر، ئۆزبېكلەر بىزنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرمەيدۇ. بىزگە ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھوشياركەن. بىزدە: «سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. ئوتتۇرا ئاسىيالىق مىللى قېرىنداشلىرىمىز، رۇسلار بىلەن يەتمىش يىل بىرگە ياشىدى. بىز خىتايلار بىلەن ياشاۋاتقىلىمۇ يەتمىش يىل بولدى. خىتايغا سېلىشتۇرغاندا رۇسلار ئىنسان ۋە ئەقىللىق. ئوتتۇرا ئاسىيالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com

مىللىي قېرىنداشلىرىمىز ئىنسان بىلەن بىرگە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەقلىنى يوقىتىپ قويماي، بەلكى ئۆزلىرىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى رۇسلاردىن قوبۇل قىلدى. بىز خىتاي بىلەن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەممە نەرسىمىزنى يوقىتىپ، خىتاينىڭ كالۋالىقىنى، پەسەندىلىكىنى، قورقۇنچاقلىقىنى، قول مىجەزلىكىنى، ھەتتا مەينەتلىكىنى قوبۇل قىلىۋاپتىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار دۇنيانى چۈشەندى. ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۆزىنى تونىدى ۋە ئۆزىنى قوبۇل قىلدى. بىز بولساق ئۆزىنى تونۇمايدىغان، دۇنيانى چۈشەنمەيدىغان ئەمما دۇنياغا خوجايىن بولۇش چۈشىنى كۆرىدىغان، پەسكەش لېكىن ھاكاۋۇر خىتايدەك، ئۆزىمىزنى قوبۇل قىلماي، دۇنياغا بويۇن سوزۇشىمىز بىر قالتىسى تېخى. خىتايلار ئەڭ نامرات بولسىمۇ، پادىشاھ بولۇپ، دۇنيانى سوراپ چۈشەيمىش. خىتاينىڭ تەسەۋۋۇرىدا پادىشاھ بولغان كىشى ئاچ قالماسمىش. شۇڭا «قورساقنىڭ بىر تويغىنى پادىشاھلىق» دەيدۇ خىتايلار. خىتايلار پادىشاھلىقنى بىر قېتىم تويغىچە تاماق يەۋالغانغا تەڭ كۆرىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى تونىمايدۇ، ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەمما قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ گادايلىقىدا ياشايدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلماي، رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىمىزدىن تېنىپ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقنىڭ رېئاللىقىنىمۇ ئىنكار قىلىمىز. دۇنيا ئەھلى قازاقلارغا: سىلەر قازاق - دېۋىدى، قازاقلار: بىز بەش يۈز يىل ئاۋۋال، مىڭ يىل ئاۋۋال قازاق ئەمەستۇق؛ ئەمدى نېمىشقا قازاق بولغۇدەكمىز؟ دېمىدى. ئەكسىچە توغرا، بىز قازاق - دەپ، ئۆزىگە كەلگەن ئامەتنى،

رىئاللىقنى قوبۇل قىلدى. قازاقىستاننى ۋەتەن - دەپ، قوبۇل قىلدى ھەتتا. قىرغىزلارغا: سىلەر قىرغىز - دېۋىدى، ياق، بىز ئىككى مىڭ يىل ئاۋۋال قىرغىز ئەمەستۇق؛ ئەمدى نېمىشقا قىرغىز بولغۇدەكمىز؟ دېمىدى. بەلكى قوبۇل قىلدى. مىڭ يىل ئاۋۋال ياشاپ باقمىغان جاينى ۋەتەن تۇتۇپ - قىرغىزىستان قىلىۋالدى ھەتتا. ئۆزبېكلەرگە: سىلەر ئۆزبېك - دېۋىدى، ياق، بىز بەش يۈز يىل ئاۋۋال، ئىككى يۈز يىل ئاۋۋال ئۆزبېك ئەمەستۇق. ئەمدى نېمىشقا ئۆزبېك بولۇپ قالغۇدەكمىز؟ دېمىدى. بۇ گۈزەل نامنى ھۆرمەتلەپ قوبۇل قىلدى. ياشىغان ۋە بۇگۈنمۇ ياشاۋاتقان تۇپراقلىرىنى مەڭگۈلۈك ۋەتەن تۇتۇپ - ئۆزبېكىستان - دەپ، ئاتىۋېلىشتى شۇنداق گۈزەل. تاجىكلەر ئەزەلدىنلا، تاجىك بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلق. ئىزاھات بېرىش ھاجەتسىز. لېكىن ئۇيغۇرلارغا كەلگەندە، ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان رەددىيە چىقتى.: سىلەر ئەلمىساقتىن بېرى ئۇيغۇر؛ ئوتتۇز مىڭ يىللىق تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەكلىرىڭلاردا، ئۇيغۇر- دېگەن نام يېزىقلىق؛ يىگىرمە مىڭ يىللىق ئويما خەتلىرىڭلار بىلەن، ئۇيغۇر دېگەن نامىڭلار يېزىلغان؛ سىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتا جەمەتى - دېسە، ئۇيغۇرلار ئېغىلدىن ئۈركۈپ قاچقان تەخەيدەك، چېچاڭشىپ رەت قىلدۇ. ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ قارشىسىغا مۇسۇلمان دېگەن سۆزنى قويۇۋاپتۇ بەزەن ئالجوقىلار تېخى - بىز ئۇيغۇرمۇ، ياكى مۇسۇلمانمۇ؟ - دەپ. بەزى بىر ئاتالمىش «ئالىملار» ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئاڭلىسا، قۇيقا چېچى تىك تۇرىدىكەن: «56. يىلى كوممۇنىست خىتايلار پەيدا قىلغان نامتى» - دەپ. بەزى بىر ئاتالمىش «تەتقىقاتچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىملار» : «ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 24. يىلى رۇس پەيدا قىلغان نام بۇ ئۇيغۇر دېگەن؛ ئەسلىدە ئۇنداق بىر مىللەت ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەنتى» - دەپ، قاغىشلىق قىلىدىكەن. ئۇلار: بىز تۈرك - دەيدىكەن. لېكىن بۇلارنىڭ «تۈرك» لىكىنى يا دۇنيا تونىمايدۇ. يا تۈركلەر ئېتىراپ قىلمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ رېئاللىقىنى تونۇمىغىچە، قوبۇل قىلمىغۇچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ رېئاللىقىنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە، تۈركىستان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش چۈشىدىن ئويغانمىغۇچە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە تەھدىت بولىدىغان ئىپادىلەردىن ۋاز كەچمىگىچە، قېرىنداش ئەللەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن، زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئامان قالالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا ھەقلىق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. بىز بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشقان چېغىمىزدىلا، دوستىمىز كۆپىيىپ، دۈشمىنىمىز ئازىيىدۇ. بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ يورۇق كۈنلىرى يۈزىنى ئاچىدۇ.

2018.10.10

## ئون ئۈچىنچى باب

# چەتئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك سىياسى ئۇقۇملار

تىل - ئىنسانلار ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ئالاقە ۋاستىسىدۇر. مەيلى ئۇ، مۇناسىۋەتلىشىش جەريانى سۆزلەش ئارقىلىق بولسۇن، يېزىق ئارقىلىق بولسۇن ۋە تۈرلۈك بەلگە، ئىشارەت، چىراي ئۆزگۈرۈشى، قول، بەدەن ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بولسۇن، كۆڭۈلدىكى مەقسەتنى ئىپادىلەشكە قاتناشتۇرۇلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى «تىل ئىپادىسى» گە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. يەنى تىل دېمەك - ئىنسانلار ئۆز - ئارا مەقسەت، مەزمۇن، مەنا، پىكىر، كۆڭۈل، چۈشەنچە ئالماشتۇرىدىغان قورال دېمەكتۇر. ئىنسانلار سۆزلىشىشكە باشلىغاندا، بىر قانچىلا كەلىمىلەرنى بىلەتتى. ئەمما كۆڭۈللەردە چەكسىز مەنا، ساناقسىز ئۇقۇملار بار ئىدى. شۇ ئۇقۇم ۋە مەنالارغا بەلگىلىك سۆز تېپىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، تۈرلۈك شەكىل، ئىشارەت ۋە ئىپادىلەرنى قوللانغان. ئىنسانلار كۆپەيگەنسېرى، مۇناسىۋەتلەرمۇ كېڭىيىپ، ئالاقە دائىرىسىگە قارىتا سۆزلۈكلەر ۋە تىللار بېيىدى. قەبىلىلەر شەكىللەندى. مىللەتلەر شەكىللەندى. ئىنسانلار قەبىلە ۋە مىللەت تۈرلىرى بويىچە ياتلىشىشقا، دۈشمەنلىشىشكە يۈزلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسانلار مەيلى دوستلاشسۇن، ياكى دۈشمەنلەشسۇن تىل يەنىلا ئۆز رولىنى يوقاتمىدى. ئىنسانلار بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلسىمۇ، يامانلىق قىلسىمۇ تىل مۇھىم رول ئوينىدى. ئالدامچىلارمۇ، نامەرتلەرمۇ ئۆزىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. پۈتۈن ياخشىلىق، ئادىمگەرچىلىكمۇ تىل ئارقىلىق تەشەببۇس قىلىنىپ كەلدى. تىل - ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە قىممەتلىك بىر مەنىۋى، روھى ھەم ماددى بايلىق بولۇشىغا قارىماي، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىك بىلەن چىركىنلىكنىڭ، پەزىلەت بىلەن پەسكەشلىكنىڭ، قىسقىسى بارلىق ياخشى ۋە يامانلىقنىڭ ئارىسىدا چەكلىمىسىز ئىشلىتىلىدىغان قورال بولۇپ قالدى.

تىلنى ئىنسانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتىن، ئىلمى تەپەككۇرغىچە، قوپال ئەمگەك مۇلازىمەتلىرىدىن، ئىلمى تەتقىقاتقىچە، ئائىلىۋى ھاياتتىن، ئىجتىمائىي جەمئىيەتكىچە، دىنى ئەقىدىدىن، پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشقىچە، ئاۋام پۇقرالاردىن، سىياسەتكىچە ھېچ قانداق توسالغۇسىز، راۋان ئىشلىتىپ كەلمەكتە. تىل ئىلاھى ۋەھيىنى سۆزلىگىنىدەك، ئەڭ قاباھەتلىك مەزمۇنلارنىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ. ئىنسانلارنى راستچىل، مەردانە بولۇشقا تەشەببۇس قىلغىنىدەك ھەم ئىنسانلارنى ئالداپ، بوزەك قىلىشتىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدۇ.

تىما باشقا يەردە، نېمىشقا تىل توغرىسىدا گەپ باشلىنىپ قالدى؟ - توغرا، ئەسلىدىكى ماۋزۇ تىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەمما بىزنىڭ چەتئەلدىكى سىياسى كۈرىشىمىز پەقەت تىل كۈرىشىگە ئوخشاپ قالغاچقا ھەم چوڭ ئۇقۇشماسلىقلار، ئالداش ۋە ئالدىنىشلار، پەقەت تىلنىڭ يېلى بىلەن ئىشقا ئېشىۋاتقان

بولغاچقا؛ ھەتتا مىللىي تەقدىرىمىزگە زىچ باغلىنىشلىق مۇئەممالاردىمۇ تىل رول ئويناۋاتقان بولغاچقا، تىل توغرىسىدا سۆزلىنىپ قالدى. بۇ تېمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغىنى، تىلىمىزدىكى بىر تۈركۈم مۇھىم سىياسىي ئاتالغۇلاردۇر. بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، سىياسىي ئاتالغۇلار ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملارغا دىققەت قىلماي ئادەتلىنىپ قالغان ۋە ئاغزىمىز كۆنۈپ قالغان بويىچە سۆزلەپ كېتىۋېرىمىز. ھەتتا بەك كۆپ تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا؛ تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمىز كۆنۈپ قالغان بولغاچقا؛ ئاغزىمىز دەۋاتقان سۆزلەرنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىغا، قانچىلىك ئەكسى ئۇقۇم ئىپادىلەپ قويىدىغانلىقىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيمىز. دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە، سىياسىي دەۋا، سىياسىي مۇناسىۋەت، شۇنىڭدەك سىياسىي دېلولاردا، ھەر بىر سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئۇدۇل مەنىلىرى، يانداش مەزمۇنلىرى ۋە ئۇقۇملاشقان ئوبيېكتى بارلىقىنى دىققەتتىن ساقىت قىلىنىۋەتسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان سەلبىي نەتىجىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭا بۇ توغرۇلۇق، مەخسۇس قوللانمىلار تۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق چوڭ ئىشنى تەتقىقاتچى، ئالىم - زىيالىيلارغا ھاۋالە قىلىپ، ھازىرچە بىر باب تەييارلاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئۈچ ئەسىرلىك ھاياتىنى، ھەربىر كىشى قاتنىشىپ كېلىۋاتقان، تولۇق سىياسىي ھايات دېيىشكە بولىدۇ. ئەسلىدە ھەرقانداق ماكاندا، ھەرقانداق زاماندا ئىنسانلار مەۋجۇت بولىدىكەن، جەزمەنكى سىياسەتمۇ شۇ يەردە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. لېكىن دۆلتى مۇنقەرز بولۇپ يىقىلغان، ۋەتىنى ياتلار تەرىپىدىن، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلىنغان ھەر قانداق مىللەت ئاھالىسى، سىياسەتكە بىۋاستە قاتنىشىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى سىياسەتتىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. بىراق بىز كېيىنكى ئۈچ ئەسىرلىك تارىخىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار سىياسەتنىڭ ئۇرۇش قىسمىنىلا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇش، ئىدارە قىلىش ۋە دېپلوماتىيە قىسىملىرى بىلەن ئاساسەن تونۇشمىغان دېسەك، ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئەسىرلەپ ئۇرۇش قىلغان، شۇ قەدەر كۆپ قۇربان بەرگەن ۋە ساناقسىز بەدەل تۆلىگەن بىر خەلق، قانداقلارچە مىللىي سىياسەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەن بولىدۇ؟ - بۇنىڭ جاۋابى ئاددى: ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئۈچ ئەسىر بويىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش ۋە كۈرەش جەريانىدا، تارىخى خاتىرە تۇرغۇزۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن ھەم سىياسەتنى نەزەرىيىۋىلەشتۈرمىگەن. مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىدا، غەلىبىنىڭ خاتىرىسى يېزىلمىغاندەكلا، مەغلۇبىيەتلەرمۇ خاتىرىلەنمىگەن ۋە سىياسى خۇلاسە چىقىرىلماي، كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك، ئىبرەت ۋە يول خەرىتىسى قالدۇرۇلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەندە ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق كۈرەشلىرىمىزدىن ئەندىزە ئالالمىغاچقا، ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكەت ۋە كۈرەشلىرىمىزنىڭ مۇساپىسىنى «25 يىللىق كۈرەش جەريانى» غا يىغىنچاقلاشقا مەجبۇرلىنىمىز. يەنى ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسى دەۋا، سىياسى كۈرەشلىرىمىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە 25 ياشقا كىرىپ بولدى. ئەمما ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا سىياسى چۈشەنچە، سىياسى كۆز - قاراشلار تېخى قورامغا يەتمىگەن، تېخى گۆدەكلىكتىكى ۋەزىيەتنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى بىر مۇھىم

سىياسىي ئاتالغۇلار ئۈستىدە، ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

## 1. مۇستەقىللىق

مۇستەقىللىق دېگەن سۆز - تېررىتورىيىلىك مۇستەقىللىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى تېررىتورىيىلىك مۇستەقىللىق - «مەلۇم بىر تۇپراقنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن چېگرا پاسىلىنى، شۇ تۇپراقتا ياشايدىغان خەلق تەرىپىدىن، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنىڭ بارلىقى ئوچۇق ئېلان قىلىنىشى: شۇنىڭدەك ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ، ئوچۇق ئېلان قىلىشى ۋە مەزكۇر ھوقۇقلارنى قوشنا ئەللەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى» قاتارلىق، رەسمىيەتلەشكەن تېررىتورىيىلىك ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. تېررىتورىيىلىك مۇستەقىللىق ھوقۇقى، ھەر قانداق ھوقۇقلاردىن ئۈستۈن بولۇپ، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا: مۇستەقىل دۆلەت - دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئىزاھات ۋە چۈشەنچە بېرىش ھاجەتسىز. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردەك، دۈشمەننىڭ مۇستەملىكىسى ۋە چەكسىز زۇلمى ئاستىدا خورلىنىۋاتقان، ئازابلىنىۋاتقان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، دۆلەت ھوقۇقىنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىش، ئۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش پەقەتلا ئارتۇقچە. چۈنكى ئالدىنقى ئەسىردىكى رەھبەرلەرنىڭ، مىللىي ئەركىنلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئىقتىسادى ئەركىنلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، دىنىي ۋە ياشاش ئەركىنلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاللاشنى مۇستەقىللىقتىن ئەۋزەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت ھوقۇقىدىن، دۈشمەن بەرگەن مەنسەپنى چوڭ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قىسقىسى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قىممىتىنى، مۇقەددەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىدەك، سىياسى ئاڭ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىزنىڭ قانداق خورلۇقتا مەھكۇم بولىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر قالمىدى بەلكىم. دېمەك، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىلىشى مۇمكىن. ئەمما تېررىتورىيىلىك مۇستەقىللىقتىن - دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. دۆلەتكە ھېچقانداق بەدەل تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ئىككىنچى مىللى مۇستەقىللىق - «مەلۇم بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى تەڭ باشقۇرىدىغان؛ ئۆز ئالدىغا تىل- يېزىقى، دىنى ئەقىدىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بار؛ مۇستەقىل ئىقتىسادقا ئىگە؛ دۆلەت ئىچىدە شۇ مىللەت ئاھالىسىگە تەۋە تۇپراق پاسىلى بولغان؛ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆز رەھبەرلىرىنى ئۆزلىرى خالاپ مەنسەپكە ئولتۇرغۇزۇپ ھەم مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىيالايدىغان ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە؛ سىرتنىڭ ھەرقانداق دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشىدىن خالى، بىمالال ئىرادىگە ئىگە بولماق» دېمەكتۇر. مىللى مۇستەقىللىق ئۇقۇمى ئاپتونومىيە ئۇقۇمىدىن بىر قەدەر كەڭ بولۇشى مۇمكىن. شۋېتسارىيە ۋە بېلگىيىدىكى تەڭ ھوقۇقلۇق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى «مىللى مۇستەقىللىق» ئۇقۇمىغا مىسال بولالايدۇ.

## 2. ئاپتونومىيە

ئاپتونومىيىنىڭ سىياسى تەسىرى، ئۇيغۇرلارغا 1931. يىللىرىدىن باشلاپ، چىن تۈركىستانچىلار ئارقىلىق خىتايدىن

كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇرلارمۇ تەرەققىياتتىن مەھرۇم قالغان باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ياتلاردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ پايدا، زىيىنى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەي، قوبۇل قىلىۋالىدىغان چۈشكۈن ئادىتىمىز بولغاچقا، ھەم سىياسەتنى نەزەرىيەلەشتۈرمىگەن بولغاچقا، سىرتتىن كىرگەن تەييار نەرسىلەرنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىدىغان ئەيىپىمىز يېتىپ ئاشقىچە بار. گومىنداڭ ـ خىتاي سىياسەتچى زىيالىيلىرى ئاخماق قىلىپ: ئاپتونومىيىنى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا بەك توغرا كېلىدۇ- دەپ، ئاغزىغا لوقما سېلىپ قويسا، ئۇنى چايناپ باقماي: ئاغزىمىزدا تاتلىق بىر نەرسە بار- دەپ، ئاۋام پۇقرالارغا داۋراڭ سېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئاپتونومىيە چۈشەنچىسىنى ئالدىن ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان ئىدى. شۇ چاغلاردىكى ئاتالمىش ئىلغار، ئاڭلىق دېيىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ھەتتا: مۇستەقىللىقتىن، خىتاي بېرىدىغان «ئاپتونومىيە» نى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. چۈنكى ئۇ، «پېشۋالىرىنىڭ ئاغزىدىكى تاتلىق نەرسە» بولغاچقا، گەرچە ئۇنى ئۆزلىرى تېتىپ كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، پېشۋالىرىدىن ئاڭلىغانلىرىغا چوقۇنۇپ كېتىپ، ئاپتونومىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەرغىب قىلىشقان ئىدى. ئاتالمىش ئىلغارلارنىڭ قاللىسىدا: ئاپتونومىيىنى كىمنىڭ بېرىشى مۇھىم ئەمەس، بەرسىلا بولاتتى ـ دەيدىغان پىكىر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بەرسىمۇ، گومىنداڭ خىتايلار بەرسىمۇ، كوممۇنىست خىتايلار بەرسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن پەرقسىز ئىدى. شۇڭا مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خالىمىغان چىن تۈركىستانچىلارمۇ، گومىنداڭنى خالىمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

46. سوۋېت پەرەسلەرمۇ ئاپتونومىيە سۆھبىتىدە ئىتتىپاقلىشىپ، يىلى 2. ئىيۇن «11 بىتىم شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويۇشقان. ئۇلار گومىنداڭچى خىتاي پەرەسلەر، كوممۇنىزمچى خىتاي پەرەسلەر ۋە سوۋېت پەرەس كومونىزمچىلاردىن تەركىب تاپقان كىشىلەر بولۇپ، رۇسپەرەسلەر ئاپتونومىيىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋەزىپە ئادا قىلغىلى كەلگەن خادىملار بولغاچقا، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى قانداق بولسا، شۇنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى. ئەگەر ۋەزىيەت يۇقىرىقىدەك بولمىغان تەقدىردە، 6 يىل شەھەر سورىغان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان 30 مىڭ كىشىلىك دۆلەت ئارمىيىسى بار مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت، بەش نەپەر رەھبىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىلەنلا تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتەتتىمۇ؟ قانداقلا چۈشەنچە بەرمىسۇن، شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ، ئىلغار پىكىرلىك ۋە زىيالىي، موللا - ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئاپتونومىيىگە چوقۇناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاي باسمىچىلىرى بىر پاي ئوق ئاتماي، بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئاپتونومىيە» نى تۇتقۇزۇپ قويالىغان. ئۇنىڭ دەردىنى يەتمىش يىلدىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتىمىز. ئاپتونومىيىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر يوق. ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاستىدا ئۇيغۇرلار ئۈچىنچى ئەۋلاتقا ئۇلاشتى. ئەمما چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كېيىنكى 15 يىلدىن بۇيان: خىتاينىڭ شەكەر يالىتىلغان، يەنە بىر تۈرلۈك ئاپتونومىيىسىنى (ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى) تەرغىب قىلىش ئومۇملىشىپ كەتتى. ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىرى، ۋەتەن دەۋاسى قىلغۇچىلىرى مۇستەقىللىق دېگەن سۆزنى،

چەتئەللىككە دەپ تاشلاشتىن ئۈيۈلدىغان بولۇپ قېلىشتى. زىيالىي ـ دوكتورلارغۇ: مۇستەقىللىق ـ دەپ، قۇرۇق گەپنى قىلغاننىڭ پايدىسى، نەتىجىسى نېمە بولماقچى؟ ئۇ، قۇرۇق شۇئاردىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ بىمەنىلىك، تەلۋىلىك ـ دەپ، ئەسكى چاپاننى سىلكىگەندەك، چۆرۈپ تاشلايدىكەن تېخى، ئۆزلىرى ئاق يەردە ياشاپ يۈرگىنىنى بىلەن.

ئاپتونومىيە زادى قانداق مەمۇرى تۈزۈم؟ ـ ئاپتونومىيە ـ «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللىي ئاپتونومىيە» دىن ئىبارەت، بىر قانچە تۈرلۈك مەمۇرى تۈزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى: «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» ـ بىر دۆلەت ئىچىدىكى باشقا رايونلاردىن، مەلۇم چېگرا پاسىلى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە رايونغا قارىتا بېرىلىدىغان مەمۇرىيەت بولۇپ، ئۇ رايوندا ياشايدىغان خەلقنىڭ مىللى خاسلىقىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت شۇ رايوننىڭ تۇپراق ئايرىملىقىغا بېرىلىدىغان سىياسى، مەمۇرى ھوقۇق ئىمتىيازىدۇر. ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان «جۇمھۇرىيەتلەر بىرلەشمىسى» دەل، «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» نىڭ ئۆزى بولۇپ، ھەر بىر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆز ئالدىغا يەرلىك قانۇنلىرى، يەرلىك پارلامېنتى، يەرلىك سىياسەتلىرى، يەرلىك ئىقتىسادى سىستېملىرى، يەرلىك تاشقى سودا مۇناسىۋەتلىرى بولىدۇ. گېرمانىيىمۇ 16 جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. ھەر بىر جۇمھۇرىيەتنىڭ نۇرغۇن سىياسەت ۋە يەرلىك قانۇنلىرى بەئەينى مۇستەقىل دۆلەتنى ئەسكە سېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» - بىر دۆلەت تەركىبىگە مەيلى ئىختىيارى بىلەن، ياكى ئىشغالىيەت بىلەن قېتىلغان زېمىن، رايون يات مىللەتكە خاس بولغان بولۇپ، ھەم شۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى بولغان يات مىللەتكە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى، يەرلىك قانۇن، يەرلىك سىياسەت بەلگىلەش ھوقۇقى، يەرلىك ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. قىسقىسى «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» بىلەن«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» نىڭ ئارىسىدا ھوقۇق پەرقى بولمايدۇ. پەقەت ئاشۇ تېررىتورىيىدە ياشايدىغان خەلقنىڭ يات مىللەت بولىشى، ياكى دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى خەلق بىلەن بىر مىللەت بولىشىدىن ئىبارەت مىللىي پاسىلدا پەرق كېلىپ چىققان بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئاپتونومىيىلىك ئۆلچەمدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدەك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەلەر، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە خېلە كۆپ. ئىسپانىيىدىكى كاتالونىيە، باسكېتىيە، ئىتالىيىدىكى سۇدترول قاتارلىق رايونلار، ئىشغال قىلىنغان ھەم يەر ئىگىسى بولغان مىللەتلەر ياشايدىغان ئاپتونومىيىلىك رايونلاردۇر.

ئۈچىنچى: «مىللىي ئاپتونومىيە» دېگەن - ھېچقانداق تېررىتورىيىگە ئىگە بولمىغان، (ئاممىۋى كۆچۈپ كېلىپ، ئورۇنلىشىپ قالغان بولىشى مۇمكىن) لېكىن ئايرىم تىل، ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە مىللەت ۋە خەلق گورۇپپىلىرىنىڭ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە ئەللەردە مىللىي مەۋجۇتلۇقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشلىرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايەندە قىلىشلىرى ئۈچۈن، دۆلەت

تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ھوقۇق ئىمتىيازلاردۇر. «مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق» دېموكراتىك ئەللەردە، «ئىنسان ھەقلىرى نورمىسى» بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

ئاپتونومىيە - يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇ پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن سىياسىي تۈزۈمگىچە، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن كىشىلىك ھاياتقىچە، پەرقلىق ئۇقۇملاردا كەڭ قوللىنىدىغان سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىدۇر.(پەلسەپىۋى مەزمۇندا:) ئاللاھ ئىنسانىنى بارلىق جانلىقلاردىن پەرقلىق، قابىلىيەتلىك ياراتتى. مەيلى جىسمانى تۈزۈلىشى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەقلى قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن، ئىنسان تەڭداشسىز بارلىقتۇر. شۇڭا ئۇ ئۆز تەپەككۇرىدا، ئۆز ھەرىكەت ئىرادىسىدە ئەركىن، دەخلىسىز بولۇشقا ھەقلىقتۇر. (سىياسىي تۈزۈمدە:) ئىنسان ئەركىن تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، ئۆز ئىرادىسى بىلەن قانداق تۈزۈمنى تاللاشقا ھەقلىق. ئۆزى ياقتۇرغاننى قىلالىشىغا ئىمكانىيەت بېرىلىشى كېرەك. (ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە:) ئىنسان ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان كوللېكتىپ بىلەن، ئۆزى تاللىغان، ئۆزى ياقتۇرغان سورۇنلاردا، ئەركىن، دەخلىسىز سۆز، پائالىيەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر. (كىشىلىك ھاياتتا:) ئىنسان كىم بىلەن بىرگە ياشىشى، كىم بىلەن ئايرىلىپ ياشىشى، ھەرقانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دەخلى قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. «سېنىڭ ساڭا، مېنىڭ ماڭا. مېنىڭ قازىنىم ئۆز ئۆيۈمدە قايناىدۇ. تۇتۇن چىقسا مېنىڭ مورامدىن چىقىدۇ. سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟» - دېيەلىشى لازىم.

يەنى ئاپتونومىيىنىڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنى: «ئىنسانلار ئەركىن خاھىشىقا، ئەركىن تەپەككۇرغا، ئەركىن ياشاشقا

ھەقلىقتۇر» ؛ سىياسىي مەزمۇنى: «ئىنسانلار ئۆز ئىرادىسى بىلەن سايلاش، تۈزۈم تاللاش، بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر، ھېچقانداق تۈزۈم ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش، توسقۇنلۇق قىلىش ھەققى بولماسلىقى كېرەك» ؛ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مەزمۇنى: «كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان، ئارزۇ قىلغان گۇرۇپپىلارغا قېتىلىپ، ئارزۇسى بويىچە پائالىيەتكە قاتنىشىش، تەرتىپلەش ئىشلىرىدا ئەركىندۇر» ؛ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەزمۇنى: «ھەر ئادەم ئۆزى مۇستەقىل ياشاشقا ھەقلىق. ھەر ئادەمنىڭ مۇستەقىل ھاياتى، مۇستەقىل ئىرادىسى، سەۋەپسىز بۇزغۇنچىلىققا، توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى لازىم» - دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، ئاپتونومىيە ئۇقۇمى تىلدىن تىلغا يۆتكىلىش، تۈزۈمدىن تۈزۈمگە ئالمىشىش جەريانىدا، ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان جايلاردا پەرقلىق مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، بەزىدە نەپرەتكە لايىق بولسا، بەزىدە ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بىزدەك، مۇستەقىل دۆلەت ھوقۇقىنى ئاددى كۆرۈپ، دۈشمىنىنىڭ ئاپتونومىيىسىگە تىگىشىۋېتىدىغان، مۇستەقىللىق شوئارىنى نومۇس بىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىغا ئالماشتۇرۇپ خەجلەيدىغان رەھبەرلىرى بار مىللەتكە نىسبەتەن، بۇ ئاپتونومىيە دېگەن لەنىتى تۈزۈم، مۇستەملىكچىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 3. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى

بىزنىڭ يۇرتتا بەت - بەشرە بىر لوكچەك بار ئىدى. ئۇنىڭ يۇرت ئەھلىگە قىلمىغان ئەسكىلىك قالمىغان

بولغاچقا، كىشىلەر ئۆنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالماي: ھاراق - دەپ، ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. 80. يىللىرى قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇپ، مەسچىتلەر ئېچىلىشقا باشلىغاندا، ھېلىقى لۈكچەك بېشىغا يوغان سەللا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيىپ، مېھرابقا ئۆتۈۋالغان گەپ - ئىمام بولۇپ. يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسىدە مەسچىتنىڭ ئىمام، مەزىنلىرى يۇرت ئەھلىنى يېتەكلەپ، جامائەتچىلىكنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىغا قارايدىغان بولغاچقا، ھاراق يۇرتنى بېشىغا كەيدى. يۇرت - جامائەت دېگەن قويدەك يۇۋاش بولىدىكەن: «ئاللاھ ھىدايەت بەرسە، پەيغەمبەر ياق دېيەلمەيتۇ» دېيىشىپ، سۆتكە ئۆگەنگەن پاخلاندەك، ھاراقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈر - يېتىم قىلىشىپ، يۇرتنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىنى پوش دېمەس بولۇپ كەتتى. كېيىن يۇرتنىڭ ياشلىرى تەۋرىنىپ، ھاراقنى ئىماملىقتىن ئېلىۋەتسە، ئەتىسىدىن باشلاپ پەشتاقتا چىقىپ، ئەزان توۋلاپ، يەنە جامائەتنى باشقۇرۇشنى قولدىن بەرمىگەن ئىدى. ھاراق ئۈچۈن ئىمام بولۇش، ياكى مەزىن بولۇش پەرقسىز. ئۇ پەقەت ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان جامائەتنى، يۇرت ئەھلىنى ئاست - ئۈستىن قىلىپ، باشقۇرسىلا بولدى. خۇددى ئاشۇ ھاراقكەشنىڭ ھېكايىسىغا ئوخشاش، ئاپتونومىيە نېمە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش نېمە؟ - ئۇيغۇرلارنى خىتاي مۇستەملىكە قىلىپ باشقۇرسىلا بولدى - دېگەن گەپ. بىز ۋەتەندە خىتاينىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈمىدىن داد - پەندىيات دېگەچكە، چەتئەلدە بولسىمۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىشقا يول ئىزدىدۇق. سىياسى پۇرسەتلەر بار ئىدى.

بىزنىڭ سىياسى تەلەپ ۋە ئىرادىمىزنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، كوزۇر قىلىش تاكتىكىسى بىلەن بولسىمۇ، بىزنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان كۈچلەر تېپىلاتتى. بىراق، ۋەتەندە بىزنى ئاپتونومىيە بىلەن باشقۇرغانغا ئوخشاشلا، چەتئەلدىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قوللىنىپ، بىزنى ئىدارە قىلدى. «مۇستەقىللىق دەپ، كاجلىق قىلساق، دەۋرىمىزغا ھېچ كىم قۇلاق سالمايدۇ؛ ئەڭ ياخشى چارە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئۈچۈن، كۈرەش قىلىمىز ۋە شۇ ھەقنى تەلەپ قىلىمىز دېسەك، بىزنى دۇنيا ئەھلى قوللايدۇ» - دېگەن، شەيتانى ۋەسۋەسىنى ئىشلىتىپ،(ئەركىن دۇنيادا: ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق كېرەك! دەپ، توۋلايدىغان پۇرسەت بار يەردىمۇ،) ئاپتونومىيىنىڭ ئىچىدىكى بىر تارماق ھوقۇقىنىڭ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىلەن بىزنى ئىدارە قىلدى ھەم پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە: ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماي، ئاپتونومىيىلىك تۈزۈم ئاستىدا، خىتاينىڭ ئەمرى ئاستىدا ياشايدىغان مىللەت - دېگەن سىياسى سالاھىيەتنى ھازىرلاپ بەردى. ئەگەر ئۇلار چەتئەلدىمۇ ئۇچۇقتىن - ئوچۇق: بىزگە ئاپتونومىيە كېرەك - دەپ تۇرايلى - دېگەن بولسا، ئۇيغۇرلارنى كولدۇرلىتالمايتتى - دە، ئۇستىدىكى(جۇڭخۇا فېدېراتسىيىسى بەرگەن) ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىغان بولاتتى. «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» دېگەن سۆزنىڭ، «ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقنىڭ تارماق بىر پارچىسى» - دېگەن ئۇقۇمدىن باشقا بىر مەناسى يوق. بىرسى يۇنانچە چوڭراق ئۇقۇم. يەنە بىرسى ئۇيغۇرچە

كىچىكرەك تارماق ئۇقۇم خالاس.

## 4 . ئىنسان ھەقلىرى

ئىنسان ھەقلىرى ـ پەلسەپۋى، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىلاردىن تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، سان ـ ساناقسىز تارماق ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ۋاز كېچىلمەس، دەخلى ـ تەرۆز قىلىنماس مەنىۋى، ئەقلى، روھى، ۋىجدانى، جىسمانى ۋە ماددى قىممەتلەرنى قوغدايدىغان ھوقۇقلارنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپلىرىنى پەلسەپۋى نۇقتىدىن شەرھلىگەندە: «ئىنسان دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن؛ ئىنسان ھەممە جانلىقلاردىن ئەزىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن؛ ئىنسان ھېسسىيات، ئەقىل ۋە تەپەككۇرغا ئىگە، جىسمانى يارىتىلىشى مۇكەممەل، تەڭداشسىز بارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، ئەقلى، روھى، ۋىجدانى، ھېسسىيات ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئۆز خاھىشى بويىچە ھەرىكەت، پائالىيەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر. ئىنسانغا روھى، ئەقلى، ھېسسىيات ۋە جىسمانى جەھەتتىن دەخلى ـ تەرۆز يەتكۈزۈلمەسلىكى لازىم.» ـ دېگەندەك، ئەقلى تەپەككۇر ۋە ئەقلى خۇلاسىگە باغلىق بولغان، مەنىۋى ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپلىرىنى سىياسى نۇقتىدىن شەرھلىگەندە: «ئىنسانلارنىڭ ئەركىن تاللاش، تاللىنىش، سايلاش، سايلىنىش، باشقۇرۇش، تەشكىللەش ھوقۇقى، پىكىر قىلىش، پىكىر تارقىتىش ئەركىنلىكى، ياشاش، مېھنەت قىلىش، قوغدىنىش ھوقۇقى... قاتارلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرى، ھېچقانداق شەكىلدە، ھېچكىم تەرىپىدىن چەكلىمىگە، توسقۇنلۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇچرىماسلىقى كېرەك.» ـ دېگەندەك، سىياسىي مۇئەماغ ئالاقىدار بارلىق ھوقۇق چۈشەنچىلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپلىرىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن شەرھلىگەندە: «ئىنسانلار ئۆز ـ ئارا ئويۇشۇش، توپلىشىش، پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشكىللىنىش، تەشكىللەش ئەركىنلىكىگە ئىگىدۇر؛ كىملەر بىلەن باردى كەلدى قىلىش، كىملەر بىلەن قانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىگە ئىگىدۇر؛ مەدەنىيەت ـ سەنئەت، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەت سورۇنلىرى ئويۇشتۇرۇش، دىنىي پائالىيەت ۋە تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئويۇشتۇرۇش، قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگىدۇر؛ نامايىش، مىتىڭگ قاتارلىق ئاممىۋى ھەم ئوچۇق ئاشكارا نارازىلىق ۋە قوللاش، تەن تەنە پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىگە ئىگىدۇر...» دېگەندەك، ئىنسانلارنىڭ ئاممىۋى ئورتاقلىشىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان، بارلىق ساھەلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ھەقلىرى نورمىسى مىللەت چېگراسىدىن، دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خاھىشىدىن كېلىپ چىققان، ئادەملەر تەرىپىدىن، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا، چەكلىمىگە يولۇقماسلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان، يەككە ھەم ئاممىۋى ئارزۇلارنىڭ نامايەندە قىلىنىش جەريانىنىڭ كاپالىتى دېمەكتۇر.

## 5. كىشىلىك ھوقۇق

ئەلمىساقتىن ـ ئىنسانلار ئۆز ـ ئارا دەخلى ـ تەرۈز ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىش، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش، ئۆز ـ ئارا قوغدىشىش تۇيغۇلىرى، خاھىشلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن

بۇيان، بولۇپمۇ «بۇ مېنىڭكىدۇر، بۇ بىزنىڭكىدۇر» چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن بۇيان، ئۇ چۈشەنچىگە: «قىزنىقىش ۋە قىزغىنىش، ھەققى ۋە ھوقۇقى» دەپ، نام بېكىتىلگەندىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيا بۇ نامنى «ئىنسان ھەقلىرى» -دەپ، تونىدى ھەم شۇنداق قوبۇل قىلدى. ئەمما بىزگە كەلگەندە، خىتايلار بۇ نامنى پارچىلاپ، يەككىلەشتۈرۈپ، كىچىك ھەم تارقاق ھالغا كەلتۈرۈپ: «كىشىلىك ھوقۇق» دېگەن، تارماق بىر نامغا يىغىنچاقلاپ بەردى. بۇ بەلكىم ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپلىشىشىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئادەملەرنى يەككىلىشىش ۋە ئىپتىدائى دەۋرگە ئائىت، ياتلىشىش ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ھاكىم مۇتلەق كوممۇنىست دۆلەتلەرنىڭ كەشپىياتى بولىشى مۇمكىن. ياكى خىتايلارنىڭ ئۆز - ئارا ئىشەنچىسىز، يەككىچىلىك «مەنچىلىك» خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان سىياسى ھادىسە بولىشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن «ئىنسان ھەقلىرى» دېگەن، ھەم يەككە ئادەمنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى، ھەم كوللېكتىپنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئامموۋىلىققا ئىگە ھوقۇق نورمىسىنى يەككىلەشتۈرۈپ، «كىشىلىك ھوقۇق» دائىرىسىگە تارايتقان. بۇ: ھەر بىر يەككە ئادەم، ھەر بىر كىشى پەقەت ئۆزىنى بىلىشى، پەقەت ئۆزىنىڭ جىسمانى، ئەقلى، روھى، ھېسسىياتى، ماددى ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئىگە؛ پەقەت ئۆزىنىڭكىنى قوغداشقا ھەقلىق؛ باشقىلارنىڭكى باشقىلارغا ئائىتتۇر - دېگەندەك، «ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دىن ئىبارەت، كۆڭزىچە خىتاي پەلسەپىسىنىڭ سىياسى ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى «ب

د ت» يىغىن زالىدا، ئاق سارايدا، كۆك سارايدا خىتاينىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئاياق ئاستى قىلدى» دېسە، ئۇنىڭ باشقا تىلغا قىلىنىدىغان تەرجىمىسى، ئەلۋەتتە كىشىلىك ھوقۇق - دېيىلمەي، بەلكى ئىنسان ھەقلىرى - دېيىلىدۇ. چۈنكى كىشىلىك ھوقۇق نورمىسى ئۇستىدە دۆلەت ھالقىپ، مىللەت ھالقىپ، چوڭ خەلقئارا سورۇنلاردا شىكايەت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇ، دۆلەت ئىچىدىمۇ ئەڭ تۆۋەن، كىچىك تارماق ئورۇنلاردا، فىرمىنىڭ دىرېكتورى بىلەن ئىشچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىش باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن ئىشچىلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ قالىدىغان، تەڭسىز مۇئامىلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، پەقەت دېرىكتورنىڭ ئىشخانىسىدا ھەل بولىدىغان، يامان يېرى كەلسە، تەڭسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئادوكاتى بىر پارچە خەت بىلەن ھەل قىلىدىغان، شۇنچىلىك ئاددى ھوقۇق نورمىسىدۇر.

بىزنىڭ دەۋاگەرلىرىمىز، خەلقئارا سورۇنلاردا، ئۇستى ئوچۇق مەيدانلاردا، مۇخبىر - ژورنالىستلارنى قوبۇل قىلغاندا ۋە ئاۋازغا ئېلىنىدىغان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق خاتا ئۇقۇم بېرىدىغان سۆزنى تىلغا ئالماسلىقى كېرەك.

## 6. ئەركىنلىك

ئەركىنلىك - «كىشىلىك ئەركىنلىك، كوللېكتىپ ئەركىنلىكى، مىللىي ئەركىنلىك، دىنى ئەركىنلىك، مەدەنىيەت ئەركىنلىكى، ئىجتىمائىي ئەركىنلىك، ئىقتىسادى ئەركىنلىك، سىياسى تۈزۈم ئەركىنلىكى، پىكىر قىلىش، تەپەككۇر

قىلىش، سۆزلەش ئەركىنلىكى، ياشاش ۋە ئۆلۈش ئەركىنلىكى قاتارلىق، ئادەملەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىن - ئىجتىمائىي جەمئىيەتكىچە، يەككە ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن - دۆلەتنىڭ سىياسى تۈزۈملىرىگىچە ھەممە ساھەگە چېتىلىدىغان، تەبئىي ئىجتىمائىي ۋە سىياسى ھوقۇقلارنىڭ يىغىندىسىدۇر.»

ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ تەبئىيلىكى: ئىنساننىڭ ئۆزۈقلىنىش، قۇياش نۇرىدىن، ھاۋادىن، سوغۇق - ئىسسىقتىن، ئۇيقۇدىن، بەدەن ھەرىكىتىدىن، ئەقلى ھەرىكەتتىن بەھرىمان بولۇش، ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقلىرى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى: ئىنسانلارنىڭ كىملەر بىلەن، قاچان، قانداق شەكىلدە مۇناسىۋەت قىلىشى، ئۆزلىرى خالىغان كوللېكتىپ بىلەن پائالىيەت قىلىشى، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان جايغا، ئارزۇ قىلغان ۋاقىتتا يۆتكىلىپ، ئولتۇراقلىشالىشى قاتارلىق يەككىلىك ھەم ئاممىۋى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ھېچكىم تەرىپىدىن، ھېچقانداق شەكىلدە دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىق ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولىشىدۇر.

ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ سىياسىلىكى: ئىنسانلار ئۆزلىرى خالىغان سىياسى گۇرۇپقا قېتىلىشى، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان بويىچە تاللىيالىشى، ئۆزلىرى تاللىغان بويىچە سايلىيالىشى، سايلىنالىشى، ئۆزلىرى تاللىغان تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلالىشى، قوللىيالىشى قاتارلىق ھوقۇقلارنىڭ، ھېچ قانداق ئۇسۇلدا، ھېچقانداق شەكىلدە، ھېچ قانداق كىشى تەرىپىدىن دەخلى - تەرۇزغا، توسقۇنلۇققا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىنىڭ كاپالەتلىنىشى دېمەكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقىتىلىشى

ئىنسانلارنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى بولۇشى - ئۇقۇم جەھەتتىن، مۇستەقىل دۆلىتى بولۇش دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. مۇستەملىكە ئاستىدىكى بىر مىللەتنىڭ «ئەركىنلىك» دېگەن شوئارى، سىياسىلىكتىن بەكراق، ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان تەلەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ - دېيىلسە، ئۇنىڭ مەزمۇنى: مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ - دېگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى: خىتاي دۆلىتىدىن ئۇيغۇرلارغا تەبىئى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسى جەھەتتىن زورلۇق، بېسىم ئىشلەتمەسلىكنى، كەڭچىلىك بېرىشىنى، ئەركىن - ئازادە ياشىغىلى، تاللىغىلى قويۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ - دېگەنلىك بولىدۇ.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ تىلىدا ئەركىنلىك - دېگەن سۆز بولغىنىدەك، مۇستەقىللىق دېگەن سۆزمۇ بار. لېكىن مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مىللەت ئانچە كۆپمۇ ئەمەس. ئەمما ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مىللەت ۋە خەلقلەر ھەم ئاز ئەمەس. سۈرىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، باشلىنىشىدىنلا ئەركىنلىك كۈرىشى ئىدى. ئۇ يەردىكى ئەركىنلىكى بوغۇلغان، ئەركىن تاللاش ھوقۇقى بولمىغان خەلق، دىكتاتور تۈزۈمگە قارشى كۈرەش باشلىغان. لېكىن ئۇ يەردە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان بىرلىرى يوق ئىدى. ئەمما ئىسپانىيىدىكى توقۇنۇش ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەركىن ياشاۋاتقان كاتالونىيە خەلقىنىڭ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىدا باشلىغان كۈرىشىدۇر. دېمەك ئەركىنلىك ھوقۇقى بىلەن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى ئارىسىدا، ئاسمان

زېمىنىدەك ئۇقۇم پەرقى بار. زوراۋان، دىكتاتور تۈزۈمىدىكى دۆلەتتە، خەلق ھەرىكىتى ئەركىنلىك ھوقۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، مۇستەملىكە ئاستىدىكى ھەرقانداق مىللەت ۋە خەلق، زادى مۇستەقىللىق ئۈچۈن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ھەرىكەتلىرى پەقەتلا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن - دەيدىغان بىر پرىنسىپمۇ يوق. چۈنكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئۈمۈتسىز مىللەتلەر يوق ئەمەس. مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچكەن، ياكى ئۈمىتسىزلەنگەن نۇرغۇن ئەسىر، مۇستەملىكە خەلق ۋە مىللەتلەردىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى تىبەتلىك. ئۇلار خىتايدىن «مىللىي ئەركىنلىك» تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئاۋام خەلق بەك ساددا بولغاچقا، تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە داڭقى چىققان دەۋاگەرلەر نېمە دېسە، شۇلارنىڭكىنى راست - دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرى مەسئۇلىيەتچان بولمىغاچقا، ھەتتا مۇستەقىللىق نېمە، خىتاي بېرىدىغان ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ئەركىنلىك نېمە؟ پەرۋايى پەلەك ھالدا، ئۆز ئىشى بىلەن يۈرىدىغان بولغاچقا، مەركىزى تەشكىلاتلار، رەھبەرلەر نېمىنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرگۈدەك، نارازەت قىلغۇدەك ئادەمنىڭ تايىنى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرى، تەلەپلىرى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشى ۋە شۇ يولدىن تايماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق بايراق كۆتۈرۈپ، دەۋاگەرلىك چاپىنىنى كىيىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا چىپىپ يۈرگەن بەزى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر مىللەتكە ۋاكالىتەن نېمىنىڭ دەۋاسىنى، قانداق ھوقۇقنىڭ كۆرشىنى قىلىشۋاتقانلىقى بىر شۈبھىلىك.

يىغىپ ئېيتقاندا، چەتئەلدىكى بىر تۈركۈم تەشكىلاتلار، رەھبەرلەر، زىيالىيلار، يەنە ئاللا قانداقلار: «مىللىي مۇستەقىللىق، ئاپتونومىيە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق، مىللىي ئەركىنلىك» دېگەندەك، بىر قاتار ئېنىقسىز، قوش بىسلىق ھەتتا خائىنانە سۆز، ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، مۇستەقىللىق تەلەپىدىن ئىبارەت، مىللىي ئىرادىگە خىيانەت قىلغاندىن سىرت، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ نامىدىن: «ئىنسان ھەقلىرى، مىللىي ھوقۇق، كىشىلىك ھوقۇق» كۆرشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. «ئۆتكۈنچى بىر ۋەزىيەتتە، خەلقئارالىق سورۇن ھازىرلاش ئۈچۈن تاكتىكا قوللانغان» - دېيسەكمۇ، ئەمما ھەممە تەرەپكە چات كىرىپ، مۇستەقىللىق يۈنۈلىشىمىزگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە، توسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، رەھىمسىزلەرچە جازاسىنى تېتىش كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەگدىن تولىسى جازالاگىرىغا قامالدى. خىتاينىڭ قانلىق قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈلدى. بىر مىللەت نومۇسىدىن ئايرىلدى. غۇرۇرى دەپسەندە قىلىندى. ئىپپىتى خورلاندى. پۈتۈن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئاتالمىش: ئىنسان ھەقلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق، ئاپتونومىيە دەۋاسىنىڭ نېمىنى يەۋاتقان دەۋرىدە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، دىپلوماتىك يۇمشاقلىقتا، تاكتىكىلىق سىناق ئۇسۇلىغا يول قويۇلسا، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ قېنى، بىر قانچە كىشىنىڭ تۇرمۇش بەدىلىگە ئېقىپ كەتكەن بولىدۇ. پۈتۈن بىر

مىللەتنىڭ نومۇسى، ئىپپىتى، غۇرۇرى بىر قانچە دەۋاگەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى بەدىلىگە دەپسەندە قىلىنغان بولدۇ.

21.10.2018

## ئون تۆتىنچى باب

# چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىكى ساپا مەسلىسى

«قازىنىڭغا نىمە سالساڭ، چۆمۈچىڭگە شۇ چىقىدۇ»

بىز غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتىمىز. ئوتتۇرا شەرقتە ياشاۋاتىمىز. ئافرىقا ئەللىرىدە ياشىدۇق. شۇنىڭدەك تەقدىرنىڭ شاملى ئۇچۇرتۇپ، جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە ئېلىپ باردى. ئۆزىمىزدىن باشقا ۋە خىتايدىن باشقا، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنى، پەرقلىق ئىنسانلارنى كۆردۇق، تونۇشتۇق. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىۋاتىمىز. كۆپىنچە كۆرگەن - بىلگەنلەرگە ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇشقا ئۇرۇندۇق. باشقىلارنىڭ بىزدىن تۆۋەن، بىزدىن ناچار تەرەپلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ، بەزىدە پەخىرلىنىپمۇ قالىمىز. باشقىلارنىڭ بىزدىن ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگەندە، ئىچىمىز سىقىلىپ، تەتۇر قارىۋالىمىز. ھەتتا: بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنى سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا، نېمە بولاتتىڭ. كىم بىلىدۇ، تېخى ئاللىبۇرۇن تەسلىم بولۇپ يوقالغان بولاتتىڭ - دېگەندەك، غۇدۇراپ قويىشىمىزمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭدەك ئۆزىنى ئارام تاپقۇزۇش،

ئۆزىگە تەسەللى بېرىش چۈشكۈنلۈكى، بىزدىلا ئەمەس، ھەر قانداق مىللەتلەردە، قىسقىسى بىر ئىشقا چارىسىز قىلىنۋاتقاندا، ھەرقانداق ئىنساندا بولىدىغان نورمال كەيپىياتتۇر. ئەمما كەچۈرۈشكە بولمايدىغان چۈشكۈنلۈك - ساپاسىزلىقتۇر. ساپاسىز - دېيىلسە، كىشىلەرنىڭ زېھنىگە دەرھال كېلىدىغىنى - بىلىمسىز، سەۋىيىسىز، يۇقىرى مەلۇماتلىق ئەمەس، دىپلومى يوق - كىشىلەرنىڭ تۈرقى بولىدۇ. ئەمما ھەقىقى مەنىدىن ئالغاندا «ساپاسىزلىق» دېگەن بۇ سۆپەتنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئاغزى بوغۇلمىغۇدەك لىق تولۇپ كەتكەن، يوغان بىر تاغارغا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ ئىچىگە پۈتۈن دۇنيادىكى يامان ئىللەتنىڭ ھەممىسى قاچىلانغان - دېسەك، بىر ئاز چۈشەنگەن بولىمىز. ساپاسىزلىق: ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، مەيدانسىزلىق، ئىچى تارلىق، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، خىيانەتچىلىك، ھارامخورلۇق، ساختىپەزلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، قەسەمخورلۇق، سۇخەنچىلىك، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، تېنىۋالدىلىق، ئابرويپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، مەنسەپ پەرەسلىك، مەنمەنچىلىك، چېكىدىن ئاشقان گۇمانخورلۇق، ھىلىگەرلىك، ۋاي، ۋاي قايسى بىرىنى ساناپ تۈگىتەرمىز.

ساپاسىزلىق - ئىنسان تەبىئىتىدە بولىدىغان، ئۇنىڭدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىن بولمايدىغان، تەبئى كەيپىياتتۇر. ئىنسان بولغانىكەن، ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە، ساپاسىزلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى كەچۈرۈش - كەچۈرمەسلىك مەسىلىسىدە، ساپاسىزلىقنى كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە، ئېغىر - يېنىكلىكىگە، شۇنداقلا باشقىلارغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەتەنگە، مىللەتكە، دۆلەتكە، تەشكىلاتقا، كوللېكتىپقا، خەلققە كەلتۈرگەن بالا ـ قازاسى ۋە زىيانكەشلىكىنىڭ قانداقلىقىغا، قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە قارىتا باھا بېرىلىدۇ. بەزىلەردە بىر يانچۇق بولسا، بەزىلەردە تاغارلاپ، ھەتتا توننىلاپ بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ساپاسىزلارنىڭ قىلمىشى سۈرۈشتۈرۈلمىسە، داۋاملىق يول قويۇلسا، نەتىجىسى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدەك بولىدۇ. ساپاسىزلار يېتەكلىگەن كوللېكتىپنىڭ ئەھۋالى، ساپاسىزلار رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ ئەھۋالى بىزنىڭكىدەك بولىدۇ. چەتئەللەردە چارەك ئەسىرگە يېقىن، ئۆزۈم بىۋاستە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى مىسال قىلىپ، ساپاسىزلىقىمىز توغرىسىدا پىكىر قىلىشنى ئويلىغان ئىدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن يازغانلىرىمغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشىشىپ قالسىمۇ، ئەمما مەزمۇن، ماھىيەت نۇقتىسىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئالدىن ئىشارەت بېرىمەن.

## 1. ئابروي پەرەسلىك

كىشىلەر ئارىسىدا يۈزلۈك، ئابرويلۇق بولۇش تامامەن يوللۇق ھەم ئېسىل سۈپەتتۇر. مەنسەپدار بولۇشمۇ ئالقىشلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ، رەخمىتىنى، دۇئاسىنى ئالىدىغان ئىجابىي مەرتىۋە. بولۇپمۇ ئۇيغۇردەك بىر مىللەت ئۈچۈن ئابروي، يۈز، نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئورنى، رولى بەك مۇھىم. جامائەتچىلىكنى يېتەكلەش، كىشىلەرنى ئۆملۈككە چاقىرىش قاتارلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە جامائەتچىلىكتە ئابروي، يۈز، نوپۇز ئىگىلىرى كام بولسا بولمايدىغان، ئورنىنى باشقا نەرسە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە

مۇھىمدۇر. چەتئەلدىكى تارقاق، ئىجتىمائىي ئاساسى يوق، جەملىشىپ ياشاش ئىمكانىيىتى يوق ئەھۋال ئاستىدا ئابروي، يۈز ئىگىسىنىڭ ئورنى ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭلاشقاك بىرەر تەشكىلاتتا مەسئۇللۇق ئورنىنى ئېلىش، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش، دۈشمەنگە قارشى ئاممىنى تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە، قوللاشقا تېگىشلىك شەرەپلىك خىزمەتتۇر. بىراق ئەگەر بىرلىرى ئابروي پەرەس، ئاتاق، مەنسەپ پەرەس بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەرمەندە، ئىپلاس ئادەمنى تېپىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئابروي پەرەس ئادەم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ھەرقانداق يوشۇرۇن يولغا، ھەرقانداق مەخپىي رەزىللىككە تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئابروي پەرەسلىك بىر كىشىنىڭ ئاجىزلىقى بولۇپلا قالسا، ئۇنداق ئادەمنى دۈشمەن تەرەپ ھەر قەدەمدە، ھەرقانداق رەزىل ئىشنى قىلىشقا زورلىيالايدۇ. يېتەركى ئۇنىڭ قىلىدىغان رەزىللىكىنى باشقىلار بىلىپ قالمىسىلا، بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلغان شەرمەندىچىلىكىنى ئاشكارىلىمىسىلا، ھەرقانداق شۇملۇقنى بېجىرىشكە تەييار تۇرىدۇ. «بىزنىڭ يېنىمىزدا، بىزنىڭ چاپىنىمىزنى كۆتۈرۈپ، بىزنىڭ دېپىمىزنى چالىلا، بىز سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى دائىم ھىمايە قىلىمىز ھەم تېخىمۇ ئىناۋەتلىك بولۇپ كېتىلا. ئەگەر ئۇنىڭغا ياق دېسىلە، ھېلىقى ھېچكىم بىلمەيدىغان سەتچىلىك، ئاشكارىلىنىپ كېتىدۇ.» ئابروي پەرەسنى، شۇنچىلىك گەپ بىلەن مەڭگۈلۈك قۇل قىلىپ، رەزىللىككە سالالايدۇ. بەلكى ئۇ سەتچىلىك ئاشكارىلىنىپ كەتسە، بىرەر چۈشەندۈرۈش بەرگىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما ئابروي پەرەسنىڭ يۈزىگە كىچىككىنە چاڭ - توزاڭ قونۇپ قېلىشتىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان بولغاچقا، كىچىك بىر سەتچىلىكنى ئاشكارىلىۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن، تېخىمۇ يوغان شەرمەندىچىلىكنى قىلىشقا مەھكۇم بولىدۇ. 93. يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا، چەتئەلدىن دېپلوماتىك خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن، ئۇرۇمچىگە كەلگەن بىر مۆتىۋەر، مەشھۇر، مۇھىم ئۇيغۇر زاتنى، ئاتالمىش «چەتئەل مېھمان خانىسى» دېيىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مېھمان خانىدا، كۈتكۈچى خىتاي پاھىشىلىرىنىڭ قىلتىقىغا دەسسىتىپ، (بۇ ۋەقەدىن ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان، شۇ چاغدىكى بولغۇسى ياش بىر دوكتورنىڭ خەۋىرى بار) كېيىن دۆلىتىگە قايتىدىغان چاغدا، خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى، بۇ زاتقا تەھدىت سېلىپ «چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلارغا ياردەم بەرسەڭ، بۇ فىلىمنى، سۈرەتلەرنى ئۆزۈڭ تۇرۇشلۇق دۆلەتكە تاپشۇرۇپ، بۇ يەردە قىلغان لۈكچەكلىك قىلمىشىڭ ئۈچۈن ئەرز قىلىمىز.» - دېگەن گەپ. (بۇ زات ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقتىدا، بىز مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن، ئەمما يوشۇرۇن كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى ئىزدىگەن ئىدۇق. بىراق ئۇنىڭغا خىتايچە «تەرجىمان» قىلىپ بېكىتىلگەن، ھېلىقى بولغۇسى ياش دوكتوردىن ئىجازەت ئېلىشقا مەجبۇر كەنمىز. لېكىن ئۇ قاچاق ئىش قىلىشنى خالىماي قويغان ئىدى.) ئۇ زاتقا قىلىنغان سۈيىقەستنى 95. يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا، يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندى، تەشكىلاتىنىڭ «شەرقى تركستان ئاۋازى گازېتى» دە، ئېلان قىلىۋەتكەن ئىدى. دېمەك ھېلىقى زات، 93. يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن، چەتئەلدىكى

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا، ئۇيغۇر ئاكتىپلىرىغا يېقىن يولىماي، ھەتتا ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن سۆز قىلىدىغان چەتئەللىكلەر بار يەرگىمۇ يېقىن كەلمەي، پەقەت ئۇ ياق، بۇ ياقلاردا ئۇقۇۋاتقان مۇساپىر دىنى ئوقۇغۇچىلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىش بىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئەگەر ئابروي پەرەسلىككە ئىستىلى بۇزۇقلۇق، ئاچكۆزلۈك، مەنپەئەت پەرەسلىك، پۇل پەرەسلىك، ئىقتىسادى خىيانەتچىلىك ياندىشىپ كەلسە، ئۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپ ئۇنداق ئابروي پەرەسنى، ھەر ئامال بىلەن تۇزاققا دەسسىتىپ، مالايىنىڭ ئورنىدا ئىشقا سالىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى بەك پاكىز، ياقىسىغا قىل قونمىغان شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئارقىسى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى شۇنچىلىك مەينەت، شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك.

ھازىر چەتئەلدىكى ئەھۋالىمىزدىن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدىكى ئەھۋالىمىز ھەممىگە مەلۇم. ھەممە كىشى سويغان پىيازدەك، تەپ - تەكشى كۆرۈنىدۇ. پالانى بەك ئابرويلۇق - دەپ كەتكۈدەك بىرەر پەرقلىق مەنزىرە يوق. ئەمما شۇنداقتىمۇ، ئادەم دېگەندە ئۆزىگە چۇشلۇق باردى - كەلدىسى، ئۆزىگە چۇشلۇق ئىززىتى بولىدۇ. گېرمانىيەدىكىلەرگە نەزەر سالساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، كېلىپ چىقىشى ئىلتىجاچىلار. ئۆزىچە پەرقلىنىشكە باشلىغان تەرىپى بولسا، بەزىلىرى قىيىپ، قېچىپ، قولتۇقتىن كىرىپ، يەڭدىن چىقىپ، ھەم بەزىلىرى ئېغىر تىرىشچانلىق بىلەن، باشقىلارغا قارىغاندا پۇللۇق بولۇپ قالدى. بەزىسى تىنىم تاپماي چېپىپ يۈرۈپ، تەشكىلاتلاردىن ۋەزىپە، سەھنىلەردىن ئورۇن ئالدى. مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ

ئۆزىچە باشقىلاردىن ئابرويلۇق، باشقىلاردىن يۈزلۈك بولغان چېغى. بۇ ھال گېرمانىيەدىلا ئەمەس، پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرىدە (ئېينتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇش بىلەن نەتىجە قازىنىپ تونۇپ قالغان ئالىم، دوكتور، تەتقىقاتچىلاردىن باشقا) ھەممە ئۇيغۇر ئوخشاش سىزىقتا تىزىلغان. پەرقلىنىۋاتقانلىرىمۇ، ئابرويىنلىۋاتقانلىرىمۇ، باشقىلاردىن بىر بالداقلا نېرىدا. بىر كىم تۇيۇقسىز باي بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىر يەرلەردىن ئامىتى كېلىپ، پۇلدار بولۇپ قالسىمۇ، قەلەندەر نانىنى تىقىپ، تىتىپ يېگەندەك، ئۆزىنى مەن پۇلدار پالانى - دەپ كۆرسىتەلمەيدۇ. قىيىپ - قېچىپ تاپقان پۇلىنىڭ بېجىدىن قورقۇپ ھەم ئوتتۇرىغا چىقىرالماي، تاتىراڭغۇ، سىرىق تال كۆرۈنۈشكە مەجبۇر. ياكى «يامان ئىت ئۆلۈكنى كۆرسەتمەيتۇ» دېگەندەك، بىر دۆلەتتىن باشقا بىر دۆلەتكە، ياكى تېخىمۇ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشى كېرەك. تەشكىلاتلاردا، سەھنىلەردە تىكلەنگەن ئابرويلارمۇ، داد - پەندىياتتىن ئارتۇق بىر نەرسە كەلتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىراق، ئادەم بولغانكەن، تويمىغۇر نەپسى بىرگە بولىدىغان بولغاچقا، سەھنىدە رەسمىگە چۈشۈشنى بولسىمۇ ئابروي بىلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە، تىل - ئاھانەتكە بەرداشلىق كۆرسىتىدىغان ئىش. ئابروي پەرەسلىك بەك خەتەرلىك كېسەل. ئۇ ساپاسىزلىقنىڭ ئانىسى.

## 2. مەنسەپ پەرەسلىك

مەنسەپدار بولۇش ئەسلىدە ناچار ئىش ئەمەس. ھېچكىم مەنسەپ تۇتمىسا، جەمئىيەتنى، خەلقنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ھايۋاناتلار چېغىدىمۇ، بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ،

تەرتىپ بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەم بولغانىكەنمىز ئەلۋەتتە ھەر تۈرلۈك تەرتىپ، تەشكىل ۋە ئىنتىزامغا ئېھتىياجىمىز بار. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا تەشكىللىك، ئىنتىزامچان مىللەت بىز. چەتئەلدىكى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىيەت ۋە ھەرىكەتلىرىمىزدە تەشكىللىنىشكە، تەرتىپ، ئىنتىزامغا ھەممىدىن بەك ئېھتىياجىمىز بار. تەشكىلات بولغانىكەن، ئۇنىڭدا تۈرلۈك مەنسەپ بولىدۇ. «مېنى مەنسەپ پەرەسكەن - دەپ قالمىسۇن» - دەپ، خالىس ئىش قىلسا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىرلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرسىڭىز، «سەن نېمە قىلالىدىڭ؟ قىلغان ئىشىڭنى بىر دەپ باقە، ئاڭلاپ باقايلى !» دەيدىكەن. بۇنداق تەرز مىللىتىمىزدىكى ئاممىۋى ساپاسىزلىقنىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك. مۇشۇ يېقىندا ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا، كىشىلەر چىرىكلىشىپ قاپتۇ. مەنمۇ ياندىن ئارىلىشىپ قويۇپتىمەن. ئارىدىن بىرسى: سەن ھازىرغىچە نېمە قىلدىڭ؟ ئاڭلىساق ئەتراپىڭدا تۆت ئادەمنىڭ تايىنى يوقكەن. ئۆزەڭنىڭ ئەسكىلىكىڭدىن گېرمانىيىدە يالغۇز ياشايدىكەنسەن- دېگەندەك، شۇنچىلىك سېسىق گەپلەر بىلەن رەددىيە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ كۆپ ئاڭلايتتىم بۇنداق گەپلەرنى. ئەمما بۇ قېتىم نورمال گەپ تالىشىۋاتقان تېمىدا دېيىلگەن بۇ گەپتىن، كۆپ نەرسىلەرنى بايقىۋالدىم. ئادەملەر شۇڭا مەنسەپ پەرەس بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەنسەپكە چىقمىسا ھېلىقىدەك سېسىق گەپ. مەنسەپكە چىقىپ، كېيىن چۈشۈپ كەتسە: ئەھۋالىڭ چاغلىق، قاملاشتۇرۇپ بىر ئىش قىلالمىغاچقا، كىشىلەر سېنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى - دېگەندەك، تاپا - تەنە. شۇڭا ئۇيغۇرچىلىقتا مەنسەپكە چىقىپ قالغان ئادەم، مەنسەپ پەرەس بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ - دەپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلاپ قالدىم. بۇ مەزمۇندا بىرقانچە مىسال كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى مىسال: رابىيە قادىر خانىم قۇرۇلتايغا 11 يىل مەنسەپدار بولدى. ئۇنى مەنسەپ پەرەس - دەپ، تاپمىغان گەپ قالمىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆتەر مەنسەپ پەرەسلەر، ئۇنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن يىللاپ ھاقارەت قىلدى. تورلاردا تىللاتقۇزدى. مەنسەپتىن چۈشۈپ بېرىڭ - دەپ، يىلىندى، يالۋۇردى. بەك مەنسەپكە چىققۇسى كەپ كېتىپ، ئىستىپاغا قىستىدى. خانىم كۆپ باللىق ئانا بولغاچقا، ھەم ئۆزۈن يىللىق قازانغان سودىگەر بولغاچقا، مەنسەپ پەرەسلەرنى گۆللەپ قويدى نەچچە قەرەل. ئۇلارمۇ ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن چېغى. مەنسەپكە رەئىس بولمايمەن - دەپ، قەسەم قىلىپ بېرىڭ، بولمىسا سىزگە ئىشەنمەيمىز - دېدى. بۇ قېتىم مەنسەپ تۇتمايمەن - دەپ، ھۆججەت يېزىپ، توردا ئېلان قىلىپ بەرمىسىڭىز، سىزدەك يالغانچى خوتۇننىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ - دەپ، قىستىدى. ئەمما رابىيە خانىممۇ تازا ئۇستىكەندە: سىياسەتكە قەسەم ئارىلاشتۇرساق بولمايدۇ؛ مەن بۇ قېتىم قەتئىي مەنسەپ تۇتمايمەن؛ زادى ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي سىلەرگە؛ مەنمۇ بىر ئايال كىشى بولغاچقا، گېپىمدە تۇرماي، ئىشەنچىسىز بولۇپ كەتكەن ئوخشايمەن؛ بۇ قېتىم، پارىژدىكى سايلامدا مەيدانغا چىقىپ، پۈتۈن خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا، ئۆزەمنى بىر كۆرسەتمىسەم بولمىدى؛ مەن گېپىمدىن يانمايمەن - دەپ، بارلىق مەنسەپ پەرەسلەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، كۈتكەن كۈنلەر كەلگەندە، پارىژدىكى يىغىن

زالىدا، رابىيە خانىم سەھنىگە چىقىپ، كامىرالارنى نەق مەيدان تارقىتىشقا توغۇرلاتقۇزۇپ، يىغىن ئەھلىگە، پۈتۈن دۇنيادىكى قېرىنداشلارغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

- 10 يىلدىن بېرى مېنى قوللىدىڭلار؛ ياخشى - يامان دېيىشكەن يەرلىرىمىز بولدى؛ مەنمۇ سىلەرنى كەچۈرىمەن؛ سىلەرمۇ مېنى كەچۈرەمسىلەر؟

- ۋاي كەچۈرىمىز، نېمىشقا كەچۈرمەيتتۇق.

ئۇنداق بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىم، سىلەر ماڭا ئىشىنىپ، ۋەتىنىمىنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتىدۇ دەپ، ئۆزەڭلار يىمەي، ئىچمەي يىققان پۇلۇڭلارنى ماڭا بەردىڭلار؛ مەن ئۆزۈمنى ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بولغاچقا، سىلەر بەرگەن پۇلنى ئۆزەمنىڭ شەخسى ئىشلىرىمغىمۇ ئىشلەتتىم؛ چۈنكى مېنىڭ باشقا تاپاۋىتىم بولمىغاچقا، سىلەر بەرگەن پۇللارنى خەجلىمىسەم باشقا ئامالىم يوقكەن، بەرگەن پۇللىرىڭلارغا رازى بولامسىلەر؟

- ۋاي رازى بولمامدىغان. يەنە دېسىڭىز يەنە بېرىمىز. جېنىمىزمۇ سىز ئۈچۈن پىدا.

- مەن بۇ قېتىم، رەئىس بولمايمەن دەپ، ئويلىغانتىم. ئەگەر سىلەر قوللىساڭلار، سىلەر مېنى سايلىساڭلار، يەنە بىر قەرەل ۋەزىپە ئۆتەشكە مەن تەييار، ماڭا ئاۋاز بېرەمسىلەر؟

-ۋاي جېنىم ئانا، سىزنى سايلىماي كىمنى سايلايتتۇق. سىز بىزنىڭ مەڭگۈلۈك رەھبىرىمىز!

- كۆپچىلىككە رەھمەت، مېنى سايلىدىڭلار، مەن يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

قەرەل ۋەزىپە ئالدىم.

ئەسلىدە رابىيە خانىمنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈشكە قىستىغانلار: سىز ھېساۋاتنى توغرا تۇتمىدىڭىز؛ كىشىلەر بەرگەن پۇلنى قانداق يەرگە ئىشلەتكەنلىكىڭىزگە قولىڭىزدا ئىسپات يوق؛ ئەگەر بۇ قېتىم پارتىيىدىكى يىغىندا ئىستىپا بەرمىسىڭىز، خەلقى ئالەم ئالدىدا سىزنى خىيانەتچى كۆرسىتىپ، سېپسىتىۋېتىمىز - دېگەن تەھدىتلەرمۇ بولغانىكەن. شۇڭا رابىيە خانىم، خەلق بىلەن يۇقىرىقىدەك، نەق مەيداندا ھاللاللىشىپ، خەلقنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يۈرەكلىك ھالدا مەنسەپكە قايتىدىن كۆرسەتكەن گەپ. ئەمما زادى مەنسەپكە چىقمىسا، ياكى رابىيە قادىرنى مەنسەپتىن چۈشۈرمىسە، ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاچقىمىكىن، پارتىيە سايلىمىدىن كېيىنلا رابىيە خانىمنى تىللاش، ھاقارەتلەش قايناپ كەتتى. قۇرۇلتاينىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى رابىيە خانىمغا مەلۇم قىلمايدىغان، سىرتتىن بىلىپ قېلىپ سۈرۈشتىسىنى قىلسا، تىل - ھاقارەت بىلەن تويغۇزۇپ قويىدىغان، قۇرۇلتاي ئىچىدىكى، رابىيە خانىمنى يامان كۆرمەيدىغانلارنىمۇ قېتىپ چەتكە قاقىدىغان، تەشكىلاتنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ، «خەلقئارالىق يىغىن» ئاچىدىغان، شۇنچىلىك پەسكەش، شۇنچىلىك غالجىرلىشىپ كەتتى. رابىيە خانىم يەنە بىر ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ، بەزى يېقىنلىرىنى قۇربان قىلىۋېتىپ بولسىمۇ، مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان ئىكەن، لېكىن خانىمغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتكەن مەنسەپ پەرەسلەر، خانىمنى ئالداپ، سىلاپ يېنىغا كەلتۈرۈپ، ئۆلۈم خەۋپىنى كۆرسەتكەن گەپ. يەنى رابىيە خانىمنى كونا بىر مېھمان خانىغا، يالغۇز

چۈشكۈن قىلدۇرۇپ، كېچە يېرىمىدا گەپ تالاشقان ۋە تىللاشقان پەيتتە، سىرتقا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ياتاقتىن چىقىپ كېتىۋاتقان خانىمنى، بەشىنچى قەۋەتتە پەلەمپەيدىن پۇتلاپ، پەسكە دومىلىتىش قەستىدە، خانىم پەلەمپەينىڭ دەرەبجىلىگە ئېسىلىۋېلىپ، قىيا - چىيا قىلىشى بىلەن، باشقا ياتاقتىكى چەتئەللىك مېھمانلارنىڭ ئۈرپۈر - توپۇرلىرى خانىمنى ھارام ئەجەلدىن ساقلاپ قېلىغلىق. شۇ ۋەقەدىن كېيىن رابىيە خانىم، باشقا مەنسەپ پەرەسلەرنىڭ پەيلىدىن قورقتىمۇ، ئىشقىلىپ چۈشۈپ قالغان دوپپىسىغا قارىماستىن، مەنسەپنى تاشلاپ، ئۆز جېنىغا ئىگە بولدى. بىراق، خانىمنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈپلا، مەنسەپ ۋارىسلىرى ئارقىمۇ - ئارقىدىن «رەڭلىك پائالىيەتلەر» نى تەشكىللەپ، كۆز - كۆز قىلىشتى. نەچچە ۋاقىتتىن قەتئىي يىراق تۇرغان «تەڭرى تاغ ياشلىرى» تۇشمۇ تۇشتىن قول تۇتۇشۇپ، يېڭى مەنسەپدارلارنىڭ بازىرىنى ئاۋات قىلىشۋەتتى. «12 يىلدىن بېرى بولۇپ باقمىغان ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقاردى؛ ب د ت دا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى...» - دېگەندەك، (2001. يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى ئۇيغۇر ۋەكىللىرى قاتنىشىپ كېلىۋاتقان، ئاتالمىش ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى توغرىسىدا، خۇددى بۇ ئىشنى يېڭى مەنسەپدارلار ئىجات قىلىۋەتكەندەك،) كۆپتۈرۈشلەر، يەنە ساناقسىز داۋراڭلار، مەنسەپتىن يىقىتىلغان رابىيە خانىمغا راستىنلا ھار كەلدى بولغاي، ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا سالىھ خۇدايار، بىلال ئىبراھىملارغا قېتىلىپ، ھەر كۈنى سائەتلەپ نامايىشقا چىقتى. خانىم خىتايىنى تىللاپ ئىچىنى بوشاتتى. كىملەر، مەنسەپ پەرەسلەر نېمە دېسە، نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن، رابىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خانىم ئۇچۇن بەرى بىر. ئۇ سالىھلارنىڭ نامايىشىغا يېتەكچى بولۇپ، (ئەمەلىيەتتە سالىھلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە) نامايىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈشۈپ بەردى. ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى، ھارماس بىر جەڭچى ئىكەنلىكىنى دۇنياغا كۆرسەتتى. تەختتىن چۈشكەن پادىشاھلاردەك، مەنسەپتىن يىقىتىلغان ئەمەلدارلاردەك، كىبىرلىك بولۇپ يېتىپ قالماي، ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ قالماي، «ئاتتىن يىقىتىلسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ لىدەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقى مىللى رەھبەر ئىكەنلىكىنى جارى قىلدۇردى. مەنسەپ باشقا نەرسە، مىللەتنىڭ رەھبىرى باشقا - دېگەن ئۇقۇمنى دۇنياغا كۆرسەتتى. خەقنىڭ، دوست - دۈشمەنلەرنىڭ نېمە دەپ قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ لىدەرلىك مەرتىۋىسىدە تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىشتىن زادىلا توختاپ قالمىدى.

«بىرسى چالما - دەپ تاشلىۋەتسە، يەنە بىرسى ئالما - دەپ، قوينىغا ساپتۇ.» دېگەندەك، 2018. يىلى 25. ئۆكتەبىر ياپونىيە پارلامېنتىدا، بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ، كۆپلىگەن تەشكىلات رەھبەرلىرى بىرلىشىپ «ھىندى ۋە تىنچ ئوكيان ئەركىنلىك ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، رابىيە قادىر خانىمنى ئۆزلىرىگە لىدەر قىلىپ سايلىۋاپتۇ. يەتمىش ياشتىكى رابىيە خانىمنى ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك كۆرۈپ، باش ئۇستىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. 11 يىلدىن بېرى: رابىيە خانىم ياشىنىپ قالدى، مەنسەپنى ياشلارغا بەرسۇن - دەپ، شوئار توۋلاپ ھارمىغان مەنسەپ پەرەسلەرنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىمۇ، ئەللىك ياشتىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلار رابىيە خانىمنى قېرى كۆرۈپ تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. «ئالتۇننىڭ

قەدرىنى زەگەر بىلسدۇ» ـ دېگەنىدەك، خانىمنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىغان ياتلار، ئەجنەبىيلەر ئۆزلىرىگە رەئىس قىلىۋاپتۇ. خوتۇن خەق بىلەن ياش تالىشىپ «سەن مېنىڭدىن قېرى، مەن سېنىڭدىن ياش، ئېرىڭنى ماڭا بەر» دېگەنىدەك، زادىلا ماجىرا قىلىپ تىنىمىغان مەنسەپ پەرەسلەر، خۇددى رابىيە خانىم كەتمەن چاپىدىغاندەك، ئېغىر يۈك توشۇيدىغاندەك، قېرى كۆرۈپ ئامان تاپقۇزمىغان ئىدى. مەنسەپ پەرەسلىك دېگەن شۇنداق ئېغىر پەسكەشلىك بولسا كېرەك. بىزنىڭ يۇرتتا «ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيتۇرۇپ، نانىنىڭ يوغىنىغا ئېسىلىدىغان مەتو» دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، باشقىلاردىن يوغانچىلىق تالىشىدىغانلارغا قارىتا. دەل شۇنداق قىلدى مەنسەپ پەرەسلەر. لېكىن ئىشنىڭ يولىنى بىلگەن ياتلار، رابىيە خانىمنىڭ نوپۇزىنى ھەممىدىن قىممەت بىلگەچكە، ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىۋالدى.

ئىككىنچى مىسال: 96. يىلى 18. مارت، «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئىشخانىسىغا، بىشكەكتىن بىر پارچە خەت كەلدى. (مەن بۇ چاغلاردا قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ مەركىزى ئىشخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ئىدىم. سىرتقا چىقىشىم چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن) بۇ ئىشخانىدا 24 سائەتلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كەلگەن تېلېفونلارغا جاۋاب بېرىش، تۇرلۇك خەت ـ چەكلەرنى ئوقۇپ، مۇھىم مەزمۇنلار بولسا تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە سىياسى ئىشلار كومىسسارى سابىت ئۇيغۇرى ئەپەندىگە، تېلېفون ئارقىلىق مەلۇم قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدىم. ھەتتا رۇسچە خەت ئالاقىلارنىمۇ، سابىت ئۇيغۇرى ئەپەندىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېلېفون ئارقىلىق ئوقۇپ ئاڭلىتاتتىم. زۆرۈر بولسا ئۆزى كېلەتتى ياكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە مەلۇم قىلىشىمنى تاپىلايتتى. بۈگۈنكى خەتنىمۇ ئادەتتىكىدەك ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەت قىرغىزىستاندىكى مۆتىۋەر شەخس ئەخمەتجان غازى ئەپەندىنىڭ ئادرېسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېچىپ ئوقۇغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ئارقا تەرەپلىرىنى ھەرگىز كۆرۈپ قالماسلىق كېرەككەن. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ھۆرمەتلىك ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى، بىز قىرغىزىستاندىكى ئاغدۇرمىچىلارنىڭ ئۈستىدىن، «ك گ ب» (كا گې بې) ئىدارىسىنى، پاكىت ۋە ئىسپاتلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، سوتقا ئەرز قىلغان ئىكەن. سوت ئاغدۇرمىچىلارنى جازالىدى. ئەرزگە ئىمزا قويغان 64 كىشىنىڭ ئىسىم تىزىملىكىنى، ھەم ئىمزالىرىنى مۇشۇ خەت بىلەن سىلەرگە يوللىدۇق. ۋاقىپ بولغايسىزلەر.....» بۇ خەتتىن ئىلگىرى، 13. مارت كەچ قۇرۇن، لوندوندىكى «ب ب س» رادىئوسى ئۆزبېكچە بۆلۈمىدىن بىر مۇخبىر خانىم تېلېفون قىلىپ، «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى» توغرىسىدا، قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ مەركىزى رەھبەرلىرىدىن پىكىر ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن مەركىزى ئىشخانىدا ئارخىپ ۋە ئىچكى ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ، سۆھبەتنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: رەسمى بولمىغان ئۇچۇردىن قارىغاندا، قىرغىزىستاندىكى «ئۇيغۇر ئىتتىپاق جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنى، قىرغىزىستان ئەدلىيىسى سوتقا تارتىپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان،

قانۇنسىز «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىتتىپاقنى تاقاپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. ئۇنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئىتتىپاق گېزىتى» رېداكسىيەسىنى تاقاپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. بىز بۇ ھەقتە قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» مەركىزى ئىدارىسىنىڭ قاراشلىرىنى ئالماقچى... مەن تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچە بەردىم: قىرغىزىستان ئەدلىيىسىنىڭ ئالغان قارارىدا ئۇقۇشماسلىق بولىشى مۇمكىن؛ چۈنكى ئۇيغۇرىستان مۇئەمماسى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ھېسابلانمايدۇ؛ قىرغىزىستان دېموكراتىك دۆلەت؛ دېموكراتىيە پرىنسىپى بويىچە، ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار تەشكىلات ۋە پائالىيەتلەرنى چەكلەشكە بولمايدۇ؛ سوتنىڭ قارارىدا بىرەر خاتالىق بولىشى مۇمكىن؛ پات يېقىندا ئىشلارنىڭ تۈزىتىلىشىگە ئىشىنىمەن.

سۆھبەت داۋامىدا، ئۇيغۇر ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىتتىپاق گېزىتى رېداكسىيىسىنىڭ دېرىكتورى مۇزەپپەرخان قۇربان ئەپەندىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بەردىم. مۇخبىر خانىم زۆرۈر تېپىلسا ئالاقە قىلىدىغانلىقىنى، ھازىرچە ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىكنى ئېيتتى. مېنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋىرىم بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىرغىزىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، «ئۇيغۇر ئىتتىپاق جەمئىيىتى» ۋە «ئىتتىپاق رېداكسىيىسى» نىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، مۇخبىر خانىمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن ئىدىم. ھەم سۆھبەتتىن كېيىن دەرھال «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتىپاق رېداكسىيىسىنىڭ قورغۇچى دېرىكتورى، مەسئۇل مۇھەررىر مۇزەپپەرخان قۇربان ئەپەندىگە تېلېفون قىلىپ، مۇخبىر بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەينەن ئېيتىپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ، مۇخبىرغا بەرگەن جاۋابىمدىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەچ - ئىنتىپاق جەمئىيىتى ئۈستىدىن خىتاينىڭ ئەرز قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ؛ ئىنتىپاقنى ئۈچ ئايلىق تاقىغانلىقى؛ رېداكسىيىنى پوتونلەي خىزمەتتىن توختاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئېيتقان ئىدى. كېيىنكى كۈنى ب ب س رادىئوسىدىن سۆھبەتنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن خىتاي ئەرز قىلماستىن، بەلكى بىر توپ يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سابىق قەھرىمانلار ئەرز قىلغانلىقى ئىدى. قولۇمدىكى خەتتىن شۇنچىلىك سەسكەندىم ھەم سابىت ئۇيغۇرى ئەپەندىگە تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنى قىسقىچە ئېيتتىم. ئۇ ساقسىز بولۇپ قالغاچقا ئىشخانىغا كېلەلمەيدىغانلىقىنى، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» دائىمىي كومىتېت يىغىنى چاقىرىپ، بۇ ۋەقە ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇڭا مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر ئىبراھىمى، تەپتىش تۇرسۇن تۇردىيېۋ، باشكاتىپ رەخىمجان روزى - ھەسرىتى ئەپەندىلەرگە دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىدى.

ئەخمەتجان غازى 44. يىلى كۈزدە پارتىلىغان، قوراللىق «مىللى ئىنقىلاب» سېپىگە قاتناشقان بولۇپ، شىخو ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردېن بىلەن تەقدىرلەنگەن قەھرىمان جەڭچى، زامانىسىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، زامانىمىزنىڭ

قىممەتلىك ئاتىسى ئىدى. ئۇ 92. يىلى قىرغىزىستاندا قۇرۇلغان «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نى قۇرغۇچى ئاكتىپلاردىن بولۇپ، تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. بىراق خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۇيغۇرىستاننى ئازات قىلىدىغان، ئىنقىلاۋى تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرۇپ، ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغان بولغاچقا، تەشكىلاتتا جىددى يىغىن چاقىرىپ، بۇ مۆتىۋەر غازىنى رەئىسلىكتىن ئېلىۋەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئەكبەرجان باۋدۇن ئەپەندى سايلانغان ئىكەن. تەشكىلاتتا ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ ۋەتەنگە بارغانلاردىن يەنە بىر قانچە مۇھىم شەخسلەرنىمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتكەن بولغاچقا، ھەم بۇ كىشىلەر بەك مۇھىم، مۆتىۋەر، تارىخى ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى، قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» رەھبەرلىرى مۇۋاپىق كۆرمەي، قىرغىستاندىكىلەرنى ئاغدۇرمىچىلار - دەپ، مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان غازىلارنىڭ بۇ قېتىمقى قىلمىشلىرىنى، دائىمى كومىتېت يىغىنىغا سېلىپ، قىرغىزىستاندىكى سەپداشلار بىلەن بولىدىغان تەشكىلى مۇناسىۋەتنى، قايتا مۇزاكىرە قىلىدىكەن. ئۇلار، بېكىتىلگەن كۈنى دائىمى كومىتېتنىڭ يىغىنىنى چاقىردى . قىرغىزىستاندىكى 64 كىشىنىڭ بۇ سەتچىلىكلىرى ئۈستىدە ئەيىبلەشلەر ۋە تەنقىتلەردىن كېيىن، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى بىلەن تەشكىلى مۇناسىۋەتلەرنى قايتا ياخشىلاش قارار قىلىندى. دېمەك، مەنسەپ كىچىك بولسىمۇ، جاپالىق ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئاتاق، كىشىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنسەپ پەرەس قىلىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىنسانىنى يولدىن چىقىرىپ، مۇناپىق، مەلئۇن قىلىپ تاشلايدىكەن. مۇشۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن بىر يىلچە ئىلگىرى، بىشكەك شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، بېجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن بەش مىليون دوللار مەبلەغ سېلىنغان «قىرغىزىستان ياش تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ تەشكىلاتنىڭ پەخرى ھەيئەتلىرى ئارىسىدا، مۆھتىرەم ئەخمەتجان غازى ئەپەندىمۇ تۆردىن ئورۇن ئالغان ئىدى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتتىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، «خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ، سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتابلارغا قارالسۇن) بۇ ئىشنىڭ، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان تەرىپى شۇكى، ئەخمەتجان غازى ئەپەندى قاتارلىق بىر قانچە كىشىنىڭ، ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاشقا بارغانلىقى ئۈچۈن، تەشكىلاتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋاقتى، ئۇلار ئەرز قىلىپ، جازالاتقۇزۇۋېتىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن بولغان ئىشلاركەن. نېمىشقا ئەمدى ئەرز قىلدى؟ ئەرز قىلغاندىمۇ، «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان، قانۇنسىز - ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنى ھىمايە قىلغان» لىق پاكىتى، ئىسپاتى ۋە گۇۋاھچىلىرى بىلەن ئەرز قىلغان. بۇ ئەرزنىڭ ئارقىسىدا، بېجىن ھۆكۈمىتىدىن بەش مىليون دوللار مەبلەغ ئېلىپ، قىرغىزىستاندا ئىشقا چۈشكەن ئاتالمىش «تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» نىڭ بىرقىسىم خىزمەت كۆنتەرتىپلىرى يوشۇرۇنغان بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟

ئۈچىنچى مىسال: قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق

تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى ھاشىر ۋاھىدى، ئۆلۈملۈك تاياق زەربىسىدىن ئەسلىگە كېلەلمەي، 97. يىلى ئۆيىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ سايلام يىغىنى چاقىرىلىپ، تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سابىت ئۇيغۇرى سايلاندى. سابىت ئۇيغۇرىمۇ، باشقا نۇرغۇنلىغان پېشقەدەملەرگە ئوخشاش، ئەينى چاغدىكى جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىدىكى، بىر پىداكار ئوفىتسېر ئىدى. جۇمھۇرىيەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئازاتلىق تەشكىلاتىدا ۋەزىپە ئېلىپ، ئۇزۇن يىل خىتاي تۈرمىسىدە جازالانغان، باشقىلاردەك، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ مائارىپىدا بىلىم ئاشۇرۇپ «زىيالىي» بولالمىغان، 82. يىلى تۈرمىدىن چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سۈرگۈن قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن سەھرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئەمما ئالاھىدە شۆھرىتى يوق لېكىن جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىدا تاشقا مۆھۈر باسقانلاردىن بولغاچقا، ھازىرمۇ تەشكىلاتتا جان تىكىپ خىزمەت قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى كۆپچىلىك رەئىسلىككە سايلىغان ئىدى. بىراق مەنسەپ كىچىك بولسىمۇ، تەمى بەك شىرىن بولسا كېرەك. بىر تۈركۈم مۇھىم، پېشقەدەم زىيالىيلار، سابىت ئۇيغۇرىنىڭ رەئىس بولغانلىقىنى قوبۇل كۆرمەي، بىز «ھاشىر ۋاھىدىچە ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» دېگەن نام بىلەن، تەشكىلاتنى بۆلۈپ چىقىپ كېتىشتى. بۇنىڭدا نە خىتاينىڭ، نە «ك گ ب» نىڭ سۇيىقەستى بولسۇن. پەقەت: بىز سېنىڭدىن مۆتىۋەر تۇرساق، بۇ مەنسەپ بىزگە لايىقتى ـ دېگەن بىر ھەسەتنىڭ شۇملۇقىدىن بولغان ۋەقە ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئەللەردە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دېيىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزمۇ چەكلىمىگە، بېسىمغا، سۈيقەستكە ئۇچراۋاتاتتى. تېشىدىن خىتاي ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى، قازاق دۆلىتى قورىما نوقتىغا ئالسا، ئىچىدىن مەنسەپ پەرەسلىك بالاسى، ئۇيغۇرلارنى كاۋاپ قىلىپ يېيمەكتە ئىدى.

تۆتىنچى مىسال: 92. يىلى دېكابىردا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى، تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھايات شاھىتلىرى ئىستانبۇلغا يىغىلىپ «شەرقى تۈركىستان مىللى قورۇلتىيى» نى قۇردى. ئۇنىڭ مەنسەپ ئورۇنلىرىغا كىشىلەر سايلىنىپ، ئەخمەت ئىگەمبەردى رەئىس بولدى. ئىسا ئەپەندىنى پېشقەدەم «دەۋاگەر» دەپ، قورۇلتاينىڭ پەخرى رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلدى. لېكىن 91 ياشلىق، كۆزى ئەما، سالامەتلىكى ناچار، ئۆمرىدىن يەنە پەقەت ئۈچ يىللىق رىزقى قالغان بۇ كىشى: مەن نېمىشقا رەئىس بولماي، پەخرى بولغۇدەكمەن؟ ماڭا بۇنداق پەخرى مەنسەپ لايىق ئەمەس! دەپ، چالۋاقاپ يىغىن تەرتىۋىنى ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭمۇ ئېشىنى ئىچىپ، تۈزىنى يەپ، ئۇنىڭ سايىسىدە كۈن كۆرۈپ، سەھنىلەردە رەسىمگە چۈشۈپ يۈرگەن بىر تۈركۈم ئادەملىرى، يىغىن تەرتىۋىنى قالايمىقان قىلدى. 31. يىللىرىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «چىن تۈركىستان ئاپتونومىيەچىلىرى بىلەن، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتچىلەر» ئارىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىپ، مۇستەقىلچىلەردىن ئىبارەت بىرلا قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرىدىغان تەشكىلى غايە، مۇشۇ ماجىرا بىلەن ئەمەلگە ئاشالماي قالدى.

بەشىنچى مىسال: 99. يىلى ئۆكتەبىر، ميونخىن شەھىرىدە «شەرقى تۈركىستان مىللى قورۇلتىيى» نىڭ 2. نۆۋەتلىك

ئومۇمى يىغىنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي تۈركىيەدىن گېرمانىيىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭدىن 3. يىل ئىلگىرى «ياشلار قۇرۇلتىيى» مۇشۇ مىيونخىندا قۇرۇلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭلۇق تالىشىدىغان ماجىرا باشلاندى. ئىچكى ماجىرانى بېسىقتۇرىمىز - دەپ، يىللاپ مېھنەت قىلغاندىن كېيىن، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بىرلىششتىكى ئالدىنقى شەرتى بولغان : «ئالىپتېكىن ئەپەندى رەئىس بولىشى، تەشكىلاتنىڭ نامى تۈپتىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك » - دېگەن، ئىككى تارماقلىق بىر ماددا تەلىپى، مىللى قۇرۇلتايدا، ھەپتىلەپ مۇزاكىرە قىلىنىپ، ماقۇل كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 2004. يىلى 12. ئاپرېل «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 19. ئاپرېل ئالىپتېكىن ئەپەندى قۇرۇپ چىققان، (بىرمۇنچە تەشكىلاتلار قاتارىغا تىزىلغان) «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» نى ئېلان قىلدى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ يىغىنىغا ئاۋۋالقى قۇرۇلتايلارنىڭ ۋەكىللىرى ئاساسەن چاقىرىلمىدى. ئاۋۋالقى قۇرۇلتاينىڭ نىزام نامىلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىپ، مۇستەقىللىق ماددىلىرى ئورنىغا «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دېگەن ماددىلار يېزىلدى. ئالىپتېكىن ئەپەندى رەئىس بولدى. بۇ كىشى 99. يىلى ئۆكتەبىر چاقىرىلغان قۇرۇلتايغا قاتناشمىغان، رەئىسلىك مەنسەپ كاندىداتلىقىنى رەت قىلغان ھەم ئۇ قۇرۇلتايىنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بولىشى مۇمكىن: بىرىنچى، باشقىلار قۇرۇپ قويغان مەنسەپ تەختىدە ئولتۇرماي، ئۆز نامى بىلەن تەخت قۇرۇپ، تەخت ياسىغۇچى سۈپىتىدە نام قالدۇرۇش؛ ئىككىنچى مۇستەقىلچىلەر بىلەن، ئاتا دۈشمەن مەسلەك رەقىبلىرى بىلەن

بىر سورۇندا ئولتۇرماسلىق. ھەر ئىككىلا ئېھتىماللىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن يىللاپ ئارزۇ - ئۈمۈت بىلەن قۇرۇپ چىققان ھەم مۇستەقىللىق دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىۋاتقان، 12 يىللىق سىياسى تارىخقا ئىگە «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نى بىت - چىت قىلىپ يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان (ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش)، بىر يېڭى قۇرۇلتاينى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مانا بۇ «شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بىردىن بىر قانۇنلۇق ۋەكىلى» دەپ، دۇنياغا كۆرسىتىش بولسا «ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدۇ» دىگەن ئېتىراپ نامە بولاتتى. مۇشۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا، قانداق بىر مۇستەقىلچى ئۇيغۇرنىڭ رايى بارسۇن؟ شۇ سەۋەپتىن، ئاۋۋالقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۇستەقىلچى زاتلار توپلىشىپ، شۇ يىلى سېنتەبىر «شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇپ چىقتى.

ئالتىنچى مىسال: سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت 2006. يىلى ئىيۇل ئىستانبۇلدا پارلامېنت يىغىنى چاقىرماقچى بولدى. بىراق تۈركىيە ئاقچىلار ھۆكۈمىتى، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندىنى تۈركىيەگە كىرگۈزمەي، ئايروپورتتىن قايتۇرىۋەتتى. پارلامېنت يىغىنىغا قاتنىشالمىغان باش مىنىستىر ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندى، دادىسىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاتۇشقا بېرىپ، سالامەت قايتىپ چىققانلىقىنى بانا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋە قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بۇنى قوبۇل

قىلالمىغان باش مىنىستىر ئۆزىنى ۋەزىپىدىن ئېلىۋەتكەنلەرنى خائىن ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى قانۇنلۇق باش مىنىستىر ـ دەپ جاكارلىدى. يەنى ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندى ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى ئېتىراپ قىلماي، مەنسەپتىن چۈشكەنلىكىنى قوبۇل قىلماي، يەنە بىر قېتىم كىچىك پارچىلىنىشقا سەۋەپچى بولدى.

يەتتىنچى مىسال: ئۆيلىمىغان يەردىن «دئۇق» غا رابىيە خانىم رەئىس بولىۋالدى. ئۇنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈشكە 11 يىل قارشى كۈرەش قىلىندى. رابىيە خانىم 11 يىل «د ئۇ ق» نىڭ رەئىسلىكى نامىدا خىتايغا قارشى، خەلقئارا مۇنبەرلەردە كۈرەش قىلدى. رابىيە خانىمنى مەنسەپتىن ئۆرۈيدىغانلار 11 يىل ئىچكى كۈرەش قوزغىدى. «د ئۇق» بىلەن ۋە رابىيە خانىم بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتتە بولغان، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى تەرەپ بولۇپ، 11 يىل ئىچكى ماجىراغا بەند بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، پارتىزدىكى قۇرۇلتاي سايلىمىدىن كېيىن، ئىچكى ماجىرا تازا پەللىگە چىقىپ، قۇرۇلتاي ئىچىدىكى كادىرلارنىڭ ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ غېمى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلغۇدەك ئارامى، ۋاقتى قالمىدى. ئۇلار ئىككى تەرەپ بولۇپ ھاقارەتلىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئىشنى قۇرۇلتاينىڭ ئىچىدە ئوڭشىغىلى بولمايدىغان يەرگە كەلگەندە، ئاتالمىش «ئالى كېڭەش يىغىنى» نىڭ ئىككى نۆۋەتلىكىنى گوللاندىيىدە چاقىرىپ، شۇ يىغىندا «پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي سايلىمى» ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشتى. ئالى كېڭەش يىغىنى ئاچىمىز دەپ، نۇرغۇن ئىقتىساد، ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، ھەممە ئىش پۈتكەندە، خانىمدىن مەنسەپ تارتىدىغان بىر توپ كىشىلەر، قۇرۇلتاي نامىدىن باياناتِ

ئېلان قىلىپ، ئەگەر رابىيە خانىم گوللاندىيىدە چاقىرىلىدىغان ئالىي كېڭەش يىغىنىنى بىكار قىلمىسا، ئۇلار گېرمانىيىدە ئۆز ئالدىغا «پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي سايلىمى» چاقىرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. رابىيە خانىم قۇرۇلتاينىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئالىي كېڭەش يىغىنىنى بىكار قىلدى. شۇنداقتىمۇ، رابىيە خانىمدىن مەنسەپ تارتىدىغان گۇرۇھلار، 12. نويابىر جۇمھۇرىيەت كۈنىگە توغۇرلاپ ئاتالمىش «6. نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي» سايلىمىنى چاقىردى. بۇ سايلامنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە رابىيە خانىمنى قوللايدىغان بارلىق تەشكىلات ۋە رەھبەرلەر «د ئۇ ق» دىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ھادىسىلەرنى ئاددى ئويلىساق: پەقەت مەنسەپ بالاسىدا، دەۋا سېپى 2004. يىلى ئاپرېلدا بىر قېتىم، ئەيسا گۇرۇھى تەرىپىدىن پارچىلانغان بولسا، ئارىدىن 13 يىل ئۆتكەندە يەنە شۇ ئەيسا گۇرۇھىنىڭ مەنسەپ بالاسىدا، يەنە بىر قېتىم پارچىلاندى. ئەگەر بۇ پارچىلىنىشلارغا قارىتا: مەنسەپ پەرەسلىكتىن ئىبارەت، ئىجتىمائىي پەسكەشلىكتىن بولىۋاتىدۇ - دېمەي، يەنە بىر بالداق نېرىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇ چاغدا: خىتاي مەركىزى سىياسى بۇروسى قارار قىلغان، «يەتتىنچى نومۇرلۇق مەخپى ھۆججەت» بويىچە: چەتئەلدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرنى، ئۆز ئىچىدىن پارچىلاپ تارمار قىلىش ئىجرائاتى - دېمەكتىن باشقا ئامالىمىز قالمايدۇ! چۈنكى 2004. يىلى ئاپرېلدا «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىۋېتىش ئارقىلىق، قۇرۇلتاي ئەتراپىغا توپلاشقان كۈچلەرنى بىر قېتىم تارمار قىلغان ئىدى. 2006.

يىلى «د ئۇ ق» غا رابىيە خانىم رەئىس بولۇش ئارقىلىق، چېچىلىپ كەتكەن كۈچلەرنى «دئۇ ق» ئەتراپىغا توپلىغان بولسا، 11 يىل داۋاملاشقان ئىچكى كۈرەشتىن كېيىن، رابىيە قادىرنىڭ مەغلۇب بولىشى بىلەن، توپلانغان كۈچلەر يەنە بىر قېتىم تارمار قىلىندى.

سەككىزىنچى مىسال: 2017. يىلى نويابىردا غەيرى رەسمى چاقىرىلغان، ئاتالمىش «6. نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي» دىن كېيىن، قۇرۇلتايدىن چېكىنىپ چىققان تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە كۆپلىگەن رەھبەرلەر توپلىشىپ، يەنە بىر تەشكىلات قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىشتى. تورلاردا، تۈرلۈك ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئۇلارنىڭ تەشكىلات قۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا، كەڭ - كۆلەملىك خەۋەرلەر تارقالدى؛ مۇنازىرىلەر قوزغالدى. ئاۋام خەلق ئۈمۈتلەندى. خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا: ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلۇشى كېرەك - دېگەن ئۇقۇم شەكىللەندى. نەتىجىدە ئۇننەچچە تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى، جامائەت ۋەكىللىرى 2018. يىلى مارت ئامستېردامغا يىغىلىپ، ئۈچ كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىن، مۇشۇ يىل ئىچىدە قۇرۇلغۇسى تەشكىلاتنىڭ «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» تەشكىلاتى تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دۇنياغا ئۇچۇق ئېلان قىلىندى. خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا ۋە ئۇيغۇرلارغا قىزىقىپ قاراۋاتقان دۇنيا ئەللىرىنىڭ نەزىرىدە: خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۇيغۇرىستاننى ئازات قىلىدىغان بىر چوڭ، خەلقئارالىق تەشكىلات قۇرۇلىدۇ - دېگەن ئۇقۇم شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. يىغىن چاقىرىلىدىغان كۈنگە بەش ھەپتە قالغاندا، مۇستەقىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتى تەشكىلاتى قۇرۇپ چىقىدىغان ئاۋانگارت رەھبەرلەر ئارىسىدا، يېڭى بىر مۇزاكىرە ئىختىلاپى كېلىپ چىقتى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە پاراللېل ھالدا، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت ئىچىدە رەھبەرلىك ماجىراسى پارتىلىدى. يەنى « پارلامېنت ئەزاسىنى كۆپەيتىپ، ھۆكۈمەتنى خەلق سايلىمىغا ئېچىۋېتىش» دېگەندەك، ئىسلاھاتچىلىق پىكرى بىلەن، ھۆكۈمەت ئىچىدە تەۋرىنىش كېلىپ چىقتى. مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەشكىلاتى قۇرۇش ھەيئىتىدىكىلەر ئارىسىدا، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتكە تەڭ پارلامېنت قۇرۇش ھەۋىسى پارتىلىدى. ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى: بىرمۇنچە تەشكىلاتنى يىغىپ، يەنە توپلام بىر تەشكىلات قۇرۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ يەنە «تەشكىلات» قۇرۇپ يۈرگىچە، پارلامېنت قۇرۇش كېرەك! - دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. ئادەملەرنىڭ مەلۇم قىسمى ئارىسالدىلىقتا لەيلەپ قالدى. كىم ئاغزىدىن ماغزاپ چىقىرىپ، بەكرەك سۆزلىسە شۇ تەرەپتە. ھەممىدىن ئاز ساندىكى، ياكى ئىككى توك - توك ئادەملەر: «دۆلەتلەردىن، رايونلاردىن ھالقىغان، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، مۇستەقىللىق تەشكىلاتى» قۇرىمىز؛ ئامستېردام يىغىنىدا قول كۆتۈرۈپ ئالغان قاراردىن يانمايمىز - دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈردى. لېكىن كۆپچىلىك «تەشكىلات» دېگەن نامنى كىچىك كۆردى. تەشكىلاتتىن ئۆزلىرىگە تېگىدىغان مەنسەپنىڭ نامىنى كىچىك كۆردى. پەقەت مەنسەپ نامى كىشىلەرنى غولىدىن تەۋرىتىپ قويدى. تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى 2018. يىلى 27. سېنتەبىردىن باشلاپ ئۈچ كۈن، پارىژ شەھرىدە چاقىرىلدى. كۈچ يەنە ئىككىگە بۆلۈندى. يىغىن نەق

مەيداندىكى تالاش - تارتىش ۋە يارىششتىن كېيىن، بىر بۆلۈك ئادەملەر «شەرقى تۈركىستان مىللى مەجلىسى» قۇرۇپ، ھارۋىنى جاڭگالغا تارتتى. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئامستېردام يىغىنىنىڭ روھى بويىچە «شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەشكىلاتى» قۇرۇپ، ھارۋىنى قۇملۇققا تارتتى. سەتچىلىكنى يوشۇرۇپ: «شەرقى تۈركىستان مىللى مەجلىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇنىدىغان، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەشكىلاتى» - دەپ، خەۋەر ئىشلەندى. مىللى مەجلىس دېگەن گەپ، دەل مىللى پارلامېنت دېگەن گەپ. بىرسى تۈركچىلەشكەن ئەرەپچە گەپ. يەنە بىرسى تۈركچە ئارىلاشقان ياۋروپاچە گەپ. مەزمۇنى بىرلا.

بۇ قېتىمقى كۆچنى بۇنداق پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئاملىنىڭ ئېتىنى نېمە قويىمىز؟ - خىتاينىڭ قولى بارمۇ؟ ئۇ كىم؟ مەنسەپ پەرەسلىكمۇ؟ - ئۇ كىم؟

ئەسلىدە تەشكىلاتنىڭ نامى، شۇ تەشكىلاتنىڭ خىزمەت ئوبيېكتىگە، ئىجرا قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىنىڭ خاراكتېرىغا قارىتا قويىلىدۇ. قۇرۇلتاي نېمە قىلىدىغان ئورۇن؟ - قەرەللىك يىغىلىپ سايلام قىلىدىغان، قارار ماقۇللايدىغان يىغىن دېمەكتۇر. مىللى مەجلىس - پارلامېنت نېمە قىلىدىغان جاي؟ - پارلامېنت ئەزالىرى يىغىلىپ، قارار ماقۇللايدىغان، قانۇن ماقۇللايدىغان يىغىن دېمەكتۇر. تەشكىلات نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇن؟ - ياكى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە قارار ماقۇللىسۇن، ياكى يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن قارار ۋە بويرۇققا بويسۇنسۇن، ھەرىكەت ئىجرا قىلىدىغان كۈچ دېمەكتۇر. پارلامېنت - مىللى مەجلىس ۋە قۇرۇلتاي ئىجرا قىلالامدۇ؟ -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياق! مەيلى دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈم، سىستېمىلىرى بويىچە تەسىۋۋۇر قىلىنىشى، مەيلى تەشكىلات ۋە پارتىيىلەر ئانالىزى دەرىزىسىدىن قارالسۇن - «قۇرۇلتاي، پارلامېنت - مىللى مەجلىس» دېگەن ئورگانىزىلەرنىڭ ئىجرائاتى بولمايدىغانلىقىنى، دۇنيا سىياسەتچىلىرى ئوبدان بىلىدۇ.

مەنسەپ پەرەسلىك بالاسىدا، بېشىمىزغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان، تەتۈر قىسمەتلەر توغرىسىدىكى مىساللارنى ساناپ كەلسەك، ئايرىم بىر كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى مەنسەپ پەرەسلىك ئەڭ يامان ئىللەتتۇر. مەنسەپ پەرەسلىك ساپاسىزلىقنىڭ ئەڭ داڭدار غوجا ئاكىسىدۇر.

## 3. ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق - ھەممە ئىنساندا ئورتاق بولىدىغان قىزغىنىش، بەسلىشىش كەيپىياتىنىڭ، يۇقىرى پەللىگە يەتكەن كېسەللىك باسقۇچىدۇر. ئىنسان تەبىئىتىدىكى، ياخشى نەرسىنى باشقىلاردىن قىزغىنىش، ياكى بارلىق ياخشى نەرسىنى پەقەت ئۆزىنىڭ بولىشىغا ھەۋەس قىلىش، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن بەسلىشىش، باشقىلاردىن دائىم ئۈستۈن تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىش قاتارلىق تۇيغۇلار، پۈتۈنلەي يوللۇق كەيپىياتلاردۇر. ئەگەر بۇ خىل قىزىقىشلار، قىزغىنىشلار، چېكىدىن ئېشىپ، زادى پالانچى نېمىشقا مېنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ پالانچى نېمىشقا ياخشى كۆڭگە، ياخشى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا مېنىڭدىن تۆۋەن كۆڭگە قالمايدۇ؟ نېمىشقا پۈتۈنلەي تۆگۈشۈپ كەتمەيدۇ؟ ئۇنى كىشىلەر نېمىشقا قوللايدۇ؟ - دېگەندەك تۇيغۇدا بولۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ياخشى

كۆن كۆرۈشكە چىدىمايدىغان، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كۈلپەت كەلسە سۆيۈنىدىغان، بۇنداق رەزىل كەيپىيات ـ ھەسەتخورلۇق كېسەللىكىدۇر. بىزنىڭ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزدا، داڭلىق كىشىلەر قاتلىمىدا، ھەسەتخورلۇق كېلىسىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلار ئاز ئەمەس. بۇ كېسەل ساپاسىزلىقنىڭ دەل ئۆزىنىكىدۇر.

4. ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، تېنىۋېلىش، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، مەيدانسىزلىق قاتارلىق ناچار ئادەتلەرمۇ، چەتئەلدىكى تەشكىلات، ئېقىملىرىمىزدا ئومۇملىشىپ كەتكەن، ناچار كەيپىياتلاردىندۇر. ئاۋام خەلقنى ئالداپ، دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، ئۆزىنىڭ سەھنىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تىرىشىپ كېلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. نۇرغۇنلىغان ئاتالمىشلار كىشىلەرنى يىغىپ، تەشكىلات ۋەكىللىرىنى يىغىپ، تەشكىلاتتىكى ۋەزىپىلىك خادىملارنى يىغىپ، داۋراڭ سېلىپ، بىرەر ئىش ئۈستىدە قول كۆتەرتىپ قارار ماقۇللىتىدۇ. ئەتىسى قارىسا ماقۇللىغان قارارنىڭ دەل قارشىسىدا، خاتا بىر ئىشلارنى قىلىشىدۇ. بىرلىرى چىقىپ: بىز مۇنداق قارار ئالغان ـ دەپ، ئېتىراز بىلدۈرسە، ئۇنى سېسىتىپ، كۆزدىن يوقىتىشقا ئورا كولايدۇ. يىراق ـ يېقىندىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار ئېلىنىۋەتتۇق ـ دەپ، خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدۇ. يىللار ئۆتكەندىن كېيىن يەنە توپلىشىپ، يەنە شۇ پاراڭنى سالىدۇ. يەنە ئوخشاش نەرسە ئۈستىدە قارارغا قول كۆتۈرۈشتىن باشقا يېڭىلىق يوق. ئاۋامنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىنى غەلىتە قىلىش ئۈچۈن، يوق نەتىجىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. سۇرۇشتۇرگەن كىشىنى سەت كۆرۈپ، ئىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گېپىدە تۇرماسلىقنىڭ، ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ،

ئالدامچىلىقىنىڭ، يالغانچىلىقىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەن جەر-يانلىرىدۇر. دۇنيادا كىشىلەرنى ئاخماق قىلغانلىقىنىمۇ ئارتۇق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنىمۇ ئارتۇق ساپاسىزلىق بارمۇ؟ - بار. مۇشۇ ساپاسىزلىققا ئائىت بارلىق يامان، ناچار ئىللەتلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ساپاسىزلىقتۇر. مۇشۇ ناچار ئىللەتلەر، چەتئەلدىكى بىزنىڭ دەۋا قوشۇنلىرىمىزدا، يېتەكچى ئېقىم ۋە شەخسلىرىمىزدە يېتىپ ئاشقىچە بار.

چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ساپاسىزلىقىغا كەلسەك، ئۇنى بىز ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز. چۈنكى تەشكىلات دەپتەرلىرىنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىنى، دادىخاغا نېمىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن تەشكىلاتلارنىڭ ساپاسىزلىقىنى، شۇ تەشكىلاتلار تۇرۇشلۇق ھەر قايسى دۆلەتنىڭ دادىخالىرى يامان ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا دۆلەتلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە دېيىشلىرىگە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى قوللىرىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆتەك دەپتەرلىرىگە يېزىلغان نەرسىلەر، ئۇلار ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى كۆرىدىغان پەنجىرىلەردۇر. ئۇلارنىڭ، كوچىلاردا ۋارقىراپ، تولاپ يۈرگەن كونكرېت ئۇيغۇرلار بىلەن ئىشى يوق. بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى يېزىپ، ئىمزا قويۇپ تاپشۇرغان، قوللىرىدىكى تۆمۈر دەپتەرلەرگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

دېمەك، ساپاسىزلىق بىلەن قوشۇلۇپ، ئىقتىدارسىزلىققا تىنىپ تاشقان كىشىلەر ۋە ئۇلار قۇرۇپ چىققان جەمئىيەتلەر، چەتئەللىككە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى ساپاسىز كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

31.10.2018

## ئون بەشىنچى باب

# بىز كېلىشەلەيدىغان يول بارمۇ؟

ئادەملەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى رەڭگا - رەڭ بولغىنىدەكلا، ئىچكى دۇنيالىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. كىشلەرنىڭ پىكىر - خىيالى، كۆز - قارىشى، تالللىشى، قارارى، ئېستېتىك تۇيغۇلىرى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىق مەنىۋى خاسلىقلىرىدىكى پاسىللارغا ئىنكار قىلىپ، پۈتۈنلەي تەكشى، تۈپ - تۈز بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا «بىر ئادەم بىر دۇنيا» - دېيىلگەن. ئەمما پەرقلىقلەر ئىچىدە يەنە قىسمەن بىردەكلىكمۇ هامان تېپىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىنسانىيەت دۇنياسى زىددىيەتنىڭ بىرلىكمىسىدۇر» - دەپ، تەرىپلەنگەن. ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشى جىسمانى قۇرۇلمىسى ۋە ئىچكى تۇيغۇسى بىلەن، تولۇق زىددىيەتلىك ئىككى دۇنيا. بىراق ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئىككى دۇنيانىڭ، بىر ئائىلە قۇرىشى ئارقىلىق، ئىنسانىيەت دۇنياسى ياشىرىپ، كۆكلەپ داۋاملىشىدۇ. زىددىيەتلەر، پەرقلىقلەر قىسمەن بولغىنىدەك، بىردەكلىكمۇ قىسمەن بولىدۇ. پەرقلىق، زىددىيەتلىك ئىنسانلار ئۆز - ئارا بىرلىككە كېلەلەيدىغان بىر بوشلۇق بولىدۇ. سىرتىدىن قارىسا قورام تاشتەك ئۈيۈل كۆرۈنسىمۇ يەنە بىر يوچۇق، بىر كاۋاك تېپىلىدۇ. كىشلەر ئاشۇ يوچۇقتىن كىرىپ، ئارىلىرىدىكى تۈگۈنلەرنى يەشكەندىن كېيىنلا، زىددىيەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

ئىنسىپلىككە چۈشۈپ، ئىنسبىي بىردەكلىكنى تېپىپ چىقىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئەقىلنىڭ رولى بەك مۇھىم. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ بىرسى كاج، يەنە بىرسى جاھىل بولۇپ قالسا، ئارىلىرىدىكى زىددىيەتتە ئىنسىپىلىك يوچۇقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى: مېنىڭ قارىشىم مۇتلەق توغرا، سېنىڭ خاتا - دەپ، ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ. خۇددى كاج بىلەن جاھىلنىڭ ھېكايىسىدىكى كاج: قىرقىپتۇ - دېسە، جاھىل: كېسىپتۇ - دېگەندەك. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالغان ئوبيېكت - تۆز، تەكشى نەرسە بولۇپ، بىرسى: بۇنى قىرقىپ تەكشىلەپتۇ - دەپ، پەرەز قىلغان؛ يەنە بىرسى: ياق، بۇنى كېسىپ تەكشىلەپتۇ - دەپ، پەرەز قىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىردەكلىك «ئوبيېكتىپنىڭ تەكشىلىكى» بولۇپ، بېشەلمەيۋاتقان تۈگۈن «قىرقىپ تەكشىلىگەنمۇ، ياكى كېسىپ تەشىلىگەنمۇ ؟» دېگەن ئىبارەت ئاددى زىددىيەتتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ قارىشىنى يەنە بىرىگە تاڭغانلىقى ئۈچۈن، تۈگۈننى يېشىشتە بىرلىككە كېلەلمىگەن. كاج بىلەن جاھىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگۈننى يېشىپ، زىددىيەتنى ھەل قىلالمىغانلىقىغا، جەزمەنكى ئەقىلنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەب بولۇپ تۇرماقتا.

بىرخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان، بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ، شۇ مۇھىتتا ياشىغان، ھەتتا ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارمۇ ئوخشاش، دەردى ئوخشاش، خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇپ، بىر خۇمداننىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان كېسەكتەك، ھېچنەرسىدە پەرقى قالمىغان، بىر مىللەت خەلقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۇرۇپ، قايسى

ئەھۋالدا زىددىيەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىمىزگە ئىنچىكىلەپ قارىغىنىمىزدا، تۇڭگاننى يېشىپ، بىردەكلىكىمىزنى تېپىپ چىقالىشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۇشكۇل. 20. ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خىتاي شۇنچىلىك ئەبگالىقى بىلەن تۇرۇپ بىزنى باشقۇرالىدى. خىتاينىڭ بىزنى باشقۇرالىشىدىكى ئامىل، كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى ئىشقا سالغانلىقى ئىدى. خىتايلار ھىلە ئىشلەتتى. تۇزاق قۇردى. بىر دىنغا ئىشىنىدىغان، بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىنى دىنى باشقا، مىللىتى باشقا، تىلى باشقا تامامەن يات ۋە ھەتتا بۇ مىللەتنىڭ، بۇ دىننىڭ دۈشمىنى بولغان خىتايلار بۇزالىدى. ئۇيغۇرلارنى ئۆز - ئارا دۈشمەن قىلىۋېتەلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچىمىز پارچىلىنىپ، خىتايدىنمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشكەن چېغىمىزدىلا بىزنى تولۇق ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىگەن كاللىنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ، چىرىپ كەتكەن كاۋىدەك، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقى كۆرۈلدى. چۈنكى ھەممە كۈچ خىتاينىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىگەن كاللا، باراگىغا ئېسىلغان قاپاقنىڭ سىياقىغا ئايلىنىپ قالدى. كاللىنى ۋەتەندە ئىشلەتكىلى ۋە ئۇنىڭدىن قىممەت ياراتقىلى بولمىغاچقا، چەتئەلگە تەلمۈرۈشكە توغرا كەلدى. كىشىلەر چەتكە ئېقىشقا باشلىدى. لېكىن چەتكە چىققانغىلا، كاللا ئىشلەۋېرىدىغان زامانلار بولمىغاچقا، يېڭى تىلى چىققان بالىدەك، چەتئەللىكنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى دوراشقا، يېڭى ئايىقى چىققان بالىدەك، چەتئەللىكنىڭ مېڭىشلىرىنى دوراشقا ئۆزۈن يىللاپ مەجبۇرلىنىدىغان گەپكەن - دە. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەندىكى چاغدا بىر ئۇبدان ئىشلەپ

يۈرگەن تىل، پۇت - قول، كاللا چەتئەلدە كالۋالىشىپ، خىلە ئۇزۇن يىللارغىچە يولىغا چۈشۈپ بولالمايدىكەن. كاللا ئىشلىمىدى دېگەنلىك، تۈگۈنىنى يېشەلمىدى، زىددىيەتنى ھەل قىلالمىدى دېگەنلىكتۇر.

ئاددى بىر مىسال: 97. يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا غەرەزلىك توپلاشقان ئۇيغۇرلار، ھېچ دىققەت قىلماستىن، خىتاي رەھبەرلىكىدىكى شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ باستۇرۇش كۈچىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن «ۋەتەندىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىماقچى» بولۇشتى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا خىتاينىڭ ئىدارىسى ئاستىدا، رۇسىيەمۇ خىتاينىڭ مۇھىم بىر توقماقچىسى بولۇپ، ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىلماقچى بولغان دۈشمەن، يالغۇز خىتايلا ئەمەس بەلكى ئۈنىڭ يەنە تۆت شېرىكىمۇ قېتىلىپ، بەش دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىسىدا قورال تەڭلەپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇيغۇر ئۇرۇشچىلىرى دەسسەپ تۇرىۋاتقان يەرمۇ، شۇلارنىڭ يېرى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، ۋەتەندىكى خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋەتەندىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئادەم توپلاشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋە شۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان كىشىلەر ئۈستىدە، ئىككى تۈرلۈك باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى: ئۇلار، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى پاراكەندىچىلىككە سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق شارائىتلىرىنى بىتچىت قىلىشقا سەۋەب ھازىرلاش ئۈچۈن ۋەزىپىلىنگەن كىشىلەردۇر. ئىككىنچى: ئۇلار، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى، دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشەنگۈدەك ئەقلى تەپەككۇرى يوق، ئەقىلسىز،

كالـۋا ئادەملـەر. بـۇ ئىشـلاردا مۇشـۇ ئىككـى تۈرلـۈك باھادىـن باشقا بىـر ئىزاھاتقـا ئـورۇن يـوق. ئـۇلار قىلغـان خاتـا ئىشـلارغا قارىتـا: «خىتاينىـڭ ۋەزىپىلىـك جاسۇسـلىرى» دېمەيتـۇرۇپ: ئـۇلار كالـۋا، ئەقىلسـىز ئىـدى؛ شـۇڭا بـۇ خاتالىقنـى قىلـدى - دېگەندىمـۇ، ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ كالـۋا، ئەقىلسـىز ئىكەنلىكىنـى ئېتىـراپ قىلغىلـى ئۇنىمايـدۇ. 97. يىللىـرى ئوتتـۇرا ئاسـىياغا توپلاشـقان، پـىداكار ئۇيغۇرلارنـى ئىككـى ئېقىـم يېتەكلىـدى. بىـرى مەتتىمىـن ھـەزرەت باشـچىلىقىدىكى «ئازاتچىـلار» ئېقىمـى، يەنـە بىـرى ھەسـەن مەخسـۇم يېتەكچىلىكىدىكـى «غازاتچىـلار» ئېقىمـى. ئـۇلار «ئەقىلسـىز، كالـۋا ئىـدى» - دېگـەن باھانـى ھـەر ئىككـى ئېقىمنىـڭ رەھبەرلـىرى، ئەگەشـكۈچىلىرى رەت قىلىـدۇ. بىـراق ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدىكى زىددىيـەت يەشـكىلى بولمىغۇدەك مۇرەككـەپ ئەمـەس. «ئازاتچىـلار» قورالـلىق ئـورۇش بىلـەن ۋەتەنـنـى ئـازات قىلىـپ، دېموكراتىـك دۆلـەت قۇرىمىـز - دېسـە، «غازاتچىـلار»: يـاق، بىـز قورالـلىق جىھـات قىلىـپ، خىتايىنى قوغلاپ چىقىرىـپ، ئىسلام دۆلىتـى قۇرىمىـز - دەيـدۇ. «ئازاتچىـلار»: ئەگـەر ئىسـلام دۆلىتـى قۇرىمىـز دەپ ئـورۇش قىلساق، غـەرب قوللىمايـدۇ؛ غەربنىـڭ ياردىمىسـىز ئۇرۇشـتا غەلىبە قىلالمايمىـز - دېسـە، «غازاتچىـلار» دېموكراتىـك دۆلـەت قۇرۇش يولىـدا، ۋەتەنـنـى مۇسـتەقىل قىلىش يولىـدا ئـورۇش قىلسـاق، ئاللاھ يـاردەم قىلمايـدۇ؛ بۇنـداق ئۇرۇشـتا ئۆلگـەن كىشى شـەھىت بولمايـدۇ؛ ھـارام ئۆلگـەن بولىـدۇ - دەيدۇ. ئۇلار مۇشـۇنداق تالاش - تارتىـش ئارقىلىـق، تولـۇق قارمـۇ - قارشـى ئىككـى سـەپ جـەڭ قوشـۇنى شەكىللەندۈرۈشـتى. ھـەر تـەرەپ ئۆزىنـى ھەقلىـق، توغـرا يولـدا ئىكەنلىكىنـى دەۋا قىلىـپ، قارشـى تەرەپنـى ئەيىپلىـدى. بـۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيىپلەشلەر تەرەققى قىلىپ، سىياسى دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى. قارشى تەرەپتىكىلەرگە: مۇناپىق، جاسۇس، خىتاينىڭ مەخپى خادىملىرى - دېگەندەك، دۈشمەنلىك سالاھىيىتى تۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن مەخسۇمچى «غازاتچىلار» تەرەپ: ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشىمىزغا قارشى تۇرغان، خىتاينىڭ مەخپى خادىملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يولنى تازىلىمايتۇرۇپ، خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى جىھات باشلىساق، مۇناپىقلار توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىندىكى دۈشمەننى يوقىتىش ۋاجىپ - دەپ، دىنى پەتىۋا توقۇدى. مەتىمىن ھەزرەتچى «ئازاتچىلار» تەرەپ: خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى موللا - ئۆلىما قىياپىتىدە چەتئەلگە چىقارغان، بۇ ساختىپەزلەر ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىمىز؛ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، جەننەتكە كىرىمىز؛ - دەپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ئەھلىگە ۋەھشى، رادىكال، تېررورىست قىلىپ كۆرسەتمەكچى؛ بىز خىتايغا قارشى ئۇرۇش باشلىساق، بۇلار بىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ شۇڭا ئالدى بىلەن، دۈشمەننىڭ ئارىمىزدىكى قوشۇنلىرىنى يوقىتىشىمىز كېرەك - دەپ، سىياسى ھۆكۈم چىقاردى. نەتىجىدە، ئوخشاش ئادەملەردىن تەركىپ تاپقان بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسى ئېغىر بۇزۇلدى. ئۆز - ئارا ئۆلتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى توگۇن يېشىلىشنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ ئېغىر زىددىيەت، دۈشمەنلىك كېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكۈزگەن جىنايى پاكىتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن «رادىكال، ئىسلامچى، تېررورىست، قاتىل، بۇزغۇنچى، تىنچلىقنى خالىمايدىغان» مىللەت - دېگەن، تۆھمەتلىك سىياسى ھۆكۈم ئېلان قىلىندى.

ئەسلىدە 96. يىلى ئىيۇن «شاڭخەي ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن ئېتىبارەن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان ئەللىرى، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئوۋلايدىغان، ئورمانلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇپ، بۇ توپراقلاردا «قورallıq تەشكىللىنىپ، خىتايغا ھۇجۇم قىلىش» ھەرىكىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، پەقەت ئىككىلا ئېھتىماللىقنى كۆتۈرەلەيدۇ. بىرى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە خىتايغا قارشى، قوراللىق ۋەقە شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، قوشنا دۆلەتلەردىن ئۇيغۇرلارنى تازىلاش، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خىتايغا قارشى تۇرغىدەك ئارامىنى قويماسلىق.» يەنە بىرى: «ئازاتچىلارنىمۇ، غازاتچىلارنىمۇ كالۋا، دۆت ئادەملەر. ئۇلار دۇنيا ۋەزىيىتىنى، خىتاينى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردا بىلگۈدەك، ئويلىغۇدەك ئەقلىمۇ يوق.» بۇ يەكۈن شۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى تاشقى ۋەزىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا كەلسەك، دەل «كاج بىلەن جاھىل» نىڭ ئۆزى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقى زىددىيەت يوق ئىدى. يەشكىلى بولىدىغان تۈگۈن: ۋەتەننى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا غايە ئىدى - خالاس. لېكىن ئۇلار بۇ تۈگۈننى يېشىشنىڭ ئورنىغا، ھەل قىلىنماس زىددىيەتنى پەيدا قىلىشتى. بىر گورۇپ: خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز - دەيدۇ؛ يەنە بىر گورۇپ: خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز - دەيدۇ. «خىتاينى قوغلاپ چىقىرىش، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش» دېگەن غايىگە قوشۇمچە قىلىنغىنى «ئىسلام ياكى دېموكراتىك» دېگەن خاراكتېردۇر. ئەگەر: ۋەتەننى

ئـازات قىلىـپ بولـۇپ، ھاكىمىيەتنىـڭ خاراكتېرىنى شۇچاغدا بەلگىلىسەگىلار نېمە بولىدۇ؟ دېسە، بىر گۇرۇپ: قۇرىدىغان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى ئالدىن بىلدۈرمىسەك، دۇنيا بىزنى قوللىمايدۇ - دېسە، يەنە بىر گۇرۇپ: قىلىدىغان جىھادىمىزنى ئاللاھ يولىدا باشلىمىساق، ئۆلگەن كىشىلەر شەھىت بولمايدۇ؛ قىلغان جىھاتقا ساۋاب بېرىلمەيدۇ؛ نىيىتىمىز باشتىلا دۇرۇست بولمىسا، ئاللاھ ياردەم قىلمايدۇ - دەيدۇ. ھېچ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكى قارشى تەرەپنى يوقۇتۇش پوزىتسيەسىنى بىلدۈرىدۇ. مەيلى ئىچكى ئەھۋالغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن قارىساقمۇ، ياكى تاشقى ۋەزىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن قارىساقمۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئادىل باھا: كاللا قۇرۇق، ئەقىل يوق، تەپەككۇر يوق، شوئار، شۆھرەت، ئاتاق، ھەۋەس، قەھرىمانلىق قىزىقىشى ۋە قىزغىنلىش قاتارلىق، كىشىلىك كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مەيلى ئۇلار قانداق سالاھىيەتلىك كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارنى «خىتاي مەخسۇس ئۇرۇنلاشتۇرغان خادىملار ئىدى» دېمەيتۇرۇپ، كېيىنكى ئەھۋاللارغا قاراپ چىقايلى.

ئالمۇتا شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، قوشۇن توپلىغان مەتمىن ھەزرەتچى «ئازاتچىلار» موللا - مەخسۇملارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەنگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئايروپىلانغا بېسىپ ھەم سودىگەرلەرنىڭ يۈك - تېرىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ دېگەندەك مىلتىق، گرانات، بومبا، مىنامىيوت قاتارلىق يېنىك تېپتىكى قوراللارنىمۇ كىرگۈزۈپ تۇرغان گەپ. ئۇنىڭغا پاراللېل



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(ياكى ئۇلاردىن بۇرۇن) «غازاتچىلار» گۇرۇپپىسى ۋەتەنگە جىھاتچىلارنى كىرگۈزۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا خىتاينىڭ تورنى يىغىدىغان ۋاقتى كەلگەنمۇ، ياكى شىكايەتلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، ۋەتەنگە كىرگۈزۈلگەنلەر رەقىبلىرىنى پاش قىلىپ، «ئىچكى دۈشمەننى تاشقى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇش ئۇسۇلى» نى قوللاندىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ۋەتەندە ھېچنەرسە قىلمايتۇرۇپ، تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلاپتۇ. ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن كىرگۈزۈلگەن قوراللارمۇ، بىر ئۆلگۈچە خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ، پۈتۈن «پىلان» بەربات بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ خاپىلىقىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئازاتچىلار» بىلەن «غازاتچىلار» نىڭ ئاتالمىش «ئەمىر، قوماندان، سىياسى كومىسسارلىرى» ئارىسىدا ئېغىر جەڭ باشلىنىپتۇ. بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەمىرلىرى قارشىسىدىكىلەرگە: سىېنىڭ ۋەتەنگە چۈشكەن جاسۇسلىرىڭ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى پاش قىلىپ تۇتقۇزۇۋەتتى؛ سەنلەر خائىن - دېسە، يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەمىرلىرى قارشىسىدىكىلەرگە: سەنلەر مۇناپىق؛ سەنلەر ۋەتەنگە كىرگۈزگەن خائىنلىرىڭ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى پاش قىلىپ، تۇتقۇزۇۋەتتى - دەپ، ئەيىبلەشتى. ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ ئادەملىرى، ۋەتەنگە چۈشۈشتىن ئاۋۋال تونۇشلۇق بولغاچقا، ھەر قانداق ئەيىبلەشتىن، تۆھمەتلەردىن ئامان قېلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى. ۋەتەندە خىتاينىڭ قولىغا چۈشكەنلەر، تۈرمىدە ئازاپلىنىپ تۇرسۇن. ئەمدىكى جىھات ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئەركىن ياشاۋاتقان ئەمىرلەرنىڭ، ئاتارمەن، چاپارمەنلەرنىڭ ئارىسىدا باشلىنىپ كەتتى. قاچقانلارنى قوغلاشلار، مۆكۈۋالغان قورونىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، ئوققا

تۇتۇشلار، شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك مەنزىرە شەكىللەنگەنكى، ئالمۇتانىڭ شەھەر ئاھالىلىقىغا مەسئۇل ساقچىلىرىمۇ، كوچا چارلاپ يۈرۈپ كۆرگەن بۇ ئىپتىشلارنى: ۋولىۋودىنىڭ ئارتىستلىرى كىنو ئىشلەۋاتقان چېغى - دەپ ئويلاپ، تاماشا كۆرگەنمىش. كېيىنچە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ئەخلەتخانىلاردىن، ئادەملەرنىڭ تاشلىۋېتىلگەن پارچىلىرى چىقىشقا باشلىغاندىلا، ساقچىلار «ئەقلىگە كېلىپ» ئاپلا ئەكەڭنى سارتلار، ئارتىست ئەمەس، تېرروررىستلاركەن ئەمەسمۇ - دەپ، پۈتۈن شەھەرنى قورشاۋغا ئالغان گەپ. ئەمدى ئىشلاردىن چاتاق چىقىدىغان بولدى؛ بىرەرسى قولغا چۈشۈپ قالسا، ئىشىمىزنى پاش قىلىۋېتىدۇ؛ شۇڭا ئۇلاردىن ئاۋۋال بىز تۇتۇش قىلايلى - دېگەندەك بۇيرۇق بىلەن، كومۇكتىكى قانچە تونىنا ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ، بومبىلارنى پىكاپلارغا بېسىپ، ئۇياقتىن بۇياقلارغا يۆتكەپ يۈرگەندە، نەق ئىسپات، پاكىتلار بىلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن گەپ. دۆلەت خادىملىرى دەيمىش: «ئەگەر بۇ ئۇيغۇر تېرروررىستلىرىنى ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىغان بولساق، ئالمۇتىدەك بىر قانچە شەھەرنى - يېسۋاسايدەك تۈپ - تۈزلەڭ قىلىۋېتەتتىكەن.» تۇتقۇن بولغانلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىر تۈركۈملىرىنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇلار يىگىرمە يىلدىن بۇيان قازاقىستان، قىرغىزىستان تۈرمىلىرىدە جازا ئۆتەۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇتقۇندا، تۈرگە چۈشمەي ئامان قالغان «ئازاتچىلار» نىڭ پىدائىيلىرىدىن ئاز بىر قىسمى ئايرىم - ئايرىم گۇرۇپ بولۇپ، كىم خائىن؟ كىم جاسۇس؟ كىم مۇناپىق؟ كىم ساتقۇن؟ دېگەندەك تەھلىل ۋە

تۆھمەتلەر بىلەن، تارتقان زىيانىنىڭ جاۋاپكارلىرىنى ئىزدەشنى باشلاپتۇ. قالغان، قاتتقان بارلىق ئەگەشكۈچى قوللىغۇچىلىرى قېيىپ، قېچىپ يۈرۈپ، ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى تالىبان رايونىغا بېرىپتۇ. جاھان تىنچ ۋاقىتىدا «ئازاتچىلار» قوشۇنىنىڭ، مەتتىمىن ھەزرەت قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم يېتەكچىلىرى ئىستانبۇلدىكى ئۆيلىرىدە تۇرغىنىدەك، يەنىلا خەۋپ - خەتەرسىز تۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنىڭدەك «غازاتچىلار» قوشۇنىنىڭ ئابدۇقادىر ياپچان، ھەسەن مەخسۇم قاتارلىق مۇھىم سەركىلىرى تالىبان رايونىدا چادىر قۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا پاجىئەسىدىن كېيىن، ئۇ ياقلاردا پىدائىلارلا ئەمەس، كۆزگە چېلىقىپ قالغان تىجارەتچىلەرمۇ، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا ۋەتەننى ئازات قىلىدىكەنمىز - دەپ، سەپكە قېتىلىپ قالغان يەرلىك ئۇيغۇرلارمۇ قېچىپ بېرىپ، تالىبانلار رايونىدىكى «غازاتچىلار» نىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ، ئۆيلىمىغان يەردىن، قوشۇنىنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەرەب تېرروررىستلىرىنىڭ خوجايىنلىرى «غازاتچىلار» غا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، پىلاننى يېڭىدىن تۈزۈشكە باشلاپتىكەن، ئابدۇقادىر ياپچان ئۆزىنىڭ ئالدىنقىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىنى ئۆزگەرتىپتۇ ۋە: «ئەرەبلەر بىزنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە ئېلىپ كەتسە بولمايدۇ؛ ئەمرىكا بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق؛ دۈشمىنىمىز ۋەتەندە؛ بىز خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىسلام قۇرامدۇق، دۆلەت قۇرامدۇق، نېمىلا قىلساق ۋەتەندە قىلىمىز؛ ھازىر سېپىمىز چوڭايدى؛ مەتتىمىننىڭ بىرمۇنچە ئادەملىرى بىزگە قېتىلدى؛ ئەمدى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن گەپلىشىپ،

قالدى - قاتتىسىنىمۇ سەپكە قوشاپ، ۋەتەنگە باستۇرۇپ چىرىدىغانىنىڭ ئىشىنى باشلايلۇق» - دەپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەكلىپى موللا - مۇشاۋىرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇنى «مۇرتەد» كە چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسىنى ھەسەن مەخسۇم ئۆزى ئىلان قىلىپتۇ: «توغرا يولدىن، ھىدايەتتىن ئازغان، تاغۇتنىڭ يولىغا كىرگەن، ۋەتەنچى مۇرتەد ئابدۇقادىر ياپچان، كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈلسۇن.» دەرۋەقە 2000. يىلى ئەتىيازدا، ئابدۇقادىر ياپچان يوشۇرۇنغان جايغا «غازاتچىلار» باستۇرۇپ كىلىپ، قىسقا ئېتىشىشلار يۈز بەردى. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، يارىلانغانلار ساقىيىپ، ئاخىرىدا ئابدۇقادىر ياپچان، ئابدۇل ھەكىمخان مەخسۇم قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم كىشىلەر، پاكىستاننى تاشلاپ، يوشۇرۇنچە مىسىرغا قاچتى. ئۇلار مىسىردا كىملىكلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچى قاتارىدا مەدرىسكە كىرىۋالدى. ئۇلار شۇ يەردە ئوقۇپ تۇرسۇن.

تالىبان رايونىدىكى «غازاتچىلار» نىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمائىل ھاجى، (ئىسمىنى ئىلھامغا ئۆزگەرتىۋالغان) ئىككىنچى قەدەمدە ئىسيان قوزغىدى: «بەش مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي مۇجاھىتلارنى توپلاپ، كۈندە ئاسمانغا ئوق ئاتقۇزۇپ، يەردە موللاق ئاتقۇزۇپ، ئويناپ يۈرگىچە، خىتايغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋەتەنگە كىرسەك، ئەگەر جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، بىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى مىللىتىمىز بىلىپ قالسۇن؛ دۇنيا ئەھلى كۆرسۇن؛ بۇ يەردە بىكار يېتىشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولماس.» بۇ ئىسيان بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى ئېچىلىپ كەتتى. گەرچە سەن مۇرتەد، مەن مۇسۇلمان - دېيىشمىگەن بولسىمۇ، قوراللىق باستۇرۇشلار يۈز

بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سىرلىق بىر شەكىلدە، ئىسمائىل ھاجى پاكىستان ساقچىلىرىغا تۇتقۇن «قىلدۇرۇلدى». ئۇنى پاكىستان ھۆكۈمىتى خىتايغا تاپشۇردى. خىتاي ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن «غازاتچىلار» ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۆگچە باشقۇرىشىغا قالدى. بىراق 2003. يىلى 2. ئۆكتەبىر ھەسەن مەخسۇمنى «پاكىستان ساقچىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن» بولۇپ، يوقىتىلغاندىن كېيىن، قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇر «غازاتچىلار» قوشۇنى، كىملىكى ئېنىقسىز كىشىلەرنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ۋەقەلەر خۇددى «يۇندىدا تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالىمىز» دېگەندەك، تېگىدىنلا چۈرۈك ئىشلار بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇمچىدە تۈرمىدىكى چاغلىرىدىلا، ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. «خەپ خىتاي، ساڭا ھە دەپ قويۇپ، چەتكە بىر چىقىۋالارمىز، قېنى قايسىمىز يامان شۇ چاغدا كۆرۈرسەن !» دېگەندەك، ھەم ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەر ياخشى ساقچىلاردىنمۇ (خۇددى «ئۆزىنى پىدا قىلىپ، ئەلخان تۆرەمنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويغان ك گ ب دوختۇرى» نىڭ ھېكايىسىدەك) ئۈمۈت كۈتكەن. قانداقلا بولمىسۇن، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدىغاندا، غەيرى رەسمى ھالدا: «جۇڭگونىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىنى قوغدايمەن» دېگەندەك يازمىلارنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ، ئىمزا قويۇپ بېرىدىغان، ياكى رابىيە قادىر خانىمنى سۆزلىتىپ فىلىمگە ئېلىۋالغاندەك، باشقىلارغا كۆرسەتسە، ئاسمان بېشىغا يىقىلىپ چۈشكىدەك، قورقۇنچلۇق ھالدا گۆرۈگە ئېلىنغان بولىشى مۇمكىن. رابىيە قادىرخانىمنىمۇ شۇنداق گۆرۈگە ئېلىپ، ئاندىن ئامېرىكىغا

كېتىشىگە يول بەرگەن ئىكەن. لېكىن ئۇ چەتكە چىقىۋېلىپلا خىتايغا بويسۇنمىدى. ئۇنىڭ «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» غا رەئىس بولىشىنى خىتاي قاتتىق چەكلىدى. ئارىغا ئادەم قويۇپ، خېلە داگدۇغىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا يۈزلۈك كىشىلەرنى ۋاستە قىلىپ: رابىيە خانىم سىز قۇرۇلتايدەك كىچىك تەشكىلاتلارغا رەئىس بولسىڭىز، ئابرويىڭىزغا تەسىر يېتىدۇ؛ تەشكىلاتلاردىن يىراق تۇرۇپ، مۇشۇ داڭقىڭىز بىلەن يەككە ھەرىكەت قىلسىڭىز ياخشى؛ بۇنى پەقەت سىز ئۈچۈن دەۋاتىمەن - دېگەندەك، كۆيۈنۈش تەرىقىسىدىكى توسقۇنلۇقلارنى دېگۈزدى. ئەمما مەيلى قۇرۇلتاينىڭ ئىچىدىكىلەر توسقۇنلۇق قىلغان بولسۇن، مەيلى تەشكىلسىز مۆتىۋەر، ئاتالمىش «سەرخىللار» نىڭ سىپايە سۆزلىرى بىلەن توسقۇنلۇق قىلسۇن، بۇنىڭ نەدىن كېلىۋاتقان بۇيرۇق، قانداق زاكاز ئىكەنلىكىنى رابىيە خانىم بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا ئۇ: ماقۇل، ئويلىشىۋاتىمەن - دەپلا، ئۆز ئىشىغا پۇختا تەييارلانغان ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلتايغا رەئىس بولىشىنى ھەممىدىن بەك خىتاي دۆلىتى خالىمايتتى. ئۇ بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، 2006. يىلى نويابىردا قۇرۇلتايغا رەئىس بولۇپ سايلىنىۋالدى. خىتاي دەرھال ئۈچ ئېلىپ، ئىككى ئوغلىنى ئۇزۇن يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۇ جاۋابەن: «پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقى مېنىڭ پەرزەنتىم؛ پۈتۈن شەرقى تۈركىستان مېنىڭ مۈلكۈم؛ قولۇڭدىن كەلگەننى قىل؛ مەنمۇ قولۇمدىن كەلگەننى قىلىمەن؛ بۇ دېگەن ئۇرۇش!» - دېدى. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى خىتايغا بەك ئېغىر تەگكەن بولسا كېرەك ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن 2007. يىلى ئىيۇل

ئۇنىڭ قۇرۇلتايدىكى كاتىپى بىلەن ئەڭ مۇھىم بەش كىشى بىراقلا ئىستىپا بەردى. ئۇ يىقىلغىلى تاس قېلىۋىدى، ھەر تەرەپتىن يۆلىۋالدۇق. دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئەبگا خىتايلار، ئۇنى ئامېرىكىغا بېرىدىغان چاغدا، خىتاي بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى خادىملىرى، ئۇنىڭ ئالدىغا كامېرانى تىكلەپ قويۇپ: «مەن خىتاي دۆلىتىنى ھىمايە قىلىمەن ...» دېگۈزۈپ، ئۇنى گۆرۈگە ئالغان سىنلىق فىلىمنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلىۋەتتى. بۇ فىلىمنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغانلار، مېڭىسى ئەمەس بەلكى قۇلىقى بىلەن كۆزىلا ئىشلەيدىغانلار: ھە مەن دېمىگەنمىدىم ئۆز ۋاقتىدا - بۇ ئايالدا چاتاق بار- دەپ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشقا، بىزگە تاپا تەنە قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى. ئەسلىدە خىتاينىڭ بۇ «ئەجەللىك ئوقى» رابىيە خانىمنى تىك موللاق چۈشۈرۈشى جەزمەن ئىدى. بىراق خىتاينىڭ پەسكەش، رەزىل ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى، بۇنى رابىيە خانىمغا ئېتىلغان «ئەجەللىك ئوق» ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقى - دەپ قارايتتى. دەرۋەقە رابىيە خانىم مىللەتنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك ئېرىشىپ كەتتى. خىتاي ئۇنى سىرتتىن يىقىتالماي، ئاخىرى قۇرۇلتاي ئىچىدىن زەربە بەرگۈزۈپ، 11 يىلدىن كېيىن مەقسەتكە يەتكەن بولدى. ئەمما خىتاي بۇ جەڭدە مەقسەتكە يەتكەن بىلەن يەنىلا غەلىبە قىلالمىدى. دېمەك «غازاتچىلار» نىڭ يېتەكچىلىرىنى، خىتايلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال، شۇنداق بىر فىلىمگە ئېلىۋالغان بولىشى مۇمكىن. ھەتتا تەتەيلەرنى سولاپ قويۇپ، تارتىلغان رەسىملەر بولىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق بىر نەرسىلەر ئارقىلىق، ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن. ياكى ئۇلار، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىشقا ئاشىق بولۇپ كەتكەن بىر نا ئەھلى بولىشى ھەم مۇمكىن. ئەگەر ھەسەن مەخسۇمنى بىرىنچى تۈرلۈك ئېھتىمال بىلەن گۆرۈگە ئېلىپ بويسۇندۇرغان بولسا، ئۇنى خىتايلار يىراقتىن كونترول قىلىش ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك. يەنى ئۇنىڭ بېقىنىدا دائىم بىرگە تۇرىدىغان كىشىلەر، خىتاي بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرغان خادىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بېقىندىكى خادىم خىتاينىڭ يول يۇرۇقى بويىچە، ھەسەن مەخسۇمنى ئىدارە قىلغان؛ ھەسەن مەخسۇم ئارقىلىق، بارلىق «غازاتچىلار» نى ئىدارە قىلغان ـ دەپ، ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەن ئىككىنچى ئېھتىماللىقنى بەك تۆۋەن دەپ قارايمەن. يەنى ئۇ بىر شۆھرەت پەرەس، شۇڭا ھەممىنى چەتكە قېقىپ، ئۆزى يالغۇز راۋاقتا ئولتۇرماقچىتى ـ دېگەندە، نە ئىسمائىل ھاجى، نە ئابدۇقادىر ياپچان ئۇنىڭدىن مەنسەپ تالاشقىنى يوق. بولۇپمۇ ئابدۇقادىر ياپچان ئۇنى 82. يىلىدىن باشلاپ ئىقتىسادى بىلەن بېقىپ، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ بېرىپ، ئۆز لايىقىدا تىكلىگەن ئادەم. ئۇ، ئابدۇقادىر ياپچانسىز ئۆز ئالدىغا بىر ئىشنى يۈرۈتكىدەك سىياسى، تەشكىلى قابىلىيەتكىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر دىنى ۋەز سۆزلەيدىغان ناتىق خالاس. يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھەسەن مەخسۇمنىڭ قولى بىلەن (ۋەتەنگە ھۇجۇم قوزغايلى دېگەن) ئابدۇقادىر ياپچاننى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقاتتى؛ كېيىن (ۋەتەنگە ھۇجۇم باشلايلى دېگەن) ئىسمائىل ھاجىنى يوقاتتى؛ ئاخىرىدا «پاكىستان ساقچىلىرىنىڭ قولى؟» بىلەن ھەسەن مەخسۇمنى

يوقاتتى. «غازاتچىلار» قوشۇنىدىكى بۇ ئۈچ كىشى ھەقىقەتەن مۇھىم ئادەملەر ئىدى. خىتاي ئەگەر ھەممىدىن ئاۋۋال ھەسەن مەخسۇمنى يوقاتقان بولسا، ئىشلىرى ھازىرقىدەك راۋان يۈرۈشۈپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئالدى بىلەن ئەڭ كۈچلۈك نوپۇز ئىگىسى بولغان ئابدۇقادىر ياپچاننى يوقاتتى. ئەگەر ھەسەن مەخسۇمنى ئىسمائىل ھاجىدىن ئاۋۋال يوقاتقان بولسا، ئۇ ئۆزىگە بەيئەت قىلغان گۇرۇپپىنى ئېلىپ چىقىپ، ئابدۇقادىر ياپچانغا قېتىلغان ۋە خىتاينىڭ كونتروللۇقىدىن يىراق، چوڭ بىر قوشۇنغا ئايلىناتتى. ئەمما خىتاي ئىشنى ئۆز مەنپەئەتى بويىچە بېجىرگەن بولغاچقا، مەزكۇر ئۈچ نوپۇز يوقالغاندىن كېيىن «غازاتچىلار» قوشۇنىغا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دەپ، ئات قويغۇزدى. بۇ قوشۇننىڭ نامى ھەسەن مەخسۇم ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جامائىتى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالار ئانچە بەك ئېغىر دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ كەتمەيتتى. ئەمما ئۇيغۇر «غازاتچىلار» نىڭ رەھبەرلىكىدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» نامىدا، كۈندىن كۈنگە زورىيىۋاتقان جىھاتچىلار سېپىگە بەشتىن، ئوندىن ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىز، تاجىك، چېچەن، مىچەن، تاتار، تاغۇت، ماغۇت دېگەندەك، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاپكاز رايونلىرىدىنمۇ، سالپا - سايا قالارنىڭ قېتىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۆز تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن خەلقىگە، دۆلەتلىرىگە تەھدىت سېلىشلار «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» جىھات قىلىپ، پۈتۈن تۈركىستان ۋە كاپكاز رايونلىرىدا، بىرلىككە كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇش، پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرىغا قارشى جىھات قوزغاش - قاتارلىق مەزمۇنلاردا باياناتلارنىڭ سىنلىق، ئاۋازلىق ئىلان قىلىنىپ تۇرۇشى، ئۇيغۇرىستاندا، ياكى خىتاي ئۆلكىلىرىدە يۈز بېرىپ قالىدىغان، قارشىلىق ھەرىكەتلەرنى كىم قىلغان بولىشىدىن قەتئىينەزەر: «بىز تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» قىلدۇق - دەپ، يۈزىگە پاپاق كېيىۋېلىپ، ھەر خىل تىللاردا دۇنياغا بايانات ئېلان قىلىشلار، 2004. يىلىدىن 2014. يىلىغىچە ئون يىل داۋاملاشتى. مۇشۇ جەرياندا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئۇيغۇرلاردىن پەۋقۇلئاددە قورقتى ۋە قارشى تۇرۇش، دۈشمەنلىك قىلىش ئىستەكلىرى ئاشتى.

خىتاينىڭ يېپەك يولى ئىش تۈرى ئىچىدە پاكىستان جۇغراپىيىسىمۇ بولغاچقا «تۈركىستان غازاتچىلىرى» نىڭ، بۇ رايوندا تۇرۇۋېرىشى تازا ئەپسىز بولغاچقا ئۇلارنى، سۈرىيەدە ئامېرىكا قوراشتۇرۇپ چىققان «ئىسلام خلاپەت دۆلىتى» گە قېتىۋەتتى. يەنە تېخى مەۋجۇت «غازاتچىلار» نى ئاز كۆرگەن ئىبلاس خىتاي، ئۆزلىرى ياساپ چىققان ئىستىخبارات مولللىرىنى ۋەتەن ئىچى، سىرتىدا، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ «ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھىجرەت قىلىپ، شام ئىسلام دۆلىتىگە كېتىشلىرى» نى پەرىز قىلدۇردى. «ھىجرەت بالاسى» دا، سۈرىيىگە بېرىپ قالغان قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنى، ئىككىگە بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىنى «شام ئىسلام خلاپەت دۆلىتى» گە، يەنە بىر گۇرۇپپىنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»گە توپلىدى. خىتاي ئوينىغان بۇ ستراتېگىيىلىك ئويۇن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، كاپكاز رايونىغىلا تەھدىت بولۇپ قالماستىن بەلكى، پۈتۈن دۇنيا

مۇسۇلمانلىرىنىمۇ قورقۇتۇشقا يېتىپ ئېشىپ كەتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىنمۇ، ئۆز ۋەتەنلىرىدىنمۇ، ئۆز ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك، مۇقەددەس بولغان مەككە، مەدىنىگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ تۇپراقلاردىن ئامېرىكا پەرەس پادىشاھلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، يەر يۈزىدە ھەقىقى ئىسلام دىنىنى تىكلەيمىز - دېگەن بايانات، قەسەمياتلار ئەرەبلەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا تەھدىت ئىدى. خىتاي ئوينىغان «غازاتچىلىق» ئويۇنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» ئويۇنى ۋە «ھىجرەت» ئويۇنلىرىنىڭ نەتىجىسى 2018. يىلى 6. نويابىر «ب د ت - ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرىنى كۆنتەرتىپكە قويۇش» يىغىنىدا، 13 قارشى 130 ئاۋاز بىلەن نەتىجە ياراتتى. مۇشۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي دۆلىتى 20 يىل پىلان تۈزدى؛ پىلانىنى ئىجرا قىلدۇردى؛ مىلياردلىغان پۇل خەجلىدى. «6. نويابىر جەنۋە پاجىئەسى» دىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار بىردەك ئىنسانىيەتتىن ئاغرىندى. بۇنىڭغا سەۋەب كۆرستىش ھاجەتسىز. چۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ ئاشۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خورلۇنىۋاتاتتى؛ ئازاب تارتىۋاتاتتى؛ يوقۇتۇلىۋاتاتتى. ئىنسانىيەت سۈكۈت قىلماقتا. ئۇيغۇرلار پۈتۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن نەپرەتلەندى. ئۇيغۇرلار ھەقلىق تۇرسا، نېمشقا نەپرەتلەنمىسۇن! ئۇيغۇرلار بارلىق تىلداشلىرىدىن، ئىرقداشلىرىدىن رەنجىدى. ئۇيغۇرلار ھەقلىق تۇرسا، نېمشقا رەنجىمىسۇن! ئۇيغۇرلار ھەتتا، ھەقلىق بولمىسىمۇ خۇدادىن ئۈمىتسىزلەندى - شۇ قەدەر زۇلۇم تارتىۋاتقان، چارىسىز بەندىلىرىگىنىڭ ھالىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان كىشى،

نېمىشقا ياراتقانتىڭ ! دەپ، سوئال قويدى. ئەمما سوغاق قانلىق بىلەن ئويلىغىنىمىزدا: دۇنيا ئەللىرى، بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ دەردىمىزگە قۇلاق سالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خىتاينى قوللايدۇ؟ - دېگەن سوئالغا ئازراق بولسىمۇ جاۋاب تېپىشىمىز مۇمكىن. مۇنداق بىر پەرەز قىلىپ باقايلى: بىز خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدە ئەمەس؛ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بار- دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى؛ لېكىن ئافغانىستاندىن، تاجىكىستاندىن، شىمالى ئىراقتىن، شىمالى ئىراندىن، كەشمىردىن، ئالتاي چۆچەكلەردىن بىر گۇرۇپ ئۆزبېك، تۈركمەن، ئازەرى، قازاق قېرىنداشلىرىمىز بىر جايغا يىغىلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت سالىدىغان، بىز بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولىۋاتقان قوشنىمىز ئىران، ئىراق، پاكىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدىغان، بۈيۈك تۈركىستانچى، بۈيۈك تۇرانچى تېرروررچىلارغا قانداق ئاۋاز بەرگەن بولاتتۇق؟ شۇنىڭدەك، بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىز: ئۇيغۇرىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بار؛ دۆلىتىمىز «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بولغان ھالدا غەرب ئەللىرى بىلەن، شەرق ئەللىرى بىلەن، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قىلىدۇ؛ دىن، ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى قىلمايدۇ؛ ئەمما يۇقىرىقىدەك بىر گۇرۇپ تېرروررچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام شەرىئىتى نامىدىن: «ئۇيغۇرىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەقىقى ئىسلام ئەمەس؛ كاپىر دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ، ھەقىقى ئىسلام خەلىپىلىكى قۇرىمىز؛ بۇ يالغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قوللىغان ھەر قانداق پۇقرانىڭ قېنى، مال -

مۈلكى، خوتۇن ـ بالىلىرى بىزگە ھالال» ـ دەپ، دۇنياغا جاكارلىسا، بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە ئۇ دۆلەتنى خىتايدىن ئاران قۇتقۇزۇپ، قۇرۇپ چىققان بىز قانداق جاۋاب بەرگەن بولاتتۇق؟ دېمەك خىتاي دۇنيانىڭ سياسى سەھنىسىدە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر مىللىتىنى پۈتۈن دۇنيا بويىچە يېتىم قالدۇرۇپ، خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللاپ پىلانلىق، ستراتېگىيىلىك خىزمەت ئىشلىدى. 97. يىللىرىدىن باشلىغان «غازاتچىلىق» ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى 20 يىلدىن كېيىن تولۇق قازاندى. 6. نويابىر «ب د ت ـ ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرىنى كونتەرتىپكە قويۇش» يىغىنىدا، 130 دۆلەت ئۇيغۇرغا قارشى، خىتاينى قوللاپ ئاۋاز بەردى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىلا خىتاي سېتىۋالغان بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاي بىلەن ئىقتىسادى ئالاقىسى يوقلىرىمۇ خېلە كۆپ. ئەمما خىتاينىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ئىشەنگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. «خىتاينىڭ تەتۈر تەشۋىقاتى» دېگىنىمىزدە 97. يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا راست ـ يالغان تەشكىللىنىپ، كېيىن پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ئاخىرىدا سۈرىيەگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ بايرىقى ئاستىدىكى «تۈركىستان غازاتچىلار» گۇرۇپپىسىمۇ ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. بۇنىڭ تېگى تەكتىنىڭ نەگە باغلىق ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلەنمەيدىغان، ئىستىخبارات كۆچى ئاجىز، ئەقلى گەجگىسىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر، نەق مەيداندىكى رەڭۋازلىقنى قوبۇل قىلىپ: ئۇيغۇرلار بەك خەتەرلىك، رادىكال، تېررورچى مىللەت ئىكەن؛ بۇلارنى بوش قويۇپ بەرسە، بىزنىڭ دۆلەتلىرىمىزنى، خەلقىمىزنى، ھەتتا مۇقەددەس جايلارنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكىدەك؛ شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي دۆلىتى تۈرمىگە سولاپ، تەربىيىلەپ ئۆزگەرتمىسە، ئىنسانىيەتكە بالايى ئاپەت بولىدىغان مىللەتكەن ـ دەپ، چۈشىنىپ قالىدۇ. لېكىن 13 غەرب دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى قوللىدى؛ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشلىرىنى جىنايەت دەپ ئەيىبلىدى. چۈنكى بىزنى قوللىغان غەرب دۆلەتلىرى، دۇنيا ئىقتىسادىنى، دۇنيانىڭ سىياسى تەرتىپىنى كونترول قىلالايدىغان، ئەقىللىق مىللەتلەر بولغاچقا، پۈتۈن مۇشۇ «غازاتچىلىق» ئويۇنىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن خىتاي پىلانلىق ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار خاتىرجەم ھالدا «ب د ت» يىغىن زالىدا، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنى قوللىدى ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ھەر بىرى بوشاشماستىن خىتايغا بېسىم قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا سېلىنىۋاتقان زۇلۇمنى توختات ـ دەۋاتىدۇ. خىتاينىڭ رەڭۋازلىقى 6. نويابىردا غەلىبە قىلدى. ئەمما دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ئۇيغۇرلار قازاندى.

بىز سىياسەتنى توغرا بايقىيالىساق، ھەمكارلىقنى پۇختا ئېلىپ بارالىساق، خىتاينىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ ـ دېگەن گەپ. ئەمدى ئاتالمىش «تۈركىستان تېررورچىلىرى» نىڭ، خىتايلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئوينىغان ئويۇنلىرىنى سۈرىيىدە تاشلاپ قويۇپ، «ئازاتچىلار» نىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ چىقايلى.

98. يىلى دېكابىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئازاتچىلار» بىلەن «غازاتچىلار» نىڭ ئارىسىدىكى سۈنئىي زىددىيەت، يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، «غازاتچىلار» نىڭ ھىلە ـ ئەپسۇنلىرى «ئازاتچىلار» قوشۇنىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇلار

ئىچىدىن پارچىلىنىپ كېتىدۇ. مەن دەيمەن شۇڭا: « چالا موللا - غازاتچىلارنىڭ ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ، پارچىلىنىپ كەتكىدەك دەرىجىدە، ئىچى كاۋاك قوشۇن بىلەن، خىتايغا قارشى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغان بولسا، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ بىر ئويۇن بار.» شۇنداق قىلىپ، «ئازاتچىلار» قوشۇنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان قىلغان بىر قانچە كىشىلەر ئاتالمىش ئەمىر، باشلىق، قوماندانلىرىدىن ھوقۇق تارتماقچى بولىدۇ. شۇ ئەسنادا كىملەرى كىملىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسا كېرەك. يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، كوچىلاردا قوراللىق قوغلاپ تۇتۇش مانىۋېرلىرى، ئۆيلەرنى ئۇققا تۇتۇشلار، ئەخلەتخانىلاردىن چىقىۋاتقان ئادەم پارچىلىرى، پىكاپلاردا توشۇپ يۈرگەن قورال، بومبىلار، قولغا چۈشكەن ماددى ئىسپات، تىرىك پاكىتلار يىغىلىپ «ئازاتچىلار» نىڭ جىنايى دېلوسى بولۇپ مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باش ئويۇنچىسى مەتنىمىن ھەزرەت ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، تالا - تۈزلەرگە زادىلا چىقمايدۇ. يا ئۆلگەنلىك، يا تۇتۇلغانلىقتىن خەۋەر يوق. يۇقىرى قاتلام ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالماي خاپىچىلىقتا قاغاپ يۈرگەن: زادى بىر ئىش بولمىسا ئۆزىنى نېمىشقا يوشۇرىدۇ؟ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرمىلىرىدىكىلەرگە كىم ئىگە؟ ۋەتەنگە كىرگۈزۈپ قولغا چۈشكەنلەرگە كىم ئىگە؟ شۇ قەدەر مەغلۇبىيەتنىڭ، زىيان - زەخمەتلەرنىڭ جاۋابكارى كىم ؟

- دېمىسىمۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەتەندىن چىقىپ، 97. يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا يىغىلىپ قالغان، ئەمما ۋەتەن ئۈچۈن بىر ئىش قىلساق بولاتتى - دەپ، بىرەر يەردىن يېتەكچىنىڭ چىقىشىنى كۈتىۋاتقان، (ئۇنىڭ ئۈستىگە

ھەسەن مەخسۇملار بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ۋەتەندىن چىقىپ، بۇ ئەللەردە پۇل توپلايدىغان، ئادەم توپلايدىغان بىر قانچە ئەمىرلەرنى خىزمەتكە بەلگىلەپ قويۇپ، بىز ماندا جاھاننى ئايلىنىپ كېلەيلۇق - دەپ قويۇپ، شۇ كەتكەنچە خەت - خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن،) شۇنداق بىر پەيتتە تام تۆيدىن ھوشۇر چىققاندەك، مەتىمىن ھەزرەت ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ۋە كەلگەندىمۇ ئاجايىپ چوڭ گەپ بىلەن كەلگەن ئىدى. «ۋەتەننى مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە قۇرتارمىساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەننى ئۇنۇتماق لازىم!» دېگەندەك، ھەم ۋەتەننى قۇتقۇزۇش چاقىرىقى، ھەم قۇتقۇزالمىغان ئەھۋالدىكى خەۋپ، ئەندىشە. سەل تېگىرقاپ، ئىشەنچ قىلالمىغان بەزى بىرلىرىگە: «مانا بۇ قەغەزدىكى ئىسىملار شۇنچىلىك مۇھىم ۋە مەخپى، پەقەت سىلەرگىلا كۆرسىتىۋاتىمەن؛ مانا بۇ، پەنتاگوننىڭ ئارقا ئىشىكنى باقىدىغان قاراۋۇلنىڭ ئىسمى؛ بۇ، پەنتاگوننىڭ قورال ئىسكىلاتىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى؛ بۇ ئادەم س ئا ئى نىڭ ئۇيغۇر ئىشلىرى بۆلۈمىگە مەسئۇل خادىمى، مۇشۇنچىلىك يەرنى تاپقىچە ئۇزۇن يىللار ۋاقىت كەتتى؛ ئەمدى بۇلارنى تاپقاندا سىلەر ئارقىغا داجىساڭلار، ۋەتەننى ئۇنۇتماق لازىم بولىدۇ.» ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگۈدەك «يوچۇق» قالمىغاچقا، ھەسەن مەخسۇملارغا بەيئەت قىلغانلارمۇ، قول بەرگەن ۋە مەخسۇمغا ئاتاپ يىغىپ قويغان بەش- تۆت تەڭگىنى ۋەخپە قىلىپ، ئىشەنچ بىلدۈرگەن ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر قىتىملىق كېلىشىدە: «بۇ سەپكە قېتىلىدىغان ھەرقانداق كىشىگە تۈركىيە دۆلىتى ئىگە؛ خىتاينىڭ قولىغا تىرىك

چۇشۇپ قالساڭلار، تىرىكىڭلارنى قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇرۇشتا ئۆلسەڭلار، دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن، ئۆلۈكۈڭلارنى ئايروپىلان بىلەن تۈركىيەگە يۆتكەپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتۈشۈڭلار كېرەك !» - دەپ، تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە خاتىرجەملىك كاپالىتى ۋەدە قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ باققان ھەر قانداق ئۇيغۇر، پاسپورتنىڭ دەردىنى، بىرەر دۆلەتكە ۋەتەنداش بولۇشنىڭ قەدرىنى ئاجايىپ بەك بىلىدۇ. شۇڭا مەتىمىن ھەزرەتكە ئىشەنگەچ، ھەم سىناپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئىسىم تىزىملىكلىرىنى بېرىدۇ. تۈرك ۋەتەنداشلىق پاسپورتىمۇ ھەپتە ئۆتمەي قولغا تەگكىلى تۇرغاندىن كېيىن، گەرچە پاسپورتتىكى رەسىمدىن باشقىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئەمەس بولسىمۇ، ئىنقىلاب دېگەن ماشتاق بولىدۇ... جېمىس بوندنىڭمۇ ھەر خىل پاسپورتلىرى بولىدىكەن، بىزمۇ جېمس بوندقا ئوخشاش ئاجايىپ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىمىز - دەپ، ئۆزلىرىنى، ئەقىدىلىرىنى، بەختەرلىك تۇيغۇلىرىنى مەتىمىن ھەزرەتكە تاپشۇرغان بولۇپ، ئۇ نېمە قىلىڭلار دېسە، نەگە بېرىڭلار دېسە،: باش ئۇستىگە قوماندان - دەپ، قىلىدىغان ئىشنىڭ ياخشى - يامىنى، ئېغىر - يېنىكى بىلەن ھېسابلاشماي، پەقەت - بىزنىڭمۇ ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەپتۇ، ئاللاھقا مىڭ شۇكرى - دەپ، مەيدانغا سەكرىگەن يىگىتلەردىن، ۋەتەندە تۇتۇلغانلىرى خىتاي تۈرمىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇتۇلغانلار رۇس تۈرمىسىدە، (تۈرمىلەرنى بىر تۇتاش رۇسلار باشقۇرىدۇ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى ئەخلەتخانىلاردا، تېخى بىر يىل ئاۋۋال «ئۆلۈك تىرىكىگە تۈركىيە دۆلىتى ئىگە بولىدۇ» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەسمىدى؟ قېنى تۈركىيە؟ قېنى باش ئەمىر؟ قېنى كىملەر؟

«ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دەيدىغان بىر تاكتىكا بار. ئەمما بۇنى دۈشمەنگە قارشى قوللىنىشقىلا بولىدۇ. ئەڭ ئېغىر بىر زۆرۈرىيەت ئاستىدا قالمىغۇچە، ئۆز سېپىدىكىلەرگە، ئۆز قوشۇنىغا، ئۆز مىللىتىگە، ئۆز خەلقىگە ئىشلىتىش ۋىجدانسىزلىقتۇر؛ ئىنسانسىزلىقتۇر؛ ۋاپاسىزلىقتۇر؛ قىسقىسى ئىپلاسلىقتۇر. مەمتىمىن ھەزرەت قانداق بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا جەڭنىڭ «رەڭگى» نى قوللانغان؟ - يىگىرمە يىلدىن بېرى، مېنىڭ تەخمىنىمدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئېھتىماللىق: مەمتىمىن ھەزرەت خىتاي دۆلەت ئىستىخباراتىغا بىۋاسىتە چېتىشلىق ساتقۇن ئەمەس. بەلكى ئۇنى شۇ دەۋرىدە، تۈركىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى كۈچلۈك پارتىيىلەرنىڭ بىرى بولغان «رفاه يولى» پارتىيىسىنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى، خىتاينى تۈركىيەگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوينىغان بىر قېتىملىق ئويۇنى. بۇ ئويۇننى خىتايمۇ شېرىك ئوينىدى. بۇنىڭدا خىتاينىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بولمىغان تەقدىردە، ئويۇن تازا ۋايىغا يەتمەيتتى. يەنى خىتاي چېگرانى كەڭ ئېچىپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدىغانلارنى كۆرمەسكە سالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇننى خىتاي ئادەم كۈچى بىلەن تەمىنلەندى. شۇنىڭدەك، سىرتتىن كىرىدىغانلارنىمۇ، كىرگۈزۈلىدىغان قورال، دورىلارنىمۇ كۆرمەسكە سالدى. جىنايەت نەق مەيدانى ماددى پاكىت، ئادەم ئىسپاتى تولۇقلانغاندىن كېيىن، تورنى خىتاي يىغدى. خىتاي ئۆز مەقسىدىگە بىر قېتىم يەتتى. ئەمما «تۈرك ۋەتەنداشلىقى» ئېلىنىپ، خاتىرجەم ھەرىكەت

قىلغان پىدائىلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىگە ئىگە بولىدىغان
«رفاھ يولى» پارتىيىسى، بۇ كۈنلەردە ئاللىبۇرۇن تەختتىن
چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئەخلەتلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە
ئىدى. شۇڭا مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندىمۇ، خوجايىنسىز قالغان
چاكاردەك، ھېچنېمىنى بېجىرەلمەي، مۈچەلگە كىرىپ، مۈكۈپ
يېتىشتىن باشقىغا يارىمىدى. ئۇ ئىنسى - جىنغا كۆرۈنمەي
مۈكۈۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشەنگەن
ئەگەشكۈچىلىرى، قوللىغۇچىلىرى گۇماننى ئاشكارىلىدى:
«مەمتىمىن ھەزرەت خىتايغا ئىشلەيدىغان ئەڭ چوڭ جاسۇس؛
ئۇ، خىتايغا ئىشلەيدىغان ساتقۇن؛ ئۇ، خىتايغا ئىشلەيدىغان
مەقسەتلىك قاتىل؛ ئۇ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇيغۇرلارنى
يىراقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ،
ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى!» دېگەن ھۆكۈملەرنى ئېلان قىلدى.
ئەگەر ئۇ، تىك تۇرۇپ: مەن ئۇنداق ئەمەس، مېنى ئالداپ
ئىشلەتكەن خوجايىنلار بۇيەردە بار! - دېيەلىگەن بولسا، ئۆزى
ئاقلىنىش بەدىلىگە جاندىن ئايرىلاتتى. بىراق، جان تاتلىق
بولسا كېرەك. ئىستىخبارەت بىلەن ھەمكارلاشقان كىشى، ئەگەر
مەغلۇب بولغاندىن كېيىن پاش قىلىنىۋەتسە، ھايات قالمايدۇ.
بۇ ئاددى قائىدە. جاننى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىپ، ھەممە
جىنايەتنى ئۈستىگە ئالغان بولسا كېرەك مەمتىمىن ھەزرەت.
ياكى: تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، كېيىن تېخىمۇ چوڭ سىياسىيون
بولۇپ، سەھنىگە چىقىش ئارزۇسى بىلەن، ھايات قېلىشنى
ئويلىغاندۇر. ئەمما بۇ، سەھنە ئالماشتۇرىدىغان، پەردە
ئالماشتۇرىدىغان، نومۇر يەڭگۈشلەيدىغان، راستىنلا سەھنە
ئەسىرى ئەمەستە. ئەكسىچە نۇرغۇنلىغان پىداكارلارنىڭ جېنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىنى، مېلى بىلەن ئوينالغان ساتقۇنلۇق ئويۇنى تۇرسا. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بازارلىرىنى ۋەيران قىلدۇرغان، قانچە يۈزمىليون دوللارلىق مۈلكىنى، ئىقتىسادلىرىنى ۋەيران قىلدۇرغان، تور بازا، باراخولكا، ئىپادۇرۇم بازارلىرىدەك، خەلقئارالاشقان ئۇيغۇر بازارلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەڭ چوڭ رول ئوينىغان، جىنايى دېلو تۇرسا! ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى مۇنقەرز قىلدۇرغان، ۋەتەندىن چىقىپ كۆپ كەچۈرىدىغان ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن، تۇتقۇن قىلدۇرغان خائىنلىق ھەرىكىتى تۇرسا، مۇشۇنچىۋالا زىيانكەشلىككە سەۋەبچى بولغان «ئازاتچىلار، غازاتچىلار» گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھېچنەرسىنى كۆرمىگەندەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتسە، بۇنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، بۇنداق بىر قوۋمنى مىللەت دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق بىر قوۋمنى كىم خالىسا بوزەك قىلىدۇ. ئەمما مەزكۇر جىنايى دېلونىڭ جاۋابكارلىقىنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى. پەقەت شۇ ئىشقا ئالدىنىپ قۇربان بولۇپ كەتكەن كىشىلەر، بولۇپمۇ «ئازاتچىلار» قوشۇنىنىڭ باش يېتەكچىسى مەمتىمىن ھەزرەتنى جاۋابكار تۇتتى. لېكىن ئۇ، يا ئۆلۈكنى، يا تىرىكنى كۆرسەتمىگەچكە، ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن: باش جاسۇس، باش خائىن - دەپ، ئېلان قىلىندى. بىراق مەن ھازىرغىچە ئۇنى: جاسۇس بولسا كېرەك - دەپ پەرەز قىلمىدىم. ئەمما «كالۋا ئادەم؛ شۆھرەتپەرەس ئادەم؛ سىياسەتكە، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەرگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان ئادەم؛ ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بىلەن مەشغۇل بولسا مىللەتكە، ئۆزىگە، يېقىنلىرىغا زىيىنى يەتمەيتتى» - دەپ، قاراپ كەلدىم. مۇنداق

دەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس: «نېمىلا دېمىگەن بىلەن، ۋەتەن-مىللەتنى ئازات قىلىمەن دەپ، قولىدىن كەلگەننى قىلدى؛ دۈشمەن كۈچلۈك بولغاچقا مەقسەتكە يېتەلمىدى؛ ئەگەر ۋەتەننى ئازات قىلالىغان بولسا، ھەممە ئادەم قەھرىمان، داھى دەپ ئالقىشلايتتى؛ پالان، پەشمەت.» مەنمۇ شۇنداق دەپ كەلدىم: «ئۇ كىشى قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلمىدى؛ بەلكى قىلالمايدىغان، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ، خاتالاشتى.» مەن شۇنداق قاراشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنى «جاسۇس، خىتاينىڭ ئادەملىرى، خائىن» دېمىدىم. ئەگەر مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش «قولىدىن كەلگەننى قىلدى» دەپ، قارىغان بولسام، ئۇ چاغدا قارىشىم ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغانلىرى «قولىدىن كەلگەن ئىشنى قىلدى» بولسا، ئۇنىڭ قىلغىنى قەستەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مىللەتكە بەك ئېغىر زىيان سالدى. مۇشۇ «قولىدىن كەلگەننى قىلدى» دېگەن ھۆكۈمنى، قانۇنى نۇقتىدىن چۈشەندۈرگەندە، مۇنداق شەرھىلىنىدۇ: بىر ئادەم قولىدىن كەلگەن ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇ ئىش يامان نەتىجە بەرگەن بولسا، بۇ قەستەنلىك بىلەن قىلغان بولىدۇ. ئۇ جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەم قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى باشقىلارنىڭ زورلىشى، ئازدۇرۇشى بىلەن قىلغان بولسا، ئۇ ئىش يامان نەتىجە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى خاتا مۆلچەرلەپ، تەۋەككۈل بىلەن قىلغان بولسا، ئۇ ئىش يامان نەتىجە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم جازالىنىش بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىشنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. قىلغان ئىشىغا ئۆكۈنۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىسىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق خاتالىقنى قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرسە، جىنايى جاۋابكارلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر: مەن قىلدىم، قىلغىنىم توغرا ـ دەپ، ئۆكتەملىك قىلسا، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، جازاسى بېرىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ھەسەن مەخسۇم، مەمتىمىن ھەزرەت دېگەن بۇ كىشىلەرنىڭ «ئازاتچىلار ۋە غازاتچىلار» گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز، ۋەتەندە غازات قىلىمىز ـ دېگەن شۇ چوڭ ھەرىكەت، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىنلا ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى توغرا ئىش ئەمەس. زامان نۇقتىسىدىن دېگەندە، ئۇلار 1998. يىللىرى ئەمەس، بەلكى 1908. يىللىرى، يەنى شۇ دەۋردىن 90 يىل ئىلگىرى شۇنداق قوشۇن تەشكىللىيەلىگەن بولسا، بەلكىم بەك خاتا نەتىجىمۇ چىقماستى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاز 90 يىل كېچىككەنلىكى، زامان نۇقتىسىدىن خاتالىققا سەۋەب بولغان. ئەمدى ماكان نۇقتىسىدىن توغرا ئەمەس دېيىشىمدە، ئۇلار ۋەتەن چېگرىسىنىڭ سىرتىدا، شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدە قورال، زەمبىرەكلەرنى، جەڭچىلەرنى دۈشمەنىنىڭ ئايروپىلانىغا بېسىپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ماڭدىغان يەردە ئەمەس، بەلكى ئوق ـ زەمبىرەكلەرنى ئىشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە ئەسكەرلەرنى مىندۈرۈپ، مەھەللە ئارىلاپ، ئېتىز ياقىلاپ جەڭ مەيدانىغا بارىدىغان، قەشقەرنىڭ سەھرالىرىدا، خوتەننىڭ چۆللۈكلىرىدە، شۇنداق بىر قوشۇنلارنى تەشكىللىگەن بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىگە بۇنچىۋالا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىۋەتمىگەن بولاتتى. مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى «خىتاينىڭ

جاسۇسلىرىكەنتۇق، خائىن، ساتقۇنلاركەنتۇق» دېمەي، بەلكى ئۇلار قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ خاتالاشتى؛ ممللەتكە ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى - دەپ، خۇلاسە قىلىپ كەلدىم. لېكىن مېنىڭ بۇ قارىشىمنى بەزىلەر: ياق، ئۇلار خاتا قىلمىدى، قولىدىن كەلگەننى قىلدىغۇ - دەپ رەت قىلسا، بەزىلەر: ياق، ئۇلارنى ختاي مەخسۇس ئىشقا سالغان، ئۇلار مۇناپىقلار - دەپ، رەت قىلدى. مەنمۇ ئۆز قارىشىمدا تۇرۇۋەردىم، باشقىلارغا تاڭمىدىم. كىشىلەر ئۆز پىكرىنى دېگەچ تۇرسۇن. بىز مۆكۈكتىكى مەتىمىن ھەزرەتنى سىرتقا ئېلىپ چىقايلى. ئۇ ئاكوپتىن قانداق چىقاركىن كۆرىمىز.

«يولدىن چىقما، خاندىن قورقما»، ياكى «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» - دەيدىغان گەپ بارغۇ. شۇڭا (مەتىمىن ھەزرەتنىڭ يېقىنلىرىدىن، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ،) ئۇنىڭ ئاشكارا مەيدانغا چىقىشىنى تەۋسىيە، تەكلىپ قىلدىم. بۇ چاغلاردا ئۇ كىشى ئۆز قولى بىلەن بەربات قىلىپ تاشلىۋەتكەن «شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» نى، كۆپچىلىك گېرمانىيەگە يۆتكەپ كېلىپ، خېلە بىر تەشكىلاتتەك ھالغا ئەكەلگەن ئىدۇق. بۇ قۇرۇلتاي، 98. يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا پاجىئەلىرىنى خۇلاسە قىلىش سالاھىيتىگە ئىگە، شۇ چاغدىكى چوڭ تەشكىلات ئىدى. بىراق مەتىمىن ھەزرەتنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇ كىشى ئۇيغۇرلاردىن بەك كۆڭلى قالغانمىش؛ شۇڭا بىر مەزگىل مۆچەلدە تۇرۇشنى ئويلاۋاتقانمىش. بوپتۇ دېدۇق. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ سەكرەتمىسىگە كېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرمىلىرىدە «دات، بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر بارمۇ؟» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىپادىسىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق خاتالىقنى قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرسە، جىنايى جاۋابكارلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر: مەن قىلدىم، قىلغىنىم توغرا - دەپ، ئۆكتەملىك قىلسا، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، جازاسى بېرىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ھەسەن مەخسۇم، مەتنىياز ھەزرەت دېگەن بۇ كىشىلەرنىڭ «ئازاتچىلار ۋە غازاتچىلار» گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز، ۋەتەندە غازات قىلىمىز - دېگەن شۇ چوڭ ھەرىكەت، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىنلا ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى توغرا ئىش ئەمەس. زامان نۇقتىسىدىن دېگەندە، ئۇلار 1998. يىللىرى ئەمەس، بەلكى 1908. يىللىرى، يەنى شۇ دەۋردىن 90 يىل ئىلگىرى شۇنداق قوشۇن تەشكىللىيەلىگەن بولسا، بەلكىم بەك خاتا نەتىجىمۇ چىقماستى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاز 90 يىل كېچىككەنلىكى، زامان نۇقتىسىدىن خاتالىققا سەۋەب بولغان. ئەمدى ماكان نۇقتىسىدىن توغرا ئەمەس دېيىشىمدە، ئۇلار ۋەتەن چېگرىسىنىڭ سىرتىدا، شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدە قورال، زەمبىرەكلەرنى، جەڭچىلەرنى دۈشمەننىڭ ئايروپىلانىغا بىسىپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ماڭدىغان يەردە ئەمەس، بەلكى ئوق - زەمبىرەكلەرنى ئىشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە ئەسكەرلەرنى مىندۈرۈپ، مەھەللە ئارىلاپ، ئېتىز ياقىلاپ جەڭ مەيدانىغا بارىدىغان، قەشقەرنىڭ سەھرالىرىدا، خوتەننىڭ چۆللۈكلىرىدە، شۇنداق بىر قوشۇنلارنى تەشكىللىگەن بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىگە بۇنچىۋالا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىۋەتمىگەن بولاتتى. مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى «خىتاينىڭ

جاسۇسلىرىكەنتۇق، خائىن، ساتقۇنلاركەنتۇق» دېمەي، بەلكى ئۇلار قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ خاتالاشتى؛ مىللەتكە ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى ـ دەپ، خۇلاسە قىلىپ كەلدىم. لېكىن مېنىڭ بۇ قارىشىمنى بەزىلەر: ياق، ئۇلار خاتا قىلمىدى، قولىدىن كەلگەننى قىلدىغۇ ـ دەپ رەت قىلسا، بەزىلەر: ياق، ئۇلارنى خىتاي مەخسۇس ئىشقا سالغان، ئۇلار مۇناپىقلار ـ دەپ، رەت قىلدى. مەنمۇ ئۆز قارىشىمدا تۇرىۋەردىم، باشقىلارغا تاڭمىدىم. كىشىلەر ئۆز پىكرىنى دېگەچ تۇرسۇن. بىز مۆكۆكتىكى مەتمىن ھەزرەتنى سىرتقا ئېلىپ چىقايلى. ئۇ ئاكوپتىن قانداق چىقاركىن كۆرىمىز.

«يولدىن چىقما، خاندىن قورقما»، ياكى «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» ـ دەيدىغان گەپ بارغۇ. شۇڭا (مەتمىن ھەزرەتنىڭ يېقىنلىرىدىن، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ،) ئۇنىڭ ئاشكارا مەيدانغا چىقىشىنى تەۋسىيە، تەكلىپ قىلدىم. بۇ چاغلاردا ئۇ كىشى ئۆز قولى بىلەن بەربات قىلىپ تاشلىۋەتكەن «شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» نى، كۆپچىلىك گېرمانىيەگە يۆتكەپ كېلىپ، خېلە بىر تەشكىلاتتەك ھالغا ئەكەلگەن ئىدۇق. بۇ قۇرۇلتاي، 98. يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا پاجىئەلىرىنى خۇلاسە قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە، شۇ چاغدىكى چوڭ تەشكىلات ئىدى. بىراق مەتمىن ھەزرەتنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى ئۇيغۇرلاردىن بەك كۆڭلى قالغانمىش؛ شۇڭا بىر مەزگىل مۆچەلدە تۇرۇشنى ئويلاۋاتقانمىش. بوپتۇ دېدۇق. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ سەكرەتمىسىگە كىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرمىلىرىدە «دات، بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر بارمۇ؟!» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگراۋاتقان، ئۆلۈم جازاسى بىلەن سوتلىنىپ، ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىپ ياتقان، بىرمۇنچە يىگىتلەرنىڭ نالىسىغە چىداپ تۇرالمىدۇق. ئۇ يەردىكى تۈرمىدە يېتىپ باققان بولغاچقا، شەخسەن مېنىڭ يۈرىكىم تىتىلىپ كېتىۋاتاتتى. مەتىمىن ھەزرەتكە ئادەم قويدۇم. جاۋابى يالغان ئىدى: «مەن بەك چوڭ يەر بىلەن ئالاقە قىلىۋاتىمەن؛ پات يېقىندا ھەممىسى ئۆزگۈرلۈككە چىقىدۇ». بىراق بىرگە بىر ئاز ماددى ياردەم كېرەك ئىدى - ئۇلارنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، ئۇلارنىڭ پىت بېسىپ كەتكەن، كونا كىيىملەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پۇل كېرەك ئىدى. ئۇلارغا ياردەم قىلىمىز - دەپ، ئوچۇق ئاشكارا ئىئانە يىغقىلى بولمايتتى.... گېرمانىيەدىن، شۋېتسىيەدىن، نورۋېگىيەدىن بولۇپ شۇنچىلىك مەخپى ھالدا، ئون بەش كىشىدىن ياردەم توپلىدۇق. بۇ ئىشقا يەنە بىر خوتەنلىك ئاغىنەم بىلەن ئىككىمىز مەسئۇل بولدۇق. تۈرمىگە ئالاقە ئۇسكۇنىلىرى كىرگۈزىدىغان، دورا، كىيىم - كېچەك كىرگۈزىدىغان ئادەملەرنى تاپتىم. مەھبۇسلار بىلەن تېلېفونلاشتۇق؛ رەسىملىرىنى يوشۇرۇن يوللار بىلەن چىقارتىپ تۇردى. بارلىق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكى يېقىنلىرىغا يەتكۈزۈپ، رەسىم بىلەن بولسىمۇ دىدارلاشتۇرۇپ، روھىغا مەدەت بەردۇق. مەن ئۇلارنىڭ ئىشى بىلەن سۆيۈندىمۇ يوق، چۆچۈندىمۇ يوق ئىدىم. لېكىن ئۇلار ئالدانغان بولسىمۇ، ئەزىز جانلىرىنى ۋەتەن ئۈچۈن پىدا قىلغان، مېنىڭ جان جىگەرلىرىم ئىدى. بۇ ئىش ئاستا، ئاستا سىرتقا تەپچۈرەشكە باشلىغاندا، مېنىڭ ئاكىلىرىم ۋەتەندە يەنە تۈرمىگە كىرىشكە

باشلىدى. ئايالىم بىلەن بالىلىرىم مىسىردا مۈكۈپ تۇرىۋاتاتتى. بېشىمغا دۇنيانىڭ قىيامىتى يىقىلغان بولسىمۇ، ھەممە ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، مەھبۇسلارنى يوقلاپ تۇرۇشتىن يالتايمىدىم. ئۇنىڭغا يانداپ، گۇئانتانامودىكى ئۇكىلار بىلەنمۇ ئالاقەم باغلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىغا تەسەللى بېرىش، ئالاقىلاشتۇرۇش قاتارلىق كىچىك ئىشلار بىلەن، ئۇلار ئۈچۈن گويا بىر چوڭ تاغنى يۆتكەپ بېرىۋاتقاندەك، روھى مەدەت بەرمەكتە ئىدىم. مۇشۇ مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىلا «ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلار» نىڭ سادىق پىداكارلىرى ئىدى. كاۋاپنى ئۆتكۈزىۋەرسە، زىقى توشۇپ قالىدىكەن - دە. «خىتاينىڭ قاتتىق ئەرز قىلىشى» بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرمىسىدىكى «تېررورىستلار» غا «ياردەم قىلىشىم» گېرمانىيە تەرىپىدىن چەكلەندى. گۇئانتانامودىكى ئالاقىنى ئۈزۈم ساقلاپ قېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەھبۇسلىرىمنى، شۇ كۈنگىچە مەن بىلەن ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقان، ھېلىقى خوتەنلىك ئاغىنەمگە ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوتەنلىك ئاغىنەم يالغۇز مۇناسىۋەت قىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ يوقلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، خوشلاشتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنى تونۇيدىغان بىرسىلا بولۇپ، ئۇمۇ مەخپىيەتلىككە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، سادىق ھەم سابىق ئادىمىم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى بۇخارالىق ناسىرۇف ئەپەندى - دەپ بىلەتتى. ئۇلار بىلەن تېلېفونلاشقان چاغلىرىمدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھاڭىغا توغۇرلاپ، بىر ئاز ئۆزبېكچە ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلاتتىم. خۇددى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىۋاتقان ئەسكەردەك، سەپداشلار بىلەن قىيالمىغان ھالدا،

ئايرىم ئايرىم خوشلىشىۋاتاتتىم. نۆۋەت قەشقەر شەھەرلىك بىرسىگە كەلگەندە: بىزنىڭ سىپىمىزدە ئۆزبېكلەر يوق ئىدى؛ ناسىرووف دەيدىغان بىرىمۇ بولغان ئەمەس؛ مېنىڭ ئاخىرقى بىرلا ئارمىنىم باتتى، ئۇ بولسىمۇ ئانامنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى بىلىش، مېنىڭ هايات ئىكەنلىكىمنى ئانامغا بىلدۈرۈش ۋە ئانام بىلەن سۆزلىشىپ رازىلىق ئېلىشىش ئىدى؛ سىز- بۇخارالىق ناسىرووف ئەپەندى مېنى ئارمىنىمغا يەتكۈزدىڭىز؛ ئانام ۋە باللىرىم بىلەن بىر قانچە قېتىم، قانغىچە تېلېفون ئارقىلىق مۇڭدىشىۋالدىم، رازىلىق ئېلىۋالدىم؛ بىراق يەنە بىر ئارمان پەيدا بولدى؛ ئۇنىڭغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتسەم، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ؛ مەن ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان مەھبۇس، سىرتقا هايات چىقالمايمەن؛ مەخپىيەتلىكنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ كېتىدىغان ئادەم؛ مېنى ئاخىرقى ئارمىنىمغا يەتكۈزەرسىزمۇ؟ ئۇ بۇ گەپلەرنى يىغا ئارىلاش دەۋاتاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى يۈرىكىمنى تىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. چۈنكى مەنمۇ ئاشۇنداق تۈرمىلەردە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ ئازاب تارتقان سابىق مەھبۇس ئىدىم. شۇڭا: بولىدۇ، ئەمما قولۇمدىن كەلگىدەك ئىش بولسىلا قىلىپ بېرەي - دېدىم.: ئۇنداق بولسا بۇخارالىق ناسىرووف ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ؛ بۇنىڭدىن باشقا هېچنەرسىگە ئېھتىياجىم يوق - دېدى ئۇ، ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا. - تازا قىزىق گەپ بولدى بۇ؛ شۇنىڭچىلىك نەرسىنىمۇ ئارمان دېگىلى بولامدۇ هە؛ مەن تېخى ۋەتەننى ئازات قىلىپ بەر دەمدىكىن دەپ، ئەنسىرەپ تۇرغان؛ سىز بۇخارالىق ناسىرووف ئەپەندىنى قانداق تونىمىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ شۇنداق تونىمايسىز؛ يەنە بىر گەپ، سىلەرنى

ھېچكىم ئاتمايدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ؛ بىز بىرلىكتە ئۇيغۇرىستاننى ئازات قىلىمىز؛ سىز تۇرمىدىن چىققاندا، ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە «بۇخارالىق ناسىروق ئەپەندىنى ئىزدەيمەن» دېگەن بىر جۈملىنى يېزىپ قويسىڭىز، مەن سىزنى تېپىۋالىمەن؛ ئەمما شۇ كۈن كەلگىچە، ئارتۇق ئويلاپ يۈرمەڭ - دېدىم، چاقچاق ئارىلاش. بىراق ئۆزۈم كۈلۈپ تۇرساممۇ، يۈرىكىم ئازاپلىق ئېچىشاتتى. چۈنكى مېنىڭ ئۇلارغا قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىم، ئەركىن جەمئىيەتتىكىلەرگە نىسبەتەن، چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك ۋەزنى يوق، ئادەتتىكى ئىشلار بولغان بىلەن، ئەمما پېشانىسىگە ئۆلۈم خېتى چاپلاپ قويۇلغان ئەجەل مەھبۇسلىرى ئۈچۈن، گويا تاغلارنى ئالقىنىمدا ئوينىتىپ يۈرگەندەك، ئاجايىپ چوڭ ئىشلار بولۇپ ھېسابلىناتتى. بىزنى « ئەركىن دۇنيادا ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بەك چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» - دەپ، ئويلايتتى ئۇلار، ئۆلۈم زىندانلىرىدا. يەنە بىر ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، مېنىڭ ئۇلارغا قىلىپ بەرگەن ھەر بىر ئىشلىرىمنىڭ ئارقىسىدا، «مەمتىمىن ھەزرەت بار، شۇ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ؛ ئۇ ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدا، بەك چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش؛ شۇڭا بىزنى يوقلاپ بولالمايۋاتىدۇ» - دەپ، خاتا كىشى ئۈستىدە، خاتا ئۈمۈتتە بولىشى ئىدى. چۈنكى ھەر قېتىم تېلېفون قىلسام، قايسى بولمىسۇن: ئاللاھ ئاكىمىزنى سالامەت قىلسۇن، بىزدىن ئوتلۇق سالام - دەيتتى. بىراق - ئاكاڭلار تۈگەشكەن بىرى، ئۇ راھەت باغچىسىدا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئىنتېرنېت ئويناۋاتىدۇ؛ ئۇ سىلەرنى تونىمايدۇ؛ - دېگىلى بولمايتتى. بۇنداق دېيىش ئۇلارنىڭ خيالى دۇنياسىنى ئۆلتۈرگەنلىك بولاتتى. ئۇلار بىر ئالدامچى سەۋەپلىك، ھاياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىمۇ، خىياللىرىدىكى گۈزەل دۇنيالىرىدا ھايات ياشىشى كېرەك ئىدى.

مەن ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئاكوپتىن چىقىشىنى يامان ئۈزاق كۈتتۇم. 2005. يىلى 17. مارت، رابىيە قادىر خانىمنى خىتاي دۆلىتى ئامېرىكىغا تاپشۇرۇپ بەردى. رابىيە خانىم ئامېرىكىدا 4 ئاي دەم ئېلىپ، داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، 14. ئىيۇل مىيونخىنىغا يېتىپ كەلدى. شۇ مۇناسىۋەتتە مەمتىمىن ھەزرەتمۇ قەدەم تەشرىپ قىلدى. بىر قانچە كۈنلۈك يىغىن - چۈغۈن، سۆھبەت - زىياپەت جەريانىدا، دۇنيا ۋەزىيىتىنى مەمتىمىن ھەزرەتتىن ئاڭلىغان رابىيە خانىم، تولۇق قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ: «توغرا ئېيتىسىز مەمتىمىن، پۇل بولمىسا قورالنى بىكارغا ئالغىلى بولمايدۇ؛ قورال كۆتەرمىگۈچە خىتاي ۋەتەندىن چىقىپ كەتمەيدۇ؛ بۇ ئېيتقانلىرىڭىز ئورۇنلۇق؛ پۇلنى سودىگەرلىك قىلىپ تاپىمىز؛ مەن سودىگەرچىلىكنى باشلاي، سىزمۇ ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا كۆز- قۇلاق بولۇڭ؛ ئالدى بىلەن ئىقتىساد ئىشىنى ھەل قىلايلى.» دېگەن چېغى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنچىلىك بىر سۆھبەت بولغان ئىكەن. بىراق، بۇ گەپلەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاڭلانغانلىقى مەلۇم. رابىيە خانىم ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، سىدىق ھاجىرۇزى ئەپەندى تېرىكىپتۇ. چەتئەلچىلىكنى، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرچىلىقنى، بايراقدارلارنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىرىنى بىلمەيدىغان ۋە بىلمىگىنىنى قوبۇل قىلمايدىغان رابىيە خانىم، سىدىق ھاجىرۇزى ئەپەندىنىڭ لېكسىيەسىگە قۇلاق سالماي، سودىگەرچىلىكنىڭ يولىنى ئاچىمەن دەپ،

چىپىپ يۇرگەن چاغلاردا، مەمتىمىن ھەزرەت ئارىلاپ رابىيە ھەدىسىگە تېلېفون قىلىپ، پۇلنىڭ ئىزناسىنى ھەل قىلغان، قىلمىغانلىقى توغرىسىدا سوراپ تۇرىدىكەن. ئارىدىن بىرەر يىل شۇنداق ئۆتۈپ، سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى بولسا كېرەك، يەنە شۇ مەمتىمىن ھەزرەتتىن كەلگەن تېلېفون. رابىيە خانىم بىر ئاز تېرىكتىمۇ قانداق، ئۇنىڭغا جاۋابەن، مەمتىمىن ھەزرەت: رابىيە ئاچا دەسلەپ قىلىپ كۆپمۇ ئەمەس، يۈزمىڭ دوللار ئەتراپىدا مەبلەغ سالسىڭىز، كېيىنچە تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز مۇمكىن - دەپتۇ. پۇل تاپىدىغان ياخشى بىر سودا بولسا كېرەك - دەپ، ھاياجانلانغان رابىيە خانىم: بولىدۇ، مەن دەرھال ئامالىنى قىلاي، قانداق سودا ئۇ؟ نەدىن ئېلىپ نەگە ساتىدىغان؟ - دەپ، بىلىشكە قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان يەردىن، دىئالوگ مۇنداق باشلىنىپ كېتىپتۇ.

مەمتىمىن ھەزرەت : مالنى نەدىن ئېلىپ، نەگە سېتىش مۇھىم ئەمەس. بۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

رابىيە خانىم : نېمە ئېلىپ نېمە ساتىدىغان سودا؟

مەمتىمىن ھەزرەت: ئېلىپ سېتىپ يۈرمەيمىز. بىز پۇلنى نەق تاپشۇرالساق، سودا ئۆزى مېڭىپ كېتىدۇ.

رابىيە خانىم : تېپىشماق بىلەن خوشام يوق. ئوچۇق دەڭا نېمە ئىش بولسا.

مەمتىمىن ھەزرەت: مۇنداق گەپتى، پۇلنى سىز چىقىرىسىز، پىلان مەندىن، سودىغا ئادەم تەييار.

رابىيە خانىم: ماقۇلمۇ دەپ تۇراي. سودىنى نەدە قىلىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەتتىمىن ھەزرەت: ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى ئەتراپىدا.

رابىيەخانىم: مەبلەغنى مەن سالىدىغان بولغانكىن، سودىنىڭ قانداق تۈر، قانداق ئۇسۇلدا بولىدىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك. بىلمىگەن سودىغا سالىدىغان مەبلىغىم يوق. گەپنى ئېنىق دەڭ.

مەتتىمىن ھەزرەت: سىزنى چۈشىنىدۇ- دەپ ئويلىغانتىم. بەك قىستاپ تۇرۇۋالدىڭىز. ئۇنداق بولسا ئوچۇق سۆزلەي. 1. ئۆكتەبىر خىتاي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى، ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاي خەلقئارالىق چوڭ بايرام، پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى. بۇ پائالىيەتكە چەتئەللىك چوڭ شىركەتلەر، چوڭ ئىش ئادەملىرى تەكلىپ قىلىنىدى. بىز شۇنىڭغا ئۇلگۈرتۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى سانائەت رايونى بولغان ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىرىدە پەۋقۇلئاددە چوڭ تىپتا پارتىلىتىش ئېلىپ بارماقچى. بۇ ئىشقا تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم. پەقەت دەسلىۋىدە يۈزمىڭ دوللار ئىقتىسادقا ئېھتىياجىمىز بار. بىز گېرمانىيەدە قىلىشقان توختام بويىچە ئىقتىسادتىن سىز تەمىنلەيسىز. قالغان ئىشنى مەن بېجىرىمەن. ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، تۇڭگانلار بىلەن ئۆزىڭىز گەپلىشىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ....

رابىيە خانىم: مەتتىمىن، سىز ساقمۇ ياكى ساراڭمۇ؟ ياكى مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ياكى بېشىڭىزدا بىرسى قورال تەڭلەپ تۇرۇپ، مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكە مەجبۇرلاۋاتامدۇ؟ - رابىيە خانىم قۇلىقىغا ئىشىنەلمىگەن ھالدا، مەتتىمىن ھەزرەتتىن

قايتىلاپ سوراپ كېتىپتۇ. ئەمما مەتتىمىن ھەزرەت شۇنچىلىك تەمكىن ھالدا تەكىتلەپ: ياق، مەن شۇنچىلىك ساق. ئۆز ئىرادەم بىلەن ھەم ئارىمىزدىكى مىيونخىن كېلىشىمگە ئاساسەن بېجىرىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم. كېتەرلىك پۇلنى سىز تاپشۇرىسىز.

رابىيە خانىم : ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن بىلەن قانداق كېلىشىم تۈزدۇم؟ سېنى ۋاڭ لوچۈئەن ئورۇنلاشتۇردىما؟ مېنى تېرروررىست تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ئامېرىكىدا تۈرمىگە سولاتماقچىما؟ ھەي مۇناپىق! كىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسەن؟

مەتتىمىن ھەزرەت: سېنى چەتئەلگە كىم، نېمە ئۈچۈن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن خائىن؟ سەن بىلمىسەڭ مەن ئوبدان بىلىمەن. سەن چەتئەلدىكى ۋەتەن دەۋاسىنى ۋەيران قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈتىگىلى چىقتىڭ. سېنى ۋاڭ لوچۈئەن چىقارتتى. ئۆزۈڭ خائىن!

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوننەچچە ئايلىق سىياسى مۇناسىۋەت، مۇشۇنداق سىرلىق تېلېفون، سىرلىق دىئالوگ ۋە تىل ھاقارەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ بىر قىسمىنى دەل شۇ چاغلاردا، مەتتىمىن ھەزرەت تەرەپتىن ئاڭلاپ، بەلكى راس، بەلكى يالغاندۇر؛ بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمىگەندۇر - دەپ، ئانچە قىزىقمىغان ئىدىم. 2006. يىلى نويابىر «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» نىڭ ئومۇمى يىغىنىغا، مېھمان بولۇپ ھەم رابىيە خانىمغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىم بىلەن، مەزكۇر ۋەقە ئۈستىدە يۈز تۇرانە گەپلەشتىم. مەتتىمىن ھەزرەت تەرەپتىن ئاڭلىغانلىرىم راستىكەن. بۇ بىر تۇزاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ خىتايغا بىۋاسىتە ئىشلەيدىغانلىقىنى گۇمان قىلمايمىز؛ ئەمما ئۇ گۆرۈگە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك - دېدى ئۇ، ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بەرگەچ. شۇ كۈنى تېلېفون ماجىراسىدىن كېيىنلا، رابىيە خانىم بىلەن ئىككىسى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. چۈنكى رابىيە خانىم ئامېرىكىغا چۈشكەن چاغدىلا، ھۆكۈمەتنىڭ خانىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىدارە خادىملىرى: سىزنىڭ تېلېفون ئالاقىڭىزنى ئامېرىكا كۆزىتىدۇ؛ خىتاي ۋە پالانى، پالانى دۆلەتنىڭ جاسۇسلىرىمۇ تىڭشاپ تۇرىشى مۇمكىن؛ ھوشيار بولۇڭ. ھەرقانداق چاغدا تەھدىت ياكى گۇمانلىق، خەتەرلىك ئالاقە ھېس قىلسىڭىز، مۇنۇ ئىدارىگە مەلۇم قىلىسىز - دەپ، ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ئىكەن. شۇڭا بۇ قېتىمقى سىرلىق تېلېفون دىئالوگىنى ۋە ماجىرانى ئۇلارغا مەلۇم قىلغىلى بارغاندا، ئىدارىدىكى مەسئۇل كىشى: «سىز قارشى تەرەپكە نەق جايىدا جاۋاب بەردىڭىز؛ خىتاي سىزنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى ۋە ئامېرىكىدىكى پائالىيىتىڭىزگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلماقچى؛ بۇ بىر قېتىملىقى، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ؛ بىز سىزنىڭ جىسمانى بىخەتەرلىكىڭىزنى قوغدىيالايمىز؛ ئەمما سىياسى تۇزاققا چۈشۈپ قالسىڭىز، قۇتۇلۇپ چىقىشىڭىز قىيىن؛ ھەر زامان ھوشيار بولۇڭ» - دەپ، يەنە تەكىتلەپتۇ. بىز ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ھېلىقى چاغدا رابىيە خانىم مەمتىمىن ھەزرەتكە يۈز مىڭ دوللار بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە، تازا تىللاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم قوساق كۆپۈككە چىدىماي، ئۆزىنىڭ ئوتتۇز مىڭ دوللارلىق مېرسېدېس جىپ ماشىنىسىنى سېتىپ، خوتەنگە چۈشۈرگەنمىش؛ ئۇ يەردە ئۈچ

خوتەنلىك باللار ھەربىچە كىيىم كىيىپ، يۈزىگە پايپاق تاقاپ، تىزلىنىپ تۇرغان ھالدا (قوللىرىدا ملتىقتەك نەرسە بارمىتى، ھازىر تازا ئېسىمدە قالماپتۇ) خىتايغا تەھدىت سالغان، قىسقا بىر فىلىمنى ئىشلىتىپتۇ. ئۇ فىلىم گېرمانىيەدىكى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىمنىڭ «ئۇيغۇر ئورگ» توردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «ب ب س» ئاخباراتى نەقىل قىلىپ، تازا چوڭ خەۋەر ئىشلەپ تارقىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتاي «ب ب س» نىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپتۇ. «ب ب س» مەنبەنى كۆرسىتىپ قۇتۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتاي گېرمانىيەگە ئەرز قىلىپتۇ. گېرمان بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئابدۇجېلىل قارقاش ئەپەندىنى تەكشۈرۈپتۇ. تازا تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئۈچۈرنىڭ خوتەندىن كەلگەنلىكى ئېنىقلىنىپ، قارقاش ئەپەندىمنىڭ، ئۇنى يوللىغان كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقە تورى يوقلىقى ئىسپاتلىنىپ، گېرمانىيەدىكى دېلو يېپىلىپتۇ. بىز بۇ ھەقتە كۆپ تەرەپلىك مۇلاھىزە قىلىشتۇق. شۇ سىرلىق تېلېفون ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيغۇر توربەتلىرىدە رابىيە خانىمنى تەنقىدلەش، پاش قىلىش، تىللاش، تەنقىدلەش باشلىنىپ كەتتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى رابىيە خانىمنىڭ قۇرۇلتايغا رەئىس بولىشىنى توسۇش، ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان ئىچكى مەسىلە ـ ھەسەتخورلۇق تۈپەيلىدىن بولغانمۇ، ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىندىن بىر تۇتاش باشقۇرامدۇ؛ ياكى چەتئەلدە، بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ ئاستىدا، خىتاينىڭ ئىش بېجىرىش ئىشخانىسى بارمۇ؟ بۇلارنى تىزگىنلەپ، بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان باش جاسۇس كىمدۇر؟ سىدىق ھاجى روزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەپەندى يەنە بىر قانچىمىز ئۆزۈندىن ئۆزۈن مۇڭداشتۇق. بۇلار مۇشۇ يەردە مۇڭدىشىپ تۇرسۇن. بىز مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ چىقايلى.

ۋەتەندىكى تورلاردا «م. ئازات» ئىسىملىك بىر يازغۇچى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ يازمىلىرىنى ۋەتەندىكى يۈزلىگەن تورلارغا كۆچۈرۈپ تارقىتىدۇ ئوقۇرمەنلەر. بىزمۇ چەتئەلدىكى ئۈچ، بەش ئۇيغۇرچە تورلارغا كۆچۈرۈپ تۇرىمىز. چۈنكى «ۋەتەندىكى بىر كادىر، ياكى بىر ئوقۇتقۇچى، ياكى بىر يازغۇچى» ۋەتەننىڭ شارائىتىدا مۇشۇنچىلىك نەرسىنى يېزىپ، خەلقىمىزگە كۆيۈنۋاتقان تۇرسا، بۇنى ئالقىشلاش كېرەكتە. ئۇنىڭ يازمىلىرى ۋەتەندىكى ياش ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. «رويلىدا كېڭىيىۋاتقان ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى، تامىل ئارسلانلىرى» ماۋزۇلۇق يازمىلىرىنىڭ ئوقۇلۇش سانى قانچە مىليونغا يەتتى. «ۋەتەندىكى م. ئازات» نىڭ ئۈستىدە كۆپ تالاش - تارتىش قىلدۇق. بەزىلەر ئىلھام توختى دەيتتى. لېكىن ئىلھام توختى قىسقا ھەم ئېغىر يازاتتى. م. ئازاتنىڭ يېنىك ھەم راۋان. ئىدىيىسىدە چوڭ پەرق يوق. ئىلھام توختىمۇ «مىللى ئاپتونومىيىلىك قانۇن ئادالىتى» نى تەلەپ قىلاتتى. م. ئازاتمۇ شۇنى تەرغىب قىلاتتى. ئۇنىڭ يازمىلىرىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربنى ئېچىش سىياسىتى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، پاراۋانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق باراۋەرلىكى، مۇقىملىقتىن بۇرۇن ئادالەت بولىشى كېرەك ...» دېگەندەك، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۆزلەردىن، ئۇنىڭ سادىق كوممۇنىست ئەمما

ئۇيغۇرغا كۆيۈنىدىغان كادىرلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوممۇنىستلار ئىچىدىمۇ ئۆز خەلقىگە شۇنچىلىك كۆيۈنىدىغانلارنىڭ بولىشى، ھەقىقەتەن ئىجابىي ئەھۋال ئىدى. ئەپسۇس، ئويلىمىغان بىر پەيتتە، بۇ تاشنىڭ ئاستىدىن يەنە مەتتىمىن ھەزرەت چىقتى.

2009 . يىلى 26. ئىيۇن خىتاينىڭ شاۋگۇئان رايونىغا، مەجبۇرى يۆتكەپ ئاپىرىپ ئىشلىتىۋاتقان، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايلارنىڭ ۋەھشىلەرچە، ئاممىۋى ئۆلتۈرۈشلىرىگە پەرۋا قىلمىغان، خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ۋەتەندىكى تورلاردا غۇل غۇلا قوزغالدى. ئىلھام توختى ئەپەندىمۇ جانلىق ئىنكاس بىلدۈردى. «كوممۇنىست، كادىر» م. ئازاتمۇ تۈرلۈك ئىنكاس بىلدۈرۈپ تۇردى. خىتاي دۆلىتى تەلەپلەرنى پىسەنتىگە ئالمىغاندىن كېيىن، 5. ئىيۇل ئۈرۈمچىدە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى، شەھەر ياشلىرى خىتاينىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەق تەلەپ نامايىشى ئېلىپ باردى. نامايىشچىلارغا خىتاي ساقچىلىرى ئوق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن تەرتىپ بۇزۇلۇپ، تىنچلىق نامايىشى قالايمىقانچىلىققا ئايلاندى. شۇ بانادا قانچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرنى ئېتىپ، چاناپ ئۆلتۈردى؛ قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋەتتى؛ قانچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولىدى. پەسكەش، پەسەندە خىتاي پۈتۈن مۇشۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى يۆكلەپ، جاۋاپكارلىقتا تارتىش ئۈچۈن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن قۇربانلىق ئىزدىدى. خىتاينىڭ مەقسىتى ئېنىق: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن ئىناق، ئىتتىپاق، لېكىن چەتئەل كۈچلىرى، چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى» دېگەنـدەك، قېلىپلاشـتۇرۇۋالغان، بىـر يۈرۈش تۆھمەتلىرىنى بازارغا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تېرروزچىلىقىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋە خىتاي خەلقىنىڭ جىنايەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۆز جىنايىتىنى يۆكلەيدىغان، قۇربانلىق ئىزدەش خاراكتېرى. دېگەنـدەك نومۇسسىز، پەسەندە خىتايلار رابىيە قادىـر خانىمنى جاۋابكارلىققا تارتتـى. ئۇنىـڭ شاۋگۇەن ئىرقى قىرغىنچىلىقىغا قارشى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا قارىتا چىقارغان نامايىش چاقىرىقىنى، قۇرۇلتاينىڭ تېلېفون يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزلىرىنى، قۇرۇلتاي ئىشخانىسىدا سىنگە ئېلىنغان يىغىن كۆرۈنۈشلىرىنى كېسىپ ئۇلاپ، ئۇنىـڭ ئۈرۈمچىدە نـازارەت ئاستىدىكى ئىنىسىنى، تۇرمىدىكى ئوغۇللىرىنى گۇۋاھلىق بەرگۈزۈپ، 5. ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ قوزغاتقۇچىسى، كۈشكۈرتكۈچىسى رابىيە قادىر - دەپ، ئىسپات تەييارلىدى ۋە ئۇنى تېررورچىلىق بىلەن ئەيىبلەپ، خەلقئاراغا ئەرز سۇندى. رابىيە قادىر خانىم قانۇنى يوللار بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ، خىتايغا رەددىيە بەردى. بەزى خىتاي سىياسى ئوبزورچىلىرى، غەيرى رەسمى ھالدا: ئەركىن سىدىق ئالدىنقى يىللىرى، ئۈرۈمچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردە لېكسىيە سۆزلەپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان - دەپ، ماقالا ئېلان قىلدى. ئەركىن سىدىق ئەپەندى خىتاي ئوبزورچىلىرىنىڭ تۆھمەتلىرىگە جاۋاب بەردى. خىتاي دۆلىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، جاۋابكارنىڭ كىم بولىشى مۇھىم ئەمەس، پەقەت «چەتئەلدىكى ئۇيغۇر، مىللى بۆلگۈنچىگە يۈكلىنىشى، دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار ھېچ بىر زامان خىتاي دۆلىتىگە

قارشى ئەمەسلىكى» ئىسپاتلانسىلا بولاتتى. شۇنداق كەسكىن ئاخبارات جېڭى بولۇۋاتقاندا، «ۋەتىنىم ئۇرگ» ناملىق توربەتتە «م. ئازات كىمۇ؟» دېگەن بىر يازما ئېلان قىلىندى. بىر يازمىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، ھېلىقى بېجىندىكى، ياكى ئۈرۈمچىدىكى ھەققى ئاپتونومىيىچى، ئادالەتپەرۋەر كوممۇنىست كادىر م. ئازات، ئىستانبۇلدىكى مۇستەقىلچى،97. يىلى قوراللىق ھەرىكەت قوزغاپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ۋەتەندىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان قۇرماقچى بولغان، 2006. يىلى ئۆكتەبىردە رابىيە خانىمدىن يۈز مىڭ دوللار ئېلىپ ئۈرۈمچىدە، سانجىدا، شىخەنزىدە پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ۋەتەننى ئازات قىلماقچى بولغان، ھېلىقى بايراقدار ئىنقىلابچى رەھبەر شۆكەن. ئۇنىڭ م. ئازات بولۇپ قېلىشى بىر ئېھتىماللىق بولسا، خىتاينىڭ جىنايىتىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى، يەنە بىر چوڭ ئېھتىماللىق ئىدى. ئەمما مەتىمىن ھەززەتتەك، ئىنقىلاپچىلار تەرىپىدىن قارا قالپاق كىيىۋالغان، (خائىن، جاسۇس، قاتىل، ساتقۇن) خىتاي تەرىپىدىن قىزىل قالپاق كىيىۋالغان («تېررورىست») كىشىنىڭ، بۇنداق سەزگۈر پەيتتە، بۇنداق نازۇك مەسىلىنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ نامىدا باشقا بىرى بۇنداق نەرسىنى ئېلان قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. سېپسېپ ھالى قالمىغان ئادەمنى يەنە سېپسىتىش، بىر ئەخمەقلىق -دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تور باشقۇرغۇچىنىڭ ئىزاھاتىمۇ، بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايتتى - «مەنمۇ ھەيران قالدىم، ئۇستازنىڭ ئويلىغىنى باردۇر. مېنىڭچە ھازىر ۋاقتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى.» دېگەندەك. يەنە بىرمۇنچە سالپا - سايىق گۇپپاڭچىلارمۇ ئالقىشلىغان ئىكەن: «ياشاپ كېتىڭ ئۇستاز. ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ يېتۈك زات سىز!»، «ئاپىرىن ئۇستاز، سىزنىڭ ھامان بىر كۈنى بۇ دەۋانى ئۆز قولىڭىزغا ئالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتۇق! ئۈمىدىمىزنى ئاقلىدىڭىز.»، «ھەقىقى رەھبەر دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ؛ ۋەتەن ئىچى - سىرتىدا نوپۇزغا ئىگە، ھەقىقى سالاھىيەتلىك رەھبەر.» گۇپپاڭچىلىرىنىڭ كىملەر بولىشى، نېمىلەرنى دېيىشى بىر تىيىن. ئەمما خىتاينىڭ جىنايىتىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستىگە ئالغانلىقى ۋە خىتاينىڭ «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن ئىناق، ئىتتىپاق، لېكىن چەتئەل كۈچلىرى، چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى» دېگەن، تۆھمەتلىك دەۋاسىنى تەستىقلاپ، پاكىت، ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ م. ئازات ئىكەنلىكى چوڭ گەپ ئەمەسقۇ، خىتايمۇ بەك رەنجىپ كەتمەيتتى. چۈنكى م. ئازاتنىڭ يازمىلىرىدىكى خاراكتېرىدىن، پەقەت خىتاينىڭ ئاپتونومىيىلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن شەكىلدە، ئۇيغۇرلارغا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر كوممۇنىست كادىرلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى كۈشكۈرتتى - دېگەندىمۇ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تۇپراق پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان، جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق نورمىسى» تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى يازىدىغان بولغاچقا، ئۇنداق نەرسىنى يازغان كىشىنىڭ، مەتىمىن ھەزرەتكە ئايلىنىپ

قىلىشىمۇ، چوڭ مەسىلە ئەمەس خىتاينىڭ نەزىرىدە. بىراق ئۇنىڭ پەلپەتىش ئىقرارنامىسىدە مۇنداق مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى: «مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ۋەتەندىكى نۇرغۇن تورلاردا، ھەر خىل تەخەللۇستا پىكىر يېزىپ كېلىۋاتىمەن: ماقالە، ئەسەرلىرىمنى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ھەم قولدىن قولغا تارقىتىدۇ؛»، «ۋەتەندىكى ۋە بېجىڭدىكى ئالى مەكتەپلەردە خىزمەت قىلىدىغان، نۇرغۇن زىيالىيلار بىلەن پىكىر بىرلىكىدە، كۆپ خىزمەتلەرنى بىرگە قىلىپ كەلدۇق.»، «ۋەتەندىكى يۈزلىگەن زىيالىيلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تېرەپ، ئۇزۇن يىللاپ جاپالىق ئەمگەك قىلدۇق: ئۇنىڭ مېۋىسى كۆرۈلۈشكە باشلىدى؛ ھازىر ئۇلارنىڭ تولىسى كوممۇنىست خىتاينىڭ زىندانلىرىدا ئازاپلىنىۋاتىدۇ؛ شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلىدى. ...»، «مەن پۈتۈن ۋەتەندىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنداق چاقىرىق قىلىمەن: شاۋگۇئان قىرغىنچىلىقىنىڭ قاتىللىرىنى جازالاپ بەرسۇن دەپ ھەق تەلەپ قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغانتى؛ رەھىمسىز كوممۇنىستلار ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، قىرغىن قىلدى؛ ئەمدى 5. ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنىڭ بىر ئايلىق مۇناسىۋىتى بىلەن، شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋە كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇڭگۇ پۇقراسىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، سىناپ كۆرىدىغان ۋاقىت كەلدى...»

بۇ ئادەمنىڭ يازمىلىرىنى، ئىقرار نامىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. خائىن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ جاسۇس مۇشۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولامدىغانـدۇ؟ سـاتقۇن، مۇناپىـق مۇشـۇنداق بولامدىغانـدۇ؟ شـۆھرەت پـەرەس، نـام ئاتـاق پـەرەس مۇشـۇنداق بولامدىغانـدۇ؟ مەنسـەپ پـەرەس خۇمسـى مۇشـۇنداق بولامدىغانـدۇ؟ ياكـى دۆت كالـۋا، پەلىپەتـىش، دەلـتـە مۇشـۇنداق بولامدىغانـدۇ؟ خىتـاي ۋەتىنىمىـزدە ئـۆزى ئىجرا قىلغـان، ھەرقانـداق بىـر جىنايەتىنـىڭ جاۋابكارلىرىنـى چەتئەلدىـن ئىزدەيدۇ. بۇنـىڭ ئىزاھاتـى مۇنـداق: «كوممۇنىسـتىك پارتىيـە رەھبەرلىكىدىكـى، جۇڭگـو ھۆكۈمىتـى شـۇنچىلىك ئادىـل؛ ھەممىگـە بـاراۋەر مۇئامىلـە قىلىـدۇ؛ شـىنجاڭدىكى ھـەر مىللـەت خەلقـى ئەركىـن، ئىنـاق، ئىتتىپـاق ياخشـى تۇرمـۇش كەچۈرمەكتـە؛ لېكىـن چەتئـەل كۈچلىـرى، چەتئەلدىكـى مىللـى بۆلگۈنچىلـەر سـىڭىپ كىرىـپ، ئىرادىسـى ئاجىـز، ياخشـى تەربىيە كۆرمىگـەن بىـر تۈركـۈم خەلق ئاممىسـىنى، ياشـلارنى قايمۇقتـۇرۇپ، قۇتراتقۇلـۇق قىلىـدۇ...» ـ دېگەنـدەك، سىياسـى نەيرەڭلىرىنـىڭ توغـرا ئىكەنلىكىگـە، يىللاردىـن بېـرى يۈزىگە پايپاق كىيىۋالدىغان، ساختا غازاتچىلارمۇ، مۇشۇنىڭدەك پاكىـت تەييـارلاپ بېرىـپ كەلمەكتـە ئىـدى. مانـا ئەمـدى «5. ئىيـۇل قىرغىنچىلىقىغا ئوتىنى مەن ياققان، يۈزلىگـەن زىيالىيلارنى مەن يېتەكلىگـەن، ئـۇلار ئىقرار قىلمىسا بوپتـۇ، ئاۋارە بولماڭلار. مانـا مەن ئۈسـتۈمگە ئالىمـەن! تىنچلىقنى بۇزىدىغانـلار چەتئەلدە.»

ـ دەۋاتاتتـى ـ مەمتىمـىن ھـەزرەت. مـەن ئىنـكاس يېزىـش ئۈچـۈن، لەنىتـى «ۋەتىنىـم ئـورگ» تورىغا تىزىملىتىپ ساقلىدىم. چۈنكـى ئـۇ تورغـا تىزىملىتىـپ، ئـەزا بولغاندىـن كېيىنلا بىـر نەرسـە يوللىغىلـى بولاتتـى. لېكىن تور باشـقۇرغۇچىلار رەت قىلدى. ئامېرىـكان ئـورگ تورىغـا قىسـقىچە ئىنـكاس يازسـام، تەخىـر قىلماي ئۆچۈرىۋەتتـى. «شـەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى»

نىڭ، ئورگان تورى «ئازاتلىق» قا يوللىدىم. گەرچە بۇ تورنى تەشكىللىسىز بىر گۇرۇپ كىشىلەر قۇرغان بولساقمۇ، كۆپىنچە رابىيە خانىمنىڭ پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، باشقىلارغا تەنقىد يېزىش ياخشى تەسىر بەرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ چارىسىزلىقتىن، ئۇ تورغا يوللىغان يازمام ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆچۈرۈلۈپتۇ. تور باشقۇرغۇچىدىن سورىسام، رابىيە خانىم تېلېفون قىلىپ، ئۆچۈرتىۋېتىپتۇ. قاتتىق تېرىكىپ: «بۇ قانداق گەپ؟ مېنىڭ يازغانلىرىمدا، رابىيە خانىمغا قارىتىلغان بىرەر ئېغىز گەپ بولمىسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز رابىيە خانىمنىڭ شەخسىي تەشۋىقاتچىسى بولمىساق. خانىم مىللەت ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتىدۇ، بەدەل تۆلەۋاتىدۇ - دەپ، قەلەم بىلەن بولسىمۇ مەدەت بېرەيلى دېسەك، مانا ئەمدى مەن باشقۇرىمەن دېسە، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. يازمامنى قايتا چاپلاپ قويۇڭ» - دېدىم. يازمام قايتا چاپلىنىپ يېرىم سائەت ئۆتمەي قول تېلېفونۇم چېلىپ كەتتى. ئاچسام رابىيە خانىمنىڭ ئاۋازى. ئىممم دېدىم ۋە گېرمانچە گەپ قىلىپ تۇرۇۋالسام: ۋاي جانەي، خاتا نومۇركەن بۇ دەپ، تېلېفون ئۈزۈلدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە شۇ ناتونۇشتىن چېلىنغان تېلېفون. زادىلا ئالمىدىم. ھەتتا تېلېفوننىڭ مۇزىكىسىنى بېسىۋەتسەممۇ بولاتتى، ئەمما جىددىيچىلىكتە، ياتاق ئۆيدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، ئىشىكنى مەھكەم يېپىۋېتىپ، بالكونغا چىقىۋاپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، ياستۇقنىڭ ئاستىدىن تېلېفوننى ئالسام، تۈركىيەدىن، مىيونخىندىن مەن ھۆرمەت قىلىدىغان بىر قانچە كىشىمۇ تېلېفون قىلغان ئىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى ئابدۇل

ھەكىمخان مەخسۇمنىڭ نومۇرىنىمۇ ئارىلاپ ئىككى قېتىم چالغان ئىكەن. مەن ھەممىدىن ئاۋۋال مەخسۇمغا تېلېفون قايتۇردۇم. تاشنىمۇ ئېرىتتىۋەتكىدەك، مۇلايىم سۆزلىرى بىلەن مېنى قايىل قىلىپ، يازمىنى توردىن ئۆچۈرتىشىمنى ئىلتىماس قىلدى (مەرھۇم). لېكىن مەنمۇ يۇمشاق سۆزنى كۆرگەندە تېخىمۇ يۇمشاپ، قارشى تەرەپكە بوشلۇق قويمايدىغان ئادىتىم باتتى. ئاخىرى مەخسۇم ئاغىنەم گەپنىڭ راستىنى دېيىشكە مەجبۇرلىنىپ: «سىلە مەتتىمىن ھەزرەتنى تەنقىتلىگەندىن بىرى، مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە يېقىنلىرى، رابىيە خانىمغا بەك ئېغىر ئاھانەت قىلىپتۇ؛ خانىم مەتتىمىن ھەزرەتكە تېلېفون قىلىپ، نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئۇ كىشى - سەن ئابدۇرەھىمنى كۈشكۈرتۈپ، تورلاردا يۈزۈمنى تۆككۈزدۈڭ، شۇنىڭ جاۋابىنى كۆرىۋاتىسەن دەپتۇ؛ ئەگەر خانىمنى ئايىسىلا، مەتتىمىن ھەزرەتكە قارىتا بىر نەرسە يازمىغان بولسىلا، ھەممىدىن مەن بەك خۇرسەن بولاتتىم» - دېدى، ئۇ شۇنچىلىك مۇلايىم بىر ئاھاڭدا. مەخسۇمغا بەرگەن سۆزۈم بويىچە، توردىكى يازمىنى دەرھال ئۆچۈرتىۋەتتىم. ئەمما دۇنيا ماڭا تار كەلگەندەك، ئاسمان بېشىمغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، بىر مۇدھىشنىڭ ئاستىدا يانچىلىۋاتاتتىم. مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ مەزكۇر قىلمىشى، خىتايچە ئىنتىقام ئىدى. خىتايچە گۆرۈگە ئېلىش، يېقىنلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ رەقىبىنى يىگىشتىن ئىبارەت، خىتايچە پەسكەشلىك ئىدى. شۇ كۈنلەرگىچە ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ھەر قانداق ھەرىكەتلەرنى، يۈزىگە پايپاق كىيىۋالغان مەلئۇن «غازاتچىلار» نامىدا «بۇ

ئىشنى چەتئەلدىكىلەر قىلدى» - دېگەن پاكىت بىلەن، خەلقئارادا خىتاينى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ كەلگەن بولسا، مانا ئەمدى سابىق «ئازاتچىلار» نىڭ ئەمرى مەتىمىن ھەزرەت، يۈزىدىكى پايپاقنى سېلىۋېتىپ، نەق مەيداندا خىتاينىڭ پۇتىغا پەلەمپەي بولماقتا ئىدى. مەن كۆپ ئويلاندىم. ھەر قانچە تەنقىد قىلسامۇ، تىللىسامۇ، ھەتتا ئاغزى - بۇرنىنى ئىت يالىغۇدەك قان قىلىۋەتسەممۇ، ئىش ئەكسىگە قايتمايتتى. ئۇ خىتاينى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ بولغان ئىدى. شۇڭا پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، بىر قانچە ماتېرىياللارنى توپلىدىم. قاتتىق ئويلاندىم. پىكرىمنى پۇشۇرۇپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئازاتلىق تورىدا «خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؟» ماۋزۇسى ئاستىدا، 25 پارچىگە بۆلۈپ، ئۇدۇللۇق ئېلان قىلدىم. يازارمەننى «ئازاتچىلار» مۇ، «غازاتچىلار» مۇ ئىزدەپ، جان تالىشىپ قالماقتا ئىدى. تورغا چۈشكەن ئىنكاسلارنى تور باشقۇرغۇچىلار تاللاپ تەستىقلايتتى. بۇ تېمىنى مېنىڭ يېزىۋاتقانلىقىمنى تور باشقۇرغۇچىلارمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى مەن تورغا يوللىغاندا «ئاي پى» ئادرېسىمنى ئۆزگەرتىپ كىرەتتىم. كېيىن ئۇ تېمىنى كىچىك بىر كىتاب قىلىپ، ئۆز ئىسمىم بىلەن نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن «غازاتچىلار» قوشۇنى نامىدىن، نامەلۇم كىشىلەر تېلېفون ئارقىلىق ئېغىر تەھدىت سالاتتى. ئۇلارغا كىتاپنى تەپسىلى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلاتتىم. چۈشىنەلمىگەن جايلىرىغا قارىتا، يەنە نا مەلۇم تېلېفون ئارقىلىق ئىزاھات تەلەپ قىلىشاتتى. ئۇنداقلارغا قانائەتلەنگۈدەك چۈشەنچە بېرەتتىم. ئەمما سابىق «ئازاچىلار» قوشۇنىدىن، مەتىمىن ھەزرەتنىڭ بىر قانچە سادىق

كۈچۈكلىرى پاچىقىمنى غاجىلاپ ئارام بەرمىدى. ئېكران ئارقىلىق، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ زىيارىتى ئارقىلىق سۆزلەپ، چۈشەنچە بېرىپ باقتىم. لېكىن ئۇلارنىڭ غاجىلىغىنى غاجىلىغان. شۇ كىتاب مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا ئەسكىلىك قىلىشنى قاملاشتۇرۇپ بولالماي، ياكى مېنى پارچىلاپ كۆمۈۋېتىشىنىڭ تېخى ئەپلىك چارىسى يوق، ئاخىرى ميونخېن شەھىرىدىكى بىر ئۆم جامائەتنى پارچىلاشقا، دۈشمەنلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، مەن ھەممە تەرەپتىن سوغۇرۇلۇپ، ئۆزۈم يالغۇز چىقىپ كەتتىم. نامايىشقىمۇ، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈن ئىشقىلىپ، كۆپچىلىك توپلاشقان يەردىن تامامەن يىراق تۇرۇشنى تاللىدىم. ھەتتا ئۆزۈم مەسئۇل بولۇپ ئاچقان «گېرمانىيە ئۇيغۇر مەكتىپى» گىمۇ بارمىدىم. ھەپتىدە شەنبە، يەكشەنبە تەڭ - تۇشلىرى بىلەن بىرگە ئوقۇپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىپ، بىرگە ئويناپ، ئۇيغۇرچىلىق ۋە سەبىيلىك شاتلىقىدىن بەھرىمەن بولىۋاتقان، بەش ياشتىكى كىچىك قىزىمنىمۇ ئەۋەتمىدىم. شۇنچىلىك قول ئۈزۈپ، مەن بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا يوق - دېدىم. شۇنىڭغىمۇ رازى بولماي، قۇرۇلتاينىڭ ئىشخانىسىدا، قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە يىغىنلىرىدا: بۇنى ياشاتمايمىز؛ بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋادىن نەپەس ئالدۇرمايمىز؛ كۆپچىلىك بار يەرگە كەلتۈرمەيمىز؛ تويغا، نەزىرگە چاقىرغۇزمايمىز؛ ئۆلۈمگە بارمايمىز؛ بالىلىرىنىڭ تويىغا بارمايمىز، ھېچكىمنى بارغۇزمايمىز؛ يېتىم قالدۇرىمىز؛ ... سان - ساناقسىز چەكلىمە، شوئار توۋلاپ، قۇرۇلتايدا قارار ئېلىپ، شۇنچىلىك رەزىللىكلەرنى قىلىشتى. بۇ مەلئۇن ئىتلارنىڭ غاجىلاشلىرى ئىشتىنىمنىڭ پۇچقاقلىرىنى تىتىپ

تاشلىسىمۇ، پاچىقىمغا چىشى ئۆتمەيتتى، جىسمىمنى زىپىدە قىلالمايتتى. مەن يالغۇز تۇغۇلغاندەك، يەنە يالغۇز ياشاپ، ئاخىرى يالغۇز ئۆلەيتتىم. بىراق ئۇلار تىنىم تاپماي غالجىرلىشىپ، 2012. يىلى 8. ئاۋغۇستتىن باشلاپ، بىر قانچە نەپەر ئۇنتايىن قارا قوساق ئادەملەرنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، كىشىلەرنى ماڭا ۋە يەنە ئۈچ كىشىگە قارشى ئىمزا توپلاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىشتى. بۇ ئىشقا قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى قارا كۇغۇلۇقىغا مەڭگۈلۈك سۇقۇنغان، سىرلىق كىشىلەرمۇ ھەمكارلىشىپ، بىر چوڭ ماجىراغا مەيدان تەييارلاشتى. مەن يىللاپ ئىھتىيات قىلغان، شۇنداق بولماسلىقى ئۈچۈن ئۆزەمنى تولۇق ئەلدىن ئايرىپ، يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن، ئالدىنى ئالماقچى بولغان قاباھەت، ئاخىرى يۈز بەردى. قۇرۇلتاينىڭ سىپىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا ئىچىتىلغان سىپىمچىلىق ئايىنىپ، قۇرۇلتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەل قىلىشىغا بىرىپ تاقالدى. يەنى 2012. يىلى 29. سىنتەبىردە، قۇرۇلتاينىڭ ئىشخانىسىدا، رابىيە قادىر خانىم باشچىلىق، قۇرۇلتاينىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا، «ئۇر توقماق» ئويۇننى ئوينىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا، ئادەم زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتى بويىچە، ئىككى يىلدىن ئارتۇق، جىنايى ئىشلار سوتى ئېچىلدى. گېرمانىيە ئىجتىمائىي جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەدلىيىسى ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزى تۆكۈلدى. ھاراق سورۇنلىرىدىمۇ، دىنى سورۇنلاردىمۇ ئۇ موللا، بۇ ھاراقكەش - دەپ، ئايرىماي بىر ئۆم ئۆتىۋاتقان، بۇ «قومباسقان شەھەر» نىڭ بىغەم، پاڭقۇش جامائەتلىرىنى: سەن بار يەردە مەن يوق - دەيدىغان ھالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈشتى. ئىشلار شۇنچىلىك ئايدىڭكى، دەۋاننىڭ بايرىقىنى ئەڭ ئىگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، دەۋاننىڭ يولىغا ئورا كولاۋاتقانلار، جامائەتنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ، جامائەتچىلىككە گۆر قېزىۋاتقانلار، خۇددى ئاق قاشقىلىق قارا ئاتتەك، ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بىراق...

گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك «خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؟» ناملىق كىتاپتا، نە «ئازاتچىلار» قوشۇنى، نە «غازاتچىلار» قوشۇنى تۆھمەتكە ئۇچرىمىغان، گۇمانغا تاشلانمىغان ئىدى. ئەمما ھەر ئىككىلا ئېقىمنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ، مەيلى غازاتچىلىقتا، مەيلى ئازاتچىلىقتا، نە كەسپى جەھەتتىن، نە سىياسى قابىلىيەت جەھەتتىن يېتەكچى بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆگەنگەن، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا، ئۇنداق پاجىئەلەرنىڭ، زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇ زىيانلىق تارىختىن ئىبرەت ئالماي، تەلۋىلەرچە شۇنداق ھەرىكەتنى تەشكىللىسە، يەنە شۇنداق نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى؛ ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىش لازىملىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدىم. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، شۇنچىلىك ئېغىر ماجىرالار كېلىپ چىقتى. خۇددى بەزىلەر گۇمان قىلىشتىن زادىلا ۋاز كەچمىگەندەك، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا باشقىمۇ بىر ئويۇنلار بارمۇ؟ خىتاينىڭ جازالاش پىسخىكىسىدا، ئالدى بىلەن جازالانغۇچىغا بىر توقۇناق بانايى سەۋەپنى يۈكلەيدۇ. ئەگەر جازالانغۇچى ھېچ نەرسە قىلغىلى ئۇنىمىسا، شۇنىڭ ئۆزىنى جازالاشنىڭ سەۋەبى قىلىپ: ھېچنېمە قىلمىدىڭ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەن چوڭ بىر شۇملۇقنى پىلان قىلىۋاتىسەن، شۇڭا سېنىڭ

يامان نىيىتىنىڭ ئۇچۇن جازايىغىنى تارتىشنىڭ كېرەك - دەپ بولسىمۇ جاۋاپكارلىققا تارتىدۇ. دېمەك بۇلار ئەزەلدىنلا خىتايچە پىسخىكا، خىتايچە مائارىپ، خىتايچە قىنغۇرلۇق بىلەن يېتىلدۇرۇلگەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزلىكىدىن مۇشۇنداق بىر ناچار ۋەزىيەت شەكىللەندۇرۇپ تۇرامدۇ؟ ياكى ئۇيغۇرلارنى سىياسى جەھەتتىن تارمار قىلىشقا، تەشكىلى جەھەتتىن پارچىلاپ تاشلاشقا، ئىجتىمائىي جەھەتتىن تېرىقتەك چېچىۋېتىشكە ۋەزىپىلەنگەن، بايراقدار كىشىلەرمۇ؟ بۇ ھەقتە ئارتۇق ئويلانمىدىم. لېكىن تەكرارلاپ كېلىۋاتقىنىم شۇكى: ئەگەر قاملاشمايۋاتقان ئىشلىرىمىزنى ؛ ئازات بولمايۋاتقان ۋەتىنىمىزنى؛ پەقەت پېشانىمىزنىڭ شۇملۇقىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ناكەسلىكىمىزدىن، لاياقەتسىزلىكىمىزدىنلا كۆرگىنىمىزدە، يەنى بىزنىڭ خىتايغا قارشى تۇرىدىغان ئىش ھەرىكەتلىرىمىزگە، خىتاي يوشۇرۇن قول تىقماي، نوچى بولساڭ قولۇڭدىن بىرسى كەلسە، ئۇننى قىلە ! - دەپ، پەرۋايى پەلەك سۇكۇتتە تۇرغان بولسا، خىتايلار ۋەتىنىمىزدە نېمە قىلاتتى ئاللىبۇرۇن يوقالماي؟ تازا ئېغىر گۇمان قىلىپ، بولۇپ ئۆتىۋاتقان سىياسى، تەشكىلى ئىشلارغا نەزەر سالسام، بەزىدە مۇشۇ «دەۋا» يولىدىكى ھەر بىر تاشنىڭ ئاستىدىن، بىر نەچچە خىتاينىڭ ئۆمۈلەپ چىقىۋاتقىنى كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ «كىلىنىڭ بېشەم بولسا ئوغلۇڭدىن كۆر» دېگەنىدەك، بايراقدارلارنىڭ ئارقا ئىشىكلىرىدە شورا بولمىسا، خىتاي قانداق كىرەلەيتتى - دېگەن يەكۈننى ئالغا سۈرىمەن. ئادەملەردە ئۆزى كۆتۈرىۋالغان بايراققا ساداقەتمەنلىك بولغان چېغىدا، نېمىنىڭ جاننى بەرگۈچىلىك قىممىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتكۇدەك ئەقىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدراك بولسا كىمگە، قاچان نېمە دېيىشنى بىلگۈدەك سەۋىيە بولسا، خىتاينىڭ قانچە بېشى بولسۇن، بۇ مىللەتنى بوزەك قىلىشقا؟

مەن شۇ كىتاپنى يازغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاپ ماجىراغا كىرىپ قالدىم. نۇرغۇنلىغان، زەنجىرسىمان پاراكەندىچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە، شۇ كىتاپقا مۇناسىۋەتلىك بىر خاپىچىلىق چىقىدۇ. ئاردىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن «سەھنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىنقىلاب»، «ئۇيغۇرلار سىياسەت بىلەمدۇ» ناملىق ئىككى كىتاپنى پۈتتۈرۈپ چىقتىم. ئۇ كىتابلاردىمۇ، نۇرغۇن ۋەقەلەر غۇۋا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مۇشۇ جەرياندا كۆپ ئىزدەندىم. ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تاپماسلىقىدا، ياكى تۈيۈقسىز بۇزۇلۇپ، خانە ۋەيران، تىرە پىرەن بولۇپ كېتىشىدە، ئىككى خىل ئامىل مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى: مەيلى ئازاتچىلار، مەيلى غازاتچىلار، مەيلى مۆتىدىل دەۋاچىلار بولسۇن، بىر يەرلىرىدىن خىتاي تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا: «كاج بىلەن جاھىل» دەك، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەيدىغان كالۋا، دۆت، لاياقەتسىزلىكدۇر. كېيىنكىسى ئالدىنقىسى ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن هازىلاپ بەرگەچكە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىز ھەم ئۆز ئىچىدىن، ھەم تاشقىرىدىن روناق تاپقۇزۇلماسلىققا مەھكۇم بولۇپ كەلگەن. ئەگەر تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىمىزنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلساق، جەزمەنكى بۇ ھەرىكەتكە رودىپايدەك چاپلىشىۋېلىپ، مىللەتنىڭ قېنىنى شورايدىغان پارازىتلارنى تازىلاشقا مەجبۇر بولىمىز. ئەگەر ئۇلارنى

ھەرىكەتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئامال بولمىسا، ئۇلاردىن خالى يۇپ يېڭى، پاكىز بىر قوشۇن تۇرغۇزۇش لازىم. قىسقىسى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىمىز، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىگە قۇربان قىلىۋېتىدىغان، «كاج بىلەن جاھىل» لاردىن قۇتۇلمىغۇچە، ۋەتىنىمىز دۈشمەنىنىڭ ئاياق ئاستىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

2018 .11 .23

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

# چەتئەلدىكى رېئاللىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرى

«رېئاللىق ـ ئاچچىقتۇر. ئۇنىڭ ئەكسى رەھىمسىزدۇر. ئەگەر رېئاللىقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ، ئۇنىڭ ئەكسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىسەن»

(«چۈشكۈن زامانلار» خاتىرەمدىن)

يۇرتىنى كېلىۋاتقان، بىرەر توسقۇنلۇقنى تۇيۇپ ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەي، سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىغان ۋە سەكرەش جەريانىدا تېيىلىپ ئوڭدا چۈشىدىغان كىشىگە قارىتا «ناماز شامدىن قېچىپ، خۇپتەنگە تۇتۇلۇپتۇ» ـ دەيدىغان بىر ئوخشىتىشمۇ بار. بىز خىتايلارنىڭ تولۇق ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ قالغان 50. يىللىرىدىن باشلاپ قاتتىق باشقۇرۇلۇپ، ھېچنەرسىمىزگە ئىگە بولالماي، ئويلىغانلىرىمىز ئورناققا كەلمەي، ھېچنەرسىنى ئۆزىمىز پىلان قىلالماي، بارلىقىمىزنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە، كۈنلەرنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشىگە تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر مىللەت بولغاچقا، كىشىلىك تۇرمۇشلىرىمىزدىمۇ «كەلگۈسى» گە قارىتا تەييارلىقسىز

ھالەتتە، بىغەم تۇرغىنىمىز تۇرغان. ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىۋى
ئىشلىرىمىزنى بەش يىللىق، ئون يىللىق ئالدىن كۆرەلمەي،
ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلماي، ئالدىن پىلان - تەدبىر تۈزمەي
يەنىلا ۋاقىتنىڭ كېلىشىگە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە تاپشۇرۇپ:
ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ ئىشنىڭ كېيىنلىكى قانداق
بولۇپ كېتەر؟ - دېگەندەك، بىر شۈركىنىشكە، قورقۇنچلۇق
تەسەۋۋۇرغا كىرىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ «قانداق قىلىمىز،
بولا بىر گەپ» دەيمىز - دە، ئەينى ۋاقىتتا بىز تەسەۋۋۇر
قىلىشتىن، شۈركىنىشتىن قورققان رېئاللىق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بالايى - ئاپەت بولۇپ ئالدىمىزغا
چىقىدۇ. نەدىن تاپقان گەپكىن، قايسى دانا، قايسى پەيلاسوپ
دېگەن گەپكىن: «ۋاقىت ھەممىنى كۆرسىتىدۇ؛ ۋاقىت ھەممىنى
ئىسپاتلايدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە ئايدىڭلىشىدۇ»
- دېگەن سەپسەتىنى. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە، كىشىلەر
شۇنداق دەۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىڭىز ئىسپاتلىيالمىغان
نەرسىنى، ۋاقىت ھەرگىز ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشى دېمەك، قىممەتلەر قىممىتىنى يوقاتتى - دېمەكتۇر.
ئاچچىق بىر رېئال دۇنياغا كەينىنى قىلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ
كۆرمەسكە سالغان ۋە ئۇنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى بىلەن ئۆتۈپ
كېتىشىنى كۈتكەن كىشى، ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرالمىغۇدەك بىر
قاراڭغۇ بوشلۇققا، قېچىپ قۇتۇلغۇسىز بىر شەپقەتسىز ئاقىۋەتكە
دۇچ كېلىدۇ. كىچىك بالىلار بىر نەرسىدىن قورقسا، كۆزىنى
ئالقانداپ مەھكەم ئېتىۋالىدۇ. ياكى بېشىنى پۈركىۋالىدۇ. بۇ
كىچىك بالىنىڭ ئۆزىنى قورقۇتۇۋاتقان ۋەھشى نەرسىدىن،
ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىدۇر. بالىلىقتىكى سەبى ھېسسىياتى

بىلەن چوڭ بولۇپ، شۇنداق ياشاپ، شۇ خاراكتېر بىلەن جەمئىيەتكە قېتىلىدىغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئادەملەر توپى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتچىلىك نېمە بولماقچى؟

ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن، ھەرخىل مەقسەتتە ۋەتىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ۋە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن، چىرىقىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن بىرلىرى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقاندەك، ئۇدۇللۇق چەتئەلگە سىرغىپ چىقىپ، توپلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى تەڭشەپ بولغىچە، تەن سوۋۇشقا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. مەيلى قانداق ئەلگە ئورۇنلاشسۇن، مەيلى توپلۇشۇپ، بىر ئۆم ئۆتۈش شارائىتىغا ئىگە بولالىسۇن، مەيلى تارقاق ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلانسۇن، بىرىنچى ئەۋلادلار ئائىلە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، نوپۇسلىرىنى ھەل قىلىش، باللارنىڭ ئوقۇش، كەسىپ ئۆگىنىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆيلەش، ياتلىق قىلىشقا باش قاتۇرۇشلار بىلەن بەند بولۇپ، جاھاندا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىغا نەزەر سالغۇدەك ئارامى بولمايدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندە پۈتكەن قۇرۇلمىسى ئۆزگە مەنسۇپ بولمىغىنىدەك، يەنى ئۆز ئىختىيارلىقىدا، ئۆزىنىڭ پىلان، پروگراممىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى دۈشمەنىنىڭ زۇلۇم ئىجرائاتىنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ۋەتەن سىرتىغا چىقىپ نۆلدىن باشلىغان قۇرۇلمىسىمۇ، يەنىلا ئۆزگە مەنسۇپ بولمىغان، باشقا يات خەلقلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈزۈپ قويغان سىستېمىغا ئۇيغۇنلىشىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەتۈر قۇيۇندا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي، گاھ ئۇڭ، گاھ تەتۈر پىرقىراپ يۈرگەن ئەخلەت

پارچىسىدەك ئۇچۇپ كەتكىنى كەتكەن. بۇ، ۋەتەن سىرتىغا چىققان ۋە چىقىدىغان بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ۋە نەتىجىسى. ئۆز تەقدىرىنىڭ ۋە نەتىجىسىنىڭ شۇنداق كۆڭۈلسىز بولىدىغانلىقىنى ھەر قانداق خىيال پەرەس ئۇيغۇرمۇ بىلىدۇ. لېكىن بۇنداق بىر نەتىجىسىزلىكنى ئىككىنچى ئەۋلادقا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكنى ئويلىمايدۇ. بەلكى باللاردىن چوڭ ئۈمۈت كۈتىدۇ. ئۆز بېشىغا كەلگەن رېئاللىقنى نورغۇنلىغان پېشكەللىكتىن كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خىيالىچە «ئەۋلادلار ئۇنداق بىر قىيىنچىلىقلارنى كۆرمەيدىغان بولغاچقا»، «نەتىجىلىك بولۇپ كېتىدۇ» - دەپ، تاما قىلىشىدۇ. لېكىن باللاردا يۈز بېرىدىغان فىزولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئويلىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئويلىمايدۇ. بەلكى: مەن قىلالمىغان ئىشلارنى باللىرىم قىلىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئېشىپ، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدىغان، نەتىجىلىك كىشىلەردىن بولۇپ كېتىدۇ - دەپ، ئۈمۈت قىلىشىدۇ. بىراق باللار چوڭ بولغاندا: ئاسماندا ئۇچاي دېسە قانىتى يوق، يەرگە دەسسەي دېسە تاپىنى يوق، ئۆيگە كىرسە ئاتا - ئانىسى يات كۆرۈنىۋاتقان، تالاغا چىقسا ئۆزى ياتلىنىۋاتقان، تۇرمۇشى ھاللمۇ ئەمەس، ھارامىمۇ ئەمەس، ئۆزى «يوقلۇقنىڭ بوشلۇقىدا لەيلەپ قالغان تەنسىز روھ» تەك، تېخىمۇ چۈشكۈن، ئۆز ھاياتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ بىلەلمەيدىغان، بىر غېرىبانە ئەۋلادلارنىڭ ئىز بېسىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت، ئاچچىق رېئاللىقنى ئالدىن ئويلاشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ. بۇ ھەقتە كۆرگەن، بىلگەنلىرىمدىن بىر قانچە ھادىسىنى مىسال تەرىقىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

1. بىز بىر توپ ياشلار، غەيرى رەسمى ياكى قانۇنسىز يوللار بىلەن 94. يىلى ئاتالمىش «چەتئەل» گە - قىرغىزىستانغا چىقىۋالدۇق. بېشىمىزغا بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر كۈن چۈشتى. ئۇز ۋاقتىدا خۇددى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ھازىر بولسا توققۇزى تەل بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلار، بىزگە سايىۋەن بولۇشتى. بۇ ئادەتتىكى ئاتىدارچىلىق بولماستىن، دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپتە، دۈشمەن بىلەن ئېلىشقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىغان، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىق ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىزنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمىدى. قارنىمىزنى ئاچ قويمىدى. ئۇچىمىزنى يالىڭاچ قويمىدى. مۆكىدىغان جاي تېپىپ بەردى. ئارىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان ساۋاتلىق، كۆپىنچىسى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەر بولغاچقا، شەھەر ئىچى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە مەسچىتلىرىگە دىنى ئۇستاز، تىل ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چوڭلارغا دىنى ۋەز ئېيتىپ، ياش ۋە باللارغا دىن ۋە تىل دەرسى ئۆتۈپ دېگەندەك، قېرىنداشلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ھەل بولماقتا. بىزمۇ ئاستا، ئاستا ئۇلار بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدۇق. ۋەتەندىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق. ئۇلار ساناقسىز بەدەل تۆلەپ، ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇپتۇ. يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئائىلىسى، مىڭلىغان ئۇيغۇرلار بىر مەھەللىدە، توپلۇشۇپ ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ، يەنە بىر كىچىك ۋەتەن قۇرۇپ چىقىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرى

ۋەتەنگە قايتىشتىن، ئازات، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن يالتايماپتۇ. شۇ نىيەت، شۇ روھ بىلەن ياشاپتۇ ۋە ئەۋلادلىرىنىمۇ شۇنداق ئارزۇ، شۇنداق روھ بىلەن يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. ئەپسۇس، ئۇيغۇرچە مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، يەتتە ياشقا تولغىچە ئۆيدە تولۇق ئۇيغۇرچە چوڭ بولغان ئەۋلادلار، رۇسچە مەكتەپكە كىرىپ، رۇسچە ئوقۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا ئۆزگۈرۈشلەر، تىلدا كەمتۈكلۈك يۈز بېرىدىكەن. بىر كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللە مەسچىتىدە گۆدەك قىز - ئوغۇللارغا قۇرئان ۋە دىنى دەرس بېرىدىغان بىر مالىم بالا، مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتقان قوروغا كەپتۇ - دەرت تۆككىلى. ئوقۇش يېشىدىكى مەكتەپ بالىلىرى ئەتىگەن ۋاقىتلىرىدا ھەپتىدە بەش قېتىم پۈتۈن كۈن، مەكتەپ ۋاقتىدا شەنبە، يەكشەنبە يېرىم كۈن بىزنىڭ كۇرسىغا كېلىپ دىن، تىل دەرسى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن سىرت ۋەتەننىڭ تارىخى، نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى، ئىشغالىيەت جەريانى توغرىسىدىمۇ تۈرلۈك لېكسىيە ئاڭلايتتى. تۈنۈگۈن ئون بەش ياشلاردىكى ئىككى قىز ئوقۇغۇچى دەرسكە كەلمىگەن ئىكەن. ئەمما بۈگۈن ئەتىگەن كەپتۇ - دە: مالىم بىزنى كەچۈرۈپ قويۇڭ؛ ئالدىنقى كۈنى بىر دوستىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغانىتى، شۇ يەردە كەپسىزلىك قىلىپ، كۆپرەك ئىچىۋېتىمىزكەن، تۈنۈگۈن بېشىمىز ئاغرىپ، دەرسكە كېلەلمىدۇق - دېگۈدەك، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ. قىزلارنىڭ «ئۇدۇل ئېيتقان راست گەپلىرى» بىزنىڭ مالىملارغا شۇنچىلىك قاتتىق تەككەنكى: «بۇلارغا دىن، ئەخلاق ئۆگىتىمەن دەپ، ئاۋارە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقكەن» . ۋەتەندە شۇ ياشقا كەلگىچە، قىزلار تۇرماق، ئاياللارنىڭ ھاراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ھاراق ئىچكەن ئادەمدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلىنىدىغان، ئاق كۆڭۈل تەقۋادارلىرىمىزنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق بىزنىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىگە، ئۇيغۇر ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە، شۇنىڭدەك يۇرت ئاق ساقاللىرى ۋە يىگىت بېشى قاتارلىق كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھېچكىم ئۆزى خالىغانىنى قىلالمايتتى. ئۆز ئىشىنى ئۆزى مەيلىچە بېجىرەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق يىغىلىقنى تەشكىلات رەھبەرلىرىگە، ياكى يۇرت ئاق ساقاللىرىغا مەلۇم قىلىشىم كېرەك ئىدى. بۇگۈنكى ئەھۋالنىمۇ ئۇلارغا يەتكۈزدۇم. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىلات رەھبەرلىرى، يۇرت ئاق ساقاللىرى بولۇپ، بەش كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار مالىمنىڭ شىكايەتلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىرايلىق تەسەللى بېرىشتى. لېكىن قارىم مالىم: بىر يىلدىن ئارتۇق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، دىن ئۆگەتتۇق، ئەمما باللارغا دىن يۇقمىدى؛ باللار ھاراق ئىچىپتۇ؛ تىل ئۆگەتتۇق، لېكىن ئۇلارغا تىل سىڭمىدى؛ ئۆز - ئارا رۇسچە كاتىرلىشىدۇ؛ مەن ئوقۇتۇش ئىشىدىن زېرىكتىم - دېدى، كەسكىن تەلەپپۇزدا. ئاق ساقالدىن بىرى: ئۇكام سېنىڭمۇ توغرا، لېكىن بۇلار تېخى كىچىك باللار؛ مۇسۇلمانچىلىق ئاستا، ئاستا دەيدىغان گەپمۇ بار؛ ئۆز ۋاقتىدا ھاراق قاتتىق چەكلىنىشتىن ئاۋۋال، ساھابىلەرمۇ ئىچۋېلىپ، ماجىرا قىلغانىكەن؛ بۇ گەپنى قارىملارنىڭ تەبلىغىدىن ئاڭلىغان؛ بىزنىمۇ ئۇزۇن يىل دىندىن ئايرىۋەتكەن بولغاچقا، ھاراق ئىچسە گۇناھ بولىدىغانلىقىنى تېخى بىر قانچە يىل

ئىلگىرى ئاڭلىدۇق؛ ھاراقتىن قول ئۈزگىلى ئانچە ئۇزۇن بولۇپ كەتمىدى؛ شۇڭا قارىملار سەۋرىلىك بولۇپ دىن ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن يانماڭلار؛ بۇ بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ـ دېدى، مالىم قارىمغا تەربىيە قىلىپ.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات ئەللەردە، يات خەلقنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يات مەدەنىيەتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئىنسانلارنىڭ، بېشىغا كېلىدىغان ئاجايىپ قىسمەتلەرنى، تونجا بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىزنىڭ ھاياتىمىزغا كېپىل بولغان، ئاش ـ نېنىمىزغا، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جايلىرىمىزغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن غەمخورلۇقنى ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك 64. يىللىرى ۋەتەندىن چىققانلار ئىدى. 94. يىلى بىز ئۇلارغا قېتىلغىچە بولغان، ئوتتۇز يىل ئىچىدە تىل، دىن، تۇرمۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي خاراكتېردە نۇرغۇن ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەرگەن دېيىشكە بولاتتى. 64. يىللىرى ئاتا، ئانىسىغا ئەگىشىپ چىققان، مۇشۇ كۈنلەردە 40 ياشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكىلەر يېرىم ئاسسىملاتسىيە بولۇپ كەتكەن، بۇ ئەللەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلار ۋە چوڭ بولىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ ئاساسەن كۆپىنچىسى يات بىر مىللەتتەك، ئۇيغۇردىن تولۇق يىراقلىشىپ كەتكەندەك تەسىر بېرەتتى.

مەن ئۈچ يىلغا يېقىن بىشكەك، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھىمايىسىدە جان ساقلىدىم. شۇ جەرياندا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار: «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە چەتئەلدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت، ئىككى قاتلام ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى تونۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتكەن ئىدىم. چەتئەلدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇق داۋاملاشمىسا، چەتئەلدە تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا تۆھپە قاتقىلى بولمايتتى. ئەگەر چەتئەلدىكىلەر ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا تۆھپە قوشالمىسا، ئۇ چاغدا ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇپ كېتىش لازىم ئىدى. بىراق چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا، ئېنىق ئېيتقاندا يات مەدەنىيەتنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالدىغان ئۇيغۇرلارغا يۈزلىنىپ كېلىدىغان رېئاللىق، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋەتەندىن ئايرىلغان كۈنى ئاخىرلاشقان بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

2. تەقدىرنىڭ شاملى بىلەن 97. يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، مىيونخېن شەھرىگە كېلىپ قالدىم. تۈركىيەگە كېتەي دېسەم، يول كىراسىغا پۇلۇم يەتمىدى. ئامالسىزلىقتىن تەقدىرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ئۆزۈمنى تولۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، سىياسى پاناھلىق تىلىدىم. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن سۈرگۈنگە مەھكۇم بولۇپ، تاغ تۇرا تەرەپكە يوللاندىم. سۈرگەن پائالىيتى ئۆزىگە يارىشا ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەل ياتقۇغا يېقىن، تۇم قاراڭغۇدا ئىجرا قىلىندى. سۈرگۈنگە مېڭىش ئالدىدا، خوشلاشقىلى كەلگەن بىر قانچە ئۇيغۇرلاردىن بىرسى: «ئابدۇرەھىمجان، بىز كۆرگەن مۇدھىش كۈنلەر سىزنىڭ بېشىڭىزغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ؛ شىمالى يۆنۈلۈشكە سۈرگۈن بولغانلار، ناتسىستلارنىڭ ئۇگىسىغا بېرىپ توختايدۇ؛ جەنۇبى يۆنۈلۈشكە سۈرگۈن بولغانلار، ئالپىن تاغ ئېتەكلىرىگە بېرىپ توختايدۇ؛ سىز جەنۇبى يۆنۈلۈشكە سۈرگۈن قىلىنىپسىز؛ تاغنىڭ دەردىنى بىز يىللاپ تارتتۇق؛ ھازىرمۇ تاغلىق رايوندا سۈرگۈندە دەرت تارتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن بىر قانچىسى

بار؛ سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىپ، كۆچۈش ھوقۇقىغا ئېگە بولمىغۇچە، سۈرگۈندىن چىقالمايسىز: ئالپىن تاغلىق رايونلىرىدا 365 كۈن قار دەسسەپ يۈرىدىغان گەپ؛ سىزنى بىر سەپەردىلا تاغقا ئۇدۇل يوللىۋەتمەيدۇ: ئۆتەڭلەردە ھەپتىلەپ، ئايلاپ چۈشكۈن قىلىپ، ئاخىرقى بېكەتتە تاغقا ئاپىرىپ تاشلايدۇ؛ شۇڭا چۈشكۈن قىلغان يۇرتتا تۇرۇپ قالىدىغانلارنىڭ ئامالىنى قىلارسىز: مېنىڭچە ئەرەب، ياكى تۈرك جەمئىيەتلىرى سىزگە ياردەم قىلالايدۇ؛ بىز سۈرگۈن بولغاندا، ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، تاغقا كېتىپ قاپتىكەنمىز.» - دېدى، چىڭ كۆڭلىدىن ئېچىنغان ھالدا ھېسسىداشلىق بىلدۈرۈپ.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۆتەڭگە يېتىپ كەلدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە، چۈشكۈن قىلغان لاگىردا تۇرۇشلۇق ئەرەبچە بىلىدىغان، ئىراقلىق بىر كۈرت ياش بالىنى تاپتىم. ئۇ مۇشۇ شەھەردە، مۇشۇ لاگىردا تۇرۇۋاتقىلى بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، گېرمانچىنى يامداپ چۈشەندۈرەلەيدىكەن. ئۇ، لاگىر مەسئۇلىنىڭ ئىشخانىسىغا بىرگە كىردى ھەم ماڭا تەرجىمانلىق قىلدى. لاگىر مەسئۇلىنىڭ ئېيتىشىچە، كۆپ بولغاندا تۆت ھەپتە ئىچىدە، تاغقا ئادەم يۆتكەيدىغانلار كېلىدىكەن؛ مېنى شۇلارغا قېتىپ يولغا سالارمىش؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەردە نوپۇس ئىدارىسىغا ئەنگە ئالدۇرمايدىكەنمەن. تاغ تۇراغا سۈرگۈن بولۇشنىڭ قانچىلىك مۇدھىش ئىكەنلىكى ۋە نەقەدەر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا، تېخى ئاخشاملا خەۋەر تاپقان ئىدىم. تەقدىرنىڭ پېشانەمگە يېزىلىپ بولغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىپ تۇرساممۇ، يەنە تەن بېرىشنى خالىمايتتىم. بېشىمدىن بىر قانچە چېلەك سوغاق يۇندا قۇيۇۋەتكەندەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۈركىنەتتىم، سەسكىنەتتىم. گېرمانلارنىمۇ خىتاي قاتارىدا دۈشمىنىمنىڭ تىزىملىكىگە پۈتۈپ قويدۇم. لېكىن مېنىڭ غەزەپ - نەپرىتىم مېنى قۇتقۇزالمايتتى. كۆڭلۈمگە بىر جىن كىرىۋالدى. بىر شەيتان ۋەسۋەسە قىلدى. مىيونخىنغا قايتىپ بېرىپ يالۋۇرۇش كېرەك! نامەردلەرگە، خۇمسىلارغا يالۋۇرۇش كېرەك! ئۇلارنىڭ قولىدىن يامانلىق كەلگەنگە ئوخشاشلا ياخشىلىقمۇ كېلىدۇ. «نامەرتنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە، دەريادا غەرق بول» - دېگەن گەپ بار. بۇ گەپنى دېگىلى بولغان بىلەن، دەريادىكى دەردنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. كېيىنكى كۈنى ئەتتىگەنلىك پويىز بىلەن مىيونخىنغا كەلدىم. ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا يېلىندىم. ئەھۋالىمنى قايتىدىن چۈشەندۈرۈپ باقتىم. ئەمما مېنى سۆرگۈندىن قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىكەن. غالچىنىڭ غالچىسىغا، يالاقچىنىڭ يالاقچىسىغىمۇ يالۋۇرۇپ كەتتىم. ئويلاپ باقسام، قولىدىن ياخشىلىق كەلمىگەن بىلەن توختاپ قالماي، مېنىڭ بىچارىلىكىمنى مەسخىرە قىلىدىكەن. ئىككى كۈنلۈك يېلىنىشتىن كېيىن، ئۆتەڭگە قايتماقچى بولۇپ، پويىزغا چۈشتۈم. پويىزنىڭ ئارقىسىدا كۆزدىن يىراقلىشىۋاتقان مىيونخىن شەھىرى كۆزۈمگە جىن - شەيتانلارنىڭ ماكانىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. - خەپ! - دېدىم، نامەرت خۇمسىلارنىڭ ئالقىنىدا قېلىۋاتقان لەنىتى شەھەرگە قاراپ.

ئەرەبلەرنىڭ جەمئىيىتىنى ئىزدىمىدىم. ئەرەبلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز دۆلەتلىرىدە، ئۆز ۋەتەنلىرىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۆز ۋەتىنىدىن سىرتقا، باشقا ئەللەرگە قاچقىپ كەتكەن ئەرەبلەردىن

ياردەم ئېلىش، ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ كىچىككىنە خالىسانە ياردىمىنىڭ ئارقىسىدا، ئەزرائىل قولىنى سوزۇپ يۈرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىمدا ئۇنىداق ئەرەبلەرنىڭ دەردىنى تارتىپ باققان ئىدىم. ئاغزىدىن قۇرئان، ھەدىس سۆزدەك تۆكۈلۈپ تۇرغان. تەقۋادار مۇسۇلمان چېغى - دەپ، يېقىنلاشسىڭىز، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە بومبىنى ئوراپ، كۆكسىڭىزگە تېڭىپ، تېررورچىلىققا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يوللايدۇ. شۇڭا تۈرك جەمئىيىتىنى ئىزدىدىم. مىقتەك تىقىم، تىقىم بىر شەھەر. مىڭ يىلنى ئارقىدا تاشلاپ، يەنە قىيا تاشتەك تىك تۇرغان شەھەر قەلئەسى، بەش ئەسىرلىك، سەككىز ئەسىرلىك تارىخقا گۇۋاھچىلىق قىلىپ تۇرغان بىنالار. «رېگېنس بۇرگ» - يامغۇر قەلئەسى. شەھەر كوچىلىرىنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىمەن، تۈرك جەمئىيەتلىرىنى ئىزدەپ. ئەمما شەھەر ئىچى، ئەتراپى شۈنچىلىك سۈرلۈك. ئادىمىزات كۆرۈنمەيدۇ. ئىزدەۋاتقىنىم تۈرك جەمئىيىتى. كۆرىدىغىنىم ئادەمسىز كوچىلار. خىيالىمدىكىسى بەئەينى «چاھار دەرۋىش داستانى» دا تەسۋىرلىنىدىغان ئادەمسىز، سۈر باسقان پەرەڭلەر شەھىرى. ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغانلار بولسا، كۆزۈمنىڭ سەتى يەنە شۇ گېرمانلار. كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىمەنمۇ، ياكى تاغ مەن تەرەپكە گۈمۈرۈلۈپ چۈشىۋاتامدۇ، ئىش قىلىپ مۇسايە يېقىنلاشماقتا. كەچ كىرگەنسېرى قۇياشنىڭ قىزغۇچ رەڭگىمۇ كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى قۇياشنىڭ كەچكى قىزىللىقى، مېنىڭ بىر كۈنلۈك نەتىجىسىزلىكىمنى كۆرسىتەتتى. ئۇ بىر قېتىم قىزغۇچ نۇرىنى تۆكسە، تاغ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈنلۈك مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مەن تەرەپكە يېقىنلىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى، بىزارلىق كېچىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرەتتى. چۈنكى ھەر ئاخشىمى خۇدايىمدىن ياخشى چۈش كۆرۈشنى تىلەپ، ئارزۇ قىلىپ يېتىپ قالىمەن. بىراق نەدىكى ياخشى چۈش ئۇ؟ تۈرمىدە سوراق قىلىنىۋاتقان؛ قىيناۋاتقان؛ مۆكۈپ ياتقان يەردىن تۇتۇپ چىقىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان؛ دادام، ئاپام جەسىدىمگە يۈزلىرىنى يېقىپ: ۋاي بالام- دەپ، ھازا تۇتۇپ يىغلىشىۋاتقان؛ نارەسىدە بالىلىرىم: جېنىم دادا بىزنى تاشلاپ قويۇپ نەگە كەتتىڭلە - دەپ، نالە قىلىۋاتقان؛ ئايالىمنىڭ يۈزلىرى چاك - تۇزان، غېرىب بىچارە، بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ يىغلاپ تۇرغان؛ ئاكىلىرىمنى تۇتۇپ، باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان؛ مەن گېرمانىيىگە قېچىپ كەتكەن تۇرسام، نېمشقىمۇ قايتىپ كېلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىمەن - دەپ، ھەسرەتلىنىشلەر. ھەر بىر كېچە مەن ئۇچۇن مەڭگۈلۈك بىر جەھەننەم ئازابى. تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ، بىر ياقتىن تۈرك جەمئىيىتىنى ئىزدىسەم، بىردە نەتىجىسىز كۈنلەر مېنى تاغ تۇراغا ئېلىپ ماڭىدىغانلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىدۇ. بەزى كۈنلىرى شەھەرنىڭ بازار مەيدانلىرىنى سائەتلەپ ئاختۇرۇپ چىقىمەن - بىرەر تۈرك ئۇچراپ قالسا - دەپ. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن نەتىجىسىز، نائۈمىد، ھارغىن، ئاچ - سېرىن لاگىر تەرەپكە يول ئالدىم. مەن چۈشكۈن قىلغان لاگىر، شەھەر تەۋەسىدىن بەش كىلومېتىرچە سىرتتا ئىدى. شەھەر كوچىلىرى ئارقامدا قېلىۋاتىدۇ. لاگىر يولىغا قايرىلىدىغان ئۆتۈشمە ئالدىمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. شەھەر تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتسەم، بۈگۈن بىر كۈن يەنە نەتىجىسىز

ئۆتۈپ كەتكەن بولدۇ. ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ، ياكى بىرەر نەرسىدىن يوشۇرۇن ئۈمۈت كۈتۈشىمۇ، ئىش قىلىپ قەدەملىرىم ئاستىلاپ، سۆرىلىپ، زادىلا ئىلگىرىلىمەيدۇ. بۇ كوچىلارنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئۇن قېتىملاپ قاراپ بولغان. بۇ ئەتراپتا تۈرك جەمئىيەتلىرى تۇرماق، بىرەر تۈركنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمۇ يوق گەپ. «چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا، قولۇڭدىن بىرى كەلسە ئۇننى قىل» ھەجەپ دانا گەپكەن بۇ. مانا ئەمدى قولدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالماس. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەندىن ئارتۇق ئىمكانسىزلىق بولماس. ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرغان ۋاقتىمدا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ھەتتا ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئۆلۈمدىنمۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئامان قالغان. ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ھېچنەرسە قىلالمايدىغان، تولۇق ئىمكانسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە نائىل بولالىسا، شۇنىڭ ئۆزى ھەم چوڭ نەتىجە ھېسابلىنىدىكەن. مانا ئەمدى قەدىرسىز، قىممەتسىز تاشلاندۇق نەرسىنىڭ ئۆزى. ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىمنى توسىمىدىم. بۇ ئادەمسىز كوچىلاردا مېنى كىم كۆرەتتى. كۆرسىمۇ كىم تونۇيتتى؟ يىغلىغىنىمغا قاراپ كىم كۈلەتتى؟ كىم ھېسداشلىق قىلاتتى؟ كۆزلىرىمنى مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە. قەدەملىرىمنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەن. بىردىنلا «بىسمىللاھ» يېزىلغان بىر خەتنىڭ سۆرىتى زېھنىمدە پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئەتراپتا ئۇنداق يازمىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن كۆرمىگەن بىرەر بۇلۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالمىغان. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئارقامغا يېنىپ شۇ خەتنى ئىزدەپ باقاي - دېدىم - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، خۇددى ھېلىقى خەت بىر ياقلارغا كېتىپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭغا دەرھال يېتىشىۋالمىسام بولمايدىغاندەك، ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈگۈردۈم. يەنە توختاپ، يەنە يۈگۈرۈپ، تۆت يۈز قەدەمچە ئارقامغا چېكىندىم. لېكىن ئۇنداق بىر خەتنى كۆرەلمىدىم. تـوۋا، بۇ قانداق ئىش. كۆزۈمگە بىر نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدىمۇ؟ ياكى بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، نېرۋامدىن چاتاق چىقىۋاتامدۇ؟ ھەجەپ بىر ئىشقۇ بۇ - دېدىم، ئۆزەمدىن ئەنسىرەپ. بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىپ، يەنە لاگېر تەرەپكە ماڭدىم. لېكىن ئەخلەتتىن يىگىنە ئىزدىگەندەك، شۇنداق سىنچىلاپ قارايمەن، يولنىڭ سول ياقىسىدىكى بىنالارنىڭ ئارىلىرىغا. تۇيۇقسىز ھېلىقى خەت يەنە كۆرۈندى. كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ ئاچتىم. ئادەتتىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بىر ئاز چوڭراق، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ بېشىغا چاپلانغان ساپال چىنى خىشنىڭ تېگى قېنىق زەيتۇن، ئاق رەڭ بىلەن «بىسمىللاھىر راھمانى رەھىم» يېزىلغان خەت، راستىنلا جۇلالىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوڭ يول ئۈستىدىكى تۆت قەۋەتلىك كونا بىنانىڭ بىقىنىدىكى، ماشىنا ئۆتۈشكۈدەك بوشلۇقتىن پەقەت ئون بەش قەدەمچە ئىچكىرىدىكى بۇ خەتنى ئىككى، ھەپتىدىن بېرى كۆرمىگىنىمگە ھەيران قالماقتا ئىدىم. دىققەت بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرسەم، ئالدى بىنا بىلەن ئارقىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئارىلىقىدا، كەڭ كەتكەن بىر ھويلا باركەن. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش، ئالتە ئەرلەر بىر كاللەك بولىۋېلىپ، يوغان بىر پىلاستىك داستا سېمونت

لاي ئەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بۇغداي ئۆڭلۈك، بەزىلىرى سېرىق - سۇرۇخ، بەزىلىرى ئاق يۈزلۈك بولغاچقا، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى بايقىيالمىدىم. ھەر ھالدا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم - دە، سالام بېرىپلا: سىلەر ئەرەبمۇ؟ ئەرەبچە سۆزلىيەلەمسىلەر؟ - دەپ، تاشلىدىم، ئەرەب بولۇپ قېلىشىنى خالىمىساممۇ. ئۇلار سالىمىمغا جاۋابمۇ قايتۇرماستىن: ئاللا، ئاللاھ، بۇ چوجۇك ئارابچا كونۇشۇيورىيا - دېيەمدۇ كۆك كۆز، سېرىق پىشماق، ئاتمىش ياش چامىسىدا بىرى. ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ماڭا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. تۈركمۇ سىلەر؟ - دېدىم تاقەتسىز بىر ھالەتتە. ئەۋەت، بىز تۈركلەر - دېدى بىر قانچەيلەن تەڭلا جاۋاب بېرىپ. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كېلەر - كەلمەي پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتىم. نېمىشقا يىغلىۋەتكىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ماڭا ياردەم قىلالىشىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. ئېھتىمال ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئىزدەپ، ئۈمىدىم ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندا تېپىۋالغان تۈرك بولغاچقا يىغلاپ سالغاندىمەن. ئەمما دادىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاران تەسلىكتە تېپىۋالغان كىچىك بالىنىڭ ئۆزى ئىدىم شۇ تاپتا. ئاللاھ، ئاللاھ، چوجۇك گىبى ئاغلىيور بۇ ئادام. نە ئولمۇش؟ كىم بىلىر، بەلكى قارنى ئاچقىمىشتىر زاۋاللىنىن. ئادام ھالسىز يا. يەرە دۈشۈجەك. ھادى يەمەك ۋەرەلىم ئۆنجە. ھادى كاردېشىم گەل. ھېلىقى ئاتمىش ياش ئەتراپىدىكى سېرىق پىشماق ئادەم، يەنە مەن قوراملىق ئىككى كىشى، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، مېنى باشلاپ ماڭدى. بىسمىللاھ يېزىلغان ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىپلا، سولدىكى ئايلانما پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتۇق.

ئوڭ تەرەپ ئۇدۇلدا، ساپال چىنى خىشلار بىلەن، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مېھراب، ئۇنىڭ يېنىدا مۇنبەر بولۇپ، بۇ زال مەسچىت ئىكەن. سولدىكى كارىدوردىن ئۆتۈپ، بىرىنچى ئىشىكتىن ئىچىگە كىردۇق. - بۇراسى مۇتبەخ. سەن بىر ئاز بەكلە. ھەمەن يېمەك ھازىرلىيورۇز - دېدى، مەن قوراملىق سېرىق پىشماق كىشى. ئوتتۇرىغا بىر قانچە ئۇزۇن تاماق شىرەسى، ئەتراپىغا ئورۇندۇقلار تىزىلغان، ئالا زەل ئەللىك كىشىلىك سورۇن بار ئىدى. ئۇلار بىر ياقتىن كولا، فانتا، تۈرلۈك سوغاق ئىچىملىكلەرنى شىرەگە تىزغىلى تۇردى. بىر ياقتىن تاماق تەييارلىدى. قاچاندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئىشتىھايىممۇ يوق. لېكىن بىر ھازا يەپ - ئىچىپتىمەن. ئۇلار ئۆز - ئارا پەس ئاۋازدا: بىچارە ئادەمگە نېمە بولغاندۇر؛ قورسىقى تازا ئاچقانىكەن؛ ئاللاھ ئىمان ئېيتقان بەندىسىنى ئاچ قويمىسۇن؛ بۇ ئادەم زادى نېمە ئادەمدۇر... دېگەنىدەك، پىچىرلىشاتتى. - يېمەكتىن سونرا تاتلى ئىلە چاي - دېدى، چوڭ ياشتىكى ئادەم ۋە پورروقشىپ قايناپ تۇرغان ئاستى، ئۈستى ئىككى قەۋەتلىك چاينەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، كىچىكىنە شىشە ئىستاكانغا چاي قۇيدى. قىزىق دەملەنگەن چاي بىلەن بىر قانچە دانە باقلاۋانى يەۋەتتىم. شۇ ئارىدا پېشانەمدىن ھور چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، قول ياغلىق بىلەن يۈز - كۆزلىرىمنى سۈرتكىلى تۇرۇۋىدىم: قېرىندىشىم، پوپايىكاڭنى، چاپاننى سېلىۋەتكىن. تەرلەپ سۇ بولۇپ كېتىپسەن - دېدى، بىرسى. بۇ كۆنلەردە قىشلىق پوپايىكا كىيىۋالغان كىشى تۇرماق، چاپان كىيىۋالغان ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەممە كىشى كالتىيەڭ كۆينەكچان. ئەمما

مەنلام قېلىن پۈركىنىۋالغان، يازنىڭ كىرىپ بولغانلىقىنى كۆزۈم كۆرسىمۇ تېنىم سەزمەيتتى. تېخى بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، قىرغىزىستاندىكى «ك گ ب» تۈرمىسىدە، ھەر كۈنى تۆت سائەتلەپ پادىۋالدا مۇزغا دەسسىتىپ، ئىقرار قىلىشقا زورلانغان؛ تۆمۈر بالداقلىق كارىۋاتتا يېتىپ، يانپاشلىرىم، قوۋۇرغىلىرىم تېشىلگەن؛ بەدىنىمدە سۆڭەك بىلەن تېرىدىن باشقا نەرسە قالمىغان بولغاچقا، گۆرىدىن ھازىر قېچىپ چىققان مۇردىنىڭ ئۆزى؛ تەن سوۋۇپ، يۈرەك توڭلاپ قالغان. دوزاخ بولسىمۇ بولسۇن، ئەمما سوغاق بولمىسۇن - دەپ، يۈرگەن چاغلار بولغاچقا، كىيىۋالغان قېلىن كىيىملىرىممۇ تېنىمگە ئىسسىقلىق بېغىشلىيالمايتتى. ئەمدى تۇيۇقسىز تەرلەشكە باشلىدىم. چاپاننى، پوپايكىنى سالدىم. شۇنچىلىك ۋىجىك. بېشىم قاپاقتەك، بوينۇم ساپاقتەك. پۈتۈن گەۋدەم ھازىرلا يىقىلىپ چۈشكىلىۋاتقان، ئىسكىلىتىنىڭ ئۆزى. ئۇلار مېنىڭدىن ئەھۋال سوراشقا باشلىدى: قېرىندىشىم ئەيىب كۆرمە، ھەرھالدا مۇسۇلمانغۇ سەن؟- ئەلۋەتتە، مەن مۇسۇلمان. سەن ئەرەبمۇ، ياكى كۈرتمۇ؟ تۈرك بولساڭ مەملىكىتىڭ قەيەر؟ تۈركلەرنىڭ مەملىكەت دېگىنى، ئەلۋەتتە تۈركىيەنىڭ ئىچىدىكى يۇرتلارغا قارىتىلاتتى. شۇڭا: مەن تۈركىيەدىن ئەمەس، تۈركمۇ ئەمەس، ئەرەب، كۈرت ھېچ بىرى ئەمەس- دېدىم، قىسقىلا جاۋاب بېرىپ. ئاللا، ئاللا. بۇ نېمە گەپ؟ سەن ئەرەبچە، تۈركچە كونۇشۇيورسۇن. ئاما ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس دىيورسۇن. ئانلات كەندىنى. ئادىڭ نە؟ - دېدى، چوڭ ياشلىق، سېرىق - سۇرۇخ، كۆك كۆز ئادەم. ئېتىم ئابدۇرەھمجان، مىللىتىم ئۇيغۇر. ئۇيغۇرستاندىن كەلدىم - دېدىم، خۇددى يادلىۋالغاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئالىدىغان ئالغا

سۆزلەۋاتقاندەك. - ئۇيغۇر، ئۇيغۇر دەۋلەتىندەن گەلمىش - دېگىنىچە بەس بەستە باغرىغا بېسىپ، مەڭزىنى مەڭزىمگە يېقىپ قايتىدىن كۆرۈشكىلى تۇردى. چوڭ ياشتىكى سېرىق سۇرۇخ، كۆك كۆز ئادەم ئۆمەر خوجا ئىكەن. ئاق پىشماق، تەقى تۇرقى ئەرەبكىلا ئوخشاپ تۇرىدىغان ئاداش مۇستەفا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك يەنە بىر سېرىق پىشماق، كۆك كۆزلۈك ئادەم مۇستافانىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئىسمى سۇلەيمان ئىكەن. ئۇلار ماڭا ئاجايىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلغاندىن سىرت، ئۆمەر خوجا دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، پەستىكىلەرگە: چوجۇكلار، ھادى ھەپىنىز يۇكارىيا گېلىن! بۇرادا ئەجدادىنىز ۋار. ئۇيغۇر گەلدى - دەپ، ۋارقىرىۋىدى، ھايال قالماي قىرى - ياش بولۇپ، ئوننەچچە كىشى ئەتراپىمدا پەيدا بولدى. بىز قۇچاقلىشىپ، مەڭزىمىزنى يېقىشىپ كۆرۈشەتتۇق. - بېنىم ئۇيغۇرۇم - دەيتتى كىملىرى. بېنىم ئەجدادىم، جەددە جەمەتىم ئۇيغۇرۇم - دەيتتى كىملىرى. سەكسەن ياشلاردىكى بىر بوۋاي پېشانەمدىن سۆيۈپ تۇرۇپ: جانىم بېنىم، جىگەرىم بېنىم. نىيە بۇ كادار ئەتسىز كالدىن؟ ھاستامىسىن؟ سۆيلە. بەن ۋاركەن، ئاللاھىم ۋاركەن، سەن نىيە بۇ ھالە دۈشتۈك؟ دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئىنسانىنى ئارقىدا قالغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر يىغلىتىدۇ. شۇنىڭدەك بېشىغا كېلىۋاتقان دەرد، ئەلەم كۈلپەتلەر يىغلىتىدۇ. بوۋاينىڭ يۈرىكىدىكى ھەر بىر قۇرۇقنىڭ ئارقىسىدا مىڭلارچە ھەسرەت، نادامەت، ئازاپلىق ھادىسىلەر يوشۇرۇنغان بولىشى تەبىي. بىز شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. - سۆيلە ئابدۇرراھىم بىزلەرە، ئو بۇيۇك ئۇيغۇر دەۋلەتى ھاككىندا بىلگە ۋەر - دېدى ئۆمەر خوجا. - شۇ ئان

ئۇيغۇر دۆلىتى يوق. تام 48 يىلدىر، ئۇيغۇر دۆلىتىنى چىن ئىشغال ئەتتى. يارىم ئەسىردىر ئۇيغۇر دۆلىتى چىن ئىشغالىندە - دېدىم، خور سىنغان ھالدا. : يوق، ئولاماز ئۆيلە بىرشەي: ئۇيگۇر ۋاركەن، ئۇيگۇر دەۋلەتىنى كىمسە ئىشغال ئەدەمەز: ئو بۈيۈك ئۇيگۇر دەۋلەتى ھېچ يىكىلماز - دېدى، ھېلىقى بوۋاي تىترەك ئاۋازدا. - كاشكى، ئۆيلە ئولسا ئىدى. ئاما سەلتەنەتىمىز يىقىلدى. غۇرۇرىمىز سۇندى - دېدىم، تېخىمۇ بىچارە ھالدا، بوۋايغا قاراپ. بۇلار مىڭ يىللار ئاۋۋالقى بۈيۈك شان - شەرىپىمىزنى بىلىدىكەن. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن قىلچە خەۋەرسىزكەن. مەن ئاخىرقى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئىشغال قىلىنىش جەريانىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىمىزنى قىسقىچە چۈشەندۈردۈم. ھەممىسى دېگۈدەك ئېچىندى. ئۆمەر خوجا: كاردېشىم ئابدۇرراھىم، كەندى ھالىنى ئانلات؛ گۆگدەنمۇ ئىندىن، يەردەنمۇ چىكتىن؛ نىيە ئاغلادىن بىر ئاز ئۆنجە؟ ھەپسىنى ئانلات - دېدى، تاقەتسىز ھالدا. مەن ئەھۋالىمنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ، ئابىيامقى يىغلاپ كەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى: ماڭا ياردەم قىلالىشىڭلارنى بىلمەيمەن، ئەمما ئىككى ھەپتىدىن بېرى تۈركىنى ئىزدەپ، تاپالمىغانىمنى؛ ئەمدى ئىزدىشىمنىڭ ئورۇنسىزلىقىغا قانائەت قىلىپ ئۈمۈتنى ئۈزگەن، ئاخىرقى دەقىقىلەردە سىلەرنى تاپقانلىقىم ئۈچۈن يىغلاپ كەتكەن بولسام كېرەك؛ لېكىن ئۆزەممۇ تازا ھېس قىلالمايۋاتىمەن - دېدىم. - كىم ئاغلامىش؟ - سورىدى، مەن دېمەتلىك بىرسى، خاتا بىر نەرسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، تېڭىرقاپ. ئۇ باياتىن ھويلىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا يوق بولسا كېرەك. سۇلەيمان: بۇ ئابى ئاغلامىشتى - دېدى، مېنى كۆرسىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تورى

- يوقىيا ئابى. ئولاماز ئۆيلە بىر شەي. ئۇيغۇر ئاسكەردىر! ئاسكەر ئاغلاماز! - دېۋىدى، قېرى - ياش ھەممىسى شۇئار توۋلىغان پەيتتە، بىردەك تەكرارلىدى. بىردە بۇيۇم تىكەنلىشىپ، بىردە يۈزۈم قىزىرىپ، ھەجەپ بىر كەيپىياتتا بولۇپ قالدىم. شۇ ئارىدا ئۆمەر خوجا پېشىن ۋاقتى كېرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. نامازدىن كېيىن دۇئادىن ئىلگىرى ئۆمەر خوجا مەن توغرۇلۇق جامائەتكە سۆزلىدى: ئابدۇرراھىم قېرىندىشىمىزنى بۇ ھالدا يالغۇز تاشلاپ قويۇش بىزگە ياراشمايدۇ؛ بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ياخشى، يامان كۈنلەرگە بىز ئورتاق؛ ئۇنى ئىمانسىز، شەرەپسىزلەرنىڭ مەيلىگە تاشلاپ بېرىپ، بىز بۇ يەردە قىلغان ئىبادىتىمىز قوبۇل بولماس؛ قېرىنداشلىرىم، ئابدۇرراھىمغا ياردەملىشىشكە سىلەر تەييارمۇ؟: جان بىلەن ياردەملىشىمىز؛ ئۇستىمىزگە نېمە چۈشسە چىكىنمەستىن، قاچماستىن بېجىرىمىز - دېيىشتى ھەممىسى، مەمنۇن ھالدا. مەن لاگىر مەسئۇلىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېلىپ كېلىدىغان بولدۇم. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بىر تېلېفون بىلەن ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بولدى. مەن بۇ ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ھەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلسامۇ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇق سالماي، نائۇمىد ھالدا لاگېرغا بېرىپ، مەسئۇل كادىرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالدىم - دە، يول بويى ئامالنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ دېگەندەك، جەمئىيەتكە يېتىپ كەلدىم. ئۆمەر خوجا، سۇلەيمان، باياتىن مەن كۆرمىگەن مەھمەت يىلماز ئىسىملىك بىرى مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرغان ئىكەن. جەمئىيەتنىڭ ئىشخانىسىدا، ئۆمەرخوجا لاگىر مەسئۇلىغا تېلېفون

قىلدى. ئۇ دەسلىۋىدە بىر ئاز بىئارام كۆرۈنۈۋىدى، ھەي - دېدىم ئىچىمدە، بۇ بىرەر جەمئىيەتنىڭ باشلىقى، بىرەر دەرنەكنىڭ مەسئۇلى ھەل قىلالايدىغان ئىش بولغان تەقدىردە، مىسونخىنغا كەلگەن ئۇيغۇر يىتىمچىلىرى، تاغمۇ- تاغلارغا سۈرگۈن بولۇپ يۈرمەستى. مىسونخىندىكى تەشكىلاتچىلار ئارىلىشىپلا ئىشنى پۈتتۈرگەن بولاتتى. بىردىنلا ئۆمەرخوجا قىقىلداپ كۈلۈشكە، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ: ئىلاھىم، بىرەر ياخشىلىقتىن بېشارەت بولغىيتى - دەپ، تىلەيتتىم كۆڭلۈمدە. ئۇ خوش كەيپ سۆزلەشكەچ، ئالقانچىلىك بىر پارچە قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى خاتىرلەيتتى. ئۇ تېلېفون سۆزلەشمىسىنى تۈگىتىپ: ئابدۇرراھىم كاردېشىم، ئىشىمىز بىتتى - دېدى، مېنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇشال ھەم مەغرۇر ھالدا. ئۇ خاتىرلىۋالغىنىنى بويىچە ماڭا چۈشەندۈردى: ئالدى بىلەن چەتئەللىكلەر ساقچىخانىسىغا بېرىپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك مۇلازىمەت ئىدارىسىغا، تۇرمۇش تەمىنات ياردەم ئىدارىسىغا بىر بىرلەپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ئاخىرىدا دوختۇرغا تەكشۈرتۈش لازىمكەن. ھەتتا مېنى يېنىدا تۇرغۇزۇپ قالالايدىغان بىرسى ئىگە بولسا، لاگىردا تۇرۇش مەجبۇرىيىتىممۇ يوقكەن. لېكىن رەسمىيەتلىك ئادرېسىم لاگىر مەسئۇلىنىڭ ئىشخانىسى بولىدىكەن. دەسلەپكى ئۈچ ئاي، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئىشخانىغا بېرىپ خەت ئالاقە سۈرۈشتە قىلىدىكەنمەن. كېيىنچە قەرەللىك ئايدا بىر قېتىم سۈرۈشتە قىلسام بولىدىكەن. ئەگەر ئادۇكاتىم بولسا، ئۇدۇل ئادۇكات بىلەن ئالاقە قىلساممۇ بولۇۋېرىدىكەن. شەھەردىن ئوتتۇز كىلو مېتىر سىرتقا چىقىشىم چەكلىنىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ دائىرە ئىچىدە نەدىلا تۇرسام بولۇۋېرىدىكەن. ئەتىسىدىن باشلاپ بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق رەسمىيەتلەر پۈتتى. مېنىڭ ئارزۇ قىلىشىم ئەقىلغا زادىلا سىغمايدىغان بىر ئىشتىن(ھەتتا 22 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنمۇ) ھەيران ئىدىم. ئەسلىدە تۈركلەردىن كۈتىدىغىنىم، مېنى تاغ - تۇرا تەرەپكە يوللىماسلىقى ئۈچۈن ۋە مۇشۇ شەھەردە قېلىشىم ئۈچۈن ياردەم قىلىشى ئىدى. بىراق ئۇلار مېنى تاغلىق چوققىلارغا سۈرگۈن قىلىشتىن قۇتقۇزۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن بەلكى، لاگىردىنمۇ ئېلىپ كەتتى. گېرمانىيەدىكى ئىلتىجاچىلار تۇرىدىغان لاگىرىدا ياشاپ باققانلار، ئۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۆمەرخوجا مېنىڭ بەزى رەسمىيەتلىرىمگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بىلەن لاگېرغا بىرگە كەلدى. ئۇ، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ: قېرىندىشىم، سېنىڭ كېبى بىر ئۇيغۇرنى بۇ پىسىلىككە تاشلاپ قويۇپ، مېنىڭ مەسچىتتە قىلغان ئىبادىتىم قوبۇل بولماس؛ ھادى بىرگە كېدەلىم - دېدى. بىز ئىشنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتكە بىرگە كەلدۇق. جەمئىيەتنىڭ بىر قانچە مەسئۇللىرى ئىشخانىغا يىغىلىپ، مەن توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆمەر خوجا جەمئىيەتنىڭ مۇزاكىرىسىنى ماڭا ئۇقتۇردى: بىز قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز؛ قولىمىزدىن كەلمىگەنىدە ئاللاھ بار- دەيمىز؛ ساڭا بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە بەردۇق؛ سەن ئىشلىگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆيگە ئىجارە تۆلەيسەن، ئىشتىن توختىغان مۇددەت ئىچىدە بىكارغا ئولتۇرىسەن؛ ئىشلىگەن مۇددەت ئىچىدە، باققال دۇكىنىمىزدىن يېمەك - ئىچمەكلەرنى پۇلغا سېتىۋالىسەن؛ ئىشسىز قالغىنىڭدا، بىكارغا ئالىسەن؛

سېنىڭ ئىشلىرىڭ پۈتۈپ، سۈرگۈندىن ئەركىنلىككە چىققۇچە، ساڭا غەمخورلۇق قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر: سېنى ھېچ بىر زامان يالغۇز ھەم يات قويمايمىز: ئۆزەڭنى ھەرگىز تۆۋەن ھېس قىلما؛ ئاللاھ ئالدىدا ھەممىمىز تەڭ.

مەن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان، يول ياقىسىدىكى تۆت قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسى، ئارقىدىكى ئىككى قەۋەتلىك مەسچىت بىناسى، ئوتتۇرىدا تۆتيۈز كۋادرات مېتىرچە ھويلا، مەسچىت بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق باغچە مۇشۇ تۈرك جەمئىيىتىنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار بىر مىليون تۆتيۈز مىڭ ماركقا سېتىۋالغان ئىكەن. (مارك شۇ چاغدىكى گېرمان پۇلى بولۇپ، بىر مارك ھازىرقى يېرىم ئۆيروغا تەڭ) تۆت قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىدا ئىجارىچىلەر ئولتۇرىدىكەن. بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىنى بالىسىزلارغا، بويتاقلارغا قولايلاشتۇرۇپ، بىر ئېغىزلىقتىن ئايرىپ ياسىغان ئىكەن. ئىككى قەۋەتلىك مەسچىت بىناسىنىڭ يەر قەۋىتىدە، جەمئىيەتنىڭ ئىشخانىسى. تەتىل ۋە ھەپتە ئاخىرلىرى دىنىي ئوقۇش ۋە تۈرك تىلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن. مەكتەپ بالىلىرى قونۇپ قالىدىغان ياتاقخانا. ھاممام، خالاجاي، باققال دۇكىنى باركەن. يۇقىرى قەۋىتىدە ئەرلەر مەسچىتى، ئاشخانا، ئىمام ئىشخانىسى، ئاياللار مەسچىتى باركەن. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى بۇلارنىڭ بىر ئەزاسىدەك ھېس قىلدىم. ھەپتىدە بەش كۈن، ھەر كۈنى كەچ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سائەت ئەتراپىدا، ماڭا گېرمانچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىمگە، بىرسى مەخسۇس ياردەملىشىدۇ. مەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان مۇھىم سۆزلەرنى تۈركچە تەييارلاپ تۇرىمەن. ماڭا ياردەملىشىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈرك قېرىنداش كېلىپ، ئۇ سۆزلەردىن گېرمانچە جۈملە تۈزۈپ چىقىدۇ - دە، دىئالوگ قىلىشقا باشلايمىز.

بىركۈنى ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىرەر كىتابچە چىقىپ قالسا - دېگەن ئارزۇدا، كىتابخانىغا بېرىپ ئىتتىملاپ يۈرۈپ، تىبەتكە ئائىت، ئالقانچىلىك بىر كىتابنى تاپتىم. بىر نەرسىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئوقۇيمەن. ئىسىملار، يىلنامىلەرنى باغلاشتۇرۇپ، تىبەت توغرىسىدا ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىككى ئايدەك شۇنداق داۋاملاشقاندىن كېيىن، جەمئىيەت مەسىئۇللىرى ساپال بۇيۇملار ئىشلەپ چىقىرىپ، ساتىدىغان كىچىك بىر شەخسى فىرمىدىن ئىش تېپىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئىشلەپ، جېنىمنى ئۆزۈم بېقىپ كەتتىم. ئۈچ يېرىم يىلغا يېقىن ھاياتىم مۇشۇلار بىلەن ئۆتتى. مۇشۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، گېرمانىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىشلىدىم. بارغانلا شەھەردىكى تۈرك جەمئىيەتلىرى ماڭا ئىگە بولاتتى. ئىشتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلاردا قەھۋەخانا، چايخانا، مەسچىتلەردە ئۇتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان تۈرك قېرىنداشلار بىلەن سۆھبەتلىشىمەن. ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئۆتمۈشلىرىنى ئاڭلايمەن. ھازىرقى نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرىمەن.

گېرمانىيىگە تۈركلەر 64. يىللىرىدىن باشلاپ ئىشچىلىق توختامى بىلەن كەلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، يىراق سەھرالاردىن، تاغلىق نامرات رايونلاردىن كەلگەن بولغاچقا، ئاساسەن ساۋاتسىز ۋە تۆۋەن باشلانغۇچ مەلۇماتلىقلار ئىكەن. مەن بۇ كۆچمەن ساۋاتسىز ئىشچىلارنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەيران قالاتتىم. ئىقتىسادى جەھەتتىن

يۈكسىلىش، ئىجتىمائىي جەھەتتىن كوللېكتىپلىشىش، سىياسىي جەھەتتىن ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرى ئورۇنلاردىن ھالقىپ، مەركىزى پارلامېنت ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتلەرگە يامىشىش، ھەر تەرەپتىن قارىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تېخى «33 يىللىق كۆچمەن خەلق» ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنچىلىكى قالمىغان. مەن يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا، كۆپىنچە ئويلىنىدىغانلىرىم، 64. يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار بىلەن، دەل شۇ يىللىرى گېرمانىيىگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەرنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە بولاتتى. ئارىلىرىدىكى بۇ قەدەر چوڭ پەرقنىڭ سىرىنى يېشىشكە، سەۋەبلىرىنى تېپىشقا، ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتىم. ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى قىسمەت ئوخشاشلىقى پەقەت يىلناملا ئىدى. ئوخشاش ۋاقىتتا ئۆز ۋەتىنىدىن يىراق ئەللەرگە كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە جەھەتتىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھاللىق، يۇقىرى سەۋىيەلىك، مىللەت سۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر مۇنەۋۋەر، كۆپىنچىسى شەھەر ئاھالىسى ئىدى. گېرمانىيىگە كۆچكەن تۈركلەر نامرات، ساۋاتسىز، ۋەتەن مىللەت بىلەن ھەپىلەشكىدەك ھالى يوق، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە، بەش تۆت تەڭگىنىڭ قايغۇسىدا يۇرتىنى، ۋەتىنىنى، مىللىتىنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، ياتلارنىڭ يېرىگە كەتكەن تاغلىق، سەھرا - قىشلاقلاردىن ئىدى. ئارىدىن 33 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئىككى كۆچمەن مىللەت ئارىسىدىكى تەتۈر نىسبەت كىشىنى ئويلاندۇراتتى. ھەر بىر چۈشىنىكسىز مەسىلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولۇقسام، خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇسلۇبۇم بويىچە، جەمئىيەتشۇناستەك، مىللەتشۇناستەك ئىزدىنەتتىم. سوئاللارنى تېزىس قىلىۋېلىپ، جاۋابىنى سۈرۈشتۈرەتتىم. تېزىستىكى بوشلۇقنى تولدۇراتتىم. پەرقلىق كىشىلەر بىلەن پەرقلىق ئېقىم مەنسۇبلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق پاكىتلىق، ئىلمى جاۋابقا ئېرىشىشكە تىرىشاتتىم. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن گېرمانىيىگە كۆچكەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى نەتىجە پەرقىگە كۆرسىتىلىدىغان باھانە، سەۋەبلەرگە كۆپىنچە ئۆزەمنىڭ تەھلىلىم بىلەن قانائەتلىنىشكە مەجبۇر ئىدىم. ئۇ چاغلاردا بايقىغانلىرىمنى، كۆز - قاراشلىرىمنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن، ھازىرقىدەك ئېلېكترونلۇق تېخنىك ۋاستىسى بولمىغاچقا، بېشكەكتىكى «ۋىژدان ئاۋازى - ئىتتىپاق»، ئالمۇتىدىكى «ئۇيغۇر ئاۋازى، يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە، ھەرخىل نام، تەخەللۇسلار بىلەن تەقدىم قىلىپ تۇراتتىم. قىسقىسى بۇ ئىككى قېرىنداش مىللەت كۆچمەنلىرىنىڭ قىسمەتلىرىدە، بۈگۈنكى تەتۈر نىسبەتلىك پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا رول ئوينىغان ئامىللارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار، بۇ قىسمەتنى ئۆزلىرى خالاپ تاللىۋالمىغان. ئۇلار باسمىچى دۆشمەننىڭ زورلىشى بىلەن، سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن ئەللەردە، رۇس ھۆكۈمرانلىقىدىكى، كوممۇنىستىك زۇلۇم ماشىنىسى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، ئېتىقادىغا، روھىغا كىشەن سالغان. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى قول قىلىنغان. ماشىنا قىلىنغان. ئۇلارنىڭ روھلىرى تەنلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. رۇس ھۆكۈمرانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى قايتا

قۇرۇش ئۈچۈن، ئاران 4 يىللىق، قىسقا مۆھلەتتىن كېيىن، خىتاينىڭ نازارىتى، خىتاينىڭ يىراقتىكى قوللىرى ۋە قوللىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىدارىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما گېرمانىيىگە كۆچكەن تۈركلەر، ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كۆچكەن. ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىپ قالسىمۇ، ئۆز دۆلىتى ئىگە بولۇپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپلىشىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈشلىرى ئۈچۈن، تۈركىيە دۆلىتى يول كۆرسىتىپ، كېرەكلىك خادىملار بىلەن، ماددى ۋە مەنىۋى ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئۇلارغا مەسچىت ئېلىپ بەرگەن. دەرنەك، قەھۋەخانا، ئاشخانا، تاماشا ئورۇنلىرى ئېچىپ ياردەم قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈكسىلىشلىرىگە يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇلار كەلگەن دۆلەت بولسا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئىلغار ئەللەرنىڭ ھىمايىسى، يېتەكلىشى ۋە ئىدارىسى ئاستىدىكى دېموكراتىك غەربى گېرمانىيە ئىدى. بۇ ئىككى كۆچمەن ۋە قېرىنداش خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر نىسبەتلىك، ئاسمان - زېمىن پەرقلەرنىڭ پەيدا بولىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر، ئۇلارنىڭ قىسمىتىدە رول ئوينىغان ئامىللار بولسا، ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان سىياسى، ئىجتىمائىي مۇھىتلار ئىدى. بۇ ئىككى كۆچمەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، يەنە بىر سېلىشتۇرمىدىن كېلىپ چىققان سوئالغا، مەن جاۋاب تاپالمىغان ئىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر بىر ئۇيغۇر: مۇشۇ كۈنلەرگە يۈزمىڭ شۈكرى - دەيتتى. ئەمما گېرمانىيەدىكى ھەر بىر تۈرك: تۈركىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، بىزنى خەجلىدى؛ بىزمۇ نادان بولغاچقا خەجلىنىپ كەتتۇق ؛ «پۇلنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپتۇق، ئەۋلادلارنى يوقاتتۇق» - دېيىشىپ خورسىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار خۇدانىڭ ھەر بىر كۈنگە شۈكۈر ئېيتىپ، تىنچلىق، ئامانلىق، ئائىلىگە، مەھەللىگە بەرىكەت تىلەپ، يوقسۇللۇققا قانائەت قىلاتتى. گېرمانىيەدىكى تۈركلەر: بىز نېمىشقا بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلالمايمىز؟ بىز نېمىشقا بۇ دۆلەتتە چەتئەللىك ھېسابلىنىمىز؟ بىز نېمىشقا خەلقئارالىق چوڭ تىپتىكى تىجارەتكە، زامانىۋى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئىگە بولالمايمىز - دەپ، قاقشايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا خىتاي پۇل بىلەن، غەربلىك دىن بىلەن، يەرلىك مىللەتلەر كۈچ بىلەن خىرىس قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنى قوغدايدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار كۈندىلىك مەشغۇلاتلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئاياۋاتقاندەك ھېس قىلدۇراتتى. ئەمما گېرمانىيەدىكى تۈركلەر ئۆز قورغىنى ئىچىدە، تاشقى خىرىسلاردىن قوغدىنىپ تۇرسىمۇ، ئەۋلادلىرىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن ۋايىم يەتتى. ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، دىنى ئەقىدىسى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، مەدەنىيىتى، مىللى كىملىكى، كىشىلىك ئەخلاقى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ قاقشايتتى. مەن تۈرك جەمئىيەتلىرىدە ئۈچ يېرىم يىلدەك تۈركچە ياشاپ، تۈركلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىگىلىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن، گېرمانىيەدىكى تۈركلەرنىڭ قىسمەتلىرىدىن، نەتىجىلىرىدىن نۇرغۇن نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەرگە ئىگە بولدۇم. ئۆزۈمنى سۈرگۈندىكى بىر تەلەيسىز بىچارە ئەمەس، بەلكى بىر قەرەل ئىجتىمائىي پەن كەسپىنى تامامىلاپ، يەنە بىر جەمئىيەتكە تەدبىقلاشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان، ئۈتۈقلۇق بىر كىشىدەك ھېس قىلدىم. سىياسى پانالىق تەلىپىم، تەكرار

قاراپ چىقىلىپ، قوبۇل قىلىندى. دائىملىق نوپۇس ۋە ساياھەت پاسپورتى ئېلىپ، سۈرگۈندىن چىقتىم. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتمىدىم. تۈرك جەمئىيىتىدىكى يېقىنلىرىم بىلەن ۋىدالىشىپ، ھالاللىشىپ، 2000. يىلى 22. ئاۋغۇست ميونخېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچۈپ كەلدىم.

3. مەن سۈرگۈندىكى چاغلاردىمۇ، ئارىلاپ ميونخېن شەھىرىگە كېلىپ، نامايىشلارغا، تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەت، يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ تۇرغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئادەم سانى ئانچە كۆپەيمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەشكىلاتتىن يەنە بىرسى كۆپەيگەن ئىدى. يەنى ئىستانبۇلدىكى «شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» نى 99. يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا، ميونخېن شەھىرىگە يۆتكەپ كەلگەن ئىدۇق. ئۇنىڭغا قېتىلىپ كېتىشى زۆرۈر دەپ قارالغان ئىككى تەشكىلات (ياشلار قۇرۇلتىيى، شەرقى تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى) قېتىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «مادا تاپ تالاشقاندەك» ، ميونخېن شەھىرىدىكى بىر ئوچۇم ئۇيغۇرلار، قىسقىسى پۈتۈن گېرمانىيەدىكى يۈزگىمۇ يەتمەيدىغان ئۇيغۇرلار، مادالارنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالغان تاپتەك، تىتما كاتاك بولۇپ كەتكەن ئىدى. تىل بىلمەسلىك، يول بىلمەسلىك، نېمە قىلىشنى تېخى بىلمەسلىك، ھۆكۈمەت تەرەپتىن رەت، باشلىقلار تەرەپتىن دەرت تۆپەيلى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغان، تېڭىرقاپ يۈرگەن، ئىشلەش رۇخستى يوق، ئادۇكاتقا بوغۇلۇپ كەتكەن، غەم ئەندىشە، سان - ساناقسىز بولۇمسىزلىقلار، ئۇنىڭسىزمۇ لېپىدىنلا شۇنچىلىك بىغەم ئادەملەر بولغاچقا، مانا ئەمدى تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ھاراق ئىچىپ

ئىشتانغا چىچىپ، ئۇيغۇرنى سېستىپ، تويلىشىپ مۇشتلاش، ماجىرا، رايون ساقچىلىرى، سوتچىلار مۇشۇ «بىر توپ ياۋايى خەلق» بىلەن ھەپىلەشكەن. ئەيۋاھ بۇلار، گېرمانىيىلىكنىڭ ئۇيغۇرغا قارايدىغان پەنجىرىسى ئەمەسمىدى!

مەن ۋەتەندىن چىقىپ كېتىپ، مۇشۇ كۆنلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا گېرمانىيەدىكى كۆچمەن تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى كۆردۈم ۋە ئۇلار بىلەن يىللاپ بىرگە بولدۇم. ئەمدى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كىردىم. سېلىشتۇرمنى، پەرقلەرنى ئوچۇق دېيىشكە تىلىم ئۇنىمايتتى، رايىم بارمايتتى. «كېسەك خام پېتىم قېلىپ چىقىپ بولغان». چوڭلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق بولاتتى. شۇڭا كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش كېرەك. مېيونخېن شەھىرىدە ئۆزى يالغۇز ئۆسمۈر باللارنى تەربىيىلەيمەن دەپ، چېپىپ يۈرگەن ئالىمجان مەمەتكە مەدەت بېرىشنى لايىق كۆردۈم. بىر باشتىن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىش - كۆچلىرىگە ياردەملەشسەك، بىر ياقتىن كىچىك باللارغا مۇسۇلمانچىلىقتىن، ئۇيغۇرچىلىقتىن تەلىم بېرىدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلدۇق. بىراق باللارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىمۇ بىرەر تەشكىلاتنىڭ يېنىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇپ كېتىدىكەن. قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق ئەمما ئالەمچە ئۇپراش، قوساق كۆپۈكى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئالدىغا «دىنى كومىتېتى، مائارىپ مەدەنىيەت كومىتېتى» بولغاچقا، كوللېكتىپنىڭ دىنى، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمۇ تەپرىقچىلىككە قاراپ ماڭغان.

بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ راۋاجلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالمسا، كېيىن ئۇڭشاپ بولغۇسىز نەتىجە كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. بولۇپمۇ بىزنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىمىز - ئانا تىل بىلەن دىنىغا زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، بۇ ساھەنى چىڭ تۇتۇش ھەم كەڭ ئامممنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش بەك مۇھىم. ھازىرقىدەك، ھەر تەشكىلات ئۆز ئالدىغا دىنى مەسلەك قۇرۇۋالسا، ئەھلى ئىلمى، قارىيلارنى يېتىلەپ، ئۆز تەشكىلاتىنىڭ پروگراممىسىغا بويسۇندۇرىۋالسا، ئۇلارنى«سىياسى كېڭەشنىڭ موللىسى» غا ئوخشىتىپ قويسا، ئۇلارنىڭ يۈز - ئابرويلىرىنى، كەلگۈسىدە تىكلىنىدىغان نوپۇزلىرىنى ھازىردىن باشلاپ خەجلىۋەتسە بولمايتتى. ئون يىلدىن كېيىنكىلەرنى، يىگىرمە يىلدىن كېيىنكىلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، تەشكىلاتلارنىڭ بەت خەجلىكىگە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان، بىر قانچىلا دىنى كىشىلەرنى ئاسراپ قالمساق بولمايتتى. شۇڭا ھازىرغىچە توپلىغان تەجرىبىلىرىم ۋە ئۆزەمنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تەسەۋۋۇرۇمنى بىرلەشتۈرۈپ، قىسقىچە پىلان تۈزدۇم. ھەر قايسى تەشكىلاتلاردا ئىسراپ قىلىنىۋاتقان، ياش قارىملار بىلەن پىكىرلەشتىم. ئۇلارنىڭ ماقۇللىقى بىلەن، قىسقا بىر يازمىچە ئىلتىماس تەييارلاپ، تەشكىلاتلارغا سۇندۇم. ئىلتىماستا: «ئەھلى ئىلمى، قارى قۇرئان كىشىلەرنى ھەر قايسى تەشكىلاتتا ئىسراپ قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ جامائەتلەرنى دىنى، مىللى، ئەخلاقى تەرەپلەردە يېتەكلىشىگە تەشكىلاتلار رۇخسەت قىلىشى، جامائەتچىلىكنىڭ دىنى ئىشلىرىنى تەشكىلاتتىن خالى، دىنى زاتلار گۇرۇھى ھەل قىلىشى، تەشكىلاتنىڭ كەڭ ئامىمغا چۈشىدىغان ئېھتىياجلىرىدا دىنى زاتلار ھەمكارلىشىپ، ئاممىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشى...» قاتارلىق، تەلەپلەر ئەسكەرتىلدى. بىراق مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان ئەپەندىدىن باشقا، ھېچ قايسى تەشكىلات ئىنكاس قىلمىدى. ئەنۋەرجان ئەپەندىنىڭ ئىنكاسى: «مەن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئۆزۈمنى كۆرسەتكەندە، تەشكىلىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن - دەپ، ۋەدە بەرگەنتىم؛ ھازىرغىچە نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى يەرلىك تەشكىلاتلارنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ قوينىغا كىرگۈزگەن بولساممۇ، ئەپسۇس مىيونخىندىكى تەشكىلاتلارغا پىچىقىم كەسمىدى؛ بۇ ئىشلارنى ئۆزەڭلار بىلىسىلەر؛ شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ شەھەردە يەنە بىر ئايرىم گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەس؛ بولۇپمۇ بىزنى ئەندىشىگە سالىدىغان يەنە بىر نەرسە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق تەشكىللەنگەنلەر ئارىسىدىمۇ، دىنىي ئېقىم بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان؛ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس، لېكىن كەلگۈسىدە مىللەتنىڭ بېشىغا قانداق بالا - قازا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىر نەرسە دېمەك قىيىن؛ شۇڭا بۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ دىنىي گۇرۇپ قوراشتۇرۇپ چىقىشىڭلارنى مەن قوللىيالمايمەن؛ خالىساڭلار مىللىي قۇرۇلتاينىڭ دىنىي ئىشلار كومىتېتىنى راۋاجلاندۇرۇڭلار.» - دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

مىيونخىن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ياراملىق، كېرەكلىك، ئەخلاقلىق كەلگۈسى ئەۋلادنى كۈتۈش ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ ساغلام بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت، ئىناق بىر كوللېكتىپ شەكىللىنىشى، يېقىن كېلەچەكتىكى ۋە ھازىر يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇشى تەلەپ

قىلىناتتى. بىراق بۇ شەھەردىكى تەشكىلاتلار ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى قانداق شەكىللەندۈرۈش، سىياسىي تەشكىلاتنى قانداق ئىدارە قىلىش جەھەتتە تەجرىبىسى يوق، بىرسى يەنە بىرسىدىن يوقسۇل، ئۆركىگەك، گۇمانخور، ھەسەتخور ئىدى. ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئەبگالىق ھالىغا باقماي، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى، سىياسىي مەركىزىدەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى بىر ئېچىنىشلىق ئىدى. خالىس بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ياكى خالىس بىر پىلان، تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئۆزىلا: خەتەرلىك - دېگەن تامغىنىڭ بېسىلىشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولاتتى. تەشكىلاتچىلارنىڭ بېقىنىغا كىرىۋالماي، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماي، ئۇلارنىڭ چاپارمىنىگە ئايلىنىپ قالماي، سىرتتىن كۆرەلەيدىغان كىشىگە نىسبەتەن: بۇ تەشكىلاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشىنى قىلىۋاتامدۇ، ياكى ئۇيغۇرلارنى مۇشۇنداق قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كولدۇرلىتىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، خىتاينى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋەزىپىلىك خادىملارمىدۇر؟ - دېگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. «بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ» دەيدىغان گەپ باركەن، گېرمان خەلقىدە. بۇ يەردە سېسىۋاتقان، كۆچمەن بىر خەلقنىڭ يات ئەللەردە سېسىپ كېتىشىگە سەۋەب ھازىرلاۋاتقان «سېسىق باشلار» بار ئىدى. ئۇلارنى بىر ياقلىق قىلمىغۇچە، سېسىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا بىز، ئۇششاق باللارنى ئوينىشىغا تاشلاپ قويۇپ، «سېسىق باشلار» نى ئوگشىماقچى بولدۇق. ياشلار قۇرۇلتىيى بىلەن، مىللىي قۇرۇلتاينى بىرلەشتۈرىۋەتسەك، سېسىقچىلىق پەسىيەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت ئارامىغا چۈشەتتى. بۇ مەقسەتتە يىللاپ تىرىشتۇق. تىللاشتۇق. قىستىدۇق. ياشلار قۇرۇلتىيى بىرلىشىش سۆھبىتىگە ئۈچ نەپەر ۋەكىل چىقاردى. مەن مىللىي قۇرۇلتاي تەرەپتىكى ئۈچ نەپەر ۋەكىلنىڭ ئىچىدە ئىدىم. ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ شەرتلىرى بويىچە: «ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ رەئىس بولۇشى، بىرلەشكەن تەشكىلاتنىڭ نامى ھازىرقىدەك «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتالماسلىقى، بىرلەشمە سايلام يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانى، ھەر ئىككىلى تەرەپتىن تەڭ نىسبەتتە تۇرغۇزۇلۇشى»... ماقۇل كۆرۈلدى. 2004. يىلى 12. ئاپرېلدىن باشلاپ، ئاتالمىش« بىرلەشمە تەشكىلات يىغىنى» يەڭ ئىچىدە ئىشنى پۈتتۈردى. 19. ئاپرېل «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئېلان قىلىندى. بىز بۇلاردىن ھېچ قانداق ئىلگىرىلەش، نەتىجە كۈتمىسەكمۇ، ھامان بىر كۈنى بۇ ئىشنى يېتەكلەيدىغانلار چىقىپ قالىدۇ؛ بىز مۇشۇ بىرلىك پۇرسىتىدە ئۆز ئىشىمىزنى يولىغا سېلىۋالايلى- دېدۇق. قۇرۇلتاينىڭ دىنىي ۋە مائارىپ كومىتېتىدە ۋەزىپە ئالغانلار بىلەن، يەنە ئەۋلاد تەربىيەسىنى باشلىدۇق. بىراق دىنىي دەرس ئۆتىدىغان قارىملار: دەرنەكنىڭ دېرىزىلىرىگە، ئىچىپ بولغان ھاراق بوتۇلكىسىنى تىزىپ قويىدىكەن؛ ھەر يەكشەنبە ئەتتىگىنى كېلىپ ساقلايمىز سائەتلەپ، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدىغان ئادەم يوق؛ كۆپىنچە كىچىك باللارنى ئېلىپ كەلگەن ئاتا- ئانىلار كوچىدا ساقلاپ تۇرۇپ، رەنجىپ كېتىپ قېلىۋاتىدۇ؛ بىز بۇنداق ئىشتىن بىزار بولدۇق - دېيىشىپ شىكايەت قىلغىلى تۇردى. قويىنىڭ قوزىسىدەك سەۋرىلىك ئالىمجان مەمەت، ئاتا - ئانىلارغا سۆھبەت قىلىپ بېرىشىمنى

تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. ھەر يەكشەنبە دېگۈدەك ئاتا - ئانىلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئورتاق تەلەپلىرى بولسا: «باللارنى تېز سۈرئەتتە قۇرئان ساۋاتلىق، ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋاتلىق قىلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھەر يەكشەنبە دەرنەككە بالا توشۇپ زېرىككەن، شۇڭا قانچە تېز ساۋات چىقارسا شۇنچە مەمنۇن بولاتتى.» ئاتا - ئانىلار توشۇيدىغان، بەش ياشتىن ئون ياشقىچە كىچىك باللار بولۇپ، ئون ياشتىن ئاشقاندا، ئۆزلىرى كېپ كېتەلەيتتى. دۆلەتلىك مەكتەپكە، يەسلىگە ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ھەپتىدە بەش كۈن بالا توشۇيدىغان ئاتا- ئانىلار ھەپتىدە بىر كۈن، يەكشەنبە سائەت 11 دە باللىرىنى مۇسۇلمانلىقا، ئۇيغۇرلۇققا توشۇشنى ئېغىر كۆرەتتى. ئاتا- ئانىلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرىگە كۆپىنچە مەن چۈشەنچە بېرەتتىم. ئۇلارنىڭ: ئۈچ ئاي بولۇپ كەتتى، باللىرىمىزنىڭ قۇرئان ساۋادى چىقمىدى تېخىچە - دېگەن شىكايەتلىرىگە: ئۈچ ئايدا 12 قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 سائەت، جەمى 48 سائەت، باللىڭىزنىڭ دىن ئۆگىنىشىگە، ئۇيغۇر بولۇپ چوڭ بولۇشىغا 48 سائەتنى ئارتۇق كۆرسىڭىز، كېيىن باللىڭىز قولدىن چىقىپ كەتكەندە، 48 يىل پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ ئارقىغا قايتمايدۇ - دېگەندەك، تەسەللى بېرەلەتتى. بىزنىڭ پىلان ۋە ئارزۇيىمىزچە بولغاندا، باللار ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 15 ياشنى تۆگەتكۈچە، ئانا تىل ۋە دىنى ئوقۇشنى توختاتماسلىقى كېرەك ئىدى. قىزلار ئوغۇللار ئۆز - ئارا تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالغاندا ياتسىرىمايدىغان، بىر بىرىدىن قاچمايدىغان بولۇشلىرى، دىنى ۋە مىللى ئۇۋىدا ئۇچۇرما

بولۇشلىرى لازىم ئىدى. ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدىن ئۆزلىرىگە لايىق تېپىشلىرىگە، ياشلار چوڭلاردىن يېتىرقىمايدىغان، بىر ئۆم بولالايدىغان، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدا، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن، قايناق مەركىزى بولۇپ قالىدىغان مىيونخىن شەھىرىدە، تىپىك بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قەد كۆتىرىشىنى كۈتەتتۇق. ياۋروپا ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ ئېرىتىش كۈچىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ماھارەتكە، ماددى، مەنىۋى يار - يۆلەككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئويلىنىپ باقمايتتى. ئۇلارچە بولغاندا بالىلار، ئەۋلادلار ئاپىسى ئېتىپ بېرىدىغان لەگمەننى يەپلا، ئۇيغۇر بولۇپ چوڭ بولۇۋېرەتتى. ئۆزلىرىنىمۇ ھېچكىم تەربىيلەپ كەتمىگەن، يەنە ئۇيغۇر بولۇپ چوڭ بولۇشقان ئىدىغۇ! بەزىلەرنىڭ شىكايەتلىرى قۇلىقىمغا يېتىپ قالاتتى: ھەجەپ غايىبقا سۆزلەيدىكىنە، خۇددى بىر دىپلوملۇق پەيلاسوپلاردەك؛ بىزمۇ ھەر چوڭ يەرلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان؛ بالىنى قانداق تەربىيلەشنى ئوبدان بىلىمىز؛ گەپنى دەۋرگەنگە ھېسابمۇ؛ ئۆزىنىڭ نەمۇ - نەدە تاشلاپ قويغان بالىلىرىنىڭ غېمىنى قىلماي، ئاينىپ كېتىدىكەن، ھە دەپ قويسا.

يات مەدەنىيەتنىڭ بىزدەك كۆچمەن، ئاجىز مىللەتلەرنى قانچىلىك تېز ئېرىتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاقتىمدا، ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيەدىكى تۈرك جەمئىيىتىدە تەتقىقات دەرىجىسىدە بىلگىنىم ھەم ئەمەلىيەتتە كۆرگىنىم ئۈچۈن، بولۇپمۇ ياۋروپا ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ سىڭدۈرۈش، ئېرىتىش كۈچىنى تونۇپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئەگەر ھازىردىن ئېتىبارەن ئۆسمۈر بالىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلىنى قۇرۇپ چىقمىساق، مۇشۇ كۆز ئالدىمىزدا ئويناپ، كۈلۈپ يۈرگەن

باللىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتىم.
ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىدە ئەقىدە كۈچىدىن قالغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق تارىخقا ئايلانغان؛ چوڭلار، كىچىكلەر پەرقى يوقالغان؛ نىكاھ - ئىددەت پەرزلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن؛ ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ ھالال - ھاراملىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن؛ ئائىلە تۇرمۇش قۇرۇشتا مىللەت تەۋەلىكى چېگراسى ئېلىنىۋېتىلگەن؛ ئون ئىككى ياشتىن باشلاپ قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر تەكىيگە باش قويىشى تەبىي ھوقۇق دەپ چۈشىنىلىدىغان؛ ئون ئالتە ياشتىن باشلاپ ئۆي تۇتۇش، تۇرمۇش قۇرۇش يولىغا قويۇلغان؛ بالامنى قانداق باقارمەن - دېگەن ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن؛ قورساقتىكى بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئاتىلىق ئەۋرىشكە ئارقىلىق مۇقىملىنىدىغان؛ دادا كىم بولسا، خوتۇن شۇنىڭغا قالىدىغان؛ ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ تولۇق كۆنۈكلەشكەن ئاجايىپ بىر مەدەنىيەت. بۇنى بىزنىڭ ئۇيغۇرلار، «دىپلوملۇق زىيالىيلار» ھەرگىز بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى تېخىچە ئېچىلمىغان. ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان، ئەۋلاتلىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان بۇ مۇھىتنى كۆرەلمىگەن ئىدى. باللار 15 ياشتىن باشلاپ فىزولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە قەدەم باسىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئوي خىيالدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى بىر قەدەر تارتىنچاق، قىزلارغا ئېتىلىپ تۇرمايدۇ. - ئاپا قىز دوستۇمنى ئۆيگە باشلاپ كېلىمەن، مېنىڭ بىلەن قونۇپ قالىدۇ؛ بىزنى بىئارام قىلمايسەن - دېيەلمەيدۇ. ئەمما ياۋروپا ئوتتۇرا مەدەنىيىتىگە ئائىت مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئوغۇللىرى چاپقاق، چىقىشقاق، شوخ كېلىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن قىز -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوغۇللار ئارىسىدىكى تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھالال- ھارىمى بولمايدۇ. ئۆيگە قىزلارنى باشلاپ كەلسە، قونۇپ قالسا، ئاتا - ئانىسى ئوغۇللىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى سۇرگۇندىكى چاغلىرىمدا تۇركلەردىن كۆپ ئاڭلىغان ۋە يات خەلقنىڭ ئوغۇللىرىغا قىزلىرى كېتىپ قالغان، تۇرك ئاتا - ئانىلارنىڭ دەرت - ھەسرەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ «پۇلنى تاپتۇق، ئەۋلادلىرىمىزنى يوقاتتۇق» دېگەن ۋايىم يېيىشلىرىنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇشۇ بولسا كېرەك. ميونخىندىكى ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارغا مىساللىرى بىلەن سۆزلەپ بېرەتتىم، مەيلى ئۇلار خاپا بولسىمۇ. باللارنى ساقلاپ قېلىش ۋە كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتۇق. بەزىدە كۆڭۈللۈك، بەزىدە تېڭىرقاش بولۇپ تۇرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلاردىن شىكايەت ئاڭلىدىم. ھەر يەكشەنبە مۇنتىزىم ئوقۇيدىغان باللاردىن كىشى بېشىغا ئايدا 20 ئويرو، ئاندا - ساندا كېلىدىغان باللاردىن ھەر قېتىم كەلگىنىگە 10 ئويرو ھەق ئالىدىغان قائىدە چىقىرىپتۇ. مەن ئوقۇتقۇچى مالىم، قارىملاردىن سۈرۈشتۈرسەم، قۇرۇلتايدىن شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈپتىمىش. سۇ پۇلى، توك پۇلى، تازىلىق پۇلى، قوراش پۇلى - دېگەندەك. ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆركىدى - ئالىمجان مەمەتىنى تاپتىم. ئۇمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن: باللار توك ئىشلەتمىسە، سۇ ئىشلەتمىسە، تاماكا چېكىپ مۇھىتنى بۇلغىمىسا، ئەكسىچە كىملەر ھاراق ئىچىپ، كىملەر تاماكا چېكىپ بۇلغىۋەتكەن دەرنەكنى سىلەر، باللار ھەر يەكشەنبە تازىلايدىغان تۇرساڭلار. بۇ زادى قانداق ئۆكتەملىك! ئالىمجان

مەمەتكە ۋارقىراپ تاشلىدىم. - بەلكىم دەرنەكنىڭ ئىجارىسىگە قىستىلىپ قالغانمىكىن - دېۋىدى، مەنمۇ جىمىپ قالدىم. (مۇشۇ چاغلاردىن يىللار ئاۋۋال «NED» ۋەقفى قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن خىراجىتى، سېكرېتارنىڭ مائاشى بولۇپ، يىلىغا 185 مىڭ دوللار ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بۇ ئىشتىن يەڭ ئىچىدىكىلەردىن باشقىلارنىڭ خەۋىرىمىز بولمىغاچقا) كېيىن ئاتا - ئانىلارغا قۇرۇلتاي ئىجارىسىنىڭ ئەھۋالنى چۈشەندۇردۇم. بىراق بىزنىڭمۇ تۇرلۇك يۈكلىرىمىز شۇلارنىڭ بەزىسىگە يۈكلىنەتتى. قىرغىزىستان تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، «ب د ت» بىناسىدىن «د ئۇ ق» غا ئىشخانا تۇتۇش، ۋاشىنگتوندا «ئۇيغۇر ئۆيى ئېلىش» قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ بىر ئۇلۇش يۈكىنى مۇشۇ ئاق كۆڭۈل مۆمىن بەندىلەر كۆتۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا باللار بىر- بىرلەپ تېزىپ كەتتى. مەكتەپ توختىدى. بىزمۇ قۇرۇلتاينى ھمايە قىلىش ۋە رابىيە خانىمنى قۇرۇلتاينىڭ ئىچىدىكىلەردىن قوغداش بىلەن بەند بولۇپ كەتتۇق.

4. ئاردىن ئۇچ يىلدەك ئۆتۈپ كەتتى. 2010. يىلى ئىيۇل بىزنىڭ «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» دىن بىر ھەيئەت ئىستانبۇلدىكى «مائارىپ جەمئىيتى» نىڭ يىللىق سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتۇق. ئەرەب، تۈركلەردىن ھەرساھە كەسىپ ئەھلى پروفېسسورلار، دوكتورلار، ئۇيغۇرلاردىنمۇ دوكتور، زىيالىيلار، ياش ئۆلىمالار خىلە ئوبدانلا قاتنىشىپ قويىدىكەن. ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ۋە تەنقىدى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، تۈرك ۋە ئەرەب مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكلىپلىرى ھاياجانغا سالدى. ھەرقايسى

ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئورتاق پىكرى، يەنىلا ئەۋلاد تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە مەۋجۇتلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرى شەرتى، ئەۋلادلارنىڭ ھەم ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلمان بولۇپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىش، شۇ توغرۇلۇق خىزمەت ئىشلەش تەشەببۇس قىلىندى. بىز«مۇزلۇق شەھەر» گە قايتىپ كېلىپ، بىر تۇركۇم جامائەتچىلىككە ئىستانبۇل يىغىنىنى دوكلات قىلدۇق. قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىلا ئەۋلاد تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا تەلەپ، پىكىرلىرىنى ئېيتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن، مەكتەپ ئاچىدىغان بولدۇق. ئايرىم يەر تۇتساق ئىجارە قىممەت. شۇڭا قۇرۇلتاينىڭ زالىغا مۇۋاپىق ھەق تۆلەپ، شۇ يەردە بېجىرەيلى دېيىشتۇق. بۇ جامائەت ئىچىدە قۇرۇلتاينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەپتىش ياردەمچىسى نۇرمەمەت روزاخۇن، دىنى ئىشلار كومىتېت باشلىقى تۇرغۇنجان ھاجىملار قاتارلىق يەنە بىر قانچە نەپەر قۇرۇلتاي كادىرلىرىمۇ باتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئىلتىماسىنى شۇلار ئارقىلىق قۇرۇلتايغا يوللىدۇق. لېكىن قۇرۇلتاينىڭ زالىدا ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، زېمىن ئىگىسى كۆچۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى دېگەندەك، جاۋابنى ئالدۇق. كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شەنبە، يەكشەنبىلىك مەكتەپ ئىجارىگە ئالدۇق. يەسلى بۆلۈمى، قىزلار بۆلۈمى، ئوغۇللار بۆلۈمى، ئاشخانا، خالا خاي تولۇق يېتەرلىك، ئوغۇللار ئۇچۇن پۇتبول مەيدانى بار، ئاتا - ئانىلار سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرىدىغان گۈزەل باغچىلار، شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك باشلاندى. «ئۇنىڭ بالىسى كەلسە مەن بالامنى ئەۋەتمەيمەن؛ پالانچى خائىن،

شۇڭا بالىسى كەلمىسۇن؛ پوكۇنچى گۇمانلىق، ئۇ بالىسىنى ئەكەلگەن بانادا ئەھۋال ئىگىلىمەكچى؛ ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئۇرۇشۇپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭ بالىسى ئوقۇيدىغان بۇنداق يەرگە بالامنى ئەۋەتمەيمەن؛ بۇ يەرنى بىز قوللاۋاتىمىز، شۇڭا كىمنىڭلا بالىسى كەلسە بولمايدۇ؛ بۇ يەر قوتان ئەمەس، ئۇدۇل كەلگەننى يىغىپ سولاپ قويىدىغان، ئاتا - ئانىسىغا قاراپ بالىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەك!» - دېگەندەك، تۈگىمەس بالا - قازانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالدىم. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى ياراتمايدۇ: رۇس مىجەزلىك - دېيىشىپ. تۈركلەرنى ياراتمايدۇ: قىزىل كۆز، ئالدامچى، هارام يەيدۇ، يۇرتۋاز - دېيىشىپ. ئەمما پۈتۈن دۇنيادىكى ناچارلىقنىڭ ئەۋرىشكىسى تېپىلىدۇ ماۋۇ كىچىككىنە گۇرۇپپىدىن. بۇ كوللېكتىپقا دەپ چۈشەندۈرۈپ بولالماي ھېرىپ، چارچىدىم. لېكىن «ياخشى ئىش قىلىمىز» دەپ، بىر مەقسەتتە توپلاشقان كوللېكتىپ ئىچىدىكى بۇ قەدەر قىتىغۇرلۇق، قاششاقلىق مېنى بىزار قىلغان ئىدى. شۇ ئارىدا بىر يەكشەنبە كۈنى كامىرانى ئېچىپ قويۇپ، كۆپچىلىككە قارىتا ئۈستى ئوچۇق چۈشەنچە سۆزلىدىم: «دىن ئاللاھنىڭ، تىل مىللەتنىڭ. دىن ئۈچۈن، تىل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بانىسىدا شەخسى غەرەزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ؛ دىنى خىزمەتنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، مىللى خىزمەتنى مىللەت ئۈچۈن قىلىش لازىمكى، ئۇنى ماناپول قىلىشقا بولمايدۇ؛ بىز مەكتەپنىڭ نامىنى گېرمانىيە ئۇيغۇر مەكتىپى - دەپ ئاتىغان ئىكەنمىز، ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ بالىسى دىن ئۆگىنىشكە، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەقلىق؛ ئاتا - ئانىسى مۇناپىق، خائىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاسۇس، مىللەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، باللار مىللەتكە ئائىتتۇر؛ ئاتا - ئانىسىنىڭ گۇناھى ۋە جىنايىتى تۈپەيلى، باللار چەتكە قېقىلماسلىقى كېرەك! ...». بىراق بۇ پىكرنى خەلق ئاممىسى ئالقىشلىغان بولسىمۇ، ياخشى ئىش قىلماقچى بولغان، كوللېكتىپ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ياقتۇرمىدى. باللىرىنى ئەۋەتمىگەندىن سىرت، تونۇش ۋە يېقىنلىرىنىڭ باللىرىنى ئەۋەتمەسلىككە تەشەببۇس قىلىشتى. بەزىلىرى: ئۇيغۇر مەكتىپى تاقىلىپ كېتىپتۇ، باللارنى ئەۋەتمەڭلار - دەپ، چىرايلىق توسقۇنلۇق قىلسا، بىرلىرى: ئۇلار «مىللى بۆلگۈنچى»، مىيونخېندىكى جامائەتنى بۆلمەكچى، باللارنى ئەۋەتمەڭلار - دەپ، يول توستى. ھەتتا: بالىسىنى بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەكتىپىگە ئەۋەتكەنلەرنى جامائەتچىلىكتىن چىقىرىۋېتىمىز! تويىغا بارمايمىز، نەزىر چىراغلىرىغا بارمايمىز، يېتىم قالدۇرىمىز ! - دەپ، تەھدىت سالغانلىقى مەلۇم. ئۇمۇ يەتمىگەندە «قۇرۇلتاينىڭ پەۋقۇلئاددە جىددى يىغىنىدا ھەل قىلىش چارىسى» غا سۇنۇپتۇ. ئامېرىكىدىن رابىيە خانىم، تەپتىش نۇرى مۇساباي ئەپەندىلەر، ئالمۇتىدىن غوجامبەردى، تۈركىيەدىن سەيىت تۈمتۈرك ئەپەندىلەر - دېگەندەك، بىر مۇنچە ھەيئەتلىكلەر: قۇرۇلتاينىڭ جىددى مۇزاكىرىسىنى قىلغاچ، مىيونخېندىكى يەرلىك ۋەزىيەتنى تەرتىپكە سالىمىز - دەپ، بېشىمىزدا تىكىلىپ تۇرغانتى، يەنە بىر قېتىم بېشىمدىن بىر چېلەك سوغاق يۇندىنى تۆكۈۋەتكەندەك، شۇنچىلىك ئېغىر سەسكىنىپ كەتتىم.

ئاردىن يېرىم يىلچە ئۆتكەن بولسا كېرەك، مىيونخېندىكى ئۇيغۇرلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ «مىللى بۆلگۈنچىلەرگە

قارشى» ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئۈستىمىزدىن قىلىنغان شىكايەتتە «129 كىشىنىڭ ئىمزاسى بىلەن ...» دەپ، يېزىلىپتۇ. تەكرارلىرىنى، نارەسىدە باللارنى چىقىرىۋەتكەندە، 64 كىشىنىڭ ئىمزاسى ئىكەن. ئەڭ ئاز ئەللىك ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىگە قارشى ئىمزا قويغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. يەنى ئاق قەغەزگە ئىمزا قويغان گەپ. شىكايەتنى ئۈنىڭدىن كېيىن تولدۇرۇپتۇ. يەنە بىر قېتىم سەسكىنىپ كەتتىم. بۇ ئادەملەر 21. ئەسىردە ياشاۋاتامدۇ؟ بۇ ئادەملەر ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلغار ئەلدە ياشاۋاتامدۇ؟ قىسقىسى بۇ ئادەملەر ھاياتمىدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالامدىغاندۇر؟ - ۋەتەندىكى ئىپلاس خىتايلار ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىر يەرگە كېلىشىنى چەكلەپ، جازالاش ئارقىلىق بىر- بىردىن ئايرىۋەتتى. بۇ ئەركىن دۇنيادا، كەم - كەم بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى جاھاندا، ئۇيغۇرلارنى بىر- بىردىن بىزار قىلىۋاتقان، بىر - بىردىن سەسكەندۇرۇۋاتقان كۈچ زادى نېمە؟ - «چەتئەلدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرنى تېرىقتەك چېچىپ، كۈچسىز، ماغدۇرسىز ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەزىپىلەنگەن كىشىلەرمۇ بۇلار؟ ياكى تۇغۇلۇشىدىنلا رەزىل، ئۆزى خالىغاننى باشقىلارغا زورلايدىغان مۇتىھەم، مەنسەپ، ئاتاق ئۈچۈن دادىسىنىڭ يۈزىنى، ئانىسىنىڭ نومۇسىنى بازارغا سېلىپ، بىكارغا سېتىۋېتىدىغان ئىپلاسلارنىڭ، شەخسى قىلمىشلىرىمىدۇر؟» . مەن بۇلار بىلەن ئۆزۈن يىللاپ ياخشى ئۆتتۈم، يامانمۇ ئۆتتۈم. ئەمما يۇقىرىقى ئىككى ئىبھتىمالنىڭ بىرىنى تاللىيالمىدىم ھەم ھەر ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلالمىدىم. نېمىلا دېمىگەن بىلەن، ئاستا - ئاستا

ئۆزۈمنى ئاسرىغاچ، كۆرگەن بىلگەنلىرىمنى، تەپەككۇر قىلىپ سۈزۈپ چىققانلىرىمنى، تەسەۋۋۇرۇمدىن زادىلا نېرى كەتمىگەن پىكىرلىرىمنى خاتىرىلەپ، مىللەتكە سۇنغاچ تۇردۇم. بىراق يۈرىكىمنى تىتىپ، تىلىپ ئۆتۈۋاتقان بىر ئاچچىق ئەلەمنى زادىلا نېرى قىلالمىدىم. يەنى مۇشۇ كۆچمەنلىك ھاياتتا، ياتنىڭ يېرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان رېئاللىقنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ ئاچچىق رېئاللىقنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئامالى قولدىن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا يىراقتىن پەيلىنى بۇزۇپ، خىرىس قىلىپ، كېلىۋاتقان ئاچچىق رېئاللىقتىن كىشىلەر ئۆزلىرىنى قاچۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن يۈزلىنىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقى ئىدى. ئون سەككىز، يىگىرمە يىل ئاۋۋال كۆپ تەكىتلىگەن ئىدىم: «ھېچبىر ئۇيغۇر ئاتا - ئانا باشقا ئوغۇللار بىلەن يىتىلىشىپ يۈرگەن بىر قىزنىڭ، ئۆزگە كېلىن بولىشىنى خالىمايدۇ؛ ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر ئوغلى باشقا يىگىتلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن بىز بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ؛ شۇڭا ئوغۇللىرىمىزنى ئەخلاقلىق، قىزلىرىمىزنى ھايالىق تەربىيەلەشكە سەل قارىمايلى...» - دەپ. ئەپسۇس ياقۇتتەك ساپ، دۇردانىدەك گۈزەل قىزلىرىمىز، بىر بىرلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. ياتلارنىڭ قوندىقىغا قونىۋاتىدۇ. ياتلارغا كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار كەلگۈسىنى تۇغىدىغان ئانىلار ئەمەسمىدى!

چەتئەللەردە داغلىق زىياللىلىرىمىز بار. ئۆلىمالىرىمىز يېتىپ ئاشقىچە بار. پۇل بولمىسىمۇ، چوڭ ئىشلارغا مەبلەغ سالغۇدەك كاپىتالىستلىرىمىز بولمىسىمۇ، ئۇدۇل ئوقەت، قانائەتچان مىللەت بىز. يېتىشمەيۋاتقان نەرسە ماددى مەبلەغ ئەمەس. بەلكى

مەنۋىيات سەرمايىسىز كەمچىل. ئۇچۇق ئېيتقاندا: زىيالىيلار ۋەتەن ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ چەتئەللەردىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرىشى كېرەك؟ ئۆلىمالار سورۇننى قانداق تاللايدۇ؟ نەدە سۆكۈت قىلىپ، نەدە ئىنكاس قىلىشى لازىم؟ - بۇ مەسىلىلەر تېخىچە ئاڭقىرىلغان ئەمەس. ئويلىغىنى ئورناقىغا كەلمىگەن. قىلىدىغان ئىشتا ئادەم يوق. قىلمىسىمۇ بولىدىغان، ياكى بىرەر ئادەم قىلسىمۇ بولىدىغان ئىشتا هەممە ئادەم، يولغا پېتىشماي ماجىرالىشىۋاتقان. شۇنچىلىك مۇهىم ئىشلار ئىگىسىز تاشلىنىپ ياتقان. تازا سىنچىلاپ قارىسىڭىز، بۇ ئادەملەر پەسكەشلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان يەرنى ئىزدەۋاتقاندەك.

سەئۇدىغا كەتكەن ئۇيغۇرلار ئىككىنچى ئەۋلادتىن باشلاپ ئەرەبلىشىپ كېتىپتۇ - دېگەن گەپنى، گۆدەك چاغلىرىمدا هەرەمنىڭ يولى يېڭىدىن ئېچىلغان چاغلاردا، هەجگە بېرىپ كەلگەنلەردىن ئاڭلايتتىم. ئۇ چاغلاردا چەتئەل توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدىغان بولغاچقا: هە ئۇيغۇرلار چىرايلىق خەق بولغاچقا، قىزلىرىنى ئەرەبلەر ئېلىپ، ئوغۇللىرىغا ئەرەبلەر تېگىشىپ، شۇنداق ئەرەبلىشىپ كەتكەن چېغى - دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن. كېيىن بىلسەم، ئەرەبىستانغا كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى: ئۇيغۇر بولۇش، ئەرەب بولۇش مۇهىم ئەمەس، مۇهىم بولغىنى مۇسۇلمان بولۇش - دېيىشىپ، ئۇيغۇر بولۇشتىن ئۆزلىرى يىراقلىشىپ كەتكەن؛ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن تارتىپ ئەرەبچىگە ئايلانغان؛ ئۆسمۈر باللىرى مەكتەپتە يەكلىنىپ، ئەرەبلىشىشكە قىستالغان؛ بارا - بارا ئۆيدىمۇ ئەرەبچە تۇرمۇش، تالادىمۇ ئەرەبچە هاياتنىڭ

تەسىرىدە، شۇنچىلىك تېز ئېرىپ، يوقاپ كەتكەن ئىكەن. ئەرەبلەر بىلەن ئېلىپ، تىگىشىپ، نەسلى شالغۇتلىشىپ يوقاپ كەتكەن ئىشمۇ ئەمەسكەن. شۇنىڭدەك تۈركىيىدە: ئۇيغۇر بولۇش، تۈرك بولۇش مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئىنسانلىق - دەيدىغان پەلسەپەتىش گەپ باركەن. بۇنداق چېگراسىز ئىنسان تونۇشى قېتىلىپ كېتىش ھادىسىسى، ياۋروپا ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان سىياسى ئۇقۇم ئەسلىدە.

ئەگەر بارغانلار يەردە سىڭىپ، يەرلىشىپ كېتىدىغان بىر يوچۇقنى تېپىۋالساق، يوقىلىشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكەن بولىمىز. چەتئەلدىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، مۇھىم بولغان ئامىللاردىن («ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتەمدۇ؟» ناملىق بابقا قارالسۇن) سىرت، يەنە بىر ئەڭ مۇھىم مەنىۋى سەرمايە شۇكى، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنى يەرلىك خەلقتىن ياتلاشتۇرۇپ تورۇشى، تاشقى كۆرۈنۈشتە ئاپپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇرسىمۇ، چىڭ دىلىدىن: «بۇ مېنى يوقىتىش ئۈچۈن، مېنىڭ كىملىكىمنى يوقىتىش ئۈچۈن، مېنىڭ ئىزىمنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، قىسقىسى مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خىرىس قىلىۋاتىدۇ!» - دېگەن ھۆكۈمنى يادلاپ تۇرۇشى كېرەك. دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىگە بارمايلى، يەرلىك خەلقنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى، تىلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، بىزگە كۆرسىتىدىغان خەير - خاھلىقى پەقەت بىزنى ئىس - تۈتۈنسىز يوتۇپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق قارا ئۆڭكۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كۆچمەن ئۇيغۇر ئۆز بېشىغا، ئائىلىسىگە، ئۆزىدىن كېيىنكى نەسلىگە

يۈزلىنىپ كېلىدىغان رېئال ۋەزىيەتنى يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدىن تەدبىر، پىلان تۈزۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. «باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز قېنى» دېگەندەك، لايغەزەل ئەبگاللىقى بىلەن، ھېچنەرسىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. بەش يىل كېيىن، ئون يىل، يىگىرمە يىل كېيىن بېشىغا كېلىدىغان رېئاللىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئالدىن شۈركىنەلىشى، سىلكىنەلىشى كېرەك. ئالدىن ئالا ئويلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئالدىن ئالا ئاگاھلاشتىن قۇلاقنى يۇپۇرۇپ، تەييارلىقسىز كۈتۈپ تۇرسا، كەلگۈلۈك بېشىغا كەلگەندە تولۇق كېچىككەن بولىدۇ.

بۇ بابتىكى مىسال ۋە بىر قىسىم تەسەۋۋۇرلار، ئاساسەن ئۆزۈم كۆرگەن، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلارغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئەمەس.

بىز بىر توپ ياشلار ۋەتەندىن چىقىپ، تېخى بىر ھەپتىمۇ ئۆتمىگەن بىر كۈنى، مەن كۆپچىلىككە: «ئەگەر ۋەتىنىمىز يەنە يىگىرمە يىلغىچە ئازات بولماي قالسا، چەت ئەلدە ياشاپ قالىمىز - دېگەن گەپ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىلىدىغان ۋە قىلالايدىغان ئىشلار ئۈستىدە پىلان تۈزۈشىمىز لازىم؛ بىر ياقتىن ۋەتەننى ئازات قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيمىز، بىر ياقتىن ۋەتەندىن چىقىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى تاپىمىز، شۇنىڭدەك كىشىلىك تۇرمۇشىمىزنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك؛ بويتاقلار ئۆيلىنىشكە توغرا كېلىدۇ ...» - دېگىنىمدە، ھەممىسى نارازى بولۇشقان ئىدى. «يەنە يىگىرمە يىلغىچە ۋەتەن ئازات بولماي قالسا...» دېگەن گەپنى، پەقەت «ئىمانى سۇس، ئىرادىسى ئاجىز، ئۈمىتسىز ئادەم دەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەپ» مىش؛ ئۇنداق تەسەۋۋۇرنى ھېچقايسىسى مېنىڭدىن كۈتمىگەنىكەنمىش؛ ۋەتەندىن ئايرىلىپ، يىگىرمە يىل بۇنداق ياشاپ يۈرگىچە ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەلمىش. شۇ چاغدا مېنىڭدىن رەنجىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى 22 ياش، چوڭى 30 ياشلاردىكى ئادەملەر بولۇپ، ئالدى ئوقۇتقۇچى، ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار ئىدى. دىنى سەۋىيىسىمۇ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كىشىلەرمۇ باتتى. بىراق ئاردىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشاشنى خالىمىغانلىرى، ياكى ۋەتەننى ئازات قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىرى، ياكى جەننەتكە بالدۇراق كىرىشكە ئالدىراپ كەتكەنلىرى، يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىش چىقارغان «ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلار» نىڭ سېپىگە قاتنىشىپ، قارمۇ ـ قارشى ئىككى سەپ بولۇپ، ئېتىشىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بەزىلىرىنى خىتاي تۇتۇپ كېتىپ، ئىز ـ دېرىكى يوق. ھايات قالغانلار دۇنيانىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا، ئوخشاشمىغان قىسمەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، يەنە ياشاشنى داۋام ئەتتۈرمەكتە. بەزىلىرىگە يىراقتىن ئادەم قويۇپ، ئەھۋال سورىتىپ باقتىم. «ئاللاھ ئۆزى بىر نېمە دېمىسە، ئەمدى بۇ ئىشتىن ئۈمۈت يوق» دېگۈدەكمىش، چوڭقۇر خورسىنىپ. دېمەك، بىزنىڭ ئۆز كۈچىمىز بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىش پەقەتلا ئىمان، ۋىجدان، ئىرادە، ئۈمۈت مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى ھەممىدىن ئاۋۋال كۈچ مەسىلىسى. بىزدە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزغۇدەك كۈچ بولمىغان ئىكەن، ئۇ چاغدا ئەقىل، ساغلام تەپەككۇر، كەسپى بىلىم، سىياسى ئاڭ مۇھىم كۈنتەرتىپكە كېلىدۇ. «ۋەتەننى ھازىرلا ئازات قىلىمىز دېمەي، يەنە يىگىرمە يىلنى تىلغا ئېلىش ۋىجدانغا ئۇيغۇنمۇ؟!» ـ

دەپ، ۋەتەننى ئازات قىلىشقا يېتەرلىك، ھېچ قانداق ئاساسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر گۇرۇپ يېتىمچىلەرنى، بىر گۇرۇپ موللا - قارىيلارنى توپلاپ: ئاللاھ - دەپ، تەۋەككۇل قىلسا، ئازات بولۇپ قالىدىغان ۋەتەن بولسا ئىدى، ھېچ كىم چەتئەلگە چىقىپمۇ يۈرمەيتتى. بىراق: ۋەتەننى كىلەر يىلى ئەتىيازغىچە ئازات قىلىۋەتمىسەك، ئۇ چاغدا ۋەتەننى ئۇنتۇپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ! - دەپ، ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلارنىڭ، 98. يىللىرى قىلغان ئىشلىرى، ئۇيغۇرلارنى ۋەتەنىنىڭ چېگراسىدىن ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلاشتۇرۇشقا ياردى. ئۇلار ھازىرمۇ ئوخشاشلا: ئۇيغۇر مىللىتى يوقۇلۇشقا مەھكۇم بولىۋاتىدۇ؛ تېز ئامال قىلىپ، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالمىساق، ئەمدى بۇ مىللەتتىن ئۈمۈت يوق - دېيىشمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيادا 98. يىللىرى شۇنداق جىددى چاقىرىق قىلىپ،(ۋەتەننى ئازات قىلغۇدەك ھېچنەرسىسى بولمىغان ۋەزىيەت ئاستىدا،) خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولسا، رېئاللىقتىن ياندااپ، ئەگىپ، سەكرەپ ئۆتۈپ ۋەتەننى ئازات قىلىمىز - دېمەي، بەلكى كەسىپ ئەھلىنى تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، يىگرمە يىللىق، ئوتتۇز يىللىق كېيىنلىك ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئىش قىلغان بولسا، بۈگۈنكىدەك بۇ قەدەر رەھىمسىز جاۋاب ئالدىمىزغا چىقماس ئىدى. يىگرمە يىل ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ چاغدىكى رېئاللىقىمىزنىڭ ئەكسىنى قوبۇل قىلىشقا دۈچ كەلدۇق.

يىغىپ ئېيتقاندا چەتئەلدىكى ئەھۋالىمىز ۋەتەندىكىدىن ياخشىمۇ ئەمەس. ياخشى تەرىپى بار دېيىلسە: خىتايىنى پاش قىلىش، خىتايىنى تىللاش. پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىمىز بۇ. لېكىن شۇنچىلىك تېز ئاسسىمىلاتسىيە

بولۇپ، يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتىمىز. ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغۇچى مىللەت، دۈشمەن تەرىپىدىن ۋە باشقا كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن مەجبۇرلانسا، ئۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. چۈنكى قولىدىن ھېچ قانداق قارشىلىق كەلمىسىمۇ، كۆڭلىدە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ؛ يوشۇرۇن تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغۇچى مىللەت ئۆزىگە خىرىس قىلغۇچى خەلقنىڭ مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن، كۆڭلىنى ئېچىۋەتسە، ماسلىشىش پوزىتسىيەسىدە مۇئامىلە قىلسا، ئۇ چاغدا يوقۇلۇش قەدىمى ھەسسىلەپ تېزلىشىدۇ. ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئەرەب مەدەنىيىتىگە كۆڭلىنى بەردى. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ: مەن بۇخارى، مەن تۈركىستانى - دېگەن غەيرى كىملىكنى قوبۇل قىلىشتى. بۇ ئەھۋال تۈركىيەدىمۇ خېلە ئېغىر. ياۋروپا ۋە غەرب ئەللىرىدە ئىككىنچى ئەۋلادلاردىن باشلاپلا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشقا يول ئېلىۋاتىدۇ. قىسمەنلىكنى نەزەردە تۇتقاندا تېخى، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە خىرىستىيانلىشىۋالغان ئۇيغۇرلارمۇ بار. بۇنى ئىقتىسادى مەنپەئەتتىن شۇنداق قىلدى - دېيىشنىڭ ئاساسى يوق. (ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا خىرىستىئانلىقنى تەرغىب قىلىشقا ۋەزىپىلەنگەن مائاشلىقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) چۈنكى ئۇلارنىڭ نامى مۇسۇلمان بولغان بىلەن، دىن ئىماندىن ئەسلا خەۋەرسىز چوڭ بولۇپ قالغانلار بولغاچقا، ئۇلاردا دىن تاللاش قىزىقىش پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر سەۋەب: مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ پاسسىپلىقى، مۇسۇلمانلىق نامىدىن ئېجرا قىلىنىدىغان تېررورچىلىقلار، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان قويۇق دوستلۇقلىرى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ

ئۇيغۇرلارغا قارشى پوزىتسىيىلىرى، غەرب ئەللىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئۇيغۇرلارنى ھىمايە قىلىشلىرى ... قاتارلىق بىر مۇنچە ھادىسىلەرمۇ دىندىن خەۋەرسىز ئۇيغۇرلارغا باشقىچە تەسىر بەرمەكتە. «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپتۇ» دېگەندەك، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى مۇئامىلىسى ۋە ئاتالمىش «ئىسلام تېررور ھەرىكەتلىرى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئىسلامدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا دىنغا كىرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياخشى نەتىجە يارىتىمەن - دېگەنلىك، خۇددى «داداڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاپاڭنى ئەرگە بېرىمەن» دېگەندەك، بىر غەلىتە جىنايەت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى خىرىستىئان بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ، ياكى قانداقلا بولمىسۇن باشقا بىر دىنى ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلاپ، كەلگۈسىدىكى ئۆزىگە تەۋە بولغان نەسلىنى ئۆز قولى بىلەن يوقاتقان بولۇپ قالىدۇ. ۋەتەن سىرتىدىكى بىزنىڭ كۈرىشىمىز: ۋەتەننى ئازات قىلىش ۋە چەتئەلدىكى مىللى مەۋجۇتلۇقنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت، مۇقەددەس قوش ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتۇر. مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن - دەپ تۇرۇپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە پالتا چېپىشتىن ئارتۇق خاتالىق، جىنايەت بولمىسا كېرەك.

05.12.2018

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

«بىر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرگۈلۈكى - پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر قىسمەتتىن ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا رول ئوينىغان ئادەملەرنىڭ، مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىندۇر.»

بىز ئۆز كۈچىمىزدىن قىلىپ، ھېچنەرسىنى ئۆزىمىز بېجىرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندىن بويان، ياردەمگە قول ئۇزارتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلالمىغاندا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. بۇ ئىنسانچىلىق، ئادىمگەرچىلىكتۇر. ئەمما باشقىلارنىڭمۇ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەندە، ئادىمگەرچىلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دېمەكتۇر. ئۇيغۇرلار 49. يىلدىن باشلاپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئالقان ئاچىدىغان، يوقسۇل بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ۋەتىنىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىقنى كوممۇنىست خىتايلار تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى ۋەكىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىندۈرۈلدى. مۇستەملىكىچى گومىنداڭنىڭ ھاكىمىيەت ۋەكىللىرى تەيۋەن، ھىندىستان، تۈركىيە تەرەپلەرگە چېكىندۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىندۈرۈلگەن مۇستەقىلچى ئۇيغۇر ۋەكىللىرى، رۇسلارنىڭ سىياسى نازارىتى ئاستىدا، ۋەتەن - مىللەت دېيىشتىن

چەكلەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تەشكىللىنىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغىچە، پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا ئەللىرى خىتاينىڭ تىنچ ئىدارە قىلىشىغا مەھكۇم بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىلچى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتىن تولۇق چەكلەندى. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا مۇستەملىكىچى خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قارشى جىنايەت ئىشلىگەن، گومىنداڭ ۋەكىللىرى بولسا، تەيۋەننىڭ بىر تۇتاش يېتەكلىشى ئاستىدا، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، ساختا سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار يېرىم ئەسىرگە يېقىن كوممۇنىزمگە قارشى، تەيۋەنچى گومىنداڭغا خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇلار مۇشۇ جەرياندا ئۆزلىرى بارغان يەردە، ئۆزلىرى ياشىغان يەردە، دەۋا قىلغان جەرياندا ئۇيغۇرلارغا ئىنكار قىلىشتى ۋە تەيۋەن كۆرسىتىپ بەرگەن ساختا، مۇجمەل مىللى كىملىكنى ئۇيغۇرلارغا تاڭدى. خىتايلار، ئۇلارنىڭ تىرىكنى ئۇيغۇرلارغا قارشى خائىن قىلىپ قوللانغان بولسا، ئۆلۈكنى ئۇيغۇرلارغا مازار قىلىپ تىكلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئاياق ئىزلىرىدىن، ئۇلارنىڭ مازىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ساناقسىز يانتاق كۆچەتلىرى، غەرب ۋە ئىسلام ئەللىرىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى» سالاھىيىتى بىلەن دۇنياۋىلاشقان، مىللى سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان، مۇجمەل ئۇيغۇر كىملىكىنى تونۇتۇپ چىقىشتى. گومىنداڭچى تەيۋەن ۋەكىلى 69. يىلى «ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇزاكىرە يىغىنى» غا، ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىپ، ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلغان ئىدى. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندە، 2009. يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر قانۇنى» ماقۇللاش تەكلىۋىگە، تەيۋەنچىلەرنىڭ ئىزىدىن كۆكلەپ چىققان، بىر توپ يانتاق كۆچەتلىرى توسقۇنلۇق قىلدى.

تەيۋەنچى گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ھەر قېتىم توسقۇنلۇق قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئون يىللاپ، يېرىم ئەسىرلەپ تەتۈر يېزىلىپ كېتىدۇ.

نۆۋەتتە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا، چەتئەللىكلەردىن قويۇلىۋاتقان سوئال: ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۆلەمدۇ؟ ياكى ياشاش ئۈچۈن خىتايدىن ئەركىنلىك، كەڭچىلىك تەلەپ قىلامدۇ؟ - دېگەندىن ئىبارەت، ئىنتايىن كەسكىن تاللاش ۋاقتىغا تاقىلىپ قالدى. ئۇيغۇرلارغا ئاتالمىش «ۋەكىللىك قىلىۋاتقان» تەشكىلاتلار، دىنى ئېقىملار گۇرۇھى، زىيالىيلار گۇرۇھى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر سەرخىللىرى» نىڭ ئىنجايى قانداق بولىۋاتىدۇ دېگەندە، ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەك، ياكى ئۇلارنى بىر يىپ بىلەن چېتىشتۇرۇپ باشقۇرىۋاتقاندەك «بىز ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ، لاگېرنى تاقىتىپ، ئۆلۈم ئالدىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزمىساق بولمايدۇ ! كۆك بايراقنى ۋەتەنگە قادايمىز - دەپ يۈرمەي، خەلقىمىزگە چىقىش يولى تاپمىساق بولمايدۇ !» - دېگەن بىرلا ۋاقتىغا مەركەزلەشتى. بۇنىڭ غەرب ئەللىرىگە بېرىدىغان سىگنالى: ئۇيغۇرلار خىتايدىن ئايرىلىپ چىقمايدۇ؛ ئۇيغۇرلارغا تىنچلىق كېرەك؛ خىتاي دۆلىتى بىزنى ياشىغىلى قويسىلا باشقا دەۋارىمىز يوق! - دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار 49. يىلدىن بۇيان مەجبۇرى ھالدا خىتاي دۆلىتىگە بويسۇنۇپ، تىنچ ياشاۋاتقان بىر مىللەت. لېكىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنى خالىماي، ئاممىۋى توپلاپ يوقىتىشنى جاكارلىدى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى: بىز ساڭا ئۇرۇش ئېلان قىلدۇق؛ سەن بۇ ئۇرۇشقا كىرىپ بولدۇڭ؛ تەسلىم بولساڭمۇ، قارشى تىغ كۆتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرىمىز؛ سېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ - دېگەنلىكىدۇر. ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەندىن رەھىم تىلىگەن، هايات قېلىشنى تاللىغان كىشىنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. دىنى ئېتىقادى، مىللى كىملىكى، كىشىلىك غۇرۇرى، ئىپپىتى، نومۇسى، ئىززىتى، شەرىپى، خوتۇنى، بالىسى، ئۆزىگە تەۋە بولغان ھەممە نەرسىسىنى دۈشمەننىڭ ئىرادىسىگە تاپشۇرغان بولىدۇ. «ۋەتەن بىزنىڭ، خىتايلار چىقىپ كەتسۇن! بىزگە مۇستەقىل دۆلەت كېرەك، ياكى ئۆلۈم. بىز ھەر ئىككىسىگە تەييار، بۇ يولنىڭ ئۈچىنچىسى يوق!» دېگەن مۇددەتتە، بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىز خىتايغا تەۋە بولمايدۇ.

چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. تەقدىر - قىسمىتىمىزنىڭ قانداق پۈتۈلىشىگە ئۆزىمىز جاۋابكار.

ئابدۇرەھىمجان

2018 .12 .27



www.uyghurkitap.com